يولۋاس مۇھەممەتئىمىن



# ئۈستى ئوچۇق مۇزېي

# قەشقەر



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى



يولۋاس مۇھەممەتئىمىن



# ئوچۇق مۇزېي
# قەشقەر



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

露天博物馆一喀什噶尔:维吾尔文/尤里瓦斯著.
喀什:喀什维吾尔文出版社,2007.5
ISBN 97 — — 5373 — 1585 — 2

Ⅰ.露… Ⅱ.… Ⅲ.喀什地区一地方史一古代一维吾
尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.K294.52

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2007)第 065170 号

责任编辑:吾拉木江·拜克日
责任校对:坎拜尔古丽· 吾斯曼

# 露天博物馆一喀什噶尔

作者:尤里瓦斯·穆罕默德依明

喀什维吾尔文出版社出版发行
(喀什市塔吾古孜路 14 号 邮编:844000)
各地新华书店经销
喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷
880×1230 毫米 1/32 开本 12 印张 8 插页
2007 年 5 月第 1 版 2007 年 5 月第 1 次印刷
印数:1—— 3080 定价:20.00 元

如有质量问题 请与我社联系调换 电话:0998—2653927





ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى ـ « ئۇچبۇرخان تاشكېمەر خارابىسى ».



مەملىكەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى
ئورنى— «مورا بۇددا مۇنارى خارابىسى».



قەشقەر مارالبېشى ناھىيىسىدىكى «توققۇز ساراي قەدىمىي شەھىرى خارابىسى» دىن 1959 - يىلى قېزىۋېلىنغان، مال - مۈلۈك تەقسىم قىلىش توغرىسىدىكى، يىل دەۋرى XIII ئەسىرگە مەنسۇپ چاغاتايچە ھۆججەت.



قەشقەر مارالبېشى ناھىيىسىدىكى «توققۇز ساراي قەدىمىي شەھىرى خارابىسى» دىن 1959 - يىلى قېزىۋېلىنغان براخمان يېزىقىدىكى بۇددا نومى قالدۇقى.



قەشقەر كونىشەھەر ناھىيە ئوپال يېزىسىدىكى« دۆۋىلىك يېگى تاش قورال ئىزى»
دىن 1994ـ يىلى تېپىلغان ئېگەرسىمان يارغۇنچاق.





قەشقەر كونىشەھەر ناھىيە ئوپال يېزىسىدىكى« سۇلتانباغ
يېڭى تاش قورال ئىزى » دىن 1984 ـ يىلى تېپىلغان، يىل
دەۋرى غەربىي جوۋ دەۋرىگە مەنسۇپ بوۋا تاش.

قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىدىكى« ئوپال ئارت قەدىمكى شەھەر خارابىسى» دىن
1997ـ يىلى تېپىلغان، يىل دەۋرى جوۋ دەۋرىگە مەنسۇپ تاش پىچاق.



ئاتئورغاندىكى «تاش قەلئە خارابىسى» ئەترا-
پىدىن 1981- يىلى تېپىلغان، يىل دەۋرى تاڭ دەۋ-
رىگە مەنسۇپ نەقىشلىق ساپال قوي ھەيكىلى.



قەشقەر كونىشەھەر ناھىيە ئۇپال يېزىسىدىكى
«دۆۋىلىك يېڭى تاش قورال ئىزى» دىن 1997-
يىلى تېپىلغان، يىل دەۋرى ئەمنىيە دەۋرىگە مەن-
سۇپ برونزا باشاق.



قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىدىكى «خوجاقونار
دارىسى» دىن XX ئەسىر 90- يىللارنىڭ باشلىرىدا
تېپىلغان، يىل دەۋرى جوۋ دەۋرىگە مەنسۇپ تاق
پۇتلۇق مىس داڭقان.



ئاتئورغاندىكى «تۆۋەن بەلدىر قەدىمي قەب-
رىستانلىقى» دىن 2003- يىلى قېزىۋېلىنغان، يىل
دەۋرى غەربىي جوۋ دەۋرىگە مەنسۇپ مىس ھالقا.



قەشقەر كونشەھەر ناھىيىسىدىكى« ئوپال ئارت قەدىمىي شەھىرى خارابىسى» دىن 1982- يىلى تېپىلغان، يىل دەۋرى غەربىي جوۋ دەۋرىگە مەنسۇپ تاش قورال.



قەشقەر كونشەھەر ناھىيىسىدىكى« ئوپال ئارت قەدىمىي شەھىرى خارابىسى» دىن 1997- يىلى تېپىلغان، يىل دەۋرى غەربىي جوۋ دەۋرىگە مەنسۇپ بىرونزا پىچاق.



قەشقەر كونشەھەر ناھىيە ئوپال يېزىسىدىكى « دۆۋىلىك يېگى تاش قورال ئىزى» دىن1994 - يىلى تېپىلغان، يىل دەۋرى ئەمىنىيە دەۋرىگە مەن- سۇپ بىرونزا پالتا.



قەشقەر مارالبېشى ناھىيىسىدىكى« توققۇز ساراي خارابىسى» دىن 1982- يىلى تېپىلغان، يىل دەۋرى تاڭ دەۋرىگە مەنسۇپ تاش چىراغ.



قەشقەر مارالبېشى ناھىيىسىدىن 1994- يىلى تېپىلغان، يىل دەۋرى تاڭ دەۋرىگە
مەنسۇپ كۈسەن يېزىقىدا ياغاچ تاختايغا يېزىلغان ھۆججەت.



تاشقورغاندىكى «شامبابا قەدىمىي قەبرىستان-
لىقى» دىن 1997- يىلى قېزىۋېلىنغان، يىل دەۋرى
يېغىلىق دەۋرىگە مەنسۇپ ساپال ھېجىر.



قەشقەر شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى «ياۋىلىق بۇد-
دىزىم ئىزى» دىن 2000- يىلى تېپىلغان، يىل دەۋرى
سۇڭ دەۋرىگە مەنسۇپ قوش قۇلاقلىق ياپىلاق ساپال
سۇدان.



قەشقەر شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى «ياۋىلىق
بۇددىزىم ئىزى» دىن 1985- يىلى تېپىلغان، يىل
دەۋرى ۋېي، جىن سۇلالىلىرى دەۋرىگە مەنسۇپ
ئۈچ قۇلاقلىق ساپال كوزا.



قەشقەر شەھرىگە تەۋە بەشكېرەم يېزىسىدىكى «خانئۇي قەدىمىي شەھىرى خارابىسى» دىن1982ـ يىلى تېپىلغان، يىل دەۋرى تاڭ دەۋرىگە مەنسۇپ تاق قۇلاقلىق ساپال كوزا.



قەشقەر مارالبېشى ناھىيىسىدىكى« توققۇز ساراي ئىزى» دىن1990ـ يىلى تېپىلغان، يىل دەۋرى سۇڭ دەۋرىگە مەنسۇپ پارتلىتىش ئەسۋابى( ساپال ).



قەشقەر مارالبېشى ناھىيىسىدىكى« توققۇز سا ـ راي بۇتخانا ئىزى» دىن 1982 ـ يىلى تېپىلغان، يىل دەۋرى تاڭ دەۋرىگە مەنسۇپ مەبۇد بېشى ( لايدىن ياسالغان ).



قەشقەر مارالبېشى ناھىيىسىدىكى« توققۇز سا ـ راي بۇتخانا ئىزى» دىن1982ـ يىلى تېپىلغان، يىل دەۋرى تاڭ دەۋرىگە مەنسۇپ بۇدساتۋانىڭ باش ھەيكىلى.



قەشقەر مارالبېشى ناھىيسىدىكى« توققۇز ساراي بۇتخانا ئىزى» دىن1982- يىلى تېپىلغان، يىل دەۋ- رى تاڭ دەۋرىگە مەنسۇپ ئادەم بېشى ئىسكىلىتى ( لايدىن ياسالغان ).



قەشقەر مارالبېشى ناھىيسىدىكى« توققۇز سا- راي بۇتخانا ئىزى» دىن 1982- يىلى تېپىلغان، يىل دەۋرى تاڭ دەۋرىگە مەنسۇپ بۇدساتۋانىڭ باش ھەيكىلى( لايدىن ياسالغان ).



قەشقەر مارالبېشى ناھىيسىدىكى« توققۇز ساراي بۇتخانا ئىزى» دىن1982- يىلى تېپىلغان، يىل دەۋ- رى تاڭ دەۋرىگە مەنسۇپ ئىلاھ ھەيكىلى ( گەج ).



قەشقەر مارالبېشى ناھىيسىدىكى« توققۇز ساراي بۇتخانا ئىزى» دىن1997- يىلى تېپىلغان، يىل دەۋ- رى تاڭ دەۋرىگە مەنسۇپ مايمۇن ھەيكىلى(گەج).



قەشقەر مارالبېشى ناھىيىسىدىكى« توغراتاغ بۇتخانا خارابىسى» دىن2001ـ يىلى تېپىلغان، يىل دەۋرى تاڭ دەۋرىگە مەنسۇپ ئىلاھىي بۇت (گەچ).



قەشقەر مارالبېشى ناھىيىسىدىكى«توققۇز ساراي بۇتخانا ئىزى » دىن 1982 ـ يىلى تېپىلغان، يىل دەۋرى تاڭ دەۋرىگە مەنسۇپ مايتىرى بۇددا ھەي ـ كىلى(ياغاچتىن ئويۇپ ياسالغان).



قەشقەر مارالبېشى ناھىيىسىدىكى« توغرا تاغ بۇتخانا خارابىسى» دىن 2001 ـ يىلى تېپىلغان، يىل دەۋرى تاڭ دەۋرىگە مەنسۇپ ئاتۋاستىغا دەس ـ سەپ تۇرغان ئىلاھ ھەيكىلى.



قەشقەر مارالبېشى ناھىيىسىدىكى« توغرا تاغ بۇتخانا خارابىسى» دىن2001ـ يىلى تېپىلغان، يىل دەۋرى تاڭ دەۋرىگە مەنسۇپ سازەندە بۇددساتۋا ( گەجدىن قاپارتىپ ياسالغان ).



**قەشقەر كونشەھەر ناھيە ئۇپال يېزىسىدىن1983- يىلى تېپىلغان قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ مىس تەڭگىلىرى.**



**قەشقەر كونشەھەر ناھيە تاشمىلىق يېزىسىدىن1981- يىلى تېپىلغان، يىل دەۋرى سۇڭ دەۋرىگە مەنسۇپ سابىت.**



قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيە ھاراپ يېزىسىدىن2002ـ يىلى تېپىلغان، يىل دەۋرى
نۆۋەتلىك دەۋرىگە مەنسۇپ لوك (توغراق ياغىچىدىن ياسالغان).





قەشقەر مارالبېشى ناھىيىسىدىن1995ـ يىلى
تېپىلغان، يىل دەۋرى مىلادى دەۋرىگە مەنسۇپ
ئوقيا ۋە سادان.

قەشقەر يېڭىسار ناھىيە ئوچار يېزىسىدىكى
تېۋىزدىن 1995ـ يىلى تېپىلغان، يىل دەۋرى
قاراخانىيلار دەۋرىگە مەنسۇپ خۇرۇم ئۆتۈك.



قەشقەر مەكىت ناھىيىسىدىن1995- يىلى تېپىلغان، يىل دەۋرى نۇئاك دەۋرىگە مەنسۇپ قىزىل بۆك.



قەشقەر مەكىت ناھىيىسىدىن 1982- يىلى تېپىلغان، يىل دەۋرى قاراخانىيلار دەۋرىگە مەن- سۇپ كەشتىلىك يېپەك تون.



قەشقەر مارالبېشى ناھىيىسىدىكى «توققۇز ساراي خارابىسى» دىن1993- يىلى تېپىلغان، يىل دەۋرى تاڭ دەۋرىگە مەنسۇپ تاغاق قاپچۇقى.

# ئاپتوردىن

بىر مىللەتنىڭ ئۆزى بىلەن بىر زېمىندا ياشاۋاتقان باشقا مىللەتلەر بىلەن تەڭ، باراۋەر ئورۇندا تۇرۇپ، ئورتاق گۈللەپ ياشناپ، ئۆز ئۆرپ - ئادىتى، مىللىي غۇرۇرى، مىللىي مەدەنىيىتى، ئىنسانىي ھوقۇقىنى قوغداپ، تارىخ سەھنىسىدە تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىشى ئۈچۈن، شۇ مىللەتنىڭ مۇكەممەل، سىستېمىلىق تارىخىي يازمىلىرى ۋە شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا ئۇلارنىڭ ئۆتمۈشىدىن دېرەك بېرىدىغان ئىلمىي قىممەتكە ئىگە مەدەنىيەت يادىكارلىق مىراسلىرىنىڭ بولۇشى تولىمۇ زۆرۈر. چۈنكى، مىللىي مەدەنىيەت ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ يىلتىزى. يىلتىزسىز دەرەخ بولمىغانغا ئوخشاش، بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيىتى يوقىلىدىكەن، ئۇنداقتا شۇ مىللەتمۇ يوقالغان بولىدۇ.

شەرق - غەرب مەدەنىيەتلىرىنىڭ مۇھىم قوشۇلۇش ئاچىلى بولغان قەدىمىي بوستانلىق قەشقەر تۇپرىقىدا ياشىغان ئەجدادلىرىمىز تارىخنىڭ تالاي بوران - چاپقۇنلىرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈش داۋامىدا، ئۆزلىرىنى قۇدرەت تاپتۇرۇش كۈرەشلىرىدە، مېھىر - مۇھەببەتلىك بۇ ئەزىزانە تۇپراق قوينىدا ھەربىر دەۋرنىڭ شاھىتلىرى بولغان بىباھا تەۋەررۇكلەرنى ئۆز مەدەنىيەتلىرىنىڭ سەمەرىلىرى سۈپىتىدە قالدۇرۇپ كەتكەن. قەشقەر تۇپرىقىدىكى گۈزەل بوستانلىق، شەھەرىستانلاردا قەدىمدىن بېرى تەكلىماكان قۇملۇقى ئەتراپىدا ياشىغان ئۇيغۇر قوۋملىرىنىڭ زامانلاردىن بۇيانقى مەدەنىيەتلىرىنىڭ جانلىق ئەسلىمىلىرى سۈپىتىدە، خۇددى كېچە ئاسمىنىدىكى يۇلتۇزلاردەك تارقىلىپ ياتقان قەشقەرنىڭ يىراق قەدىمكى زامانلىرىغا تەۋە ئىپتىدائىي مەدەنىيەت ئىزلىرى؛ بۇددىزم دەۋرىگە تەئەللۇق قەدىمىي شەھەر، قورغان

خارابىلىرى، بۇتخانا ـ ساڭرام ئىزلىرى؛ ئاتەشتۇر، پوتەيلەر، چىگ- را- قۇرۇللارنىڭ ئىزلىرى، ئۆتەڭ ـ راباتلارنىڭ ئىزلىرى؛ ئۇنتۇل- غان قەدىمىي قەبرىلەر، ئىسلامىيەت دەۋرىگە تەئەللۇق قەدىمكى مەس- چىت، مەدرىسەلەر، مازار ـ مەقبەرىلەر، تۈرلۈك يېزىقلاردا يېزىلغان قىممەتلىك يازما مىراسلار ھەمدە ئەمگەك سۆيەر، ئەقىل ـ پاراسەتلىك قەشقەر خەلقى زامانلاردىن بۇيان ئۆز تۇرمۇشىدا داۋاملاشتۇرۇپ كېلە- ۋاتقان كۈچلۈك مىللىي خاسلىقتا، يەرلىك پۇراقتا ئىگە ھۈنەر ـ سەنئەت جاۋاھىراتلىرى، شەكىلسىز مەنىۋى بايلىقلار بار بولۇپ، تارىخىي مىراسلارنىڭ كۆپلۈكىدە بۇ يەر خۇددى ئۈستى ئوچۇق مۇزېي- غا ئوخشايدۇ.

تارىخ ئەزىملەردە تەبىئەتنىڭ ۋە ئوخشاش بولمىغان دىن، ئىدىيو- لوگىيىلەرنىڭ ۋەيران قىلغانلىرىدىن باشقا، بۇ دىيار بىر مەھەل قۇترىغان ئاپپاق خوجا باشچىلىقىدىكى جاھالەت پىرلىرىنىڭ مەدەنى- يەت تېررورلۇقىدا ئۇلارنىڭ تۇرغۇنلىرى دەپسەندە قىلىندى، پاسىق قوللاردا كۆيدۈرۈلۈپ كۈلگە ئايلاندى. ئۇنىڭدىن كېيىن، غۇرۇر، شجائەت، ئىلىم ـ ئېرپان كۆتۈرۈلۈپ، نادانلىق، مىسكىنلىك پاتقى- قىغا پاتقان بۇ يۇرتقا گېرمانىيە، فرانسىيە، چاررۇسىيە، شۋېتسىيە، ئەنگلىيە، ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىن بىر توپ ئەجنەبىيلەر خۇددى گېپىنى بىر قىلىۋالغاندەك بىر ـ بىرىنىڭ ئىزىنى بېسىپ يېتىپ كېلىشتى. ئۇلار دۇنيانىڭ ئارقا ھويلىسىغا ئايلىنىپ قالغان قەشقەر بوستانلىقلىرىدا ئۆز مەيلىچە قىدىرىش، تەكشۈرۈشلەرنى يۈرگۈزدى. خەلق ئارىسىدا ساقلىنىپ قالغان، يەر ئاستىدا كۆمۈلۈپ قالغان قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى، قولىيازما كىتابلارنى، تارى- خىي ھۆججەتلەرنى ۋە ئۆسۈملۈك، جانلىقلارنىڭ ئەۋرىشكىلىرىنى يىغىۋېلىپ، ھېچبىر توسالغۇسىزلا ئۆز دۆلەتلىرىگە توشۇپ كەتتى. ئۇلارنىڭ بۇ خىل مەدەنىيەت بۇلاڭچىلىقى ئەپيۇن ئۇرۇشى مەزگىلى- دىن باشلىنىپ تاكى 1945- يىلى 2- دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقانغا قەدەر بولغان بىر ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت داۋاملاشتى. نادانلىق

زەنجىردە كىشەنلىنىپ، زۇلۇم دەستىدىن ۋەتەن تۇيغۇسى ئۆلگەن، نامراتلىق، خارلىق، زەبۇنلۇق ئىچىدە تېگىرقاپ قالغان بىقۇۋۇل خەلقنىڭ ئاتا مىراس تەۋەررۈكلىرىنىمۇ قوغدىغۇدەك قۇربى بولمىدى. قەشقەر تەۋەسىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ ئەنە شۇنداق بىرقانچە قېتىملاپ سىيرىپ سۈپۈرۈلۈشى بىلەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ قان - تەر بەدىلىگە بارلىققا كەلگەن، ئەقىل - پاراسەتلىرىنىڭ جەۋھەرى بولمىش تارىخىي مىراسلىرىنىڭ كۆپ قىسمى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ ۋەيران بولدى.

دەرىخا! يەنە خەلقىمىز ئارىسىدىكى نادانلارنىڭ كۆپلۈكىدىن ۋە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ قارا دولقۇنلىرىدا ئاشۇ جاھالەت، ئاشۇ بۇلاڭ - تالاڭلاردىن ئامان قالغان ناھايىتى ئاز ساندىكى قەدىمكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى خۇرۇچلىرىنىڭ كۆرگەن كۈنى تېخىمۇ بەتتەر بولدى! نىھايەت، ئەدلى - ئادالەت ئۇلۇغ سېپىگە كەلگەن بۈگۈنكى زاماندا ئۇلارنىڭ قالدى - قاتتىلىرىنى سوتسىيالىستىك قانۇننىڭ ھىمايىسىدە قوغداپ كېلىۋاتقان بولساقمۇ، ئۇزاق زامان باشپاناھسىزلىق دەردىدىن خارابلىشىپ كەتكەن ئاشۇ ئازغىنە تارىخىي مىراسلىرىمىزنى يەنىلا رەھىمسىز تەبىئىي ئاپەتلەر يالماپ تۈگەشتۈرۈپ بارماقتا. مىللەتنىڭ يىلتىزى، تارىخنىڭ شاھىتى بولغان ئاشۇ ئازغىنە مىراسلىرىمىزمۇ ناۋادا كۈنلەرنىڭ بىرىدە يەر يۈزىدىن غايىب بولسا، مىللەت تارىخىنىڭ نۇرغۇن بەتلىرى قۇرۇق پېتى قېلىشى مۇمكىن. شۇ ۋەجىدىن، گەرچە ئانچىكى بىر قەلەم ساھىبى بولسامۇ، مىللەت ۋە خەلقنىڭ تارىخىي مىراسلىرىنى قوغداش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان خادىم ۋە ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان ئاشۇ تەۋەررۈكلەرنىڭ مىراسخورى بولۇش سۈپىتىم بىلەن خەلقىم ئالدىدىكى ۋىجدانىي مەسئۇلىيىتىمنى ئازراقمۇ بولسا ئادا قىلىشنى ئويلاپ، قەشقەر بوستانلىقىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرىنىڭ ۋە يوقىلىپ بېرىۋاتقان بىر قىسىم قىممەتلىك ئۆرپ - ئادەت بۇيۇملىرىنىڭ ئاددىي تەزكىرىسىنى يېزىپ قالدۇرۇش مەقسىتىدە قولۇمغا قەلەم ئېلىشقا مەجبۇر

بولدۇم.

مەزمۇنىنىڭ چۇشىنىشلىك بولۇشىنى نەزەردە تۇتۇپ، قەشقەر-نىڭ يىراق قەدىمكى زامانلىرىغا مەنسۇپ بولغان ئىپتىدائىي مەدەنىيەت ئىزلىرىنى، بۇددىزىم مەدەنىيەت دەۋرىنى، ئىسلام دىنى مەدەنىيەت دەۋرىنى ۋە مەدەنىيەت تىپىدىكى قول ھۈنەرۋەنچىلىك، ئۆرپ - ئادەت بۇيۇملىرىنى ئايرىم بۆلەكلەرگە ئايرىپ، ئالاھىدىلىرىنى دەسلەپكى قەدەمدە قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتتۇم. قەشقەر رايونىدا يەنە قانۇن بويىچە قوغدىلىۋاتقان، ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەرنىڭ يادنامىسى بول-غان تۈرلۈك مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرىدىن 400نەچچىسى بار. قېزىپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان مول مەزمۇنلۇق شەكىلسىز مەدەنىيەت مىراسلىرىمۇ بار. ئۇلار سىزنىڭ ھەم مېنىڭ تەتقىق قىلىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرىدۇ.

سەۋىيەم چەكلىك، تەجرىبەم يېتەرسىز، قەلىمىم ئاجىز بولغاچ-قا، بۇ كىتابتا ئىلمىيلىك جەھەتتىن چوڭقۇرلىيالمىغان تەرەپلەر بولۇشى مۇمكىن. ئۇستاز ۋە ئوقۇرمەنلەرنىڭ تەنقىدىي پىكىر ۋە قىممەتلىك تۈزىتىشلەرنى بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

# مۇندەرىجە


قەشقەرنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى ۋە جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى توغرىسىدا قىسقىچە بايان ...... 1

بىرىنچى بۆلۈم تارىختىن بۇرۇنقى مەدەنىيەت دەۋرىگە تەئەللۇق ئىزلار ...... 11

تارىختىن بۇرۇنقى مەدەنىيەت توغرىسىدا قىسقىچە چۈشەنچە 11

تاش قورال دەۋرىگە مەنسۇپ مەدەنىيەت ئىزلىرى ...... 14

مېتال قوراللار مەدەنىيىتى ئىزلىرى ...... 22

قىياتاش رەسىملىرى ...... 27

ئىككىنچى بۆلۈم بۇددىزم مەدەنىيىتىگە تەئەللۇق ئىزلار ...... 38

ئۈچ بورخان تاشكېمىر خارابىسى ...... 40

مورا بۇددا مۇنارى ۋە خانئۆيي قەدىمي شەھىرى خارابىسى 44

توققۇزساراي قەدىمي شەھەر خارابىسى ...... 49

تۇمشۇق بۇددا خارابىسى ...... 54

چوڭ تىم خارابىسى ...... 58

تاش قەلئە خارابىسى ...... 61

قىزقورغان خارابىسى ...... 64

ياۋلىق بۇددىزم ئىزى ...... 68

كەپتەرخانا بۇتخانا خارابىسى ...... 72

توققۇزقازناق بۇتخانا خارابىسى ...... 75

كەڭباغ قەدىمي قەبرىستانلىقى ...... 77

ئۈچىنچى بۆلۈم ئىسلامىيەت دەۋرىگە تەئەللۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ...... 80

ئىسلام دىنىنىڭ قەشقەرگە تارقىلىشى ...... 80
مەھمۇد قەشقەرى مەقبەرىسى ...... 86
يۈسۈپ خاس ھاجىپ مەقبەرىسى ...... 90
«تۈركىي تىللار دىۋانى» بىلەن «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ
كەچۈرمىشلىرى ...... 92
ھاجىيە مەدرىسەسى ۋە خانلىق مەدرىسەسى ...... 107
مەھمۇد قەشقەرى مەدرىسەسىنىڭ خارابىسى ...... 114
ئوردا ئىشىك مەسچىتى ...... 116
ئەسكىھىسار قەدىمىي شەھىرى خارابىسى ...... 119
شېھىتيار قەدىمىي شەھىرى ...... 124
سەئىد ئەلى ئارسلانخان مازىرى ۋە ئوردىخان پادىشاھىم
مازىرى ...... 128
جۇپ پادىشاھىم مازىرى ...... 132
سۇلتان دەرىجە خېنىم مازىرى ...... 135
قەشقەر ھېيتگاھ جامە مەسچىتى ...... 137
يەكەن ئازنا مەسچىتى ...... 142
يەكەن رىگىستان خانلىق مەدرىسەسى ...... 145
ئالتۇنلۇقۇم مازىرى ...... 147
ئاپپاق خوجا مازىرى ...... 152
ئابدۇراخمان ۋاڭ مازىرى ...... 169
قەشقەردە قۇيۇلغان چىڭ ھۆكۈمىتى پۇللىرى ...... 170
چاررۇسىيە كونسۇلخانىسى ...... 173
ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردىكى باش كونسۇلخانىسى ...... 177
چىڭ ھۆكۈمىتى تەسىس قىلغان قاراۋۇلخانىلار ...... 181
تۆتىنچى بۆلۈم باشقا مەدەنىيەت مىراسلار ...... 206
يازما يادىكارلىقلار ...... 206
قەشقەر شەھىرى ...... 267
قەشقەر قول ھۈنەرۋەنچىلىكى ...... 286

قەشقەر زىلچىلىرى ........................ 292
يېڭىسار پىچىقى ........................ 304
قەشقەر ئەتلىسى ........................ 308
دوپپا ـ تۇماقلار ........................ 310
تامغا بوياقچىلىق ........................ 330
لوك ........................ 333
تۈگمەن ........................ 337
جۇۋاز ........................ 343
ئەلنەغمە سەنئەتلىرى ........................ 347
قەشقەر مۇزېيى ۋە ئۇنىڭ مەزمۇنى ........................ 353
ئەجنەبىيلەرنىڭ قەشقەر بوستانلىقىدىكى ئىزلىرى ........ 357

# قەشقەرنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى ۋە جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى توغرىسىدا قىسقىچە بايان

مىلادىيە 1887- يىلى گېرمانىيە بېرلىن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، مەشھۇر جۇغراپىيون، شەرقشۇناس زىچ خوفىن دېگىز يوللىرى ئېچىلىشتىن ئىلگىرى غەرب بىلەن شەرقنىڭ بارلىق ئالاقە- لىرىنى ئۇتاشتۇرغان قەدىمكى قۇرۇقلۇق يولىنىڭ نامىنى ناھايىتى چىرايلىق نام بىلەن، يەنى «يىپەك يولى» دېگەن نام بىلەن ئاتىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئاسىيا، ياۋروپا، ئافرىقا قاتارلىق قىتئەلەردىكى ھەرقايسى ئەللەرگىچە ئۇتاشقان قۇرۇقلۇقتىكى قەدىمىي كارۋان يول- لىرى، شەھەرلەر، ئۆتەڭ - راباتلار، چازا - قورۇللار، قەلئەلەر، ئىز - خارابىلەر دۇنيانىڭ ھەرقايسى ئەللىرىدىكى ئارخېئولوگ، ئېكسپېدىتسىيىچى، تەۋەككۇلچى، تەتقىقاتچىلار ئىنسانلار مەدەنىيەت- لىرىنىڭ يىلتىزىنى، سىرىنى ئىزدەيدىغان، دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىن بىر - بىرىگە ئۆزئارا تەسىر قىلىش ۋە تارقىلىش جەريانلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان مۇھىم بىر ئارخېئولو- گىيىلىك، جۇغراپىيىلىك ئاتالغۇ سۈپىتىدە «يىپەك يولى مەدەنىيە- تى» دەپ ئاتالدى. بۇ نام كېيىنچە دۇنيا مەدەنىيەت تەتقىقاتىدا مۇھىم سالماقنى ئىگىلەيدىغان كاتتا تېمىغا ئايلىنىپ قالدى.

دۇنيادىكى شەرقشۇناس ئالىملارنىڭ شەرق مەدەنىيەتلىرىگە بول- غان ئۇنىۋېرسال تەتقىقاتلىرىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى، كېڭىيىشى ۋە ئىنچىكىلىشىشىگە ئەگىشىپ، غەرب دۆلەتلىرىنىڭ ئارخېئولوگ،

ئېكسپېدىتسىيىچى، تەۋەككۇلچىلىرىمۇ XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن XX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا قەدەر بىر ئەسىردىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە شەرق مەدەنىيەتلىرىنىڭ «تىلسىمات» لىرىنى ئېچىشقا بولغان ئوتتەك قىزغىنلىقى بىلەن قەدىمكى بوستانلىق قەشقەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئارقا - ئارقىدىن تۇرلۇك تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ بېرىپ، شەرق ئەللىرىنىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت سالۇنلىرىنى ۋە شەرقنىڭ مۆجىزاتلىرىنى ئۆز مەيلىچە زىيارەت قىلىشتى. ياراتقۇچىلىرىنىڭ ئەسلىرىدىن ئاللىبۇرۇن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن خارابە - ئىزنالاردا قىدىرىش، سىزىش، ئۆلچەشلەرنى ئېلىپ بېرىپ، غەرب ۋە شەرقتە ياشىغۇچى ئىنسانلارنىڭ يىراق قەدىمكى دەۋرلەردىكى ئالاقىلىرى، تەرەققىياتى، مەدەنىيىتى توغرىسىدا يېڭى قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. «يىپەك يولى مەدەنىيىتى» ئۈستىدىكى ئىزدىنىشلەرنىڭ چوڭقۇرلاپ بېرىشى نەتىجىسىدە ئوتتۇرا ئاسىيا تەۋەسىدىكى قەدىمكى بوستانلىق قەشقەرگە «خەلقئارا مەدەنىيەت ئالاقىسىنىڭ ئاچقۇچى» دېگەن نامنى بېرىشتى. «يىپەك يولىدىكى مەرۋايىت شەھەر قەشقەر» نىڭ نامى پۈتۈن دۇنياغا تارىلىپ، قەشقەر توغرىسىدىكى تەتقىقات خەلقئارالىق تېمىغا ئايلىنىپ قالدى.

* * *

قەشقەر رايونىنىڭ شەرق تەرىپى تەكلىماكان قۇملۇقىغا؛ شەرقىي جەنۇب تەرىپى خوتەن رايونىغا، جەنۇب تەرىپى قاراقۇرۇم تاغ تىزمىسى ئارقىلىق شىزاڭنىڭ ئالى رايونىغا؛ غەربىي شىمال ۋە شىمال تەرىپى قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىغا، شەرقىي شىمال تەرىپى ئاقسۇ ۋىلايىتى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. قەشقەر يەنە ئايرىم - ئايرىم ھالدا ھىندىستان، پاكىستان، ئافغانىستان، تاجىكىستان، قىرغىزىستان قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن چېگرىلىنىدۇ.

قەشقەرنىڭ شىمالىنى تەڭرىتاغ تىزمىسى، غەربىنى پامىر ئې-

گىزلىكى، جەنۇبىنى قارا قۇرۇم تاغ تىزمىسى ئوراپ تۇرىدۇ. پەقەت شەرقىلا نىسبەتەن ئوچۇق بولۇپ، تەكلىماكان قۇملۇقىغا تۇتىشىدۇ. يەر شەكلىدىن ئېيتقاندا، قەشقەر رايونى جەنۇبتىن شەرقىي شىمالغا قاراپ قىيپاش سوزۇلغان بولۇپ، ئېگىزلىك، تۈزلەڭلىك ۋە قۇملۇقتىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. ئۇنىڭ جەنۇبىي قىسمىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 4000 مېتىر كېلىدۇ. قەشقەردە يەنە دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 8611 مېتىر كېلىدىغان «چوگىر چوققىسى» ۋە دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 7555 مېتىر كېلىدىغان «مۇزتاغ چوققىسى» قاتارلىق دۇنيادىكى ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى ئېگىز قارلىق تاغ چوققىلىرى بار. قەشقەر رايونىنىڭ ئېگىزلىك رايونى %57 نى، تۈزلەڭلىك رايونى تەخمىنەن %24نى ئىگىلەيدۇ، قالغان قىسمى قۇملۇق. بۇخىل ئالاھىدە يەر شەكلى قۇرۇلمىسى قەشقەر رايونىنىڭ ئۆزگىچە كۆركەم مەنزىرىسىنى ھاسىل قىلغان.

جۇڭگونىڭ قەدىمكى تارىخىي كىتابى «كېيىنكى خەننامە»نىڭ «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، قەشقەر ئالتە سۇلالىسىدىن ئىلگىرىكى زامانلاردا «سۇلى» ( 疏勒国 ) دېگەن نام بىلەن ئاتالغان. ئېنىقكى، مەزكۇر تارىخىي كىتابتا قەيت قىلىنغان نام پۈتكۈل قەشقەر بوستانلىقىنىڭ ئومۇمىي نامىغا ئەمەس، بەلكى ھازىرقى كونىشەھەر، يېڭىشەھەر ۋە قەشقەر شەھىرىنىڭ ( ئېھتىمال بۇنىڭدىنمۇ كىچىك دائىرىنى كۆرسىتىشى مۇمكىن. ) ئەتراپىدىكى بىر قىسىم جايلارنىڭ نامىغىلا ۋەكىللىك قىلالايدىغان نام، شۇنداقلا «كېيىنكى خەننامە» دە غەربىي يۇرتتىكى 36 بەگلىك دەپ تىزىمغا ئېلىنغان يۇرتلارنىڭ بىرىنىڭ نامى. ھازىرقى قەشقەر دائىرىسىدە تارىختا ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە قەدىمكى كىچىك بەگلىكلەردىن ساكارائول (يەكەن) بەگلىكى ( 莎车国 )، بۈگۈنكى قاغىلىقنىڭ جەنۇبىنى كۆرسىتىدىغان كۆكيار بەگلىكى ( 子合国 )، تاشقورغاننىڭ قىسمەن جايلىرىنى كۆرسىتىدىغان پولى بەگلىكى ( 蒲黎国 )، پوس-

كام، قاغىلىق ۋە قاغىلىق ئەتراپىنى كۆرستىدىغان يولئىرىق بەگلە-
كى ( 西夜国 ) (بەزى مەنبەلەردە «چەكۈك بالىق» ( 朱驹国 ) دەپ
ئېلىنغان) ، يېڭىسار ناھىيىسى تەۋەسىنى كۆرستىدىغان ئىناي بەگ-
لىكى ( 依耐国 ) (بەزى مەنبەلەردە «ئۇسار بالىق» ( 乌国 ) دەپ
ئېلىنغان) ، مارالبېشى ئەتراپىنى كۆرستىدىغان بارچۇق ( 巴楚 )
(بەزى تارىخىي ماتېرىياللاردا «سەپەرباي بەگلىكى» ( 尉头国 ) دەپ
ئېلىنغان) قاتارلىق پارچە - پارچە بوستانلىقلاردىن ھاسىل بولغان
كىچىك بەگلىكلەرنىڭ بارلىقىمۇ يېزىلغان. بۇ بەگلىكلەر تارىخىي
تەرەققىياتلار داۋامىدا كۈچلۈكلەرنىڭ ئاجىزلارنى قوشۇۋېلىشى ياكى
تەبىئىي قوشۇلۇش داۋامىدا يوقىلىپ، قىسمەنلەرنىڭ ناملىرىمۇ ئۆز-
گەرگەن. ئەڭ ئاخىرقىلىرى X ئەسىردە ئىسلام دىنى قەشقەرگە
تارقىلىپ كىرگەندىن كېيىن، قەشقەرنى ئاستانە قىلغان قاراخانىيلار
سۇلالىسى تەرىپىدىن تولۇق بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن.

«قەشقەر» دېگەن نامنىڭ ئېتىمولوگىيىسى توغرىسىدا ئىلگىرىكى
مۇتەخەسسىس، تەتقىقاتچىلار كۆپ خىل قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان.
بۇ ھەقتە تا ھازىرغا قەدەر قايىل قىلارلىق بىرلىككە كەلگەن قاراش
شەكىللەنمىگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ ھەقتە توختالماي، پەقەت مەنبەلەردە
خاتىرىلەنگەن «قەشقەر» دېگەن نام ئۈستىدىلا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتە-
مەن. «قەشقەر» دېگەن نام ئەڭ بۇرۇن چاۋشيەن مىللىتىدىن بولغان
راھىب خۈي چاۋنىڭ ( ؟—780 ) «ئەنەتكەك خاتىرىلىرى» (ھىندىس-
تان خاتىرىسى) دېگەن كىتابىدا كۆزگە چېلىقىدۇ. ئۇ ئۆز كىتابىدا
قەشقەرنىڭ نامىنى «سۇلى» دەپ خاتىرىلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ
يەنە يەرلىك كىشىلەرنىڭ بۇ يەرنى «قاشقارا» ياكى «قەشقەرى»
( 伽师低离 ) دەپ ئاتايدىغانلىقىنى ئالاھىدە تەكىتلىگەن. تاڭ سۇلا-
لىسى دەۋرىدە قەشقەردە ياشىغان پىر خۇيلىننىڭ ( 裴慧林 ) «بارچە
نوملارنىڭ ئوقۇلۇشى ۋە ئىزاھاتى» ( 一切经音义 ) دېگەن كىتابىدى-
مۇ «كاشغەرى» ( 伽师信黎 ) دېگەن نامدا يېزىلغان. پارىژ دۆلەتلىك
مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان، XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا پائول پىللىئوت

دۇنخۇاڭدىن ئاچىقىپ كەتكەن $P_{ss}$38a نومۇرلۇق ئۇدۇن ساك تىلىدى-
كى X ئەسىرلەرگە تەئەللۇق بىر پارچە مەكتۇپتىمۇ «7. ئايدا لەش-
كەرلەرنى باشلاپ Khyesa Kara غا يېتىپ كەلدۇق. مەزكۇر شەھەر
ئاھالىسى ئەل بولماقتا تەييار بولغان ئىكەن» دېگەن خاتىرە بار. بۇ
نامنىڭمۇ ھازىرقى قەشقەرنى كۆرسىتىدىغانلىقى ئىسپاتلاندى. قامۇسى
ئالىم مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق ئەسىرىدى-
مۇ بۈگۈنكى نامغا ئوخشاش «قەشقەر» (喀什噶尔) دەپ خاتىرىلەن-
گەن. ئالىم مەھمۇد قەشقەرى ئۆز كىتابىدا يەنە «Kand» ئاتالغۇسىدا
قەشقەرنىڭ تۈۋەن چىن ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم تەكىتلەپ،
«كەند، شەھەر شۇنىڭدىن ئېلىنىپ كاشغەر (ئورداكەند) دېيىلىدۇ.
بۇ خان تۇرىدىغان شەھەر دېگەنلىك: چۈنكى، بۇ شەھەرنىڭ ھاۋاسى
ياخشى بولغانلىقتىن، ئافراسىياپ شۇ شەھەردە تۇرغان» دەيدۇ. يۇقى-
رىقىلار قەشقەرنىڭ ھازىرقى نامىنىڭ خېلى بۇرۇنقى زامانلاردىلا
ۋۇجۇدقا چىققانلىقىنى ھەمدە قەشقەر بوستانلىقىدىكى مەركىزىي شە-
ھەرنىڭ قەدىمدە «ئورداكەند» دەپمۇ ئاتالغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرى-
دۇ. بۇلاردىن باشقا، ئېلىمىزنىڭ مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى خاتىرى-
لەردە قەشقەرنىڭ نامى «خاشغار» (喀实哈尔) دەپمۇ يېزىلغان.
چىڭ سۇلالىسى خاتىرىلىرىدە «كاشغەر» (喀什噶尔) دەپ يېزىل-
غان. ھازىر قىسقارتىلىپ «قەشقەر» (喀什) دەپ ئاتالماقتا.

قەشقەر بوستانلىقى قەدىمدە «يىپەك يولى» نىڭ شىنجاڭ تەۋە-
سىدىكى جەنۇبىي يول بۆلىكى بولغان لوپنۇر، مىران، كروران،
چەرچەن، خوتەن لىنىيىلىرى بىلەن ئوتتۇرا يول بۆلىكى بولغان
تۇرپان، قاراشەھەر، كۇچا، ئاقسۇ لىنىيىلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى
قوشۇلۇش تۈگۈنى بولۇپ، پامىر ئېگىزلىكى ۋە قارا قورۇم تاغلىرى-
دىن ئۆتۈپ قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان، ئافغانىستان، ھىندىس-
تان، پاكىستان، كەشمىر، ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى
ئەللەرگە بارىدىغان كارۋان يولىنىڭ چوقۇم بېسىپ ئۆتمىسە بولمايدى-
غان ئېغىزى ئىدى. غەرب ئەللىرىنىڭ سەيياھ، ئالاقىچىلىرى، سو-

دىگەرلىرىمۇ ئالدى بىلەن قەشقەر تەۋەسىدىكى تاغ ئېغىزلىرىدىن ئۆتۈپ، داۋان ئېشىپ قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن، ئاندىن دۆلىتىمىزنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلىرىدىكى مەنزىلگاھلىرىغا يېتىپ بارالايتتى. بۇخىل جۇغراپىيىلىك ئەۋزەللىك قەشقەرنى غەرب مەدەنىيىتى بىلەن شەرق مەدەنىيىتىنىڭ سۈركىلىش مەركىزىگە ئايلاندۇرۇپ، بۇ يەردە قەدىمكى يۇنان مەدەنىيىتى، ھىندى بۇددا مەدەنىيىتى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتى، ئەرەب ئىسلام مەدەنىيىتى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ يەرلىك دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئۆزئارا يۇغۇرۇلۇشى بىلەن شەكىللەنگەن، ھاياتىي كۈچى تولۇپ تاشقان ئالاھىدە سىنكرېتىك مەدەنىيەت مۇھىتىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىگە تۈرتكە بولغان. جۈملىدىن بۇ يەردە قەدىمدىن باشلاپ كۆپ خىل مەدەنىيەت، كۆپ خىل تىل، كۆپ خىل دىن، كۆپ خىل مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا ئارىلىشىشى نەتىجىسىدە، تەبىئىي ھالدا كۆپ تەرەپلىمىلىك، كۆپ مەنبەلىك، كۆپ قاتلاملىق مۇرەككەپ مەدەنىيەت گازارمىسى شەكىللەنگەن. شۇڭا، قەشقەر تەۋەسىدىكى ھەممە يەردىن خۇددى كېچە ئاسمىنىغا چېچىلغان يۇلتۇزلاردەك قەدىمكى مەدەنىيەتلەرنىڭ گۇۋاھچىسى سۈپىتىدە قەدىمىي شەھەر، قورغان، قەدىمىي قەبرە، بۇتخانا ئىزلىرى، بۇددا مۇنارلىرى، مازار - مەقبەرە، مەسچىت، مەدرىسە، ئۆتەڭ- رابات، قەدىمكى ئاتەشتۇر، سېپىل، غار، قەدىمكى ئىمارەت قاتارلىق تارىختىكى ھەرقايسى دەۋرلەرنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ئۇچرىتىشقا بولىدۇ.

ئەلۋەتتە، قەشقەردىكى بۇخىل مەدەنىيەت ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت گېنېزىسىنى يوقاتمىغان ئاساستا، ئالدى بىلەن ھازىرقى غەرب مەدەنىيىتىنىڭ يىلتىزى بولغان گرېك مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىنى ئەڭ بۇرۇن قوبۇل قىلغان. ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى كلاسسىك ئەسەرلىرىدىلا ئەمەس، بەلكى خەلقنىڭ ئاغزىدا رىۋايەت سۈپىتىدە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى IV ئەسىرلەردە ئوتتۇرا ئاسىياغا يۈرۈش قىلغان ئالېكساندىر ماكېدونسكى (ئىسكەندەر زۇلقەرنەين)

تۇغرىسىدىكى رىۋايەتلەر يۇنان مەدەنىيىتىنىڭ بۇ يەردىكى خەلقلەرگە
قانچىلىك تەسىر قىلغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ. گەرچە مىلادىيە-
دىن ئىلگىرىكى I ئەسىرلەردە ئۇلۇغ ياۋچىلارنىڭ سەركەردىسى قۇ-
جۇلا كادفىس (Kujulakadphises) قۇرغان كۇشان( 贵霜国 ) ئىم-
پېرىيىسىنىڭ ۋارىسى ئىمپېراتور كانىشكا (Kaniska) خان زامانى-
سىدا خوتەن (ئۇدۇن) گە تارقىلىپ بولغان بۇددا دىنى ناھايىتى تېزلا
قەشقەرگە تارقىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان بولسىمۇ، لېكىن
يەرلىك خەلقلەر بۇددا دىنى يەرلىك مەدەنىيەتلەر بىلەن يۇنان مەدەنى-
يىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىگە بىرلەشتۈرۈپ، غەربىي يۇرتنىڭ ئۆزگىچە
خاس ئىللىنىزىم مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈرۈش ئاساسىدا ئۆزلەشتۈر-
گەن، بولۇپمۇ قەشقەرنىڭ شۇ دەۋردىكى مەنىۋى مۇھىتىدا مەيلى
ھۆنەر - سەنئەت، ناخشا - ئۇسسۇل، مۇزىكا، نەققاشلىق ۋە بىناكار-
لىق جەھەتلەردە بولسۇن، خاراكتېر جەھەتتىن بۇددىزىم مەدەنىيىتى-
دىن پەرقلىق ھالدىكى قەندىھار مەدەنىيىتىگە (بۈگۈنكى ئاۋغانىستانغا
قاراشلىق قەندىھار رايونىدىكى قەدىمكى مەدەنىيەت. ئا) ئوخشاپ
كېتىدىغان ئۆزگىچە خاس بۇددىزىم مەدەنىيىتىنى ياراتقان. بۈنى قەشقەر
تەۋەسىدىكى «توققۇزساراي قەدىمىي شەھىرى»، «تۇمشۇق بۇددىزىم
خارابىسى» ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى بۇددىزىم ئىبادەتخانىلىرىنىڭ خا-
رابىلىرىدىن تېپىلغان بۇددىزىم مەدەنىيىتىگە تەئەللۇق مەدەنىيەت يادى-
كارلىق بۇيۇملىرى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇددا دىنى
قەشقەردە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان 1000 يىلغا يېقىن تارىخىي زامانلار-
دا ئۇيغۇرلارغا پارس مەدەنىيىتى بىلەن تەڭ تارقىلىپ كىرگەن زورو
ئاستىر دىنى ( 销罗亚斯德教 ) ۋە مانى دىنى ( 摩尼教 ) لىرىمۇ
شۇنىڭدەك دۇنيا خاراكتېرلىك ئىپتىدائىي مەدەنىيەت ھادىسىسى بول-
غان شامانىزم ئېتىقادلىرى ( 萨满信仰 ) نىڭ چۆكمىلىرىمۇ قەشقەر-
دە بۇددا دىنى بىلەن تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە
بولغان. پەقەت مىلادىيە X ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئىسلام دىنىنىڭ
ئەڭ بۇرۇن قەشقەرگە تارقىلىپ كىرىشى، ئىسلام دىنى ئىدىيىسىنىڭ

تەقىپ قىلىشى ۋە چەكلەش، ئىنكار قىلىشى بىلەن قەشقەرنىڭ بۇ خىل ئالاھىدە مەدەنىيەت قۇرۇلمىسى ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم قالغان. ئىسلام ئىدېئولوگىيىسى 1000 يىلغا يېقىن داۋاملاشقان بۇددىزم ئاساسىدىكى ئارىلاشما ئىدېئولوگىيىنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ، قەشقەرنى مەركەز قىلغان ھالدا ئۆز تەسىرىنى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا كېڭەيتىپ، تەدرىجىي ھالدا ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي قۇرۇلمىسىدا يېڭى بىر گارمونىك قاتلام ھاسىل قىلغان.

مىلادىيە 850- يىلى قەشقەرنى مەركەز قىلىپ قۇرۇلغان قاراخانىيلار سۇلالىسى مىلادىيە 1211- يىلى خېشى رايونلىرىدا قارا كىدانلار تەرىپىدىن قۇرۇلغان غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ سەركەردىسى كۈچلۈكنىڭ قولىدا ھالاك بولغاندىن كېيىن، قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە قەشقەردە گۈللەنگەن شانلىق ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيىتى خرىستىئان دىنىنى تەرغىب قىلغۇچى نايمانلارنىڭ قولىدا بىر مەھەل ۋەيرانچىلىققا ئۇچراپ، موڭغۇللار ئىستىلاسىدىن كېيىن تۇغلۇق تۆمۈرخان تەرىپىدىن قۇرۇلغان موغۇلىستان ياكى چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدە يەنە قايتىدىن راۋاجلاندى. مىلادىيە 1514- يىلى يەكەن سەئىدىيە خانلىقى قۇرۇلۇپ، مىلادىيە 1678- يىلى بۇ خانلىق جۇڭغارلار تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلغانغا قەدەر بولغان 164 يىللىق تارىختا گەرچە ئاپپاق خوجا قاتارلىق سوپى - ئىشانلارنىڭ خەلقنى بىخۇدلاشتۇرۇشى تەسىرىدە خەلق ئاممىسى بىر مەزگىل خوراپاتلىق پاتقىقىغا پېتىپ، ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيىتى قەشقەردە غەيرىي نورمال تەرەققىياتلارنى باشتىن كەچۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما قەشقەردىكى مەدەنىيەت قۇرۇلما جەھەتتىن يەنىلا ئىسلام دىنى ئىدېئولوگىيىسىنى مەركىزىي ئوق قىلغان ھالدا تەرەققىي قىلدى.

جۇڭغارلارنىڭ شىنجاڭدىكى تەسىرى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قوقەند خانلىقىدىن قەشقەرگە سىڭىپ كىرگەن مۇھەممەت ياقۇپبەگ تەرىپىدىن قەشقەردە قۇرۇلغان «يەتتە شەھەر» قورچاق ھاكىمىيىتى

مىلادىيە 1878- يىلى تولۇق ئاغدۇرۇلۇپ، چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى تولۇق بىرلىككە كەلتۈردى.

مىلادىيە 1884- يىلى چىڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭنى رەسمىي ئۆلكە قىلىپ تەسىس قىلدى. بۇ مەزگىلدە قەشقەردە ئامبال مەھكىمىسى قۇرۇلۇپ، ھازىرقى قەشقەر تەۋەسىدىكى بارلىق ناھىيىلەر بىلەن خوتەن رايونى قەشقەر ئامبال مەھكىمىسىگە قاراشلىق بولدى. مىلادىيە 1912- يىلىدىن 1928- يىلىغىچە شىنجاڭغا ياڭ زېڭشىڭ ھۆكۈمران بولدى. بۇ مەزگىلدە قەشقەر ئامبىلىغا يېڭىشەھەر، كونىشەھەر، مارالبېشى، پەيزاۋات، يەكەن، تاشقورغان (پۇلى)، قاغىلىق، گۇما، يېڭىسار، خوتەن، لوپ، مەكىت، پوسكام، ئۇلۇغچات قاتارلىق زېمىنلار تەۋە بولدى. مىلادىيە 1929- يىلىدىن 1943- يىلىغىچە شىنجاڭغا جىن شۇرېن ۋە شېڭ شىسەيلەر ھۆكۈمرانلىق قىلدى. بۇ مەزگىلدە قەشقەر ئامبال مەھكىمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، قەشقەر مەمۇرىي رايونى تەسىس قىلىنىپ، مەمۇرىي ۋالىيلىق يولغا قويۇلدى. يېڭىشەھەر، كونىشەھەر، يېڭىسار، تاشقورغان، يەكەن، مارالبېشى، مەكىت، ئۇلۇغچات، يوپۇرغا، ئاتۇش قاتارلىق ناھىيىلەر قەشقەر مەمۇرىي رايونىغا قاراشلىق بولدى. 1943- يىلى قەشقەر مەمۇرىي رايونى قەشقەر ۋە يەكەندىن ئىبارەت ئىككى ۋىلايەتكە ئايرىلدى. بۇ ئىككى ۋىلايەتكە ئايرىم - ئايرىم ھالدا ۋالىيلار تەيىنلىنىپ، يەكەن، قاغىلىق، پوسكام ۋە مەكىت ناھىيىلىرى يەكەن ۋىلايىتىگە قارىغاندىن باشقا، ئاتۇش ۋە ئۇلۇغچاتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قالغان ناھىيىلەرنىڭ ھەممىسى قەشقەر ۋىلايىتىگە قارايدىغان بولدى. 1949- يىلى شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلىندى. قەشقەر ۋىلايىتىدە ھەربىي ئىدارە قىلىش كومىتېتى تەسىس قىلىنىپ، بۇرۇنقى ناھىيىلەرنى داۋاملىق باشقۇردى. 1952- يىل 9- ئايدا قەشقەردە قەشقەر شەھىرى تەسىس قىلىندى. قەشقەر شەھىرىگە قەشقەر شەھەر رايونىدىن باشقا، يېڭىشەھەر بىلەن كونىشەھەرمۇ قارايدىغان بولدى. بۇ مەزگىلدە قەشقەر شەھىرى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە بىۋاسىتە قارايتتى.

1954- يىل 8- ئايدا جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىيىتى قۇرۇلۇپ، ۋالىي مەھكىمىسى قەشقەر شەھىرىدە تەسىس قىلىندى. بۇرۇنقى قەشقەر ۋىلايىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. بارلىق ناھىيىلەر جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمىسىگە قارايدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن يەكەن ۋىلايىتى ۋە ۋالىي مەھكىمىسىمۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، قەشقەر ۋىلايىتىگە قوشۇۋېتىلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە قەشقەر ۋىلايەتلىك ۋالىي مەھكىمە «قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېت» دەپ ئۆزگەرتىلدى. 1978- يىلى قەشقەر ۋىلايىتى ۋالىي مەھكىمىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

هازىر قەشقەر ۋىلايىتىگە قەشقەر شەھىرى، يېڭىشەھەر، كونىشەھەر، مارالبېشى، پەيزاۋات، يوپۇرغا، يېڭىسار، مەكىت، يەكەن، پوسكام، قاغىلىق ناھىيىلىرى ۋە تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى قاراشلىق بولۇپ، پۈتۈن ۋىلايەت بويىچە 141 يېزا، 26 بازار، تۆت كوچا ئىش بېجىرىش باشقارمىسى، 93 ئاھالىلەر كومىتېتى، 2188 كەنت - مەھەللىلەر كومىتېتلىرى بار. ئۇنىڭدىن باشقا، قەشقەر دائىرىسىدە يەنە جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى، پوسكام نېفىت، تەبىئىي گاز بازىسى ۋە يېزا ئىگىلىك 3- دىۋىزىيىسى قاتارلىق ئورۇنلارمۇ بار.

قەدىمىي بوستانلىق قەشقەر ۋە «يىپەك يولىدىكى مەرۋايىت» قەشقەر شەھىرى بۈگۈنكى كۈندە ئۆزىنىڭ قەدىمىيلىكى، ئۆزگىچە مىللىي ئۆرپ - ئادەتلىرى، نەپىس ھۈنەر - سەنئەتلىرى، ئالاھىدە تەبىئىي مەنزىرىلىرى، قەدىمىي ۋە مول بولغان تارىخىي مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ئىگە بولۇشتەك ئەۋزەللىكلىرى بىلەن چەت ئەللىك سەيلە- ساياھەتچىلەرنى ۋە جۇڭگونىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلىرىدىكى مەبلەغ سالغۇچى سودىگەرلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ كەلمەكتە.

# بىرىنچى بۆلۈم تارىختىن بۇرۇنقى مەدەنىيەت دەۋرىگە تەئەللۇق ئىزلار

## تارىختىن بۇرۇنقى مەدەنىيەت توغرىسىدا قىسقىچە چۈشەنچە

دۇنيادىكى ھەرقانداق نەرسىنىڭ باشلىنىشى، ئاخىرلىشىشى،
سەۋەب ـ نەتىجىسى ھەم تەرەققىي قىلىش قانۇنىيىتى بولىدۇ. ئىنسان-
لارنىڭ مەدەنىيىتىمۇ ھەم شۇنداق، ئۇ قانداقتۇر تۇيۇقسىزلا پەيدا
بولۇپ قالغان نەرسە بولماستىن، بەلكى نەچچە مىليون يىللىق ئۇزاق
تارىخىي دەۋرلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ تەرەققىي قىلىش، توپلىنىش،
كېڭىيىش، ئومۇملىشىش، مۇكەممەللىشىش ئارقىلىق بۈگۈنكى ھا-
لەتكە كەلگەن.

ئىنسانلارنىڭ تارىختىن بۇرۇنقى مەدەنىيىتى دېگىنىمىز، رە-
سمىي تارىخىي خاتىرە بولۇپ شەكىللەنمىگەن، تەتقىق قىلىشتا بىۋاس-
تە پايدىلىنىشقا بولىدىغان يازما ماتېرىيال مەنبەسى بولمىغان، ئىپتى-
دائىي جەمئىيەت باسقۇچلىرىدىكى ئىنسانلار شەكىللەندۈرگەن مەدەنى-
يەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئىنسانلارنىڭ يىراق قەدىمكى زامان مەدەنىيەت-
لىرىنى ئوبيېكتىپ تەسەۋۋۇرغا تايىنىپ بىلىش مۇمكىن ئەمەس.
زامانىمىزدىكى ئارخېئولوگ ۋە تەتقىقاتچىلار پەقەت ئىنسانلارنىڭ تا-
رىختىن بۇرۇنقى ئىپتىدائىي تۇرمۇش ھالەتلىرىدىن خەۋەر بېرەلەيدى-
غان، ئىپتىدائىي ئىنسانلار تەرىپىدىن ياساپ چىقىلغان كونكرېت
تۇرمۇش بۇيۇملىرى ۋە ھەرخىل ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى قەدىمكى

ئىز، قەدىمكى قەبرە قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرىدىن
تېپىپ چىقىپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش؛ كېيىنكى دەۋرلەرنىڭ
ئىپتىدائىي جەمئىيەتلەردىكى ئىنسانلارغا مۇناسىۋەتلىك بولغان مۇ-
ھىم تارىخىي، ئەدەبىي مىراس مەنبەلىرىدىن پايدىلىنىش؛ دۇنيادىكى
ھەرقايسى مىللەتلەر ياراتقان مىفولوگىيە (ئەپسانە، رىۋايەت) لەرنىڭ
مەزمۇنلىرىدىن ئىلمىي پايدىلىنىش؛ مەدەنىيەت فورماتسىيىسى نىس-
بەتەن بىكىك، ئىپتىدائىي ھالەتتە تۇرۇۋاتقان رايون ۋە دۆلەتلەردىكى
مىللەتلەرنىڭ رېئال تۇرمۇش، ئۆرپ - ئادەتلىرىگە قارىتا ئېتنوگرا-
فىيىلىك تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ بېرىشتەك بىر قاتار سېلىشتۇرما
ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىپ، مەلۇم مەدەنىيەت بەلۋېغىدىكى رايونلارنىڭ
مەدەنىيەت تىپى، مەدەنىيەت قۇرۇلمىسى، مەدەنىيەت ئىقتىدارى،
مەدەنىيەت خاراكتېرى، تەرەققىيات سەۋىيىسى قاتارلىقلارغا ئىلمىي
تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، شۇ رايون مەدەنىيىتىنىڭ
تارىخىي تەرەققىياتى ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ ماسلىقىغا، ئىز-
چىللىقىغا، ئۆزگىرىش ۋە ھازىرقى ھالەتلىرىگە قارىتىلغان ئىلمىي
يەكۈنلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەت
باسقۇچلىرىغا مەنسۇپ كونا تاش قورال ۋە يېڭى تاش قورال مەدەنىيەت
ئىزلىرى، قىياتاش سىزمىلىرى، قەدىمكى قەبرە ۋە باشقا جايلاردىن
تېپىلغان ئادەم قاتارلىق جانلىقلارنىڭ تاشقا ئايلانغان سۆڭەك قاتمىلى-
رى، شۇنىڭدەك باشقا خىلدىكى تۇرمۇش، ئىشلەپچىقىرىش ئامىللى-
رىغا مۇناسىۋەتلىك كونكرېت بۇيۇملار تارىختىن بۇرۇنقى مەدەنىيەت-
لەرنى تەتقىق قىلىشتىكى ئەڭ مۇھىم پاكىت ھېسابلىنىدۇ.

ئىنسانلارنىڭ تارىختىن بۇرۇنقى مەدەنىيىتى توغرىسىدا ئامېرى-
كىلىق ئانتروپولوگ، ئىپتىدائىي جەمئىيەت تارىخ ئىلمىنىڭ ياراتقۇ-
چىسى مورگان (1818 — 1881) «قەدىمكى جەمئىيەت» ناملىق مەش-
ھۇر ئەسىرىدە ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تارىخىي باسقۇچلىرىنى ئىن-
سانلارنىڭ بالىلىق دەۋرى، ياۋايىلىق دەۋرى ۋە مەدەنىيەتلىك دەۋر-
دىن ئىبارەت ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈپ ئىزاھلىغان. ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ

پەيدا بولغان دەۋرى( بۇ دەۋرنى خەلقئارادا 1974- يىلى تانزانىيەدىن تېپىلغان، بۇنىڭدىن 3 مىليون 700 مىڭ يىل ئىلگىرىكى دەۋرگە مەنسۇپ دەپ قارىلىۋاتقان «شەرقىي ئافرىقا ئادىمى» نىڭ تاشقا ئايلانغان قاتمىسىدىن ھېسابلاپ، ئىنسانلارنىڭ تارىختىن بۇرۇنقى مەدەنىيەت دەۋرىنى %99، مەدەنىيەتلىك دەۋرنى %1 دەپ قارايدۇ. ئا) دىن باشلاپ، بۇنىڭدىن 10 مىڭ يىل ئىلگىرىكى كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى ئوقيانىڭ ئىختىرا قىلىنىشىغىچە بولغان دەۋرلەرنى ئىنسانلارنىڭ بالىلىق دەۋرى؛ كۆلالچىلىق تېخنىكىسىنىڭ ئومۇملىشىشىدىن باشلاپ دەسلەپكى ئىپتىدائىي ئېرگېلوف (ئىپتىدائىي يېزىق) پەيدا بولغان ئارىلىقتىكى دەۋرلەر( ئارخېئولوگىيە ئىلمىدە بۇ دەۋرلەر بۇنىڭدىن 7000 يىللار ئىلگىرىكى سىپتە تاش قوراللار مەدەنىيىتىدىن باشلاپ، 4000 يىللار ئىلگىرىكى مېتال قوراللارنىڭ دەسلەپكى باسقۇچلىرىغىچە ئىزاھلايدۇ. ئا) نى ئىنسانلارنىڭ ۋاراۋارا ياكى ياۋايى دەۋرى دەپ ئىزاھلاپ، يېزىقنىڭ كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىلىشى، مېتال بۇيۇملارنىڭ ئومۇملىشىشى، سىنىپ، دۆلەت، شەھەرلەرنىڭ شەكىللىنىشىنى ئۆلچەم قىلىپ تۇرۇپ تاكى زامانىمىزغىچە بولغان دەۋرلەرنى ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيەتلەشكەن دەۋرى دەپ ئايرىيدۇ.

يۇقىرىقى نۇقتىلاردىن شۇنى خۇلاسىلەشكە بولىدۇكى، ئىنسانلارنىڭ بالىلىق دەۋرى ۋە ياۋايى دەۋرى ئىنسانلارنىڭ ئىپتىدائىي مەدەنىيەت دەۋرىگە مەنسۇپ بولۇپ، كونكرېت بولغان ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، بۇ دەۋرلەر ئىنسانلارنىڭ تاش قوراللار دەۋرى مەدەنىيىتىگە، ئۇنىڭكۇر مەدەنىيىتىگە، دەسلەپكى مېتال قوراللار مەدەنىيىتىگە مەنسۇپ بولىدۇ. گەرچە مۇشۇ دەۋرنىڭ ئاخىرقى باسقۇچلىرىدا ئىپتىدائىي يېزىق شەكىللەنگەن دەپ قارالسىمۇ، لېكىن بۇ دەۋرلەر ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيەتلەشكەن دەۋرىدىن ئىلگىرىكى ۋاقىتلارغا تەئەللۇق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىنسانلارنىڭ مۇشۇ باسقۇچلاردىكى مەدەنىيىتىنى يەنىلا تارىختىن بۇرۇنقى مەدەنىـ

يەت دەپ قاراشقا بولىدۇ.

يۇقىرىقى قاراشلارغا ئاساسلانغاندا، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن بايقالغان قەدىمكى قىياتاش سۈرەتلەر، كونا تاش قورال ۋە يېڭى تاش قورال دەۋرلىرىگە مەنسۇپ مەدەنىيەت ئىزلىرى، ئىپتىدائىي قەبرىلەر، ئۇنىڭدىن باشقا ئاشۇ دەۋرلەرگە مۇناسىۋەتلىك قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزلىرى قەشقەر رايونىنىڭ تارىختىن بۇرۇنقى مەدەنىيەت دەۋرىگە مەنسۇپ ئىزلار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۇ تارىخىي ماتېرىيالىزملىق ئىلىم قارىشىغا ئۇيغۇن بولغان، ھېچكىممۇ ئۆز مەيلىچە ئۆزگەرتەلمەيدىغان ئورتاق قاراش. مۇشۇ تەرەپتىكى ئىلمىي نۇقتىلارنى كۆزدە تۇتقان ئاساستا، بۇ كىتابنىڭ بىرىنچى بۆلىكىدە قەشقەر دائىرىسىدە تارىختىن ئىلگىرىكى مەدەنىيەتلەرنىڭ يارقىن ئىزناسى سۈپىتىدە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان، قەشقەرنىڭ، جۈملىدىن شىنجاڭنىڭ يىراق قەدىمكى زامان مەدەنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىشتا نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدىغان، تارىختىن بۇرۇنقى ئىپتىدائىي مەدەنىيەت ئىزلىرىدىن ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە بىرنەچچە ئورۇننى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن. بۇ يەنە ئۆز نۇۋىتىدە قەشقەرنىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەت مەدەنىيىتى تارىخى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان دەسلەپكى تەتقىقات ماتېرىيالى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## تاش قورال دەۋرىگە مەنسۇپ مەدەنىيەت ئىزلىرى

ئىپتىدائىي جەمئىيەت باسقۇچى ئىنسانلار تارىخىدا ئەڭ ئۇزاق داۋام قىلغان جەمئىيەت باسقۇچىدۇر. دۇنيادىكى ئارخېئولوگلار ۋە تەبىئىي پەن ئالىملىرىنىڭ تەتقىقات ۋە تەجرىبە نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا، ھازىرغىچە ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات تارىخى 3 مىليون يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتنى بېسىپ ئۆتكەن بولۇپ،

ئىنسانلارنىڭ تارىخى توغرىسىدا ھازىرقى ئىنسانلار بىلمەيدىغان سىرلار ناھايىتى نۇرغۇن.

كونا تاش قورال دەۋرى ئىنسانلارنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى ئىپتىدائىي مەدەنىيەت باسقۇچى ھېسابلىنىدۇ. بۇ دەۋردە ئىنسانلار ئاساسلىقى توپلىشىپ ھەرىكەت قىلاتتى. ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىمۇ ئىنتايىن تۆۋەن ئىدى. ئىپتىدائىي ئوۋچىلىق شەكلى ئارقىلىق قولغا كەلتۈرگەن ئوۋ غەنىيمەتلىرىنى تەڭ تەقسىم قىلىشاتتى. دەسلەپتە ئۇلار ئىپتىدائىي توپ ھالىتىدە نىكاھلانغان بولۇپ، بارا - بارا قانداشلىق، يەنى ئۇرۇق-ئۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتلىرى بويىچە نىكاھلىنىش باسقۇچىغا قەدەم قويغان. ئىنسانلارنىڭ ئوتنى بايقىشى ۋە جىسمانىي ئەمگەكنىڭ ئىنسانلارنى بارغانچە تاكامۇللاشتۇرۇپ بېرىشى بىلەن ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش سايمانلىرى ھېسابلانغان تاش قوراللار ئۇلارنىڭ تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇپ، ئۆز مەدەنىيەتلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىنىڭ مۇھىم ۋاستىسىگە ئايلانغان.

1980- يىللارغا قەدەر قەشقەر تەۋەسىدىلا ئەمەس، بەلكى ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدىنمۇ[1] شىنجاڭدا ياشىغان قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ تاش قورال دەۋرى مەدەنىيەتلىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئىپتىدائىي مەدەنىيەت ئىزلىرىنى ئىسپاتلايدىغان ئىزلار تېپىلمىغانىدى. 80- يىللاردىن كېيىن تەڭرىتېغىنىڭ شىمالى، شەرقى ۋە جەنۇب تەرەپلىرىدىن تاش قوراللار دەۋرى مەدەنىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان، ئىنسانلارنىڭ تارىختىن بۇرۇنقى مەدەنىيەت ئىزلىرى ئارقا - ئارقىدىن بايقىلىپ، شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلۇقتا ۋە يۇقىرى پەللىگە قاراپ تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىمكانىيىتى ھازىرلاندى. 1981- يىلى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى ۋە كونىشەھەر ناھىيىسىدىن كونا تاش قورال مەدەنىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك مەدەنىيەت ئىزلىرى

[1] ئابدۇقېيۇم خوجا: «غەربىي يۇرت ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995- يىل 4- ئاي نەشرى، 1-2- بەتلەر.

ۋە يېڭى تاش قورال دەۋرىگە مۇناسىۋەتلىك ئىزلار بايقالدى. شۇنىڭغا ياندىشقان ھالدا يەنە ئاتۇشنىڭ بوغۇز دەرياسى قىرغىقىدىن «ئاتۇش ئادىمىنىڭ تاشقا ئايلانغان باش سۆڭىكى» مۇ بايقالدى. بۇنىڭ بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭ تەۋەسىدە ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش قىزغىنلىقى قوزغىلىپ، قەشقەر تەۋەسىدە ئىنسانلارنىڭ يىراق قەدىمكى زامان مەدەنىيەتلىرىگە مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن تەكشۈرۈشلەر ئېلىپ بېرىلدى. شۇ چاغلاردا بايقالغان تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىدىكى «جىرغال» كونا تاش قورال ئىزى، كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئوپال يېزىسى تەۋەسىدىكى «خوجاقونار»، «سۇلتانباغ» يېڭى تاش قورال مەدەنىيەت ئىزلىرى قەشقەرنىڭ يىراق قەدىمكى زامان مەدەنىيىتىنى ئىسپاتلاش، تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئورۇننى تۇتۇپ كېلىۋاتقان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئىزلىرىدۇر.

## 1. جىرغال كونا تاش قورال ئىزى

جىرغال كونا تاش قورال ئىزى 1977- يىلى بايقالغان. لېكىن، بۇ ۋاقىتتا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلمىغان. 1983- يىل 8- ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق گېئولوگىيە ئەترىتىنىڭ يەر قاتلاملىرىنى تەكشۈرۈش مۇتەخەسسىسلىرى بېيجىڭ تەبىئەت مۇزېيىنىڭ تەتقىقاتچىسى جوگوشىڭ ئەپەندىنىڭ يېتەكچىلىكىدە جۇڭگو - پاكىستان تاشيولىنىڭ تاشقورغان ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 34 كىلومېتىر كېلىدىغان بۆلەككە جايلاشقان تىزناپ يېزىسى تۇغلاڭشا كەنتىنىڭ جىرغال دېگەن جايىدىكى كونا تاش قورال ئىزىنى رەسمىي تەكشۈرۈپ، پاكىتلار ئاساسىدا بۇ ئورۇننىڭ ھەقىقەتەن بۇنىڭدىن 10 مىڭ يىللار ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە تەۋە بولغان كونا تاش قورال دەۋرىگە مەنسۇپ ئىپتىدائىي مەدەنىيەت ئىزى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىققان. ئۇلار شۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشتە بۇ ئورۇننىڭ دائىرىسىدىن بەش نۇقتىنى قې-

زىپ، قېلىنلىقى تەخمىنەن 4 — 8 سانتىمېتىر كېلىدىغان سۇنئىي
ئوت ئازگىلىنى، يەنە بىر نەچچە دانە چوقۇپ ياسالغان، چاناش، ياد-
جىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان تاش قورال، تاش ياپراقچىسى، ئوتتا
كۆيدۈرۈلگەن ھايۋاننىڭ سۆڭەك قالدۇقلىرىنى تاپقان. ئۇلار جىرغال-
دىن تېپىلغان ياغاچ كۆمۈر قالدۇقىنى $C_{14}$ بىلەن ئانالىز قىلىش
نەتىجىسىدە، بۇ ئورۇننى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى (شۇ ۋاقىتتا پۈتۈن
شىنجاڭ تەۋەسىدىكى . ئا) بىردىنبىر كونا تاش قورال دەۋرى مەدەنى-
يەت ئىزى، پامىر ئېگىزلىكىدە ياشىغان قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ مەدە-
نىيەت پائالىيىتى ئەڭ بۇرۇن باشلانغان جاي دېگەن يەكۈننى چىقىرىش-
قان.

شۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشتىن كېيىن جىرغال كونا تاش قورال
دەۋرى مەدەنىيەت ئىزىدا يەنە كۆپ قېتىم تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىل-
دى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي، ئارخېئولوگىيە
تەتقىقات ئورنى ۋە قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى
قوغداش - باشقۇرۇش ئورنىنىڭ مۇناسىۋەتلىك خادىملىرى كۆپ قې-
تىم قوغداش خاراكتېرىدىكى تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ بېرىپ، كۆپ
مىقداردا ھەرخىل تاش قوراللارنى يىغىۋالدى. جىرغالدىن تېپىلغان
تاش قورال ئەۋرىشكىلىرىنىڭ بىر قىسمى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم
رايونلۇق مۇزېي ۋە قەشقەر ۋىلايەتلىك مۇزېيدا ساقلانماقتا. جىرغال
كونا تاش قورال دەۋرى مەدەنىيەت ئىزى دۆلىتىمىز تەۋەسىدىكى
دېڭىز يۈزىدىن ئەڭ ئېگىز ئورۇنغا جايلاشقان، كۆلىمى نىسبەتەن
چوڭ كونا تاش قورال دەۋرى مەدەنىيەت ئىزى بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن
ئېگىزلىكى 3339 مېتىر، كۆلىمى 1000 مودىن ئارتۇق. 1990-
يىلىدىكى تەكشۈرۈشتە بۇ جاينىڭ كونكرېت جۇغراپىيىلىك ئورنى
شەرقىي مېرىدىئان 75°23′24″، شىمالىي كەڭلىك 37°35′ لۇق ئو-
رۇندا دەپ تىزىملىنىپ، مەدەنىيەت يادىكارلىق ئارخىپى تۇرغۇزۇل-
غان.

تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىدىكى جىرغال كونا تاش قورال ئىزى مۇشۇ ئەتراپتا ياشىغان قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيە-تىنى، ئىبتىدائىي تەركىبىنى، مەدەنىيەت قۇرۇلمىسىنى تەتقىق قىلىش جەھەتلەردە مۇھىم قىممەتكە ئىگە ئىپتىدائىي مەدەنىيەت ئىزى بولۇش-تەك قىممىتى بىلەن 1990- يىل 12- ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن «ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى» دەپ ئېلان قىلىنىپ، قوغدىلىپ كەلمەكتە.

## 2. سۇلتانباغ ۋە خوجاقونار يېڭى تاش قورال ئىزى

قەشقەر تەۋەسىدىكى يېڭى تاش قورال، يەنى «نېئولىت» دەۋرى مەدەنىيەتلىرىگە تەئەللۇق ئىزلار خېلى كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاۋرېل ستەيىن 1913- يىلى مارالبېشىدىن بايقىغان «بارچۇق ئىزى» دەپ ئاتالغان ئورۇن بىلەن دۆلىتىمىز ئارخېئولوگ-لىرى 80- يىللاردا كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئوپال يېزىسىدىن بايقى-غان «سۇلتانباغ» ۋە «خوجاقونار» سىپتە تاش قورال دەۋرى مەدەنى-يەت ئىزلىرى تىپىك ئالاھىدىلىككە ئىگە. بۇ تەزكىرىدە پەقەت ئوپال-دىكى «سۇلتانباغ» ۋە «خوجاقونار» سىپتە تاش قورال ئىزىلا تونۇش-تۇرۇپ ئۆتۈلىدۇ.

«سۇلتانباغ» ۋە «خوجاقونار» يېڭى تاش قورال دەۋرى مەدەنى-يەت ئىزى كونىشەھەر ناھىيە ئوپال يېزىسىنىڭ ئازىغ كەنتى تەۋەسىدە بولۇپ، بۇ جاي«ھەزرىتى موللام تېغى» نىڭ غەربىي جەنۇبى ئېتىكى-دىن ئوپال يېزىسىنىڭ «قاراڭغۇ يار» مەھەللىسىگىچە بولغان ئارى-لىقتىكى «خوجاقونار ئاتام» (يەرلىك كىشىلەر «خوجاقونداق» دەپ ئاتىشىدۇ. ئا) مازىرىغىچە يېيىلغان. كۆلىمى 30 مىڭ كۋادرات مېتىردىن ئارتۇق (ئەمەلىيەتتە مۇشۇ ئىزنى چۆرىدىگەن ئوپالنىڭ باشقا جايلىرىدىكى تاش قورال دەۋرى ئىزلىرىنىمۇ قوشۇپ ھېسابلى-غاندا، بۇ يەردىكى يېڭى تاش قورال مەدەنىيىتى دەۋرىگە مۇناسىۋەتلىك

ئېزنىڭ كۆلىمى نەچچە ئون كىلومېتىردىن ئېشىپ كېتىدۇ). ئېزنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپى موللام تېغى، قۇمباغ كەنتى ئارقىلىق جۇڭگو - پاكىستان تاشيولىغا، غەرب تەرىپى «ئاق تىكەن» (ئەسلى ئاتىلىشى «ئازىغ تىكەن») دارىسىغا تۇتىشىدۇ. بۇ ئېزنى غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا سوزۇلغان «سۇلتانباغ دارىسى»، «كانشۇ دارىسى»، «خوجاقونار» دارىسى قاتارلىقلارنىڭ ئارىسىدىكى ئېقىن ئۈچكە بۆلۈۋەتكەن بولۇپ، شىمالىي قىسمى «سۇلتانباغ»، ئوتتۇرا قىسمى «كانشۇ»، جەنۇبىي قىسمى «خوجاقونار» نامى بىلەن ئاتالغان. شۇڭا، تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «سۇلتانباغ» دەپلا ئاتىلىدۇ.

سۇلتانباغ سېپتە تاش قورال ئېزى 1980-يىلى بايقالغان. شۇ يىلى ئەتىيازدا ئوپال يېزىلىق سېمونت زاۋۇتىنىڭ ئىشچىسى قۇربان مۇشۇ ئېزنىڭ «يارقوتان» دېگەن يېرىدىكى تېيىززاق بىر قەدىمىي قەبرىدىن تاش ئوقيا ئۇچى (تاش باشاق)، مىس ئوقيا بېشى، تۆمۈر قىلىچ قاتارلىق يىل دەۋرى بىر قەدەر ئۇزاق بولغان بىر بۆلەك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تېپىۋالغان. بۇ ئۇچۇر مەدەنىيەت نازارىتى مەدەنىيەت يادىكارلىق باشقارمىسىغا مەلۇم قىلىنغاندىن كېيىن، 1982-يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي ۋە ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىدىن مەخسۇس تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى كېلىپ، ئوپال يېزىسىدا 15 كۈن تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، سۇلتانباغ تۈزلەڭلىكىنىڭ ئاياغ تەرىپىدىن سىلىقلانغان ھەرخىل سېپتە تاش قوراللاردىن 48 دانە، تۈز ۋە ئەگرى ياسالغان تاش پىچاقتىن 11 دانە، ئېگەرسىمان تاش يارغۇنچاقتىن 14 دانە، ئۇنىڭدىن باشقا تاش كەتمەن، تاش ئورغاق، سالغا تاش، تاش ئۇرچۇق، قۇم ۋە سېغىز لايدىن ياساپ پىشۇرۇلغان ساپال بۇيۇملارنىڭ پارچىلىرى قاتارلىق يېڭى تاش قورال دەۋرى مەدەنىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك بۇيۇملارنى يىغىۋالغان. مۇشۇ پاكىتلارغا ئاساسەن كونشەھەر ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، بۇ ئورۇننى «ناھىيە دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى» دەپ ئېلان قىلغان. 1988-يىلى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئارخېئولوگ، مۇزېي تەتقىقاتچىسى ۋاڭ مىڭجې كونىشەھەر ناھىيىسىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئىستراتېگىيىسىنى دەلىللەش خىزمىتى بىلەن قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىگە كەلگەندە، ئۇ بۇ ئورۇندا ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشتە بولۇپ، بىر قىسىم قىممەتلىك تاش قوراللار ئەۋرىشكىسىنى يىغىۋالغان ھەمدە بۇ ئورۇننى ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى قاتارىغا كىرگۈزۈش توغرىسىدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە دوكلات سۇنغان. 1990- يىل 1- ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدىن كاندىدات ئالىي تەتقىقاتچى ۋاڭ بو، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىدىن ماسۇكۇن ۋە قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش - باشقۇرۇش ئورنىدىكى مۇناسىۋەتلىك خادىملار سۇلتانباغ سېپتە تاش قورال دەۋرى مەدەنىيەت ئىزىدا تەكشۈرۈشتە بولۇپ، ئىگەرسىمان يارغۇنچاق، تاش پىچاق قاتارلىق 30 خىلدىن ئارتۇق بۇيۇمنى يىغىۋالغان.

سۇلتانباغ سېپتە تاش قورال دەۋرى مەدەنىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك بۇ ئىزدىن 1980- يىلىدىن ھازىرغا قەدەر 400 دانىدىن ئارتۇق ھەرخىل تاش قورال يىغىۋېلىندى. بۇ جايدىن يىغىۋېلىنغان تاش قوراللارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ئۆزئارا ئوخشاشلىقتا ۋە پەرقلەرگە ئىگە. تاش ئۆزەكلىرى ۋە تاش قوراللارنى ئۆزئارا سېلىشتۇرغاندا، بۇ ئىزنىڭ «خوجاقونار» دەپ ئاتىلىدىغان تەرىپىدىن تېپىلغان تاش قوراللار «سۇلتانباغ» تەرەپتىكىسىدىن كۆپرەك. ئىككى ئورۇندىن تېپىلغان تاش پىچاق ۋە بىر قىسىم قىرغۇچى تاش قوراللارنىڭ پەرقى نىسبەتەن چوڭ. «خوجاقونار» تەرەپتىن بايقالغانلىرى سۇركەپ ياسالغان، بۇ يەردىن يەنە ئىنچىكە تاش قوراللار، تاش مىغىزى ۋە تاش ياپراقچىلىرى كۆپ ئۇچرايدۇ. «سۇلتانباغ» تەرەپتىن تېپىلغان تاش قوراللار گەرچە «خوجاقونار» تەرەپتىن تېپىلغان تاش قوراللارغا

ئوخشاپ كەتسمۇ، ئەمما بۇ ئىزدىن يەنە نىسبەتەن كېيىنكى دەۋرلەرگە مەنسۇپ يادىكارلىقلار، مەسىلەن ئىگەرسىمان تاش يارغۇنچاق، تاش پىچاق، تاش باشاق، برونزا بۇيۇملار، سۆڭەك بۇيۇملار، ساپال بۇيۇملار ئارىلاش ئۇچرايدۇ. ئومۇمەن، بۇ جايلاردىن تېپىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تېپىندىلارنى شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدىن ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن تېپىلغان شۇ خىلدىكى بۇيۇملارغا سېلىشتۇرۇپ ئانالىز قىلماق شۇنداق خۇلاسىگە كېلىشكە بولىدۇكى، يېڭى تاش قورال دەۋرىدە، يەنى بۇنىڭدىن تەخمىنەن 5000 يىللار ئىلگىرىكى قەشقەر تەۋەسىدە ياشىغان قەدىمكى ئىنسانلار ئىلگىرىكى تاغ ئۆڭكۈرلىرىدىكى ياۋايى تۇرمۇش شەكلىدىن دەريا - كۆل بويلىرىدىكى تۈزلەڭلىك، مۇنبەت جايلارغا يۆتكىلىپ، مۇقىم ئولتۇراق تۇرمۇش شەكلىنى ھاسىل قىلىپ، دەسلەپكى يېزا - مەھەللىلەرنى بەرپا قىلغان. كۇلالچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، ھەرخىل ساپال بۇيۇملارنى ياساپ تۇرمۇشلىرىدا ئىشلەتكەن. سۈركەپ ياسالغان سىپتە تاش قوراللار ئارقىلىق ئىپتىدائىي دېھقانچىلىق، يۇڭ توقۇمىچىلىق ۋە ئۆي چارۋىچىلىقى قاتارلىق كەسىپلەرنى دەسلەپكى قەدەمدە راۋاجلاندۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ماددىي ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنى بىلگەن. قەدەممۇقەدەم جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىپ، ئۆزلىرىنىڭ كېيىنكى دەۋرلەردىكى يېڭى مەدەنىيەتلىرىگە ئاساس سالغان.

سۇلتانباغ سىپتە تاش قورال ئىزىنىڭ قەشقەرنىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەت مەدەنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىش، پامىر ئېگىزلىكىنىڭ شەرقىي تەرەپلىرىدىكى، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ غەربىي تەرەپلىرىدىكى بوستانلىقلارنىڭ شەكىللىنىش تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى قىممىتى ئىنتايىن يۇقىرى. 1990-يىلى ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشتە بۇ ئىزنىڭ «سۇلتانباغ» قىسمىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 75°30′ — 75°31′، شىمالىي پاراللېل 39°18′ — 39°19′ تا، «خوجاقونار» بۆلىكىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 75°31′ — 75°32′ تا، شىمالىي پاراللېل 39°16′ — 39°17′ تا دەپ

خاتىرىلىنىپ، مەدەنىيەت يادىكارلىق ئارخىپى تۇرغۇزۇلغان.

1990-يىل 12-ئاينىڭ 9-كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بۇ ئىزنى «ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى» دەپ ئېلان قىلغان. بۇ ئورۇنلاردىن تېپىلغان تاش قوراللار شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي، قەشقەر ۋىلايەتلىك مۇزېي ۋە كونىشەھەر ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش-باشقۇرۇش ئورنىدا ساقلانماقتا.

# مىتال قوراللار مەدەنىيىتى ئىزلىرى

## 1. برونزا قوراللار دەۋرى مەدەنىيىتى ئىزلىرى

نۆۋەتتىكى تەكشۈرۈش، تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ خۇلاسىلىرىدە شىنجاڭ برونزا (ئىنسانلار تارىختا ئەڭ بۇرۇن پايدىلانغان يېشىل مىس) قوراللار مەدەنىيەت دەۋرى تەخمىنەن 3000 يىللىق تارىختا ئىگە دەپ قارالماقتا[1]. قەشقەر تەۋەسىدىمۇ برونزا قوراللار دەۋرى مەدەنىيىتىگە ئائىت ئىزلار خېلى كۆپ بولۇپ، تېپىلىپ بولغانلىرى كونىشەھەر ناھىيىسى تەۋەسىدىكى ئاقدالا ئىزىنى چۆرىدىگەن ئاقدالار، ئۈچكۈرلۈك، قۇرۇقدالا ۋە دۆۋىلىك قاتارلىق ئىزلاردۇر. قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسى ئوپال ئارت يېزا ئىگىلىك مەيدانىنىڭ غەربىي شىمالىدىن 1 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى شەرقىي مېرىدىئان 75°23′ — 7524′، شىمالىي پاراللېل 39° 21′ — 39°22′ تىكى كۆلىمى 10 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدىغان ئاقدالا ئىزى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى تەۋەسىدىكى برونزا قوراللار دەۋرى مەدەنىيىتىگە تەئەللۇق ئىزلارنىڭ ئارىسىدىكى مۇھىم ئىزدۇر. بۇ ئىزغا قارىتا

---

① ئابدۇقېيۇم خوجا: «غەربىي يۇرت ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1994-يىلى نەشرى، 9-بەت.

1972ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئارخېئولوگىيە تەترە-
تتىنىڭ خادىملىرىدىن ۋاڭ بىڭخۇا قاتارلىقلار تونجى قېتىم تەكشۈرۈش
ئېلىپ بارغان[1]. شۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشتە ئارخېئولوگلار بۇ ئىزدىن
مۇئەييەن مىقداردىكى تاش قوراللار، قۇم ئارىلاش ياسالغان كۈل
رەڭ، قوڭۇر ۋە قىزغۇچ ساپال بۇيۇملارنىڭ قالدۇقلىرى، برونزا
پىچاق، برونزا باشاق قاتارلىق بۇيۇملارنى يىغىۋالغان. بۇ ئىزدىن
تېپىلغان تاش قوراللار ئارىسىدىكى ھىلال ئاي شەكىللىك تاش پىچاق-
لار بىلەن تاش ئورغاقلارنىڭ شەكلى ئالاھىدە نەپىس بولۇپ، جۇڭگو-
نىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىدىن تېپىلغان شاڭ سۇلالىسى دەۋرى-
گە تەئەللۇق برونزا قوراللارغا ئوخشاپ كېتىدۇ. تاش ئورغاقلار
شەكىل ۋە سۈپەت جەھەتتىن ھازىرقى ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ
پەرغانە ۋىلايىتى تەۋەسىدىكى برونزا قوراللار مەدەنىيەت دەۋرىگە تەۋە
چۇست مەدەنىيەت ئىزىدىن تېپىلغان تاش ئورغاقلارغا ئوخشاپ كېتى-
دۇ. رەڭلىك ساپال پارچىلىرى، برونزا پارچىلىرى، كىچىك برونزا
پىچاق، برونزا بىگىز قاتارلىقلار ئاقسۇنىڭ قارا يۇلغۇن تەۋەسىدىكى
برونزا مەدەنىيەت ئىزىدىن تېپىلغان بۇيۇملارغا ئوخشاپ كېتىدۇ[2].
يۇقىرىقى ئورۇنلارنىڭ ھەممىسىدىن ئوخشاشلا سىپتە تاش قورال،
ساپال بۇيۇم ۋە ھەرخىل برونزا بۇيۇملار ئارىلاش ئۇچرايدۇ. بۇ
ئەھۋال قەشقەر تەۋەسىدىكى برونزا قوراللار دەۋرى مەدەنىيىتىگە مۇنا-
سىۋەتلىك ئىزلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ۋە تارىم
ئويمانلىقىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى برونزا قوراللار دەۋرى مەدەنى-
يىتىگە تەئەللۇق ئىزلارغا ئوخشاپ كېتىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپلا قال-
ماي، قەشقەرنىڭ بۇنىڭدىن تەخمىنەن 3000 يىل ئىلگىرىكى دەۋر-
لەردىكى مەدەنىيىتىنىڭ كۆپ جەھەتلەردىن شەرقنىڭ باشقا مەدەنىيەت
ئىزلىرى بىلەن ئوخشاش ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى، ئىنسانلار مەدەنى-

---

① «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسىنىڭ 30 يىلى» ( 新疆考古三十年 ) شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983ـ يىلى نەشرى، (خەنزۇچە) 40ـ بەت.
② ئابدۇقەييۇم خوجا: «قەدىمىي يۇرت ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1994ـ يىلى نەشرى، 61ـ بەت.

يەتلىك دەۋرلەرگە قەدەم قويۇۋاتقان دەسلەپكى باسقۇچلاردا دېھقانچى-
لىق، چارۋىچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، مېتاللورگىيە ئىگىلىكلى-
رىنىڭ ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلغانلىقىنى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچ-
لىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت
ئالماشتۇرۇش پائالىيەتلىرى جانلىنىپ، مەدەنىيەتلىك دەۋرنىڭ تارى-
خىي پەردىسى ئېچىلىشقا باشلىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

## 2. دەسلەپكى تۆمۈر قورال دەۋرى ئىزى

تۆمۈر رودىسىنى بايقاش ۋە ئۇنى تورمۇشقا تەتبىقلاش، يەنى
تۆمۈرچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىش ئىنسانلار تارىخىدىكى مۇھىم بىر
دەۋر بۆلگۈچ كەشپىيات ھېسابلىنىدۇ. تۆمۈر قوراللار ئىنسانلار ئۆز
تارىخىدا تاش قوراللار ۋە برونزا قوراللاردىن كېيىن ئىشلەتكەن مېتال
قوراللاردۇر. تۆمۈر قورال ئىنسانلار تارىخىي تەرەققىياتىغا زور تە-
سىر كۆرسەتكەن بولۇپ، ئىنسانلار تۆمۈر قوراللارنى ئىشلىتىشكە
باشلىغان چاغدىن تاكى يېزىق كەشىپ قىلىنغانغا قەدەر بولغان ئارى-
لىقتىكى دەۋر «ئىنسانلارنىڭ تۆمۈر قوراللار دەۋرى» دەپ ئاتالغان.
تۆمۈر قوراللارنىڭ كېيىنكى دەۋرلىرىدە ھەرقايسى ئەللەر يازما خاتى-
رىلەر بولغان مەدەنىيەت دەۋرىگە كىرگەن.

دۇنيادا تۆمۈر قوراللارنى ئەڭ بۇرۇن ئىجاد قىلغان دۆلەت
كىچىك ئاسىيادىكى خېتتىس (Hittitis) پادىشاھلىقى (赫梯王国)
دەپ قارىلىدۇ. تۆمۈر قوراللارنىڭ شىنجاڭدا ئىشلىتىلىشكە باشلىغان
ۋاقتى ئېلىمىزنىڭ چۇن چيۇ دەۋرىگە، يەنى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى
470- يىلىدىن 770- يىللارغا توغرا كېلىدۇ. خوتەن نىيە، كۇچا
ئاقتېپىغى، ئۈرۈمچى ئالغۇي، ئېۋىرغول قاتارلىق جايلاردىن تېپىلغان
2500 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە ھەرخىل تۆمۈر قوراللار بۇنىڭ
دەلىلى دەپ قارىلىدۇ①.

---

① «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى 1992- يىللىق (ئۇيغۇرچە) 2- سان، 66 — 88- بەتلەر. «ئوكيانۇس» شائىخەي قامۇس نەشرىياتى 1987- يىلى (خەنزۇچە) نەشرى، 305- بەت.

قەشقەر تەۋەسىدىمۇ نۇرغۇن ئورۇندا قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ مېتال تاۋلىغانلىقىغا ئائىت ئىزلار بار. قەشقەردىن تېپىلغان تاش قوراللارنىڭ ئەڭ قەدىمكىسى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى تەۋەسىدىكى شامبابا قەدىمىي قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان. 1976-، 1977-يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئارخېئولوگىيە خادىملىرى شامبابا قەدىمىي قەبرىستانلىقىدا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 40 دانە قەدىمىي قەبرىنى قېزىپ تەكشۈرگەن. بۇ يەردىكى قەدىمىي قەبرىلەر تاشقى كۆرۈنۈشى بويىچە تاش دۆۋىلىك قەبرىلەر، تاش دائىرىلىك قەبرىلەر بولۇپ، دەپنە قىلىش ئۇسۇلى جەھەتتىن كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىنغان ۋە يەرگە دەپنە قىلىنغانلىرى ئارىلاش. شۇ قېتىمقى قېزىشتا 20 قەبرىنىڭ ئىچىدىن ساپال، تۆمۈر، برونزا، ئالتۇن، سۆڭەكتىن ياسالغان بۇيۇم، ياغاچ بۇيۇم، كىگىز پارچىسى قاتارلىق ھەمدەپنە بۇيۇملار چىققان. قالغان 20 قەبرىدىن ھېچقانداق ئاخىرەتلىك بۇيۇملار چىقمىغان. تېپىلغان تۆمۈر قوراللار $C_{14}$ ئارقىلىق تەكشۈرۈلۈپ، ئۇلارنىڭ يىل دەۋرى تەخمىنەن 2500 — 2800 يىل بۇرۇنقى دەۋرلەرگە توغرا كېلىدۇ، دەپ خۇلاسە چىقىرىلغان[1]. دېمەك، شامبابا قەدىمىي قەبرىستانلىقىدىن قەدىمكى تۆمۈر بۇيۇملارنىڭ تېپىلىشى قەشقەر تەۋەسىدە ياشىغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۇنىڭدىن 2500 يىل ئىلگىرىكى دەۋرلەردىلا مۇقىم ئولتۇراق تۇرمۇش باسقۇچىغا قەدەم قويۇپ، چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، توقۇمىچىلىق، مېتاللورگىيە قاتارلىق كۆپ خىل ئىگىلىك شەكلىنى ۋۇجۇدقا چىقارغانلىقىنى، ئىگىلىك شەكىللىرىنىڭ كېڭىيىشى بىلەن ماددىي جەھەتتىكى ئېشىنچا مەھسۇلاتلار كۆپىيىپ، بايلىقلار بارا-بارا ئازساندىكى كىشىلەرنىڭ قولىغا جۇغلىنىپ، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك شەكىللىنىپ، كىشىلەر ئارىسىدا باي - كەمبەغەللىك پەرقلىرىنىڭ كېلىپ چىققانلىقىدىن ئىبارەت دەسلەپكى سىنىپىي جەمئىيەت ئاسا-

① ئەخمەت سۇلايمان: «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 1998-يىللىق 1-سان. (ئۇيغۇرچە) 77-بەت.

سىنىڭمۇ شەكىللەنگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

بۇ يەردە شۇنىڭغىمۇ دىققەت قىلىش زۆرۈركى، شامبابا قەدىمىي قەبرىستانلىقىدا قېزىلغان $M_{37}M_{20}M_{19}M_{9}$ نومۇرلۇق تۆت قەبرە ئادەم ھەمدەپنە قىلىنغان (ئادەمنى قۇربانلىق قىلىپ، مېيىتقا قوشۇپ دەپنە قىلىنغان) قەبرىلەر بولۇپ، بۇ قەبرىلەرنىڭ ھەممىسىگە قەبرە ئىگىسى بىلەن بىرگە بىردىن ئۈچكىچە ئادەم تىرىك ياكى ئۆلتۈرۈپ باش، پۇت، قوللىرى كېسىپ تاشلانغاندىن كېيىن كۆمۈلگەن ئەھۋاللار بار. بۇخىل ھادىسە روشەن ھالدىكى قۇللۇق تۈزۈمنىڭ مەھسۇلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

قەدىمىي قەبرىدىن بايقالغان بۇخىل ئەھۋاللار ئىنسانلارنىڭ قەدىمكى قەشقەردە تۆمۈر قوراللارنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ھۆكۈمرانلار سىنىپى، ئېزىلگۈچى قۇللار سىنىپىنىڭ دەسلەپكى جەمئىيەت تۈزۈلمىسىنى شەكىللەندۈرگەنلىكىنى، قۇلدارلار، بايلىق ئىگىلىرى ئۆلگەندە، مېيىت ئىگىلىرى ئىپتىدائىي قۇللۇق تۈزۈم ئەنئەنىسى بويىچە ئۆلگۈچىنىڭ خۇسۇسىي مۈلكى ھېسابلىنىدىغان قۇللارنى ھەمدەپنە بۇيۇملار قاتارىدا ئۆلتۈرۈپ ياكى تىرىك ھالەتتە ئۆلگۈچى بىلەن بىرگە كۆمگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

1990- يىلىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشتە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدىكى ئەخمەت رەشىت، ياڭ يىيۇڭ قاتارلىقلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە، شامبابا قەدىمىي قەبرىستانلىقىدا قىسمەن قېزىش ئېلىپ بېرىلىپ، $M_2$ نومۇرلۇق قەبرىدىن ئات ئۈزەڭگىسى قاتارلىق بىر قىسىم تۆمۈر بۇيۇملار تېپىلغان. شامبابا قەبرىستانلىقىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 13′75°، شىمالىي پاراللېل 48′ 37° تا، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 3054 مېتىر، قەدىمىي قەبرە سانى 250 دىن ئارتۇق دەپ خاتىرىلىنىپ، مەدەنىيەت يادىكارلىق ئارخىپى تۇرغۇزۇلغان. شۇ يىلى بۇ قەبرىستانلىق شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن «ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان

مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى» دەپ ئېلان قىلىنغان.

## قىياتاش رەسىملىرى

قەشقەر تەۋەسىدىن بايقالغان قىياتاش ئويمىلىرىمۇ قەشقەرنىڭ يىراق قەدىمكى زامان مەدەنىيىتىنىڭ بىر قىسمى. ئۇلار شىنجاڭنىڭ تارىختىن بۇرۇنقى مەدەنىيەتلىرىنى، ئىپتىدائىي سەنئەت نەمۇنىلىرىنى تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم پاكىت بولۇپلا قالماستىن، قەدىمكى قەشقەردە، يەنى بۇ قەدىمىي بوستانلىقتىكى پامىر ئېگىزلىكى ۋە قاراقۇرۇم تاغ ئېتەكلىرىدە ياشىغان ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ھاياتلىق پائالىيەتلىرىنى، مەدەنىيەت تىپلىرىنى، شۇنداقلا ئۆز پائالىيەتلىرىنىڭ تارىخىنى تاكى يېزىق پەيدا بولغانغا قەدەر ئارىلىقتىكى دەۋرلەردە ئىپتىدائىي ئېتىقاد ئۇسۇلى ۋە ئىپتىدائىي سەنئەت ۋاستىلىرى بىلەن ئوبرازلىق ھالدا قىياتاشلارغا ئويۇپ قالدۇرۇشتەك ئۇزاق مەزگىللىك نادانلىق، ياۋايىلىق دەۋرلىرىدىكى تۇرمۇش ھالەتلىرىنى تەتقىق قىلىشىمىزدىكى بىرىنچى قول پاكىتتۇر. ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيەتلىك دەۋرىدىن تولىمۇ يىراقتىكى بۇ تارىخىي ئىزلار ئۆزىنىڭ ئىپادىلىگەن مەزمۇنى، ئىپادىلەش ۋاستىلىرى، دائىرىسى جەھەتتىن يىراق ئۆتمۈشنىڭ ھەرقايسى دەۋرلىرىگە مەنسۇپ بولۇپ، ھازىرقى كىشىلەر ئۈچۈن سىرلىق ياكى يېرىم سىرلىق ھالەتتىكى بۇ ئىپتىدائىي سەنئەت ئىزنالىرى ھەقىقىي مەنىسى بىلەن قەشقەر تارىخىنىڭ ۋە مۇشۇ زېمىندا ياشىغان قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ ئىپتىدائىي مەدەنىيەت ئىنفورماتسىيىسى (ئۇچۇرلىرى) بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

قەشقەر تەۋەسىدىن ھازىرغىچە بايقالغان قىياتاش ئويمىلىرىنىڭ سانى ئانچە كۆپ بولمىسىمۇ (ھازىرغىچە 11 ئورۇندا قىياتاش ئويمىلىرى بار. بۇنىڭ سەككىزى پامىر ئېگىزلىكىدە، قالغانلىرى قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ كۆكيار، چىپان قاتارلىق يېزىلىرىدىكى قاراقۇرۇم تاغ-

لىرىدا)، لېكىن ئۇلار مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدىكى قىياتاش ئويمىلىرىغا سېلىشتۇرغاندا تېخىمۇ قەدىمىي ۋە ئۆزگىچىلىككە ئىگە بولۇپ، قەدىمكى قەشقەردە ياشىغان مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت تارىخىنى، جەمئىيەت تارىخىنى، ئۆزئارا سىڭىشىش، قوشۇلۇش، يۈكسىلىش تارىخىنى، شۇنداقلا قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىي يولەكلىرىنىڭ ئومۇمىي تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى زور رېئال قىممەتكە ئىگە. تۆۋەندە قەشقەر تەۋەسىدىكى قىياتاش ئويمىلىرىنىڭ نىسبەتەن تېپىك بولغانلىرىدىن ئۈچى تونۇشتۇرۇلىدۇ.

## 1. شەيتانغار قىياتاش ئويمىسى

بۇ قىياتاش ئويمىسى پامىر ئېگىزلىكىدە ياشىغان قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ ئىپتىدائىي سەنئەت پانورۇمىسى بولۇپ، پامىر ئېگىزلىكىدىكى قىياتاش سىزمىلىرى ئىچىدە يىل تارىخى بىرقەدەر قەدىمىي، زمۇنى مول، ئىپادىلىنىشى ئۆزگىچە بولغان ئىپتىدائىي سەنئەت ۇنىسىدۇر.

ئۇ تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى چوڭ توقاي تەبىئىي كەنتىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن 8 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى شەيتان جىلغا دېگەن جايدا بولۇپ، 1990- يىلىدىكى تەكشۈرۈشتە ئۇنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان $76°15' — 76°16'$، شىمالىي كەڭلىك $39°37' — 39°38'$ تا، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 3130 مېتىر دەپ تىزىملىنىپ، مەدەنىيەت يادىكارلىق ئارخىپى تۇرغۇزۇلغان.

شەيتانغار قىياتاش ئويمىسى ئەسلىدىكى دەريا ساھىلى بولغان ئورۇندىكى تەبىئىي تاش يۈزىگە ئويۇلغان بولۇپ، قىياتاشنىڭ كۆپ قىسمى دەريا ئېقىنىدىكى قۇم ئاستىدا قالغان. يەر يۈزىگە چىقىپ تۇرغان قىسمى 1 مېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ. تاشنىڭ ئۈستى يۈزى تەكشى ئەمەس. ئۇزۇنلۇقى 3 مېتىر، كەڭلىكى 2.9 مېتىر كېلە-

دۇ. تاشنىڭ كۆرۈنۈپ تۇرغان قىسمىنىڭ جەنۇب، شەرق ۋە شىمال يۈزلىرىنىڭ ھەممىسىگە قىياتاش ئويمىسى ئويۇلغان. قىياتاشتىكى ئويمىنىڭ ئاز بىر قىسمى پەرق ئەتكۈسىز دەرىجىدە بۇزۇلغان بولسىمۇ، كۆپ قىسمى ناھايىتى ئوچۇق ساقلىنىپ قالغان.

قىياتاشنىڭ جەنۇبىي يۈزىدىكى ئويمىنىڭ 20 يېرىگە ئالىقاننىڭ ئېچىلىپ تۇرغان ھالىتى يانتۇ، تىك، ئوڭ - تەتۈر ھالەتتە ئويۇلغان. ئۇلار بىر قارىماققا قەدىمكى تەسۋىرىي يېزىقلارغا ئوخشاپ كېتىدۇ. سېلىشتۇرۇپ كۆرگەندە، تەڭرىتاغلىرى، ئالتاي تاغلىرى، ئىچكى موڭغۇلدىكى چۇغاي تاغلىرى، فرانسىيە، ئىسپانىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىكى ئۆڭكۈرلەردىن بايقالغان كونا تاش قوراللار دەۋرىگە تەئەللۇق رەسىملەر ۋە قىياتاش ئويمىلىرىدىن پەرقلەنمەيدۇ①.



شەيتانغار قىياتاش رەسىملىرىنىڭ بىر قىسمى

يەرلىك مەنىدىن ئېيتقاندا، بۇ قىياتاش ئويمىلىرى قەدىمكى پامىر ئېتەكلىرىدە ياشىغان قەبىلىلەرنىڭ مەلۇم بىر خىل پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىشتىكى كېلىشىملىرىگە، ئېلىم - بېرىملەردىكى پۈتۈشۈشلىرىگە ۋە ياكى تۇرمۇشىدىكى مۇھىم ئىشلارغا مۇناسىۋەتلىك باشقا مەزمۇنلارنى بىلدۈرىدىغان مۇھىم خاتىرىلەر بولۇشى مۇمكىن. قەشقەر تەۋەسىدىكى يەرلىك خەلقلەر ئارىسىدا ھازىرغا قەدەر

① ئابدۇقەييۇم خوجا: «غەربىي يۇرت ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1994-يىلى نەشرى، 102-، 103-بەتلەر.

بىرەر سودىغا پۈتۈشكەندە ئۆزئارا قول سىقىشىپ، ئالىقىنىنى ئالىقانىغا تەگكۈزۈش، قول ئالىقىنىنى يەرگە سۈركەش قاتارلىق ئۆرپ-ئادەتلەر يەنىلا مەۋجۇت.

شەيتانغار قىياتاش سىزمىسىدىكى ئالىقان ئەتراپىغا يەنە قۇشلار، تۆگە، قوي، ئۆچكە، كېيىك، بۆرە، جىنسىي ئەزاسى ئېنىق سىزىلغان، قولىنى ئىككى يانغا ئېچىپ تۇرغان بىر ئادەم ۋە بىر قولىدا بېلىنى تىرەپ، بىر قولىدا بىرخىل ئوۋ قورالىنى تۇتقان بىرنەچچە ئادەم رەتسىز ئويۇلغان.

قىياتاشنىڭ شەرقىي يۈزىگە قوش باشلىق بىر هايۋان، تاغ تېكىسىنى، ئىگەرلەنگەن ئاتنى يېتىلەپ كېتىۋاتقان بىر ئادەم ۋە هەرخىل هايۋانلارنىڭ شەكلى ئويۇلغان. شىمالىي يۈزىگە ئويۇلغان شەكىللەر تېخىمۇ كۆپ بولۇپ، ئىت، يىلپىز، ئۆزئارا سوقۇشۇۋاتقان ئارقار، بېشىغا قالپاق كىيىپ شىكار قىلىۋاتقان ئادەم، ئېشەك، يايلاۋاتقان كېيىك، ئۈركۈپ قېچىۋاتقان بىرقانچە بۇغا، قۇيرۇق ۋە قۇلاقلىرىنى دىڭگايتىپ تۇرغان هەرخىل هايۋانلار ئويۇلغان. تاشنىڭ ئۈستى يۈزىگىمۇ ئادەم ۋە تۈرلۈك ياۋايى هايۋانلار ئويۇلغان.

ئومۇمەن، شەيتانغار قىياتاش ئويمىسىنىڭ قۇرۇلمىسى مۇرەككەپ، مەزمۇنى مول، ئىپادىلىنىشى نىسبەتەن روشەن بولۇپ، ئۇ پامىر ئېتەكلىرىدە ياشىغان مىللەتلەرنىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەت باسقۇچلىرىدىن سىنىپىي جەمئىيەتكە قەدەم قويۇش هارپىسىدىكى تۇرمۇش هالەتلىرىنىڭ كارتىنىسىنى بىلدۈرىدىغان ئويمىلار بولۇشى مۇمكىن. شەيتانغار قىياتاش ئويمىلىرى بىلەن شىنجاڭنىڭ هەرقايسى جايلىرىدىن تېپىلغان قىياتاش ئويمىلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەر ئانچە چوڭ ئەمەس. ئويۇلۇش ئۇسلۇبلىرىمۇ ئاساسەن ئوخشاپ كېتىدۇ. شەيتانغار قىياتاش ئويمىسىمۇ ئوخشاشلا ئىنسانلارنىڭ كۆپ ئەسىرلەر داۋامىدىكى ئەمەلىي تۇرمۇشلىرىدا ئىجاد قىلىنغان مەدەنىيەت بايلىقى بولۇپ، ئۇنىڭغا يەرلىك ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇرى، ئېستېتىك تۇيغۇسى سىڭدۈرۈلگەن. ئۇنى سېلىشتۇرما بويىچە

هېسابلىنغاندا، ئۇلارنى يېڭى تاش قوراللار دەۋرىدىن ئىلگىرىكى ئىنسانلارغا تەئەللۇق ئىپتىدائىي سەنئەت ئىزنالىرى دېيىشكە بولىدۇ. ئۇ پامىر ئېتەكلىرىدە ياشىغان قەدىمكى ئىنسانلارنى تەتقىق قىلىشىمىزدا ۋە قەشقەرنىڭ قەدىمكى زامان تارىخى بىلەن ئەتراپلىق تونۇشۇشىمىزدا مۇھىم قىممەتكە ئىگە.

## 2. ئازگال قىياتاش ئۆيمىسى

ئازگال قىياتاش ئۆيمىسىمۇ پامىر ئېتەكلىرىدە ياشىغان ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ قەدىمكى سەنئەت نەمۇنىلىرىگە تەۋە بولغان يەنە بىر تىپىك قىياتاش ئۆيمىسىدۇر. ئۇ تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىدىكى ئازگال تەبىئىي كەنتىنىڭ شەرقىي شىمالىدىن 200 مېتىر نېرىدىكى تاغنىڭ پەشتاق قىسمىغا جايلاشقان. 1990-يىلىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشتە بايقالغان. ئۇنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان ''76°26—''76°27، شىمالىي كەڭلىك ''36°32 —''36°33 تا، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 3180 مېتىر دەپ تىزىملىنىپ، مەدەنىيەت يادىكارلىق ئارخىپى تۇرغۇزۇلغان.



ئازگال قىياتاش رەسىملىرىنىڭ بىر قىسمى

ئازگال قىياتاش ئۆيمىسى تاغ چوققىسىدىن غۇلاپ چۈشكەن تاشنىڭ يۈزىدە بولۇپ، تاشنىڭ يۈزىگە چوڭ - كىچىك جەمئىي 19 گۇرۇپپا ئويما ئويۇلغان. تاشنىڭ كەڭلىكى 1.5 مېتىر، ئېگىز-

لىكى 1.1 مېتىر. ئۇنىڭغا ئويۇلغان ئويمىنىڭ قۇرۇلمىسى ھەر-
خىل، مەزمۇنى مول، شەكلى ئۆزگىچە. ئۇمۇ باشقا ئورۇنلاردىكى
قىياتاش ئويمىلىرىغا ئوخشاش ئادەم ۋە باشقا جانلىقلارنىڭ ئويمىلىرى-
دىن سىرت، يەنە ھەرخىل بەلگە، نىشان، شەكىل، قەدىمكى يېزىق-
لارغا ئوخشاپ كېتىدىغان تامغا ۋە نېمىلىكىنى بىلگىلى بولمايدىغان
مۇرەككەپ شەكىللەردىن تەركىب تاپقان. ئۇنىڭ ئويۇلۇشى بىرقەدەر
چوڭقۇر بولۇپ، ئۇنى بۇ يەردە ياشىغان ئىپتىدائىي ئىنسانلار قىياتاش
يۈزىنىڭ ياخشى يېرىنى تاللاپ، دەسلەپ ئۆزلىرى ياسىغان ئۆتكۈر
بىسلىق، ئۇچلۇق تاش قوراللار ئارقىلىق مەلۇم ياۋايى ھايۋان ياكى
باشقا نەرسىلەرنىڭ ئىزناسىنى سىزىپ چىقىۋېلىپ، ئاندىن ئۇرۇش،
چېكىش ئۇسۇلى بىلەن ئويۇپ چىققان بولۇشى مۇمكىن. تاشقورغان
تەۋەسىدىكى قىياتاش ئويمىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئانچە قاتتىق بولمى-
غان گرانىت تاشلارنىڭ يۈزىگە ئويۇلغان بولۇپ، ئازگال قىياتاش
ئويمىلىرىمۇ ئەنە شۇنداق تاشنىڭ يۈزىگە ئويۇلغان.

ئازگال قىياتاش ئويمىسىنىڭ قۇرۇلمىسىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ
يىل تارىخى نىسبەتەن كېيىنرەك بولۇپ، تەخمىنەن يېڭى تاش قورال
دەۋرىگە توغرا كېلىشى مۇمكىن. ئۇنىڭدا ئادەملەر بىلەن ھايۋانلارنىڭ
مۇناسىۋىتى ئەكس ئەتكەن بولۇپ، تەھلىل قىلغاندا پادىچىلىق تۇرمۇ-
شى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان قەدىمكى قەبىلىلەرنىڭ سۇ، تاغ، ئور-
مان، دالا، يايلاق قاتارلىق مۇھىم جايلارنى تالىشىپ، ئۆزلىرى ئىگە
بولغان زېمىن، دائىرە، تەئەللۇقاتلارنى قوغداش، بۇلاڭ - تالاڭ
قىلىش جەريانلىرىدا ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرىنىڭ مەزمۇنى ئوبراز-
لىق ئىپادىلەنگەن. ئۇنىڭدا يەنە تاياق - توقماق، سالغا تاش،
قىلتاق، قاپقان، لەخمە، سالما، ئوقيا، قامچا قاتارلىق يايلاق تۇرمۇ-
شىدا كەم بولسا بولمايدىغان تۇرمۇش قوراللىرىمۇ مۇئەييەن سالماقنى
ئىگىلىگەن بولۇپ، بۇنىڭدىن قارىغاندا ئۇنى مۇشۇ يەردە ياشىغان
قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك دەۋرىگە قەدەم قويغان
دەسلەپكى مەزگىللەردىكى تۇرمۇش ھالىتىدىن خەۋەر بېرىدىغان؛ ئۇ-

لارنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئىپتىدائىي توپ ھالىتىدىن بارا- بارا خۇسۇسىي-
لىشىشقا قاراپ يۈزلىنىۋاتقان؛ كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنىڭ مال - مۈل-
كىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىدىغان ، ئوغرىلايدىغان ھادىسىلەر شەكىللەن-
گەن ھەقىقىي سىنىپىي جەمئىيەت بىلەن ئىپتىدائىي قەبىلە توپلىرى
ھالىتىدىكى تۇرمۇش شەكلىنىڭ ئارىلىقىدىكى ئۆتكۈنچى دەۋرلەرگە
تەئەللۇق قىياتاش ئويمىسى، دەپ قاراش ئىلمىيلىككە ئۇيغۇن. ئاز-
گال قىياتاش ئويمىسىدىكى ئۇۋ نىشانلىرى بولسۇن ياكى يايلاۋاتقان
ھەرخىل ھايۋانلار بولسۇن، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئىنسانلارغا پايدى-
لىق بولغان چۆپخور ھايۋانلار بولۇپ، ئويمىنىڭ ھەممە بۆلەكلىرىدە
ھايۋانات دۇنياسى، تەبىئەت، جۈملىدىن پامىر ئېگىزلىكىنىڭ تەبى-
ئىي شارائىتى، بۇ يەردە ياشىغان قەدىمكى ئىنسانلار توپى ئوتتۇرىسى-
دىكى ئىچكى باغلىنىش روشەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

ئازگال قىياتاش ئويمىسىنى ئومۇمىي جەھەتتىن تاشقورغان تەۋە-
سىدىكى قىياتاش ئويمىلىرىنىڭ ئەڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە
تىپىك شەكلى دېيىشكە بولىدۇ. ئۇ پامىر ئېتەكلىرىدە ياشىغان قە-
دىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ يىراق ئۆتمۈشلەردىكى تۇرمۇشى، ئىشلەپ-
چىقىرىش شەكىللىرى ۋە ئىپتىدائىي سەنئەت مەپكۇرىلىرىنى تەتقىق
قىلىشىمىزدا مۇھىم قىممەتكە ئىگە تارىختىن بۇرۇنقى مەدەنىيەت
يادىكارلىق ئىزىدۇر.

## 3. ئازغانسال قىياتاش ئويمىسى

ئازغانسال قىياتاش ئويمىسى قاغىلىق ناھىيىسى چىپان يېزا
ئازغانسال كەنتىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن 3 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى
تاغ قىياسىنىڭ تەكشى يۈزىگە ئويۇلغان. ئۇ قاغىلىق تەۋەسىدىن ھا-
زىرغىچە بايقالغان ئۈچ ئورۇندىكى قىياتاش ئويمىلىرىنىڭ ئىچىدە ئەڭ
پۇختا ھەم ئۆزگىچە قىياتاش ئويمىسى، شۇنداقلا قەشقەر تەۋەسىدىكى
بىردىنبىر رەڭلىك قىياتاش ئويمىسىدۇر. 1990- يىلى قەشقەر تەۋە-
سىدە ئېلىپ بېرىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەك-

ئۆزۈشتە ئازغانسال قىياتاش ئويمىسىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 77°46′6″، شىمالىي كەڭلىك 37°26′44″، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 3100 مېتىر دەپ تىزىملىنىپ، مەدەنىيەت يادىكارلىق ئارخىپى تۇرغۇزۇلغان.

ئازغانسال قىياتاش ئويمىسى ئويۇلغان تاغ قىياسىدا ئالدى تەرەپكە چوقچىيىپ چىققان، كەڭلىكى 1 مېتىرچە كېلىدىغان لەمپە شەكىللىك قىياتاش بولۇپ، ئۇنىڭ ئاستىدا تۇرۇپ يامغۇر ۋە كۈن نۇرىدىن دالدىلىنىشقا بولىدۇ. قىياتاش ئويمىسى ئويۇلغان تاغ جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان. ئاستى قىسمىغا ئازغانسال كەنتىدىكى پادىچىلارنىڭ چارۋا مال قوتانلىرى ياسالغان. ئەتراپى يايلاق بولۇپ، يايلاق ئەتراپى تاغلار ۋە جىلغىلار بىلەن ئورىلىپ تۇرىدۇ.



قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ قاراقورۇم تاغ ئېتىكىگە جايلاشقان چىپان يېزا ئازغانسال كەنتى تەۋەسىدىكى ئادەم قولىنىڭ ئالىقان رەسىمى ئويۇلغان قىياتاش رەسىملىرى.

ئازغانسال قىياتاش ئويمىسى قىزغۇچ كۈل رەڭ ۋە ئاق رەڭلەردە بولۇپ، ئۇنىڭ جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 6 مېتىر،

كەڭلىكى (يۇقىرىدىن تۆۋەنگە) 2 مېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ. ئويما ئاساسلىقى قول ئالىقىنى، ئادەم، قوي ۋە يىلان قاتارلىقلاردىن تەشكىل تاپقان. ئۇنىڭ شەكلى توقسۇن ناھىيىسى كۆجەي يېزىسىنىڭ پەنجىر، تاغ بۆلەكلىرىدىن بايقالغان قىياتاش ئويمىلىرىغا ئوخشاپ كېتىدۇ.

ئالىقان شەكلىنىڭ نېمىلەرنى بىلدۈرىدىغانلىقى توغرۇلۇق ئوخشىمىغان قاراشلار بار. بەزىلەر ئۇنى بىرخىل «ئىشارەت تىلى» دېسە، يەنە بەزىلەر قەدىمكى ئىنسانلار ئۆز غەنىيمەتلەرنى قولغا كەلتۈرگەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئويۇپ قالدۇرغان بەلگە بولۇشى مۇمكىن دېيىشىدۇ، يەنە بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار جەڭ - ئېلىشىشلاردىن كېيىنكى غەلىبە قازانغانلىقىنىڭ خاتىرە، بەلگىسى دەپ قارىشىدۇ. گەرچە ئۇنىڭغا بېرىلگەن تەبىرلەر بىر - بىرىگە ئوخشاشمىسىمۇ، لېكىن ھەممىسىدە مەلۇم بىرخىل ئاساسنىڭ بارلىقىدا گۇمان يوق. چۈنكى، ئۇنىڭ ئوخشاشمىغان دەۋر، دۆلەت، رايون، قەبىلە ۋە مىللەتلەردە ئوخشاشمىغان مەنىلەرنى بىلدۈرۈشى تەبىئىي ئەھۋال.

ئازغانسال قىياتاش ئويمىسىنىڭ باشقا جايلاردىن بايقالغان ئويمىلارغا ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، ئالىقانلارغا چۈشۈرۈلگەن يۇمىلاق چېكىتلەر بەزى ئالىقانلارغا قانۇنىيەتلىك چۈشۈرۈلگەن بولسا، بەزىلىرىنىڭ پەقەت بارماق ئۇچىغىلا چۈشۈرۈلگەن. ئالىقانلارنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىمۇ ئوخشىمايدۇ، بەزىلىرى تۆت بارماقلىق چولاق ھالەتتە، بەزىلىرى ئۇستىلەپ ئويۇلغان. ئادەمنى قىزىقتۇرىدىغىنى، ئويمىدىكى قوي، يىلان تېنىگىمۇ يۇمىلاق چېكىتلەر چۈشۈرۈلگەن. ئويمىنىڭ ئۈستى قىسمىدا گىل رەڭ نەقىشلەر بولۇپ، بۇ نەقىشلەرمۇ ئاق چېكىتلەر بىلەن بېزەلگەن. نۆۋەتتە بۇ خىل ئالىقان ئويمىلىرى ھەققىدە دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ «بىرەر دۆلەتتىكى مىللەت ياكى قەدىمكى قەبىلىلەرنىڭ بىرەر نەرسىگە ئېرىشكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان بەلگە - نىشان ياكى مەلۇم خىلدىكى ئىپتىدائىي ئېتىقاد ۋە ئىمتىيازلارنىڭ سىمۋولى بولۇشى

مۇمكىن» دېيىلگەن قىياسىدىن باشقا، يېڭىچە پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا
قويۇشقا ئامالسىز. بۇ بىزنىڭ ئارخېئولوگىيە خىزمىتىمىزدە ھەل
قىلىشنى كۈتۈپ تۇرغان مۇھىم بىر مەسىلە.

ئازغانسال قىياتاش ئويمىسىدىكى ئالىقان ئويمىسى ھازىرغا قەدەر
قەشقەر رايونىدىن بايقالغان بىردىنبىر رەڭلىك قىياتاش ئويمىسى
بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇسلۇبى ۋە مەزمۇنىدىن قارىغاندا، ئۇ قەدىمكى قەش-
قەر تەۋەسىدە ئويۇش تېخنىكىسىنىڭ خېلى يۇقىرى باسقۇچلارغا كۆ-
تۈرۈلگەن زامانلاردىكى ئىپتىدائىي مەدەنىيەت ھاسىلاتلىرى بولۇپ
ھېسابلىنىدۇ. ئازغانسالدىكى بۇ رەڭلىك بەلگە - نىشانلارمۇ يېزىق
پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرىكى قىياتاش ئويمىلار بولۇپ، ھازىرچە ئۇلار-
نىڭ تارىخى توغرىسىدا بىرلىككە كەلگەن قاراش ئوتتۇرىغا قويۇلمە-
دى. ئۇ قەدىمكى قەشقەر تەۋەسىدە ياشىغان ئىنسانلارنىڭ ئىپتىدائىي
سەنئەت قارىشى ۋە ئىپتىدائىي ئېتىقاد قاراشلىرىنى بىلىشىمىزدە
بىزنى قىممەتلىك ئۇچۇرلار بىلەن تەمىن ئېتىدىغان ۋەكىللىك خاراك-
تېردىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقىدۇر.

قەشقەر تەۋەسىدىن بايقالغان قىياتاش ئويمىلىرىنىڭ سانى ئانچە
كۆپ ئەمەس، لېكىن بۇ ھەرگىز پامىر ۋە قاراقۇرۇم ئېتەكلىرىدىن
يەنە تېخىمۇ ياخشى قىياتاش ئويمىلىرى بايقالمايدۇ دېگەنلىك ئە-
مەس. شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، XX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلى-
رىدا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئارخېئولوگى رامانوف
(B. RamanoF) ۋە تاجىكىستان ئارخېئولوگلىرى پامىر ئېگىزلىكى-
نىڭ غەربىي بۆلەكلىرىدە، يەنى ھازىرقى تاجىكىستان جۇمھۇرىيىتىگە
تەۋە بولغان لەڭگەر ئۆتىكى، كىشتى قىشلىقى ۋە ۋاخان دەريالىرىنىڭ
ئەتراپىدىكى گۈزەل تاغلىق رايونلاردا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، 50
ئورۇندىن ساكلارغا مۇناسىۋەتلىك دەپ قارالغان 1000 خىلدىن ئار-
تۇق ھەرخىل قىياتاش ئويمىلىرىنى تىزىمغا ئالغان①. مۇشۇنىڭدىن

① «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە) 1995- يىللىق 2- سان، 21- بەت.

قارىغاندا، بىز پامىر ئېگىزلىكلىرى ۋە قارا قۇرۇم تاغلىرىدا يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارساق، تېخىمۇ كۆپ قىياتاش ئويۇملىرىنى بايقاپ چىقالىشىمىز مۇمكىن. پامىر ئېگىزلىكىنىڭ دۆلەتىمىزگە تەۋە جايلىرىدىن بايقالغان قىياتاش ئويمىلىرىنى تەتقىق قىلغاندا، چوقۇم ئۇنى باشقىلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، ئۇلاردىكى باغلىنىش ۋە پەرقنى تېپىپ چىقىش ئاساسىدا ئىلمىي خۇلاسە چىقىرىشقا توغرا كېلىدۇ. پەقەت شۇخىل ئۇسۇلدىكى تەتقىقاتنى چوڭقۇرلاشتۇرغاندا، قەشقەر تەۋەسىدىن بايقالغان تەسۋىرىي سەنئەتلەرنىڭ ئىپتىدائىي نەمۇنىلىرى ۋە ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن ئوبرازلىق تەپەككۇر، ئىپتىدائىي ئېتىقاد مەزمۇنلىرىنى بوستانلىق مەدەنىيىتى ۋۇجۇدقا چىققاندىن كېيىن پەيدا بولغان سەنئەتلەرنىڭ ئەڭ قەدىمكى مەنبەسىگە باغلاپ، دىيارىمىزدا يېزىق پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرىكى ئىپتىدائىي سەنئەت بەدىئىي تەپەككۇر تارىخىنىڭ ئومۇمىي مەنزىرىسىگە يېقىنلاشتۇرالايمىز.

يۇقىرىدىكى تونۇشتۇرۇپ ئۆتۈلگەن تاش قورال ئىزلىرى، مېتال قوراللار ئىزلىرى ۋە بىر قىسىم قىياتاش ئويمىلىرى قەشقەر تەۋەسىدىكى قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ ئىپتىدائىي مەدەنىيەت دەۋرلىرىگە مەنسۇپ ئىزلارنىڭ تىپىك ۋەكىللىرىدۇر. قەشقەرگە مۇناسىۋەتلىك ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ۋە تارىخىي تەتقىقاتلارنىڭ يەنىمۇ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، قەشقەرنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن يەنە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئىنسانلارنىڭ يىراق قەدىمكى زامان مەدەنىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك ئىپتىدائىي مەدەنىيەت ئىزلىرى يەنىمۇ كۆپلەپ بايقىلىشى، تەتقىقات مەزمۇنلىرى يەنىمۇ يېڭىلىنىشى مۇمكىن. بۇ مۇشۇ ساھەدىكى تەتقىقاتچى خادىملارنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇر ئىزدىنىشىنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان بىر تۈرلۈك جاپالىق خىزمەت.

# ئىككىنچى بۆلۈم بۇددىزم مەدەنىيىتىگە تەئەللۇق ئىزلار

بۇددا دىنى دۇنيادىكى ئۈچ چوڭ دىننىڭ بىرى ھەم ئەڭ كونىسى. ئۇ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى IV ئەسىردە ھىندىستاندا پەيدا بولغان. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى I ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قەدىمكى خوتەن (ئۇدۇن) دىيارىدا ئومۇملىشىپ بولغان. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى I ئەسىرلەردە ھازىرقى پاكىستاننىڭ پېشاۋار ئۆلكىسىنى مەركەز قىلىپ، ئۇلۇغ ياۋچىلارنىڭ سەردارى كۆجۇلا كادفىس تەرىپىدىن قۇرۇلغان كۇشان ئىمپېرىيىسىنىڭ پادىشاھى كانىشكا مىلادىيە I ئەسىردە كەشمىردە بۇددا دىنىنىڭ 4- قېتىملىق قۇرۇلتىيىنى چاقىرغاندىن كېيىن، تارقىلىش دائىرىسى تېخىمۇ كېڭىيىپ، مىلادىيە I ئەسىرلەرنىڭ باشلىرىدا قەشقەرگە، جۈملىدىن پۈتكۈل تارىم ۋادىسىغا تارقىلىپ بولغان①. مىلادىيە IV ئەسىرلەرگە كەلگەندە شىنجاڭدا ئۇدۇن (خوتەن)، سۇلى (قەشقەر)، كۇسەن (كۇچا)، ئىدىقۇت (تۇرپان) قاتارلىق بۇددا دىنى مەدەنىيەت مەركەزلىرى شەكىللەنگەن. بۇ مەركەزلەردە خوتەندىن سىراماناجىتامى، كۇچادىن كۇماراجىۋا، قەشقەردىن پىرخۇيلىن قاتارلىق مەشھۇر بۇددا ئالىملىرى، نوم - سوترا پۈتۈكچىلىرى، تەرجىمان ۋە شەرھىيشۇناسلار يېتىشىپ چىققان. ئۇلار بۇددا دىنىنىڭ شىنجاڭ ۋە ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە تارقىلىپ ئومۇملىشىشىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان. ئېلىمىزنىڭ

① گېڭ شىمىن: «بۇددا دىنىنىڭ قەدىمكى شىنجاڭ ۋە تۈركىي خەلقلەر بىلەن ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقىلىشى». «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1983- يىللىق 1- سان (ئۇيغۇرچە) 129- بەت.

ئىچكىرى ئۆلكىلىرىدىن فاشيەن، تاڭ شۈەنزاڭ قاتارلىق بۇددا راھىبلىرى بۇ رايونلارغا كېلىپ بۇددا ئەقىدىلىرىنى ئۆگەنگەن، بۇددا نوملىرىنى ئالغان.

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، دىن ئىنسانلار تەرىپىدىن يارىتىلغان بىرخىل ئىدېئولوگىيە. بۇخىل ئىدېئولوگىيىنىڭ بىر رايوندىن يەنە بىر رايونغا تارقىلىشى، بىر مىللەتتىن يەنە بىر مىللەت ئارىسىغا تارقىلىپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشلىرىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدە يىلتىز تارتىشى ئانچە ئاسان ئەمەس. دىنىي ئىدىيىلەر ئادەتتە زورلۇق - زومبۇلۇق، تاجاۋۇزچىلىقنىڭ پەردە ئارقىسىدىكى سىياسىي مەقسەتلەرنىڭ كۈچلۈك تەقەززاسى بىلەن ئۆز تەسىرىنى كېڭەيتىدۇ. بىزدە ھازىر بۇددا دىنىنىڭ دىيارىمىزغا تارقىلىپ كىرگەنلىكىگە مۇناسىۋەتلىك يىل - دەۋرلەرنىڭ تەخمىنىي دەلىللىرى بولسىمۇ، بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتنى داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. بۇددا دىنىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا 1000 يىلدىن ئارتۇق مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقى، بۇ جەريانلاردا خوتەن ، قەشقەر، كۇچا، تۇرپان قاتارلىق جايلارنىڭ بۇددا دىنىنىڭ مۇھىم مەركەزلىرىگە ئايلىنىپ قالغانلىقى بىر تارىخىي پاكىت. شۇ دەۋرلەردە بۇددا دىنى شىنجاڭدىكى ئېتىقاد قىلغۇچىلار ئەڭ كۆپ بولغان دىن بولۇش سۈپىتى بىلەن شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر قاتارلىق ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت - سەنئەت ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشلىرىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ ئويمىچىلىق، نەققاشلىق، ناخشا - ئۇسسۇل، تىياتىر، تەسۋىرىي سەنئەت، مېمارچىلىق قاتارلىق تۈرلۈك سەنئەت ئىشلىرىمۇ بۇددىزم ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىدە يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەن ۋە بىرقاتار شانلىق مەدەنىيەت نەمۇنىلىرى بارلىققا كېلىپ، دۇنيانىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىنى بېيىتقان.

قەشقەردىن ئىبارەت بۇ قەدىمىي بوستانلىقمۇ ئۆزىنىڭ 1000 يىلغا يېقىن داۋاملاشقان بۇددىزم مەدەنىيەت دەۋرىنى باشتىن ئۆتكۈ-

زۇش داۋامىدا، بۇ يەردە ياشىغان خەلقلەر بۇددا دىنىنىڭ ئۈچمەس مەدەنىيەت سەمەرىلىرىنى ياراتقان، تاكى مىلادىيە X ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئىسلام دىنى قەشقەرگە تارقىلىپ كىرىپ، قەشقەردە رەسمىي باش كۆتۈرگەنگە قەدەر بولغان زامانلاردا قەشقەر يەنىلا بۇددا دىنى مەركەز بولۇشتەك ئورنىنى ساقلاپ كەلگەن. گەرچە ئىسلام دىنى ئىدىيىسىنىڭ تەسىرى بىلەن بۇ قەدىمىي تۇپراقتا بۇددىزم مەدەنىيەت سەمەرىلىرى بولغان بۇتخانا، ساغرام - بىخارىلىرى، شەھەر - قەلئەلەر، تاشكېمىر سەنئەتلىرى، ئىمارەتلەر، ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرى، يازما مىراسلار ئېغىر بۇزغۇنچىلىقلارغا ئۇچراپ خانىۋەيران قىلىۋېتىلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ساقلىنىپ قالغان ئىزنالىرى ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بىزگە يەنىلا ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى مەدەنىيەتنىڭ قىسمەن تەرەپلىرىنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە.

## ئۈچ بورخان تاشكېمىر خارابىسى

ئۈچ بورخان تاشكېمىر خارابىسى (توققۇزھۇجرا مىڭئۆيى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) قەشقەر شەھىرى ئەتراپىدىكى بىرقەدەر روشەن ساقلىنىپ قالغان مۇھىم بۇددىزم خارابە بەلۋېغى بولغان چاقماق دەريا ئېقىن يۇزىدىن10نەچچە مېتىر ئېگىزدە. بۇ ئورۇننىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان ″76°58′59 ، شىمالىي كەڭلىك ″39°35′36 تا دەپ خاتىرىلىنىپ، ئارخېئولوگىيىلىك ئارخىپ تۇرغۇزۇلغان.

ئۈچ بورخان تاشكېمىر خارابىسى مەملىكىتىمىزنىڭ ئەڭ غەربىدىكى تارىخى بىرقەدەر ئۇزاق بولغان تاشكېمىر سەنئىتىنىڭ نەمۇنىسى. ئۇنىڭ ياسىلىش ئۇسلۇبىنى رايونىمىزنىڭ باشقا جايلىرىدىكى تاشكېمىرلەرنىڭكى بىلەن سېلىشتۇرۇپ پەرەز قىلغاندا، ئۇ ئېھتىمال قەدىمكى سۇلى (قەشقەر) بەگلىكىنىڭ خانى ئەنگو (安国) مىلادىيە I ئەسىردە بۇددا دىنىنى قوبۇل قىلغان دەۋرلەردە ياسالغان بولۇشى

مۇمكىن[1]. شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ياسالغان دەپ پەرەز قىلىنغاندىمۇ بۈگۈنگىچە تەخمىنەن 1850 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە.

ئۈچ بۇرخان تاشكېمىر خارابىسى ئۈچ يورۇش ئۆڭكۈردىن تەركىب تاپقان. ئۆڭكۈرگە 10 مېتىر ئېگىزلىكتە شوتا بولمىسا چىققىلى بولمايدۇ. ئۆڭكۈر ئېغىزىدىن تۆۋەنگىچە بولغان ئارىلىقتا ئۆڭكۈرگە چىقىش ئۈچۈن ياسالغان پەشتاق ياكى يول ئىزىنى كۆرگىلى بولمايدۇ. چاقماق دەريا ئېقىنىنىڭ كونا ئېقىن يولىنى تەكشۈرۈپ كۆرگەندە، ئۆڭكۈرنىڭ ئالدى تەرىپى قەدىمكى قەشقەرنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى كارۋان يولى لىنىيىسىگە توغرا كېلىدۇ. تارىخىي سەۋەبتىن تەھلىل قىلغاندا، ئىسلام دىنى قەشقەرگە تارقىلىپ كىرگەن دەسلەپكى مەزگىللەردە يەرلىك خەلقلەر ئارىسىدا بۇددىزم ئېتىقادى بىلەن ئىسلام دىنى تەسىرى ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت ئۆتكۈرلىشىپ، ئىككى چوڭ دىن ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقى ئېنىق. بۇخىل ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر سەۋەبىدىن چاقماق دەريا بويىدىكى بۇددا مەھەللىلىرىنىڭ كۈنسايىن ئۆلغىيىپ بېرىۋاتقان ئىسلام دىنى مۇخلىسلىرىنىڭ ۋەيرانچىلىقىغا ئۇچرىغانلىقى تۇرغان گەپ. يەنە بىر جەھەتتىن، يەنى جۇغراپىيىلىك مۇھىت ئەھۋاللىرىدىن تەھلىل قىلغاندا، چاقماق دەريادا قەرەلسىز يۈز بېرىپ تۇرىدىغان كەلكۈن سۈيىنىڭ ئاۋارىچىلىكىدىن زېرىككەن ئاھالىلەر ئارقىغا چېكىنىپ، دەريانىڭ غەربىي جەنۇب ۋە شىمال تەرىپىگە كۆچۈپ ئولتۇراقلىشىشقا مەجبۇر بولغان. يۇقىرىقىلارنىڭ نەتىجىسىدە، دەريانىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى شەھەر، كەنتلەر يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن چۆللىشىپ، خارابىلىككە ئايلىنىپ كەتكەن.

يەرلىك ئاھالىلەر ئارىسىدىكى پىشقەدەم كىشىلەر بۇ خارابىنىڭ قەدىمدىن بۇيان «ئۈچ بۇركاڭ» دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى دېيى-

[1] ۋاڭ شياڭ: «قەدىمكى قەشقەر تارىخىي ماتېرىياللىرى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى. (خەنزۇچە) 32 — 34. بەتلەر.

شىدۇ. بۇ «ئۈچ بورخان» نى ھازىرقى كىشىلەرنىڭ بۇزۇپ تەلەپپۇز قىلىشى بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «بورخان» سۆزىنىڭ لۇغەت مەنىسى «تەڭرى، بۇددا تەڭرىلىرى، ئىلاھ» دېگەنلىك بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ خارابىنى يەرلىك خەلقلەر «ئۈچ بورخان تاشكېمىر غارى» دەپ ئاتاپ كەلگەن بولسا، ئېلىمىزنىڭ خەنزۇ مۇتەخەسسىسلىرى «سەنشيەندۇڭ» (三仙洞)، «ئۈچ ئەۋلىيا بۇددا غارى» دەپ ئاتاشماقتا.

بۇ تاشكېمىر جەمئىي ئالتە خانىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئېگىزلىكى 2 مېتىر، ئۈستى قىسمى كېمىر شەكلىدە ياسالغان. تاشكېمىر ھۇجرىلىرى ئىچكىرى - تاشقىرى بولۇپ، بىر-بىرىگە كىرىپ - چىققىلى بولىدۇ. ئۈچ تاشكېمىردىن غەربىتىكى تاشكېمىر بۇلانغان بولۇپ، ئىچىدە ھېچ نەرسە قالمىغان. ئوتتۇرىسىدىكى تاشكېمىرنىڭ ئىچكى خانىسىدا بۇددا ھەيكىلى ئورنىتىلغان سۇپىلا قالغان. پەقەت شەرق تەرەپتىكى تاشكېمىردىلا نەقىشلىق چاقماق رومبىلار، 70 پارچىغا يېقىن بۇددىنىڭ رەسىمى قاتارلىق قىممەتلىك تام رەسىملىرى نىسبەتەن مۇكەممەل ساقلانغان بولۇپ، ئۇنىڭ تورۇسىغا رومبىغا ئېلىنغان نىلۇپەرگۈلى، ئۇنىڭ ئەتراپىغا 50 سانتىمېتىر ئېگىزلىكتىكى بىر بۇددىنىڭ ئولتۇرغان ھالىتى، ئۇچىسىغا رەڭلىك كاسايا ئارتىۋالغان بىر راھىب، بىرتال فىكوس دەرىخىنىڭ يوپۇرمىقى قاتارلىقلار سىزىلغان. ئارقا ھۇجرىنىڭ تېمىغا بەدىنىنىڭ ئۈستۈنكى قىسمى ئوچۇق، ئوڭ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ، سول قولىنى ساڭگىلاتقان ئۆرە ھالەتتىكى بۇددا، قىزىل، يېشىل، كۆك رەڭلەرنى بىر - بىرىگە ئۆتتۈشتۈرۈپ تولىمۇ نەپىس سىزىلغان. مۇتەخەسسىسلەر بۇ تاشكېمىردىكى تام رەسىملىرىنى بۇددا دىنىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى خۇسۇسىيەتلىرىنى ئىپادىلەيدۇ دەپ قاراپ، قەشقەر بۇددىزم تاشكېمىر سەنئىتىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىگە مەنسۇپ ئىجادىيەت دەپ مۇئەييەنلەشتۈردى. تارىخىي كىتابلاردا بۇ تاشكېمىر توغرىسىدا ھېچقانداق خاتىرىلەر يوق. بۇ يەرگە چىلىڭ سۇلالىسىنىڭ

ئاخىرقى دەۋرلىرىدىن باشلاپ چەت ئەللىك ئارخېئولوگ، ئېكسپېدىتە-
سىيىچىلەرنىڭ قەدەملىرى يېتىشكە باشلىغان.

1906- يىل 8- ئايدا فرانسىيىلىك شەرقشۇناس پائول پېللىئوت
بۇ جاينى تەكشۈرۈپ خەرىتىگە ئالغان. 1909- يىل 6- ئايدا ياپونىيە-
لىك بۇددىزمشۇناس ئوتانى كوئول ۋە نومۇرالارنىڭ باشچىلىقىدىكى
تەكشۈرۈش ئەترەتلىرى بۇ يەرنى تەكشۈرۈپ، تاشكېمىر تاملىرىغا
ئىسىملىرىنى يېزىپ قويغان. 1915- يىل 5- ئايدا ئەنگلىيە تەۋەلىكە-
گە ئۆتكەن ۋېنگىر ئارخېئولوگ ئاۋرىل ستەيىن 3- قېتىملىق ئوتتۇرا
ئاسىيا سەپىرىدە بۇ يەرگە كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. 1904-
يىل 6- ئايدا گېرمانىيىلىك فون لېكوك ۋە كورنىۋېدىللار بۇ تاشكې-
مىرنى تەكشۈرۈپ، ئۇنىڭ تاملىرىغا ئىسمىنى يېزىپ قويغان. ئېلى-
مىزنىڭ مەشھۇر ئارخېئولوگى خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندى ئالدىنقى ئە-
سىرنىڭ 40- يىللىرى تارىم ۋادىلىرىدا ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈ-
رۈش ئېلىپ بارغاندا قەشقەرگە كېلىپ، بۇ تاشكېمىرنىڭ شۇ چاغدىكى
ھالىتىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئەجنەبىيلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىقلىرىدىن
قاتتىق غەزەپلەنگەن ھەمدە بۇ تاشكېمىرنى خەرىتىگە ئالغان.

ئۈچ بۇرخان تاشكېمىرىگە قارىتا تەشكىللىك تەكشۈرۈش ئازاد-
لىقتىن كېيىن ئېلىپ بېرىلغان. 1979- يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتو-
نوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە تەتقى-
قات ئورنىنىڭ خادىملىرىدىن ۋاڭ مىڭجې، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم
رايونلۇق مۇزېيدىن لى يۈچۈن قاتارلىقلار بۇ ئورۇننى تەكشۈرۈپ،
قوغداشنى كۈچەيتىش تەكلىپىنى بەرگەن.

قىسقىسى، ئۈچ بۇرخان تاشكېمىر ئېلىمىزنىڭ ئەڭ غەربىدىكى
تارىخى نىسبەتەن ئۇزاق بۇددىزم سەنئىتىنىڭ قالدۇقى. ئۇ ئالاھىدە-
لىك جەھەتتىن مىلادىيە I ئەسىرلەردە ئافغانىستاندا قۇرۇلغان بامى-
يان سۇلالىسى دەۋرىگە مەنسۇپ قەندىھار بۇددىزم سەنئىتىنى ئۆرنەك
قىلغان مۇھىم نامايەندە. جۇڭگو بىلەن ھىندىستاننىڭ قەدىمكى زامان-
دىكى سودا، ئالاقە، مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئالماشتۇرۇش جەريانلىرىنى

بۇددىزم مەدەنىيەت. مەنبەتلىرىنى تەتقىق قىلىشتا يۇقىرى تارىخىي قىممەتكە ئىگە مىراس.

بۇ تاشكىمىر خارابىسى ھازىر ئاپتونوم رايون بويىچە ئۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قاتارىدا قوغدالماقتا.

# مورا بۇددا مۇنارى ۋە خانئۆي قەدىمىي شەھىرى خارابىسى

مورا بۇددا مۇنارى بىلەن خانئۆي قەدىمىي شەھەر خارابىلىرى قەشقەر تەۋەسىدىكى بۇددىزم مەدەنىيىتى دەۋرىگە مەنسۇپ بولغان مۇھىم مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ بىرى. بۇ ئىككى خارابە كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ (ھازىرقى قەشقەر شەھىرىگە تەۋە) بەشكېرەم يېزىسى تەۋەسىدە بولۇپ، چاقماق دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدا. قەشقەر شەھىرى خانئۆي قەدىمىي شەھىرى خارابىسىنىڭ ئارىلىقى 25 كىلومېتىر، مورا بۇددا مۇنارىنىڭ ئارىلىقى تەخمىنەن 34 كىلومېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، خانئۆي قەدىمىي شەھىرى چاقماق دەرياسىنىڭ جەنۇبىدا، مورا بۇددا مۇنارى چاقماق دەرياسىنىڭ شىمالىدا. بۇ ئىككى ئىزنىڭ پەيدا بولغان ۋە خارابلاشقان دەۋرى ئوخشاش.

مورا بۇددا مۇنارىنىڭ شەكلى مورىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. يەرلىك كىشىلەر ئۇنى «مورتىم» دەپ ئاتايدۇ. 1991- يىلىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشتە مورا بۇددا مۇنارىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان ″15′14°76، شىمالىي كەڭلىك ″37′36°39 تا دەپ خاتىرىلىنىپ، مەدەنىيەت يادىكارلىق ئارخىپى تۇرغۇزۇلغان. ئۇنىڭ كۆلىمى 800 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. بۇ يەردە ھازىر نىسبەتەن مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغان بىر دانە بۇددا ئىبادەتخانىسىنىڭ مۇنارى، يەنە بىر راھىبلار ئۆيىنىڭ ئىزى ۋە پەرق قىلغىلى بولمايدىغان ھالەتكە بېرىپ قالغان تاشلاندۇق كارىز ئىزى

بار. ئارخېئولوگلار ئىلگىرى بۇ جايدىن ساپال پارچىلىرى، ئۈزۈم
تېلى غولىنىڭ قالدۇقلىرى، قەدىمكى پۇل ۋە باشقا دېھقانچىلىق،
تۇرمۇش بۇيۇملىرىنىڭ قالدۇقلىرىنى تاپقان. مۇشۇنىڭغا ئاساسلانغان-
دا، قەدىمدە مورا بۇددا مۇنارىنىڭ ئەتراپىدا ئاھالىلەر زىچ ئولتۇراق-
لاشقان، يەرلىرى مۇنبەت، گۈللەنگەن، ئاۋات شەھەر ـ كەنتلەرنىڭ
بولغانلىقىنى قىياس قىلىشقا بولىدۇ.

تەتقىقاتچىلار بۇ مۇنارنى تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرىلىرى ياكى
ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ياسالغان بولۇشى مۇمكىن دېگەن پەرەزدە
بولۇشماقتا. لېكىن، قەدىمكى بۇددىزم مەركەزلىرى بولغان خوتەن،
كۇچا، تۇرپان قاتارلىق رايونلاردىكى بۇددىزم ئىزنالىرىغا سېلىشتۇر-
غاندا، بۇ خىلدىكى توپا قورۇلمىلىق بۇددا مۇنارلىرىنىڭ ساقلىنىپ
قالغانلىرى يوق دېيەرلىك. مورا بۇددا مۇنارى ۋە ساڭرام ئىزلىرى
ھىندىستاندا ئەڭ بۇرۇن شەكىللەنگەن بۇددا ئىبادەتخانىلىرىنىڭ توپا
قورۇلمىلىق بۇددا مۇنارلىرىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. شۇڭا، ئۇنى مىلادى-
يە I ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا غەربىي يۇرتتا تەڭ مەۋجۇت بولۇپ
تۇرغان 36 بەگلىكنىڭ بىرى بولغان سۇلى بەگلىكى تەۋەلىكىدىكى
نام ـ شۆھرىتى يۇقىرى بولغان مۇقەددەس ئورۇنلارنىڭ بىرى دېيىشكە
بولىدۇ.

خانئۆي قەدىمىي شەھىرى خارابىسىگە كەلسەك، ئۇنىڭ شەرق
تەرىپى سېرىق توپىلىق قايراق، شىمال تەرىپى مورا بۇددا مۇنارى
جايلاشقان قۇمالتاغ، غەرب تەرىپى قاقاسلىق دالا، جەنۇب تەرىپى مە-
ھەللىلەرگە تۇتاش. ھازىر بۇ قەدىمىي شەھەر سېپىلىنىڭ شەرق تەرەپ-
تىن45 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى بۆلىكىلا ساقلىنىپ قالغان، باشقا تەرەپ-
لىرىنىڭ تاملىرى تەبىئىي ۋە سۈنئىي بۇزغۇنچىلىقلار تەسىرىدە ئۆرۈ-
لۈپ تۈگىگەن بولۇپ، تام ئۇلىدا دۆۋىلىنىپ قالغان توپىلار بار. بۇ
شەھەر كۋادرات شەكلىگە مايىلراق ياسالغان بولۇپ، شىمال تەرەپتى-
كى قوۋۇقىنىڭ ئىزناسىنى پەرق ئەتكىلى بولىدۇ. شەھەرنىڭ سېپىل
ئىچى ۋە سىرتىدىن تارقاق ھالەتتىكى ساپال پارچىلىرى كۆپ ئۇچراي-

دۇ. ئاساسلىقى قارا رەڭلىك، قىزغۇچ رەڭلىك ۋە سىدام ساپاللار بولۇپ، تاكى مورا بۇددا مۇنارىنىڭ ئەتراپىغىچە تارقالغان.

خانئۆي قەدىمىي شەھىرىگە XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا چەت ئەللىك ئارخېئولوگلار كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. 1906-يىل 8-ئايدا فرانسىيىلىك شەرقشۇناس پائول پىللىئوت خانئۆي قەدىمىي شەھىرى بىلەن مورا بۇددا مۇنارىغا قارىتا بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ئۆلچەپ خەرىتىگە ئالغان ھەم بىر قىسىم[1] مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قولغا چۈشۈرگەن. 1945- يىلى ئېلىمىزنىڭ مەشھۇر ئارخېئولوگى خۇاڭ ۋېنبي ئەپەندى بۇ ئىككى ئورۇننى تەكشۈرگەن. ئۇ تەكشۈرۈش جەريانىدا بۇ ئورۇندىن يېشىل رەڭلىك ساپال پارچىلىرى، ماگنىت پارچىلىرى ۋە ئىككى تەرىپىدە ئەرەب يېزىقى بار تۆشۈكسىز تەڭگە پۇللار (قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ پۇلى بولۇشى مۇمكىن) نى تاپقان. ئۇ ئۆزىنىڭ «تارىم ئويمانلىقىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشتىن خاتىرە» ناملىق خاتىرىسىدە، يەرلىك دېھقانلارنىڭ بۇ يەردىن بىرنەچچە دانە ئالتۇن پۇل تېپىۋالغانلىقىنى، بۇ پۇللارنىڭ ئىسلام دىنى قەشقەرگە تارقىلىشتىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردىكى قەشقەر پۇلى ئىكەنلىكىنى يازغان. ئۇ يەنە «باشقىلارنىڭ قولىدا مۇشۇ ئورۇندىن تېپىلغان كەيپۇن يارمىقى، مىڭيۇەن يارمىقى ۋە ئەرەب يېزىقى چۈشۈرۈپ قۇيۇلغان تۆشۈكسىز مىس پۇللارنى كۆردۈم» دەپ يازغان.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي ۋە ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ خادىملىرى 1978-، 1979-، 1980- يىللىرى بۇ ئورۇنلاردا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ مىستىن قۇيۇلغان خاقانىيە پۇلى، پارسلارنىڭ كۈمۈش پۇلى، قاشتاش مارجان، يۈەنفىڭ يارمىقى قاتارلىق قەدىمكى پۇل ۋە باشقا تۈرمۇش بۇيۇملىرىنى يىغىۋالغان.

---

[1] پىللىئوتنىڭ خانئۆي قەدىمىي شەھىرىدىن قانداق نەرسىلەرنى قولغا چۈشۈرگەنلىكى بۇگۈنگىچە نامەلۇم.

خانئۆي قەدىمىي شەھىرى بىلەن مورا بۇددا مۇنارىنىڭ يىل تارىخى توغرىسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان قاراشلار بىردەك ئەمەس. «شىنجاڭ خەرىتە، قورۇلۇش تەزكىرىسى» دە «خانئۆي قەدىمىي شەھىرى بىلەن مورا بۇددا مۇنارى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ياسالغان، ئۇ قەدىمكى سۇلى بەگلىكىنىڭ ئەسلىي ئورنى»① دەپ ئېلىنغان. خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندى بۇ قاراشلارنى ئىنكار قىلىپ، بۇ خارابىلەرنىڭ يىل تارىخىغا بۇنداق كەسكىن ھۆكۈم قىلىشقا بولمايدۇ، بۇ يەردە چوقۇم يەرلىك خەلقلەرنىڭ پىكرىگە ھۆرمەت قىلغان ئاساستىكى پەكىرلەر بولۇشى كېرەك، دەيدۇ. لېكىن، ئۇ ئۆزىمۇ بۇ خارابىلەرنىڭ يىل تارىخى توغرۇلۇق ئېنىقراق بىرەر يېڭى كۆزقاراشنى ئوتتۇرىغا قويمىغان. «كېيىنكى خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە «مىلادىيە 73- يىلى (خەن مىڭدىنىڭ يوڭپىڭ 16- يىلى) كۇسەن بېگى جيەن سۇلى بېگى چېڭنى ئۆلتۈرۈپ، كۇسەن دۆلىتىنىڭ سول قول بېگى دورۇتنى ئۆز ئالدىغا سۇلىغا بەگ قىلىپ ئەۋەتتى. شۇ يىلى شەرقىي خەن سۇلالىسى دالا لەشكەر بېشى بەن چاۋ ( 班超 ) نى ئەۋەتىپ، دورۇتنى يوقاتتى ۋە ئۇنىڭ ئورنىغا چېڭنىڭ ئاكىسىنىڭ ئوغلى جوڭنى سۇلى بېگى قىلىپ تەيىنلىدى. كېيىن جوڭ ئاسىيلىق قىلغانلىقتىن، بەن چاۋ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى»② دېگەن خاتىرىلەر بار. ئەگەر خانئۆي قەدىمىي شەھىرى بىلەن مورا بۇددا مۇنارى سۇلى دۆلىتىدىكى شەھەرلەرنىڭ ئىزناسى ھېسابلانسا، ئۇنداقتا بۇ ئىككى خارابە تاڭ سۇلالىسى ( 618 — 907 ) دەۋرىدە ئەمەس، بەلكى مىلادىيە II ئەسىرلەردىلا گۈللەنگەن شەھەر ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، «يېڭى تاڭنامە جۇغراپىيە تەزكىرىسى» دە «(سۇلى دۆلىتى) دەپ ئاتىلىدىغان شەھەرنىڭ 40 چاقىرىم نېرىسىدا خەن شەھىرى ( 汉城 ) (ھازىرقى يېڭىشەھەر) نامىسى كۆزدە

---

① «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسىدىكى يېڭى نەتىجىلەر» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995- يىلى نەشرى (خەنزۇچە) 588- بەت، جاڭ چېڭئەن ماقالىسى.

② «كېيىنكى خەننامە» غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» بەن چاۋنىڭ تەرجىمىھالى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى (ئۇيغۇرچە) ، 1996- يىلى نەشرى.

تۇتۇلغان) بار» دەپ يېزىلغان خاتىرىلەر بار. ئورۇن ۋە مۇساپىلەرنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدىن قارىغاندا، خانئۈي قەدىمىي شەھىرى بىلەن مورا بۇددا مۇنارىنى ھەقىقەتەن سۇلى بەگلىكىنىڭ مەركىزىي شەھەرلىرىدىن بولغان جايلار دەپ قاراش بىرقەدەر مۇۋاپىق.



مورا بۇددا مۇنارى

يەرلىك خەلقلەر ئارىسىدا بۇ ئىككى ئورۇننىڭ تارىخى توغرۇلۇق ئىشەنچلىك يازما خاتىرىلەر يوق. يەرلىك كىشىلەر خانئۈي قەدىمىي شەھىرىنى «بۇرۇنقى زامانلاردا كاپىرلارنىڭ پادشاھلىرى تۇرىدىغان ئوردىسى بولغان ئىكەن. كېيىن ئابدۇكېرىم قاراخان (قاراخانىيلارنىڭ خاقانى سۇتۇق بۇغراخاننى كۆرسىتىدۇ) ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمىغان جاھىل بۇتپەرەسلەرنى يوقىتىش ئۈچۈن بۇ شەھەرنى كۆيدۈرۈۋەتكەن ئىكەن، چاقماق دەرياسىغا توغان توسۇپ بۇ شەھەردىكى بۇتپەرەسلەرنى ۋە بۇتخانىلارنى دەريا سۈيىگە غەرق قىلىۋەتكەن ئىكەن...» دېگەندەك گەپلەر بىلەن چۈشەندۈرىدۇ. بۇ رىۋايەتلەرگە ئاساسلانغاندا، مۇسا ئارسلان بۇغراخاننىڭ مىلادىيە 960-يىلى ئىسلام دىنىنى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ دۆلەت دىنى

قىلىپ يېكىتكەن زامانلار ئېھتىمال بۇ ئىككى ئورۇننىڭ خارابىگە ئايلىنىشقا باشلىغان ۋاقتى بولۇشى مۇمكىن. روشەنكى، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى بۇ ئورۇنلار ئاۋات شەھەر - كەنتلەر بولغان. چاقماق دەريا ئېقىنىنىڭ ئەتراپىدىن قېزىۋېلىنغان بۇددىزىم دەۋرىگە مۇناسىۋەتلىك تېپىلمىلارمۇ بۇنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ.

1957- يىل شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 4- ئايدا خانئۆي قەدىمىي شەھەر خارابىسىنى «ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى» دەپ ئېلان قىلغان. 1999- يىلى مورا بۇددا مۇنارىمۇ 4- تۈركۈمدە «ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى» دەپ ئېلان قىلىندى. 2001- يىلى قوغدىلىش دەرىجىسى مەملىكەت دەرىجىلىككە كۆتۈرۈلدى.

نۆۋەتتە بۇ ئىككى خارابە توغرىسىدىكى قاراشلارنى يىغىنچاقلىغاندا، خانئۆي قەدىمىي شەھىرى مىلادىيە I ئەسىرلەرنىڭ باشلىرىدا قۇرۇلغان قەدىمكى سۇلى دۆلىتىنىڭ مەركىزىي شەھىرى بولۇپ، بۇددا دىنى تارقىلىپ كىرگەندىن كېيىن (مىلادىيە II ئەسىرنىڭ باشلىرى) بۇ شەھەر تەۋەلىكىگە مورا بۇددا بىخارىسى (چوڭ بۇتخانا) ياسىلىپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىغىچە ئىشلىتىلگەن، دېگەن خۇلاسىگە كېلىشكە بولىدۇ. بۇ ئىككى خارابە ئېلىمىزنىڭ بۇددىزىم مەدەنىيىتى ۋە يىپەك يولى مەدەنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىشتا زور قىممەتكە ئىگە مۇھىم ئاسارئەتىقىدۇر.

## توققۇزساراي قەدىمىي شەھەر خارابىسى

قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مارالبېشى ناھىيىسى تەۋەسىدە قەدىمكى ھەرقايسى دەۋرلەرگە تەئەللۇق مەدەنىيەت يادىكارلىق ئىز- خارابىلەر بىرقەدەر كۆپ. ھازىرغىچە جەمئىي 46 ئورۇندا ھەرخىل مەدەنىيەت

يادىكارلىق نۇقتىلىرى تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان بولۇپ، ئۇلاردىن زور كۆپ ساندىكىلىرى تارىم مەدەنىيىتىنىڭ بۇددىزم دەۋرىدىكى مۇھىم مەدەنىيەت ئىزنالىرى ھېسابلىنىدۇ. قەدىمكى «يىپەك يولى» نىڭ شىنجاڭ تەۋەسىدىكى يول لىنىيىلىرىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە ما-رالبېشىنىڭ قەدىمدە «يىپەك يولى» نىڭ ئوتتۇرا يول لىنىيىسىدىكى مۇھىم بوستانلىق، شەھەرلەرنىڭ بىرى بولغانلىقى مەلۇم بولدى. بۇ ناھىيىدىكى مۇھىم مەدەنىيەت يادىكارلىق خارابىسى بولغان توققۇز ساراي قەدىمىي شەھىرى (بارچۇق قەدىمىي شەھىرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) خارابىسى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بۇتخانا ئىزلىرى ئەنە شۇ لىنىيە ئۈستىدىكى بىرقەدەر روشەن ساقلىنىپ قالغان، يىل دەۋرى ئۇزاق، مول مەدەنىيەت قاتلىمىغا ئىگە بۇددىزم مەدەنىيىتىگە مەنسۇپ شەھەر ۋە خارابىلەرنىڭ ئىزناسىدۇر.

توققۇزساراي قەدىمىي شەھىرىنىڭ يىل تارىخى توغرۇلۇق ئوخ-شاشمىغان قاراشلار بار. بەزىلەر بۇ شەھەرنى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قۇرۇلغان دەپ قاراپ، ئۇنى تاڭۋاڭچېڭ (唐王城) دەپ ئاتاشماقتا. ئەمما، بۇخىل قاراشنىڭ ھازىرغا قەدەر قايىل قىلارلىق ئاساسى يوق. يەرلىك پېشقەدەم كىشىلەر «قەدىمدە مارالبېشىنىڭ ئەسلىــي ئورنى (توققۇزساراي قەدىمىي شەھىرى) ئەتراپىــدا بولۇپ، بۇ يەردىكى شەھەرلەرنىڭ ئىچىدە تۇرىدىغان توققۇز مۇھىم ئەربابنىڭ قەسىرلىرى-نىڭ نامى بىلەن (توققۇزساراي) دەپ ئاتالغان ئىكەن. ھازىرقى مارال-بېشى ناھىيە ئىچى بولسا، ئىسلام دىنى قەشقەرگە تارقىلىپ كىرگەن-دىن كېيىن بارلىققا كەلگەن ئىكەن» دەپ رىۋايەت قىلىشىدۇ. بۇ رىۋا-يەت گەرچە توققۇزساراي قەدىمىي شەھىرىنىڭ يىل تارىخى، شەكىللە-نىشى توغرۇلۇق بىزگە ئىلمىي مەلۇمات بېرەلمىسىمۇ، لېكىن بىز بۇ خارابىنىڭ ئەتراپىدىكى باشقا خارابىلەر ۋە ئۇلارغا مۇناسىۋەتلىك قىسمەن يازما خاتىرىلەرگە ئاساسلىنىپ، توققۇزساراي قەدىمىي شەھە-رى — شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە شەكىللەن-گەن كىچىك بەگلىكلەردىن سەپەر باي بەگلىكى (尉头国) نىڭ

جەنۇبىدىكى، كۆسەن بەگلىكىدىن سۇلى (قەشقەر) بەگلىكىگە بارىدى-
غان شىمالىي يولنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇھىم ئۆتەڭ «بارچۇق» بولۇ-
شى مۇمكىن، دېگەن پەرەزنى چىقىرالايمىز. جۇڭگونىڭ تارىخىي
كىتابى «كېيىنكى خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دېگەن بۆلە-
كىدە خاتىرىلەنگەن 36 بەگلىكنىڭ ئەھۋالىغا مۇناسىۋەتلىك خاتىرى-
لەردىنمۇ توققۇزساراي قەدىمىي شەھىرى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئە-
مەس، بەلكى مىلادىيە I ئەسىرنىڭ باشلىرىدا گۈللەنگەن، ئاۋات
شەھەر بولغان، دەپ قىياس قىلىشقا بولىدۇ.
توققۇزساراي قەدىمىي شەھەر خارابىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈ-
رۈش ئازادلىقتىن كېيىن ئەمەلگە ئاشقان. 1956- يىلىدىكى تەكشۈ-
رۈش خاتىرىسىدە «بۇ شەھەر ئەينى دەۋردە ئىنتايىن پۇختا ياسالغان
بولۇپ، پۇتكۈل شەھەر ئىچكى شەھەر، تاشقى شەھەر ۋە كىچىك
شەھەر دەپ ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنگەن. شەھەرلەرنىڭ ئەتراپىغا بىرقانچە
بۇتخانا ياسالغان. ئىچكى شەھەرنىڭ كۆپ قىسمى تۈمشۇق تېغىنىڭ
ئاخىرلىشىش بۆلىكىدىكى تاش - تۇپىلىق ئۈستىگە ياسالغان، تاشقى
شەھەر تاغنىڭ تۆۋەن قىسمىدىن باشلىنىپ، تاغ ئالدىدىكى تۈزلەڭ-
لىكنى قورشاپ، غەرب تەرەپتىكى تاغ چوققىسىغىچە سوزۇلغان،
كىچىك شەھەر بولسا تاشقى شەھەرنىڭ شەرقىدىكى تۈزلەڭلىككە جاي-
لاشقان» دېيىلگەن. توققۇزساراي قەدىمىي شەھىرى خارابىسىنىڭ
هازىرقى كۆلىمى تەخمىنەن 250 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدۇ.
توققۇزساراي قەدىمىي شەھىرى خارابىسىگە XIX ئەسىرنىڭ ئاخى-
رىدىن باشلاپ چەت ئەللىك ئارخېئولوگ، ئېكسپېدىتسىيىچىلەرنىڭ
قەدەملىرى يەتكەن. 1894- يىل 2- ئايدا شۋېتسىيىلىك سۋېن
ھېدىن بىلەن فرانسىيىلىك ماشۇفلار بۇ خارابىلىكتە تۇنجى بولۇپ
تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. ئۇلار شۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشتە بىر
قىسىم رەڭلىك بۇت ھەيكەللىرىنى ۋە قەدىمكى يېزىقتىكى يازما يۇيۇم-
لارنىڭ قالدۇقىنى تاپقان. 1903- يىلى ياپونىيىلىك ئوتانى كوئۇل
ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى بۇ خارابىلىكتە قېزىش ئېلىپ بېرىپ، شە-

ھەر خارابىسىدىن قېزىۋالغان بۇددىزىم مەدەنىيىتىگە مەنسۇپ نۇرغۇن بۇيۇملارنى ياپونىيىگە يۆتكەپ كەتكەن. 1906- يىلى گېرمانىيىلىك ئالبېرت فون. لىكوك توققۇزساراي قەدىمىي شەھىرى خارابىسى ۋە تۇمشۇق بۇتخانا ئىزىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، بۇ ئىككى خارابىلىكتىن بۇددىزىم دەۋرىگە مۇناسىۋەتلىك سانسكرىت يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەرنىڭ فراگمېنتلىرىنى، قەدىمكى كۆسەن پۇللىرىنى، بۇت، بۇتخانا - ئىمارەت بېزەكلىرىنى قولغا چۈشۈرۈپ، گېرمانىيىنىڭ بېرلىن مۇزېيىغا يۆتكەپ كەتكەن. شۇ يىلى 8- ئايدا فرانسىيىلىك پائول پېللىئوت قەشقەردە ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، توققۇزساراي قەدىمىي شەھىرى ئىزىنى ئۆلچەپ خەرىتىگە ئېلىش جەريانىدا قەدىمكى ساك تىلىغا مۇناسىۋەتلىك نوملارنىڭ قالدۇقلىرىنى تاپقان. 1915- يىلى ئەنگلىيىلىك ۋېنگىر ئاۋرېل ستەيىن ئۈچىنچى قېتىملىق مەركىزىي ئاسىيا سەپىرىدە قەشقەردە ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، «توققۇزساراي قەدىمىي شەھىرى» نىمۇ تەكشۈرگەن... بۇ قەدىمىي شەھەر خارابىسى ئەجنەبىيلەرنىڭ ئەنە شۇنداق بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشى نەتىجىسىدە تېخىمۇ زور سۈنئىي بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، ئۆز قوينىدا ساقلاپ ياتقان نۇرغۇن قىممەتلىك مەدەنىيەت مىراسلىرىدىن مەھرۇم قالغان. مەشھۇر ئارخېئولوگ خۇاڭ ۋېنبى جاھانگىرلارنىڭ شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ قىممەتلىك مەدەنىيەت مىراسلىرىنى خالىغانچە تالان - تاراج قىلىشىغا چىداپ تۇرالماي، 1929- يىللىرى تارىم ۋادىسىدا ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش داۋامىدا توققۇزساراي قەدىمىي شەھىرى خارابىسىنىمۇ تەكشۈرۈپ قىممەتلىك بۇيۇملارنى يىغىۋالغان.

1959- يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدىن ئابدۇقېيۇم خوجا، لى يۈچۈن قاتارلىق ئارخېئولوگلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە توققۇزساراي قەدىمىي شەھىرى خارابىسى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بۇتخانا ئىزلىرىدا قېزىش ئېلىپ بېرىلىپ، 21 دانە كارۋشتى، براخمان يېزىقلىرىدىكى ياغاچ تارشا پۈتۈكلەر، 150 پارچە خەنزۇچە ۋە باشقا

ئاز سانلىق مىللەت قەدىمكى يېزىقلىرىدىكى يازمىلار، بىر دانە سوغدى
يېزىقىدىكى ۋەسىقە، 60 دانە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىغا مۇناسىۋەتلىك
يازما، ۋەسىقىلەرنىڭ قالدۇ-
قى، 10 دانە ئەرەب يېزىقىدى-
كى يازما ماتېرىيال قالدۇقلى-
رى، بىر دانە ئەرەب يېزىقىدى-
كى تۈركچە مال- مۈلۈك تەق-
سىم قىلىش توغرىسىدىكى ۋە-
سىيەتنامىسى تاپقان. 1970-
يىلى بۇ خارابىلىكتىن
ئۈستىگە ھىجرىيە 503- يى-
لى، مىلادىيە1109 — 1110-
يىلى دېگەن يىلنامە يېزىلغان
پۈتۈكتىن بىر پارچە، يۈڭ تو-
قۇلما بۇيۇم، يىپەك توقۇلما
بۇيۇم ۋە باشقا ھەرخىل قەدىمى-
كى پۇل، بۇت ھەيكەللىرى
قاتارلىق نەرسىلەرمۇ تېپىل-
غان. يۇقىرىقى بۇيۇملارنىڭ
كۆپ قىسمى ھازىر شىنجاڭ
ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇ-
زېيدا ساقلانماقتا.



«شەرقتىكى مۇنالىزا» دەپ ئاتالغان 1906-
يىلى پائول پېللىئوت مارالبېشى توققۇز
ساراي ئىزىدىن قېزىۋالغان ئايال مەبۇد
ھەيكىلى(ھازىر پارىژ گويتىمىر
مۇزېيىدا ساقلانماقتا) .

بۇ ئورۇندىن تېپىلغان ھەرخىل مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئارى-
سىدا بۇددا دىنىغا مۇناسىۋەتلىك بۇيۇملار ناھايىتى كۆپ سانني ئىگە-
لەيدۇ. توققۇزساراي قەدىمي شەھىرىنىڭ يىل دەۋرىگە مۇناسىۋەتلىك
ئىلمىي قاراش ۋە بۇ يەردىن تېپىلغان بۇيۇملارنىڭ ئالاھىدىلىكىدىن
قارىغاندا، توققۇزساراي قەدىمي شەھىرى خارابىسىنىڭ بۇددىزىم دەۋ-
رىگە مەنسۇپ قەدىمكى شەھەرلەردىن ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرۈشكە

بولىدۇ. توققۇزساراي قەدىمىي شەھىرى خارابىسى يىپەك يولى مەدەنىيىتى ۋە شىنجاڭنىڭ بۇددىزىم دەۋرىگە تەئەللۇق مەدەنىيەتلىرىگە نىسبەتەن ئۇنىۋېرسال تەتقىقات ئېلىپ بېرىشتا ئالاھىدە قىممەتكە ئىگە مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنىدۇر.

بۇ ئورۇننى 1957- يىل 1- ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى «ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى» دەپ ئېلان قىلغان. 1990- يىلىدىكى تەكشۈرۈشتە ئۇنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان ″6′2°79، شىمالىي كەڭلىك ″45′58°39 تا دەپ تىزىملىنىپ، مەدەنىيەت يادىكارلىق ئارخىپى تۇرغۇزۇلغان. 2001- يىلى گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقى بىلەن ئۇنىڭ قوغدىلىش دەرىجىسى ئۆستۈرۈلۈپ، «مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى » دەپ ئېلان قىلىندى.

## تۇمشۇق بۇددا خارابىسى

تۇمشۇق بۇددا خارابىسى مارالبېشى تەۋەسىدىكى يەنە بىر مۇھىم بۇددىزىم خارابىسىنىڭ بىرى. ئۇ مارالبېشى تەۋەسىدىكى يېزا ئىگىلىك 3- دىۋىزىيىسىنىڭ 51- تۇەن رايونىغا تەۋە يېڭى مەھەللە كەنتىنىڭ غەربىي شىمالىدىن 3 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى تۇمشۇق تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدە.

مارالبېشى قەدىمدە «بارچۇق» دېگەن نام بىلەن ئاتالغان. «بارچۇق» دېگەن بۇ نام ئېھتىمال مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى VI ئەسىرلەردە پەيدا بولغان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، ئۇلۇغ ئالىم، تىلشۇناس مەھمۇد بىننى ھۈسەيىن قەشقەرى يازغان بۈيۈك قامۇس «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «بارچۇق» سۆزىگە «ئاپراسىياپ (قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا ئالىپ ئەرتۇڭا دېيىلىدۇ) ياساتقان شەھەرنىڭ نامى. بۇ شەھەر-

گە بەختۇ نۇزۇرىنىڭ ئوغلى بەنزۇن قامالغان» دەپ ئىزاھات بېرىل-
گەن[1]. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ بۇ ئىزاھاتىغا ئاساسلانغاندا، بارچۇق
(توققۇزساراي قەدىمىي شەھىرى خارابىسىنى كۆرسىتىدۇ) شەھىرى-
نىڭ ھەقىقەتەنمۇ تارىخى ئۇزاق شەھەر ئىكەنلىكىدە گەپ يوق. مۇشۇ
پاكىت ئاساسىدا بىز ئەلۋەتتە بارچۇق قەدىمىي شەھىرىگە يانداشقان
تۇمشۇق بۇددا خارابىسىنىمۇ ئوخشاشلا مىلادىيەنىڭ ئالدى - كەينىدە
شەكىللەنگەن مۇھىم ئۆتەڭ دەپ ئېيتالايمىز.



تۇمشۇق بۇددا خارابىسىدىن تېپىلغان «شەرقنىڭ ۋېنىسى»
دەپ ئاتالغان تاڭ دەۋرىگە مەنسۇپ ئايال مەبۇد

تۇمشۇقتا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەر
جەريانىدا بۇ يەردىن تېپىلغان نۇرغۇن قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكار-
لىقلىرىدىن قارىغاندا، تۇمشۇق قەدىمدە «يىپەك يولى» دىكى مۇھىم
ئورۇنلارنىڭ بىرى ئىكەنلىكى ئۆز - ئۆزىدىن بىلىنىپ تۇرىدۇ.
گەرچە «تۇمشۇق» دېگەن نامنىڭ قاچان پەيدا بولغانلىقى توغرۇلۇق
ھېچقانداق يازما خاتىرە بولمىسىمۇ، ئەمما تۇمشۇق بۇددا خارابىسى-
نىڭ «يىپەك يولى» دىكى جۇغراپىيىلىك ئورنىدىن قارىغاندا، بۇ يەر
قەدىمدە كۇسەن (كۇچا) بەگلىكىدىن سۇلى (قەشقەر) بەگلىكى،

---

① مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» (ئۇيغۇرچە) 1 توم، 234- بەت.

ئومار بالىق (ئىناي دۆلىتى دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ھازىرقى بېگىسار ناھىيىسىنىڭ شىمالىغا توغرا كېلىدۇ)، پۇلى بەگلىكى (ھازىرقى تاشقورغاننىڭ بىر قىسىم جايلىرى)، ساكارائول بەگلىكى (ھازىرقى يەكەن تەۋەلىكى) قاتارلىق جايلارغا بېرىپ - كېلىشتە كارۋان - سودىگەرلەر چوقۇم بېسىپ ئۆتمىسە بولمايدىغان مۇھىم ئۆتەڭ ھەمدە بارچۇق شەھىرىگە كىرىش ئېغىزى بولغانلىقى سەۋەبلىك «تۇمشۇق» دەپ ئاتىلىپ، كېيىنچە بۇ يەرنىڭ ئەتراپىدىكى تاغلارمۇ تۇمشۇق تېغى دەپ ئاتالغان بولۇشى مۇمكىن. دۆلىتىمىزنىڭ تارىخىي كىتابلىرىدىن «يېڭى تاڭنامە. جۇغراپىيە تەزكىرىسى» دە: «كۇسەن بەگلىكىدىن سۇلىغا بېرىشتىكى يول ئۈستىدە مۇھىم رابات بار» دېگەن خاتىرىلەر ئۇچرايدۇ. ئەمەلىي تەكشۈرۈپ كۆرگەندە بۇ يولدا «كېيىنكى خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە قەيت قىلىنغان سەپەرباي بەگلىكى (尉头国) ۋە چېدىر بەگلىكى (渠梨国) دىن باشقا مۇھىم جايلارنىڭ بارلىقى تېخى بايقالغىنى يوق. مۇشۇنىڭدىن قارىغاندا، تۇمشۇق بۇددا خارابىسى «يېڭى تاڭنامە. جۇغراپىيە تەزكىرىسى» دە تىلغا ئېلىنغان ئۆتەڭ بولۇپ، «بارچۇق» شەھىرىگە يانداشقان قەدىمكى مۇھىم شەھەر دېيىشكە بولىدۇ.

تۇمشۇق خارابىسىدە نۇرغۇن قېتىم ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشلار ئېلىپ بېرىلغان. مىلادىيە 1894- يىلى شۋېتسىيىلىك سېۋىن ھېدىن باشچىلىقىدىكى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى تەكلىماكان ئەتراپىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندا، تۇمشۇق خارابىسىدە تەكشۈرۈشتە بولۇپ، بۇ خارابىدىن بۇددىزىمغا مۇناسىۋەتلىك سانسكرىت، براخمان يېزىقلىرىدىكى بۇددا نوملىرىنىڭ قالدۇقلىرى، بۇت ھەيكەللىرى، قەدىمكى مىس پۇل، تۈرمۈش بۇيۇملىرى، يىپەك رەخت پارچىلىرى قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قولغا چۈشۈرگەن. ئۇلار بۇ يەردە 1895-يىلى ئىككىنچى قېتىم قېزىش ئېلىپ بارغان. 1904-يىل 12- ئاينىڭ 6- كۈنى گېرمانىيىلىك فون. لىكوك باشچىلىقىدىكى تەكشۈرۈش ئەترىتى خوتەن، قاغىلىق قاتارلىق جايلارنى تەكشۈرۈش

داۋامىدا تۇمشۇق خارابىسىنى تەكشۈرۈپ، رەڭلىك بۇت ھەيكىلى، سانسكرىت يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەرنىڭ قالدۇقى، ساك يېزىقىدىكى يازمىلارنىڭ قالدۇقلىرىنى يىغىۋېلىپ گېرمانىيىگە ئېلىپ كەتكەن. 1906- يىلى فرانسىيىلىك پېللىئوت قەشقەردىكى ئەسكىھىسار قەدىمىي شەھەر خارابىسى، ئۈچ بورخان تاشكېمىر خارابىسى ۋە خانئۆيى، مورا بۇددا مۇنارلىرى قاتارلىق ئورۇنلارنى تەكشۈرۈپ خەرىتىگە ئالغاندا، مارالبېشىدىكى تۇمشۇق خارابىسىگە كېلىپ تەكشۈرۈشتە بولغان ھەمدە مۇشۇ يەردىن ساك تىلىغا تەۋە دەپ قارىلىۋاتقان «كارىمانەنىڭ قىرائەت سۈترىسى» دەپ ئاتالغان بۇددا نومىدىن بىرنى قولغا چۈشۈرگەن①. 1954- يىللىرى ئېلىمىزنىڭ مەشھۇر ئارخېئولوگى خۇاڭ ۋېنبىي (بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شۇ چاغدىكى پروفېسسورى) تۇمشۇق خارابىسىنى مەخسۇس تەكشۈرۈپ، بۇ يەردىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى دەۋرلىرىگە تەئەللۇق بولغان تاش پىچاق، نەچچە ئون دانە بۇت پارچىلىرى، ساپال كوزا (بۇ يەردىن ناھايىتى نەپىس ياسالغان ئۈچ قۇلاقلىق ساپال كوزا چىققانلىقى مەلۇم، بۇ بۇيۇمنىڭ نەدىلىكى ئېنىق ئەمەس)، يىپەك رەختلەرنىڭ پارچىلىرى، مىس كۆرگۈ قاتارلىق نۇرغۇن قىممەتلىك بۇيۇملارنى تاپقان.

1957 — 1959 - يىللىرى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېينىڭ خادىملىرىدىن سابىت ئەخمەت، لى يۇچۈن، ئابدۇقېيۇم خوجا قاتارلىقلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە تۇمشۇقتا ۋە توققۇزساراي قەدىمكى شەھەر خارابىسىدە قېزىش ئېلىپ بېرىلغاندا، بۇ يەردىن 30 دانە ھەرخىل مۆھۈر، ھەرخىل يېزىقتىكى ۋەسىقە قالدۇقلىرى، يىپەك رەخت قالدۇقلىرى، كەندىر توقۇلما (كاناپ) رەخت پارچىلىرى، كۇسەن يېزىقىدىكى كىتابلارنىڭ قالدۇقلىرى ۋە قەدىمكى پۇللار تېپىلغان. 1991- يىلى قەشقەردە ئېلىپ بېرىلغان مەدەنىيەت يادىكار-

① «文物天地» (مەدەنىيەت يادىكارلىق دۇنياسى) ژۇرنىلى 1990- يىللىق 2- سان (خەنزۇچە) نەشرى.

لىقلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشتە بۇ ئورۇن «تۇمشۇق بۇددا ئىزى » دېگەن نام بىلەن خاتىرىلەنگەن.

تۇمشۇق خارابىسىنىڭ مۇھىملىقى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، بۇ جايدا كۆپ قېتىم تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئارخېئولوگ، ئالىملىرى بۇ ئورۇندىن، خوتەندىن تېپىلغان ساك تىلىغا يېقىنلىشىدىغان بىرخىل «ئۆلگەن» تىلنى بايقاپ چىقىپ دۇنيانى زىلزىلىگە سالغان ھەمدە ئۇنىڭغا «تۇمشۇق تىلى» دەپ نام بەرگەن. 1999- يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تۇمشۇق بۇددا خارابىسىنىڭ شىنجاڭنىڭ ئارخېئولوگىيە تەتقىقاتىدىكى قىممىتىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئۇنى 4- تۈركۈمدىكى «ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى» قىلىپ بېكىتكەن. دېمەك، تۇمشۇق بۇددا خارابىسى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات خىزمىتىدە ناھايىتى مۇھىم ئورۇننى تۇتۇپ كېلىۋاتقان بۇددىزم خارابىسىدۇر.

## چوڭ تىم خارابىسى

تىم مۇنار شەكىللىك قەدىمكى توپا قۇرۇلمىلىق قۇرۇلۇش بولۇپ، قەشقەر تەۋەسىدىكى تىم - تۇرالار خېلى كۆپ، ئۇلارنىڭ يىل تارىخىمۇ نىسبەتەن ئۇزاق. ئۇلارنى قەدىمكى كىشىلەر يول مۇساپىلىرىنى بەلگىلەش، سودا ۋە خەۋەر - ئالاقە ئىشلىرىنى راۋانلاشتۇرۇش مەقسىتىدە كارۋان يوللىرىدىكى مۇھىم ئورۇنلارغا گۈلخان يېقىپ، ئىس - تۈتەك ئارقىلىق ئۇچۇر يەتكۈزىدىغان تىم - تۇرالارنى ياساپ چىققان. شىنجاڭدىكى قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ ئوتتۇرا يول قىسمىنىڭ مارالبېشى ناھىيىسى ئەتراپىدىكى چۆللۈكلەردە قەدىمكى تىم - تۇرالار ئەڭ كۆپ ھەم نىسبەتەن مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغان. چوڭ تىم خارابىسى شۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغانلىرى-

نىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالى، ئاقسۇ ۋىلايىتى كەلپىن ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدىكى قۇملۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدا. ئېگىزلىكى 10 مېتىر، شەرقىي شىمال ۋە غەربىي جەنۇب تەرەپلىرىدە زەيتىم، توكۇرتىم، يۇمىلاقتىم، قوشتىم (ھەربىر تىم ئارىلىقى تەخمىنەن 5 كىلومېتىر ئەتراپىدا) قاتارلىق چوڭ-كىچىكلىكى ئوخشاش بولمىغان تىملار بار. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كۆلىمى ئەڭ چوڭ، ئەڭ ئېگىز، جۇغراپىيىلىك ئورنى نىسبەتەن مۇھىم بولغان بىر تىم - تورا چوڭ تىم دەپ ئاتالغان.

مارالبېشى تەۋەسىدىكى مۇھىم مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرىنىڭ جايلىشىش ئەھۋالىدىن چوڭ تىمنى قەدىمكى بارچۇق شەھىرىنىڭ شىمالىغا ئانچە يىراق بولمىغان قەدىمكى كارۋان يولىنىڭ ياقىسىغا ياسالغان دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ. چوڭ تىم خارابىسى مارالبېشى ناھىيە بازىرىدىن 80 كىلومېتىر يىراقلىقتا بولۇپ، ئۇنىڭدىن جەنۇب تەرەپكە قاراپ ماڭسا زەرەپشان دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى بوستانلىقلارغا بارغىلى، شەرقىي شىمالغا سوزۇلغان چەغىر يولنى بويلاپ ماڭسا ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئاۋات ناھىيىسىگە بارغىلى بولىدۇ. چوڭ تىم خارابىسىنىڭ بىر قىسمى قۇم ئاستىغا كۆمۈلۈپ قالغان. ئۇ تۆت چاسا كىچىك قورشاۋ ئىچىدە بولۇپ، چوڭ تىمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەتراپتىكى خارابىنىڭ كۆلىمى 15 مىڭ كۋادرات مېتىردىن ئارتۇق. ئىماتە سېپىللار قۇم ئاستىغا كۆمۈلۈپ قالغان. تىمنىڭ ئۈستىگە چىقىپ قارىسا ئەتراپتىن 10 نەچچە كىلومېتىر يىراقنى كۆرگىلى بولىدۇ.

چوڭ تىم خارابىسىنىڭ ئەتراپىدىن خىش - كېسەك قويغان ياكى لاي - توپا ئالغان ئىزلارنى كۆرگىلى بولمايدۇ. مۇشۇنىڭدىن قارىغاندا چوڭ تىمنىڭ قەدىمدە توپىنى قاڭداش ئارقىلىق ياسالغان قۇرۇلۇش ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. تىمنىڭ ئۈستى قىسمى شىلىش ئارقىلىق چاسا شەكىلگە كەلتۈرۈلگەن (ھازىر شامال، يامغۇر يالاپ شەكلىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن). ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرى بۇ

خارابىدىن ھەر خىل نەقىشلىك ساپال بۇيۇملارنىڭ قالدۇقلىرى، تۇرمۇش بۇيۇملىرىنىڭ قالدۇقلىرى، تاڭ دەۋرىنىڭ مىس پۇللىرى ۋە كۇسەن بەگلىكىنىڭ كىچىك مىس تەڭگە پۇللىرى تېپىلغانلىقى توغرىسىدا ئۇچۇر بار. بۈگۈنكى كۈندىمۇ بۇ ئورۇندا تۈرلۈك ساپال بۇيۇملارنىڭ پۇچۇقلىرى كۆپ ئۇچرايدۇ. 1983- يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېينىڭ ئارخېئولوگلىرى چوڭ تىم خارابىسىدە كىچىك كۆلەملىك ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ئېلىپ بارغان.

چوڭ تىم خارابىسىنىڭ يىل دەۋرى توغرۇلۇق بۈگۈنگىچە ھېچقانداق يازما خاتىرە تېپىلمىدى. ئەمما، بىز چوڭ تىمنىڭ ئەتراپىدىكى قەدىمكى ئۆتەڭ - رابات، شەھەر - كەنتلەرنىڭ ئورنى ۋە ئۇلارنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان قەدىمكى يول لىنىيىلىرىنى ئەتراپلىق تەھلىل قىلىش ئارقىلىق، چوڭ تىمنىڭ قەدىمدە كۇسەن (بۈگۈنكى كۇچا ئەتراپىدا) بەگلىكىدىن سۇلى (بۈگۈنكى قەشقەر شەھىرى ئەتراپى) بەگلىكىگە بارىدىغان يول ياكى چېگرا پاسىلىدىكى مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك قۇرۇلۇش بولغانلىقىنى قىياس قىلالايمىز. بۇ خارابە بىلەن كۇچا ئاھىيىسى تەۋەسىدىكى قىزىل قاغا تىم - تۇراسى قىسمەن ئوخشاشلىقلارغا ئىگە بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ (چوڭ تىمنىڭ) ئەتراپىدىكى خۇمدان ئىزى، دەپ قارالغان قەدىمكى ئىزلاردىن تېپىلغان بۇيۇملارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىدىن قارىغاندا، چوڭ تىمنىڭ يىل تارىخى نىسبەتەن قەدىمىيرەك بولۇپ، تەخمىنەن سۈي سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچلىرىدا ياسالغان بولۇشى مۇمكىن، دەپ قاراشقا بولىدۇ.

چوڭ تىم خارابىسى — يىپەك يولىنىڭ شىنجاڭ تەۋەسىدىكى يول بۆلەكلىرىگە ياسالغان قەدىمكى مۇئەسسەسەلەرنى تەتقىق قىلىشتا زور ئىلمىي قىممەتكە ئىگە مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى. ئۇنىڭ ئەتراپىدىن تېپىلغان نەقىشلىك ساپال بۇيۇملارنىڭ قالدۇقى قەشقەر مۇزېيىدا ساقلانماقتا. 2001- يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى چوڭ تىم خارابىسىنى«ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتى-

لىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى» دەپ ئېلان قىلدى.

## تاش قەلئە خارابىسى

تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىدىن 1 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئېگىزلىكتە جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرگە مەشھۇر بولغان «تاش قەلئە خارابىسى» بار. 1902- يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بۇ ئورۇندا «پۇلىفۇ» ( 蒲黎府 ) دېگەن نام بىلەن ناھىيە تەسىس قىلىپ، پەرمان چىقىرىش شۆبە مەھكىمىسى قۇرغان. كونا قورغاننى رېمونت قىلىش بىلەن بىرگە قەلئەنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا يامۇل، لەشكەرگاھ ۋە ئاھالىلەر تۇرالغۇلىرىنى ياساتقان. شۇڭا، تاشقورغاندىكى يەرلىك ئاھالىلەر بۇ يەرنى «كونا يامۇل» دەپمۇ ئاتىشىدۇ.

تاش قەلئەنىڭ غەرب تەرىپى سىرىققول چوققىسىغا، شەرق تەرەپى تاشقورغان دەرياسىغا، جەنۇب تەرىپى تاغدۇمباش تېغىغا تۇتىشىدۇ. شىمالىي تەرىپىدە سۇباش داۋىنى بار. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 3100 مېتىر. بۇ قەدىمىي شەھەر خارابىسى تاغ ئۈستىنى بويلاپ ياسالغان ئېللىپس شەكلىدىكى قورۇلۇش بولۇپ، شەھەر سېپىلىنىڭ ئايلانمىسى 1285- مېتىر. شەھەر قەلئەسىنىڭ كۆرۈنۈشى بىر ئاز رەتسىز، ئەمما ساقلىنىشى نىسبەتەن مۇكەممەل بولۇپ، ئىزناسى ئېنىق بىلىنىپ تۇرىدۇ. شەھەرنىڭ شەرق تەرىپىدە ئات يۈزى شەكلىلىك بىر ئورۇن بولۇپ، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تىك يول ئارقىلىق تاغنىڭ ئاستىغا چۈشكىلى بولىدۇ. شەھەر خارابىسىنىڭ شەرقىدىكى ئاشۇ يول قەلئەدىن سىرتقا چىققىلى بولىدىغان بىردىنبىر يول ھەم شەھەر قوۋۇقى ھېسابلىنىدۇ. تاش قەلئەنىڭ سېپىل تاملىرى تاش، خام كېسەك ۋە لايدىن قوپۇرۇلغان. قەلئە سېپىلىنىڭ ئەتراپىنى يەنە ئىككى قات سېپىل ئوراپ تۇرىدۇ. بەزى تەتقىقاتچىلار سىرتقى سې-

يىلنى 1440- يىللار ئەتراپىدا مىرزا ئابابەكرى ياسىتقان دەپ قارىشىدۇ. ئەمما، بۇخىل قاراشتىكىلەرنىڭ نېمىنى ئاساس قىلغانلىقى ئېنىق ئەمەس.

1982- يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ خادىملىرى تاش قەلئەدە ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. شۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشتە بۇ ئورۇندىن مىلادىيە VII ئەسىرلەرگە تەئەللۇق مىس پۇل ۋە يېڭى تاش قورال دەۋرىگە تەئەللۇق بىر قىسىم تاش قورال، سانسكرىت ( 梵文 ) تىلىدىكى يازمىلارنىڭ قالدۇقلىرى ( قېيىن دەرىخى قوۋزىقىغا يېزىلغان) تېپىلغان. ئارخېئولوگلار تاش قەلئەدىن تېپىلغان ياغاچ كۆمۈرنى $C_{14}$ بىلەن تەكشۈرۈش ئارقىلىق ياغاچ كۆمۈرنىڭ تەخمىنەن 1300 يىل ئىلگىرىكى ۋاقىتقا تەۋە ماتېرىيال ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن.

بۈگۈنكى تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ نامى دەل «تاش قەلئە» دەپ ئاتالغان ئاشۇ قەدىمىي شەھەرنىڭ نامى بىلەن( 石头城 ) («تاش شەھەر» ، «تاش قورغان» دەپ تەرجىمە قىلىنىدۇ) ئاتالغان. خەلق ئارىسىدا بۇ شەھەرنى XV ئەسىرلەردە يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ سەركەردىسى، ھەربىي ئالىم، مەشھۇر تارىخچى مىرزا ھەيدەر كوراگان ياسىتقان، دەپ قارايدىغانلار بار. لېكىن، بۇخىل قاراشنىڭ تارىخىي رېئاللىق ۋە ئىلمىي پاكىتلار بىلەن ئۇيغۇنلۇقى يوق. ئېھتىمال XV ئەسىرلەردە بۇ قورغان بىر قېتىم رېمونت قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، شەھەر خارابىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تىندۇرمىلار ئۇنىڭ تارىختا بىر قېتىم رېمونت قىلىنغانلىق ئېھتىمالى بارلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەمما، بۇ ھەرگىزمۇ تاش قەلئەنىڭ دەسلەپكى ياسالغان ۋاقتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. چەت ئەل تارىخىي مەنبەلىرىدىن مىلادىيە I ئەسىردە ئۆتكەن يۇنان ئالىمى جۇغراپىيون پتولېمىينىڭ «ماكېدونىيىلىك سودىگەر مائېس تىتيانۇسنىڭ سېرىس (يىپەك) ئېلىگە قىلغان سەپەر خاتىرىسى» دە: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى

ھامادان، مەرۋى قاتارلىق جايلارنى بېسىپ ئۆتۈپ، تاش شەھەرگە بارغان① دەپ يازغان. فرانسىيىلىك لى. بويلىيونس «يىپەك يولى» دېگەن ئەسىرىدە«تىتايانوس بارغان شەھەر پامىر ئېگىزلىكىدىكى تاش شەھەر②» دەپ يازغان. تارىخىي خاتىرىلەردىن «غەربىي يۇرت يەر ناملىرى» نىڭ 94-بېتىدە«تاش قەلئە پۇلى بەگلىكىنىڭ مەركىزى③» دەپ خاتىرىلەنگەن. ئوتتۇرا ئەسىرگە تەئەللۇق پارسچە جۇغراپىيىۋى ئەسەر «ھۇدۇدۇلئالەم» دېگەن ئەسەردە بۇ قەلئەنى«تاش مۇنار ياكى تاشتىن ياسالغان قورغان④ دەپ خاتىرىلەنگەن.

تاش قەلئە خارابىسىنىڭ يىل دەۋرىگە نىسبەتەن يۇقىرىدىكى تارىخىي ئۇچۇرلارنى ۋە قەلئە دائىرىسىدىن تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، بۇ شەھەرنى تەخمىنەن مىلادىيە Ⅱ ئەسىرلەردە بىنا قىلىنغان، دەپ قاراشقا بولىدۇ. «كېيىنكى خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە تاش قورغان (蒲黎国) دەپ ئاتالغان بۇ قەلئە چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىمۇ ھەربىي گازارما، قاراۋۇلخانا سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەن. تاجىك قەھرىمانى قولچاق قوقەند تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى كۈرەشتە مۇشۇ قەلئەدە قۇربان بولغان دېيىلگەن قاراشلار بار.



تاش قەلئە سېپىلىنىڭ كۆرۈنۈشى

①، ②، ③، ④ شېرىن قۇربان: «تاش قورغاندىكى قەدىمكى ئىزلار»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 1994-يىللىق 2-سان (ئۇيغۇرچە)؛ «ھۇدۇدۇلئالەم»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، (ئۇيغۇرچە) 2003-يىلى نەشرى، 56 — 119-بەت.

XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ چەت ئەللىك ئېكسپېدىتسىيەچىلەر بۇ يەرگە كۆپ قېتىم كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان بولۇپ، 1889- يىل 7- ئايدا ئەنگلىيىلىك پاۋىل دېگەن كىشى بۇ يەرنى تەكشۈرگەن. كېيىن ئاۋرېل ستەيىن تەكشۈرگەن. پامىر ئېگىزلىكىدىكى بۇ قەدىمىي قورغان قەشقەرنىڭ قەدىمكى دەۋرلەردىكى شەھەر قەلئە تەرەققىياتى، ھەربىي ئەسلىھەلىرىنى، جۈملىدىن «قەدىمكى يىپەك يولى» مەدەنىيەتلىرىنى ئۇنىۋېرسال تەكشۈرۈشتە زور تارىخىي، ئىلمىي قىممەتكە ئىگە.

1986- يىلى بۇ ئورۇن ناھىيە دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى؛ 1990- يىل 12- ئاينىڭ 9- كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن «ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى» دەپ ئېلان قىلىنغان. 2001- يىلى گوۋۇيۈەن 5- تۈركۈمدە ئېلان قىلغان ئورۇنلار قاتارىدا تاش قەلئە خارابىسىنى «مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى» دەپ ئېلان قىلغان. تاش قەلئە دائىرىسىدىن تېپىلغان بىر قىسىم مەدەنىيەت يادىكارلىق بۇيۇملار قەشقەر ۋىلايەتلىك مۇزېي ۋە تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ئورنىدا ساقلانماقتا.

# قىزقورغان خارابىسى

قىزقورغان قەلئە خارابىسى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى دەفتەر يېزىسىنىڭ جەنۇبىدىكى تاغدىنباشىنىڭ، پامىر ئېگىزلىكىنىڭ غەربىدىكى سارايدۆڭ تاغ بۆلىكىنىڭ ئاخىرقى ئۇچى بولغان «قىز جىلغا» (ئەسلىي قىزىل جىلغا. ئا) ئۈستىگە جايلاشقان. ئۇنىڭ دېڭىز يۈزى بىلەن بولغان ئېگىزلىكى 4000 مېتىر بولۇپ، مەملە-

كىتىمىزدىكى دېگىنىمىز يۈزىدىن ئەللىك ئېگىز جايغا ئورۇنلاشقان خارابە-
لەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

بۇ قورغاننىڭ سېپىل تاملىرى تاغ چوققىلىرىنىڭ شەكلىگە بويسۇندۇرۇلۇپ ياسالغان. قىياپىتى ئېللىپس شەكلىگە مايىلراق، غەرب تەرىپى ئېگىز، شەرق تەرىپى پەس. غەرب تەرەپ سېپىلىنىڭ چوقچىيىپ چىققان بۆلىكىدە ھازىرغا قەدەر مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغان بىر سۇپا شەكىللىك پەشتاق بولۇپ، ناھايىتى خەتەرلىك. مۇشۇ سۇپىغا يېقىنلاشقاندا قورغان ئېغىزىنىڭ قالدۇق ئىزنالىرىنى ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ. قورغاننىڭ بەزى ئورۇنلىرىنىڭ قاشا تامل-
رى يوق، پەقەت سېپىل تاملىرىنىڭ ئۇل قىسمىلا كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. قورغاننىڭ ئىچكى قىسمىدا يەنە روشەن ساقلىنىپ قالغان ئۆي ئىزنا-
لىرىمۇ بار بولۇپ، ئۆيلەرنىڭ ئۇلىغا بېسىلغان يوغان تاشلار، شاخ-
شۇمبىلار ئېنىق كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدۇ[1].

قىزقورغان خارابىسى توغرۇلۇق خەلق ئارىسىدا مۇنداق بىر رىۋايەت بار: «يىراق قەدىمكى زاماندا بۇ يەر مەغرىپكە بارىدىغان مۇ-
ھىم كارۋان يولى ئىكەن. مەغرىپنىڭ سودىگەر، سەيياھلىرى مۇشۇ تاغ يولىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، مەشرىق ئېلىدىكى مەملىكەتلەرگە بارىدى-
كەن. مەشرىق ئېلىنىڭ كىشىلىرىمۇ مۇشۇ يولدىن ئۆتمەي مەغرىپ ئەللىرىگە بارالمايدىكەن. شۇنداق زامانلارنىڭ بىرىدە، مەغرىپ تەرەپ-
تە ناھايىتى كۈچلۈك بىر ئىمپېرىيە باش كۆتۈرۈپتۇ. ئۇلارنىڭ زالىم پادىشاھى ناھايىتى ئاچ كۆز بولۇپ، ئەتراپىدىكى نۇرغۇن ئەللەرنىڭ زېمىنلىرىنى ھەربىي تاجاۋۇزچىلىق ئارقىلىق ئۆز زېمىنلىرى تەۋەلى-
كىگە قوشۇۋاپتۇ. نۇرغۇن بىگۇناھ ئادەملەرنى ئۆلتۈرۈپتۇ. خەلقنىڭ نارازىلىقىنى باستۇرۇپتۇ ھەمدە ئۆز تەسىرىنى شەرققە كېڭەيتىش مەقسىتىدە ئەلچىلەرنى شەرقتىكى ئەللەرگە ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ ئۆزى-
گە قارام بولۇشنى ئېيتىپتۇ. شەرتىمگە كۆنمىگەنلەرنىڭ دۆلىتىنى

① ئادىل تۇران: «قەشقەردىكى قەدىمكى ئىزلار» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، (ئۇيغۇرچە) 292-بەت.

ۋەيران قىلىپ، ئادەملىرىنى ئۆلتۈرمەن دەپتۇ. مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە شەرقتىكى بىر مەملىكەت ئۆز تەقدىرىدىن ئەندىشە قىلىپ، ئۇلار بىلەن سۇلھى تۈزۈش مەقسىتىدە نۇرغۇن مال - دۇنيا، سوۋغا - سالاملار بىلەن بىرگە، پادىشاھىنىڭ گۈزەل مەلىكىسىنىمۇ سوۋغات سۈپىتىدە ھېلىقى كۈچلۈك دۆلەتنىڭ پادىشاھىغا يوللاپ، ئەلچى - كارۋانلارنى مۇشۇ تاغ يولى ئارقىلىق يولغا ساپتۇ. ئۇنىڭ ئەلچى - كارۋانلىرى يول يۈرۈپ دەل مۇشۇ جايغا كەلگەندە، قارشى تەرەپتىكى بىر مەملىكەتتە ئۇرۇش بولۇپ، يولنىڭ توسۇلۇپ قالغانلىقىدىن خەۋەر تېپىشىپتۇ. ئۇلار ئۇرۇش تىنچىغۇچە مۇشۇ تاغ يولىدا بىر مەزگىل توختاپ تۇرماق بولۇپ بارگاھ قۇرۇپتۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پەقەت پادىشاھنىڭ مەلىكىسىلا ئايال كىشى بولغانلىقتىن، كارۋان بېشى مەلىكىنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن مۇشۇ جايغا بىر قورغان ياسىتىپ، مەلىكىنى ئاشۇ قورغان ئىچىدە تۇرغۇزۇپتۇ. ئۇنىڭغا ئاغۋاتلارنىڭ مۇلازىمەت قىلىشىدىن باشقا ھېچقانداق ئەر جىنسى يېقىنلىشالمايدىكەن. لېكىن، ئالتە ئايدىن كېيىن كارۋان بېشى مەلىكىنىڭ ھامىلىدار بولۇپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ، دەرغەزەپكە كېلىپ ئەتراپىدىكىلەرنى بىر - بىرلەپ سوراق قىلىپ، گۇمانلىق دەپ قارالغان كىشىلەرنىڭ جىنسىنى تېنىدىن جۇدا قىپتۇ. بۇنىڭغا چىداپ تۇرالمىغان مەلىكە ئاخىر ئۆزىنىڭ قانداق ھامىلىدار بولۇپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى كارۋان بېشىغا ئېيتىپ: «بۇ يەردە گۇناھكارلار يوق، قورسىقىمدىكى بالا شەرقتىكى مەشۇقۇمنىڭ بالىسى. ئۇ مەن مۇشۇ قورغانغا جايلاشقان كۈندىن باشلاپ ھەركۈنى دەل كۈن چۈش بولغاندا ئاق تۇلپارغا مىنىپ، قۇياش نۇرىغا ئوخشاش مېنىڭ ھۇزۇرۇمغا كېلىدۇ» دەپتۇ. مەلىكىنىڭ سۆزلىرىدىن ھەيران قالغان كارۋان بېشى ئاق تۇلپارلىق يىگىتنى تۇتماق بولۇپ كۆزەتچىلەرنى قويۇپ بېقىپتۇ. ئەمما، ئۇنى تۇتۇش مۇمكىن بولماپتۇ.» شۇنىڭ بىلەن مەشرىق پادىشاھىنىڭ بۇ سەپىرى يوققا چىقىپتۇ. بۇ خەلق ئارىسىدا ساقلىنىپ قالغان ئەپسانە، خالاس. لېكىن، بۇ توغرىدا VII ئەسىردە شۇەنزاڭ

يازغان «ئۇلۇغ تاڭ دۆلىتىدىن غەربىي يۇرتقا سەپەر خاتىرىسى» (大唐西域记) دېگەن ئەسەرنىڭ «قىرپانە دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشى» دېگەن قىسمىدا بۇ قورغان ھەققىدە «شەرق مەلىكىسى» (东土公主) «كۈن تەڭرىدىن تۆرەلمىش خەنزادە» (汉种天日) دېيدىغان رىۋايەتلەر ئاساسىدا خاتىرە قالدۇرغان ئەپسانىۋى تۈستىكى چۈشەندۈرۈشلەر بار. ئېھتىمال بۇمۇ يۇقىرىقى ئەپسانىنىڭ ھەرخىل ۋارىيانتلىرى بولۇشى مۇمكىن. دېمەك، شۇ رىۋايەتكە ئاساسلانغاندا، بۇ قورغاندا مەلىكىنىڭ ئىپپىتى غايىبتىن بۇزۇۋېتىلگەنلىكتىن، «قىز قۇرۇغان» دەپ ئاتالغانمىش. ھازىر بولسا «قىزقورغان» دەپ ئاتالماقتا.

تارىختىن بۇيان قىزقورغان خارابىسىدە كۆپ قېتىم تەكشۈرۈشلەر ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئورۇنلاردىن قانداق بويۇملارنىڭ تېپىلغانلىقى توغرىسىدا ھېچقانداق مەلۇمات يوق. بۇ يەرنى ئەنگلىيىلىك ئاۋرىل ستەيىن 1906- يىلى 6- ئايدا تۇنجى قېتىم تەكشۈرگەن. قىزقورغان تاجىك تىلىدا «قىزىل قورغان» دەپ ئاتىلىدىغان بولسىمۇ، لېكىن ئاۋرىل ستەيىننىڭ «قىزقورغان» دەپ خاتىرىلىشى بىلەن ھازىرغا قەدەر شۇنداق ئاتىلىپ كەلمەكتە. ئېلىمىزنىڭ تارىخىي كىتابى «كېيىنكى خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دىكى ئىزاھاتتا قوچان قورغىنى دەپ ئاتىلىدىغان بىر قورغاننىڭ پامىر تاغلىرى ئارىسىدىكى بىر جاينىڭ نامى ئىكەنلىكىنى قەيت قىلغان. يەنە شۇ كىتابتىكى ئىزاھاتتا دېرو بەگلىكى (德若国) [1] دېيىلىدىغان بەگلىكنىڭ تاشقورغان (蒲黎国) بەگلىكىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا توغرا كېلىدىغانلىقىنى قەيت قىلغان. ئېھتىمال مۇشۇ ئاتالغۇلار ئۈستىدىكى تەتقىقات چوڭقۇرلاشسا، قىزقورغان خارابىسىگە بولغان ئىلمىي يەكۈن تېخىمۇ قايىل قىلارلىق بولالىشى مۇمكىن. ئەمما، شۇ تەرىپى ئېنىقكى، تارىختا بۇ قورغاننىڭ ھەربىي مۇداپىئە گازارمىسى بولغان-

① «كېيىنكى خەننامە»، 1996- يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، (ئۇيغۇرچە) 547- بەت.

لىقى تۈزىدىن بىلىنىپ تۇرىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە
ھىندىستان، پاكىستان، كەشمىر، ئافغانىستان قاتارلىق دۆلەتلەر
بار. بۇ خىل ئىستراتېگىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم بولغان تاغلىق
چېگرىلاردا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش تاغ چوققىسىغا ياسالغان قەدىمىي
قورغانلارنىڭ بولۇشى نورمال ئىش.

قىزقورغان خارابىسىنىڭ يىل دەۋرى توغرۇلۇق تا ھازىرغىچە
ئېنىق مەلۇمات يوق. بۇ خارابىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى تاشقورغاندىكى
باشقا خارابىلەرنىڭ ئەھۋالىغا سېلىشتۇرغاندا تارىخى نىسبەتەن ئۇزاق،
مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە توغرا كېلىشىمۇ مۇمكىن. بۇ
غەربىي يۇرتىنىڭ قەدىمكى دەۋرلەردىكى چېگرا مۇداپىئە ئەھۋاللىرى-
نى، يىپەك يولى مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا زور تارىخىي قىممەتكە
ئىگە مۇھىم مەدەنىيەت يادىكارلىقىدۇر. ئۇ ھازىر تاشقورغان تاجىك
ئاپتونوم ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش - باشقۇرۇش
ئورنى تەرىپىدىن قوغدىلىپ كېلىۋاتقان ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك
نۇقتىلىق مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنىدۇر.

## ياۋلىق بۇددىزم ئىزى

ياۋلىق دەپ ئاتىلىدىغان بۇ خارابە قەشقەر شەھىرى تەۋەسىدىكى
بۇددىزم دەۋرىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان مۇھىم خارابە. ئۇ قەشقەر
شەھىرىنىڭ شىمالىدىن 12 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئورۇنغا جايلاش-
قان. قەشقەر - ئۈرۈمچى تاشيولى بۇ خارابىنىڭ غەربىدىن ئۆتىدۇ.
خارابە ئىزىنىڭ شىمالىي تەرىپى چاقماق دەرياسىغا تۇتىشىدۇ، شەرق
تەرەپتىن قەشقەر شەھىرىگە تەۋە قوغان يېزىسىنىڭ ياۋلىق كەنتى
بىلەن تۇتاش، جەنۇب تەرىپىگە قەشقەر ئېلېكتر ئېنېرگىيە شىركىتى
خىش خۇمدىنى قۇرۇۋالغان. ئەمەلىيەتتە، قەشقەر - ئۈرۈمچى تاشيو-
لى بۇ يەردىكى خارابىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتكەن بولۇپ، بۇ

تاشيولنىڭ غەرب تەرىپىدىكى شىغىل تۆپىلىكلەردىن تارتىپ، قەشقەر قاتناش مەكتىپىنىڭ شوپۇرلارنى تەربىيىلەش مەيدانىغىچە بولغان ئارىلىقتا يەنە قەدىمىي قەبرىلەر، «دەقيانۇسنىڭ شەھىرى» دەپ ئاتىلىدىغان خارابە ئىزلىرى، بۇتخانا ئىزى قاتارلىق نۇرغۇن ئىزلار بار ھەمدە بۇ ئورۇنلاردىن برونزا پىچاق، قۇم قازان، لاي مونەكچىگە چاپلىشىپ قالغان براخمان يېزىقىدىكى يازمىلارنىڭ قالدۇقى، ساپال ئىدىشنىڭ پارچىسى، ساپال كۈپنىڭ ئاستى قىسمى، رەڭلىك ساپال پارچىلىرى، ياغاچ بۇيۇم قاتارلىق نۇرغۇن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تېپىلغان. ھېلىھەم بۇ جايدا نۇرغۇن ساپال پارچىلىرى تارقىلىپ تۇرۇۋاتماقتا. لېكىن، بۇ ئورۇنلار ياۋلىق خارابىسىنىڭ ئەمەلىي قوغدىلىش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلمىگەن.



ياۋلىق خارابىسىدىن قېزىۋېلىنغان
ئۈچ قۇلاقلىق ساپال كوزا

ياۋلىق ئىزىنىڭ (تاشيولنىڭ شىمالىي قىسمى) كۆلىمى نىسبەتەن چوڭ. جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان ئۇزۇنلۇقى 1 كىلومېتىر، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 500 مېتىر كېلىدۇ. بۇ ئىزغا بولغان تەبىئىي ۋە سۈنئىي بۇزغۇنچىلىق ناھايىتى ئېغىر بولغانلىقتىن، خارابىنىڭ مەدەنىيەت قاتلىمى قالايمىقانلىشىپ كەتكەن. كۆپ قىسىم ساپال بۇيۇملار يەرنىڭ ئۈستىگە چىقىپ قالغان. قەدىمكى خۇمدان ئىزلىرى بۇزۇلۇپ، پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان ھالەتكە كېلىپ قالغان. ياۋ-

لىق خارابىسىدىن ئاساسەن ساپال بۇيۇملار كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇ يەردىن تېپىلغان ساپال بۇيۇملارنىڭ تۈرى، شەكلى، رەڭلىرى، ئاۋۇلىنىش، سىزىلغان ۋە ئويۇلغان گۈل - نەقىشلىرى ئىنتايىن مول ھەم ناھايىتى قەدىمىي. بۇ ئىزدىن تېپىلغان بىر قىسىم بۇيۇملار ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيى ۋە قەشقەر ۋىلايەتلىك مۇزېيىدا ساقلانماقتا.

ياۋىلىق خارابىسىدە چەت ئەللىكلەرنىڭ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغانلىقى توغرىسىدا مەلۇمات يوق. ئەمما، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى ۋە قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش - باشقۇرۇش ئورنىنىڭ خادىملىرى بۇ ئىزدا بىرقانچە قېتىم تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ نۇرغۇن ساپال بۇيۇملارنى تاپقان. ئەڭ مۇھىمى، قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش - باشقۇرۇش ئورنىدىكى خادىملار 1984- يىلى بۇ ئىزدا ئېلىپ بارغان بىر قېتىملىق تەكشۈرۈشتە، ئىنتايىن نەپىس ياسالغان قىزغۇچ رەڭلىك، ئۈچ قۇلاقلىق يوغان كوزىدىن بىرنى تاپقان. كوزىنىڭ ئېگىزلىكى 57 سانتىمېتىر، ئېغىزىنىڭ دىئامېتىرى 28.2 سانتىمېتىر، ئاستى قىسمىنىڭ سىرتىنىڭ دىئامېتىرى 19.5 سانتىمېتىر. كوزا ئاغزىنىڭ گىرۋەكلىرىگە تۇتاش ھالەتتىكى چەمبەر شەكىللىك نەقىش چېقىرىلغان. كوزىنىڭ ئۈچ قۇلىقىنىڭ ھەممىسىدە نەقىش بار. كوزا قۇلىقى بىلەن كوزا ئاغزىنىڭ تۇتىشىدىغان قىسمىدا ئادەمنىڭ باش قىسمىنىڭ سۈرىتى بار. بۇ سۈرەت كوزا ياسىلىپ بولغاندىن كېيىن، كوزىنىڭ قۇلاق قىسمىغا چاپلاپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان، ئاندىن خۇمدانغا سېلىپ پىشۇرۇلغان. كوزىنىڭ بويۇن قىسمىدىن تارتىپ قورساق قىسمىغىچە بولغان ئارىلىقتا يۇمىلاق شەكىللىك، بادام شەكىللىك، ياپراق شەكىللىك گۈل - نەقىشلەر، يەنە چۈكتۈرمە ۋە قاپارتما شەكىلدىكى شارسىمان نەقىشلەر، ئاشۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئىككى شارچىنىڭ بىرىنىڭ ئىچىدە بېشىغا تاج كىيگەن بىر ئادەمنىڭ سۈرى-

تى، يەنە بىرىدە ئولتۇرغان ئادەمنىڭ سۈرىتى بار، يەنە كۆيۈۋاتقان مەشئەل ياكى گۈلخاننىڭ سۈرىتىمۇ بار. تاج كىيگەن ئادەمنىڭ بىر قولىغا توخۇ بېشى ئۇسخىسىدىكى بىر دانە چەينەك تۇتقۇزۇلغان، بىر قولىغا قەدەھ تۇتقۇزۇلغان. بۇ كوزا ھازىر قەشقەر ۋىلايەتلىك مۇزېيدا ساقلانماقتا.

1996- يىلىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى سېلىشتۇرۇپ باھالاشتا مۇتەخەسسىسلەر ئۇنى دۆلەت 1- دەرىجىلىك ساقلانما بۇيۇم، دەپ بېكىتكەن. بۇ ئىزدىن، بۇ كوزىدىن سىرت، يەنە بىرقانچە دانە يوغان ساپال كوپ، نەقىشلىك كوزىلارنىڭ پارچىلىرى تېپىلغان. يۇقىرىقىدەك نەرسىلەردىن باشقا، ياۋلىق خارابىسىدىن بۇگۈنگە قەدەر ئىسلام مەدەنىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك تېپىك بۇيۇملار تېپىلمىدى. بۇ ياۋلىقنىڭ ئىسلام دىنى قەشقەرگە تارقىلىپ كىرىشتىن بۇرۇنقى دەۋرلەردە ئاۋات شەھەر - مەھەللىلەردىن بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ خارابە قەشقەر تەۋەسىدىكى بۇددىزم مەدەنىيەت بەلۋېغى بولغان چاقماق دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىغا جايلاشقان.

ياۋلىق ئىزىنىڭ بايقىلىشى كېيىن، جايلاشقان ئورنى مەھەللىلەرگە يېقىن بولۇشى ۋە قەشقەر شەھىرى بۇ ئىزنىڭ ئەتراپىدا كۆپ خىل تەرەققىيات قۇرۇلۇشلىرىنى ئېلىپ بارغانلىقى سەۋەبلىك، سۇنئىي بۇزغۇنچىلىقلارنىڭ تەسىرىگە ئېغىر دەرىجىدە ئۇچرىغان. 1993- يىلى بۇ ئىزدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي ۋە ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ خادىملىرىدىن ياڭ يىيوڭ قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش - باشقۇرۇش ئورنىنىڭ خادىملىرى بىلەن بىرلىكتە قۇتقۇزۇش خاراكتېرىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش خىزمىتىنى ئىشلىگەن. 1997- يىل 7- ئايدا بۇ ئىزنىڭ غەربىي قىسىم (تاشيولنىڭ غەربىدە) بۆلىكىدە قەشقەر شەھىرىنىڭ ئۆستەڭ قېزىش قۇرۇلۇشىغا ماسلىشىپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ خادىملىرىدىن

لۇئېنگو، توختى تۇراخۇن قاتارلىقلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش - باشقۇرۇش ئورنىدىكى ئادىل مەمەت تۇران، باتۇر ئەزىز، يالقۇن سايىت، مامۇت ھاجى قاتارلىق خادىملار قوتقۇزۇش خاراكتېرىدىكى قېزىش ئېلىپ بارغان. شۇ قېتىم يەنە مۇشۇ ئىزنىڭ تېخىمۇ غەربىي قىسمىدىكى تۆپىلىككە جايلاشقان تاش دۆۋىلىك قەدىمىي قەبرىلەردە سىناق تەرىقىسىدە قېزىش ئېلىپ بېرىپ (ئىككى قەبرە قېزىلغان.)، $M_2$ نومۇرلۇق قەبرىدىن جەسەت كۆلى قاچىلىنىدىغان كوزىدىن بىرنى تاپقان. ھازىر بۇ كوزا قەشقەر ۋىلايەتلىك مۇزېيدا ساقلانماقتا. يۇقىرىقى ئەھۋاللارنى تەھلىل قىلغاندا، ياۋىلىق دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان بۇ ئىزنىڭ قەشقەر شەھىرى تەۋەسىدىكى ئىنتايىن مۇھىم بىر بۇددا خارابىسى ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ.

1991- يىلى قەشقەر ۋىلايىتىدە ئېلىپ بېرىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئومۇمیۈزلۈك تەكشۈرۈشتە، بۇ ئىزنىڭ كونكرېت جۇغراپىيىلىك ئورنى شىمالىي كەڭلىك 39°34′ — 39°35′، شەرقىي ئۇزۇنلۇق 75°59′ — 75°60′ لۇق ئورۇندا، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1350 مېتىر دەپ بېكىتىلىپ، ئىزنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى ياۋىلىق مەھەللىنىڭ نامىغا ئاساسەن «ياۋىلىق ئىزى» دەپ تىزىمغا ئېلىنغان.

ياۋىلىق ئىزىغا بولغان سۈنئىي بۇزغۇنچىلىق تا ھازىرغا قەدەر داۋاملىشىۋاتقانلىقتىن، قەشقەرنىڭ بۇددىزم مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئورۇننى تۇتىدىغان بۇ ئىز ۋەيران بولۇپ، يوقىلىش گىردابىدا تۇرماقتا. ئۇنى قوغداپ قېلىش تولىمۇ زۆرۈر.

## كەپتەرخانا بۇتخانا خارابىسى

كەپتەرخانا قەشقەرنىڭ بۇددىزم دەۋرىگە تەئەللۇق قەدىمكى ئىمارەت خارابىسى. ئۇ قەشقەر شەھىرىگە (ئىلگىرى كونىشەھەر ناھىيە-

سىگە تەۋە ئىدى) قاراشلىق بەشكېرەم يېزىسىنىڭ غەربىي شىمال
تەرىپىگە 8 كىلومېتىر كېلىدىغان كەپتەرخانا كەنتى تەۋەلىكىدە.
كەپتەرخانا دەپ ئاتالغان بۇتخانا خارابىسىنىڭ تۆت ئەتراپى دېھقانلار-
نىڭ ئولتۇراق ئۆيى ۋە تېرىلغۇ يەرلەر بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدۇ. مەن
1997- يىلى بەشكېرەم تەۋەسىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىق ئىز -
خارابىلىرىنى تەكشۈرۈش جەريانىدا كەپتەرخانا بۇتخانا خارابىسىگە كې-
لىپ تەكشۈرۈش، ئۆلچەش خىزمىتىنى ئىشلەپ باردىم. تەكشۈرۈش
جەريانىدا بۇ ئورۇندىن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا مۇناسىۋەتلىك
ھېچقانداق بۇيۇم ئۇچرىمىدى. لاي، كېسەكلەر بىلەن قوپۇرۇلغان
بۇتخانا ئىمارىتىنىڭ قالدۇق قىسمى تامنىڭ شەرقتىن غەربكە ئۇزۇن-
لۇقى 7.3 مېتىر، تامنىڭ نىسبەتەن مۇكەممەل (ساقلىنىپ قالغان
قىسمىنىڭ ئۇلىنىڭ كەڭلىكى 0.9 مېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭ-
لىكى 5.5 مېتىر، تامنىڭ ساقلىنىپ قالغان بۆلىكىنىڭ ئەڭ ئېگىز
يېرى 3.7 مېتىر) بولۇپ، باشقا ئەسلىھەلىرى بۇزۇلۇپ تۈگىگەن.
بۇتخانىنىڭ ئىچكى قىسمىدا تاملارغا ئويۇلغان بۇت تەكچىلىرى ياكى
نوم تەكچىلىرى (مەن شۇنداق قارىدىم.) ناھايىتى ئاز سانىدا ساقلى-
نىپ قالغان بولۇپ، كۆپ قىسمى يامغۇر، بورانىنىڭ تەسىرىدە پەرق
ئەتكىلى بولمايدىغان ھالەتتە ئۆپراپ كەتكەن. بۇتخانىنىڭ ئەتراپىنى
دېھقانلارنىڭ ئولتۇراق ئۆي ۋە تېرىلغۇ يەرلىرى ئوراپ تۇرغانلىقتىن،
كەپتەرخانا بۇتخانا قۇرۇلۇشىنىڭ ئەسلىي كۆلىمىنىڭ زادى قانچىلىك
ئىكەنلىكىنى ئۆلچەپ چىقىشقا مۇمكىن بولمىدى.

كەپتەرخانا بۇتخانىسىنى 1894- يىلى شۋېتسىيىلىك مەشھۇر
جۇغراپىيىون، ئارخېئولوگ سۋېن ھېدىن تەكشۈرۈپ ئۆلچىگەن. ئۇ
1894- يىلى قەشقەرگە ئىككىنچى قېتىم كېلىشىدە قەشقەر شەھىرى
تەۋەسىدىكى ئەسكىھىسار قەدىمىي شەھەرخارابىسىنى، مورا بۇددا مۇ-
نارىنى، خانئۆي قەدىمىي شەھىرى خارابىسى قاتارلىق ئورۇنلارنى
تەكشۈرۈش جەريانىدا كەپتەرخانا بۇتخانىسىنىمۇ تەكشۈرۈپ، مۇنداق
خاتىرە قالدۇرغان: «مورتىمدىن قايتىش يولىدىكى تەخمىنەن 3 ئىنگ-

لىمىز مىلى كېلىدىغان جايدا تەخمىنەن 22 ئىنگلىز مىلى كۆلەمدىكى غەلىتە بىر ئىمارەتنى كۆردۇم. تاختايدا قوپۇرۇلغان قېلىن توپا تام كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۇ كەپتەرخانا بولۇپ، 10 ئىنگلىز دىيۇيم كېلەدىغان كىچىك كاتەكلەرگە ئايرىلغان ئىكەن. تامنىڭ ئىچىدىكى يەردە ئادەمنىڭ پارچە - پارچە سۆڭەكلىرى تۇراتتى. بۇ تاشلاندۇق ئىمارەتتىن ئۇنىڭ يىل دەۋرىنى ئىسپاتلىغۇدەك بىرەر نەرسە تېپىلمىدى. شەكلى ۋە تاشقى كۆرۈنۈشى خۇددى جەسەت كۆلى ساقلايدىغان ئۆيدەك غەلىتىرەك ئىدى. ئەمما، بۇددا دىنىدا ياكى ئىسلام دىنىدا بۇ خىل ئادەت يوق»①. يەرلىك كىشىلەر بۇ يەرنى بۇتپەرەسلەرنىڭ ئۆيى بولۇپ، مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن چېقىپ تاشلانغان، ئىلگىرى بۇ يەردە نۇرغۇن بۇتلارنىڭ چېقىلغان قالدۇقلىرى بار ئىكەنلىكىنى كۆرگەنلەر بولغانىكەن، دەپ قارىشىدۇ. بۇتخانا خارابىسى دەپ ئاتالغان بۇ قەدىمىي ئىمارەتنى سېۋىن ھېدىندىن باشقا، يەنە قايسى دۆلەتلەرنىڭ ئارخېئولوگلىرىنىڭ تەكشۈرگەنلىكى، بۇ يەردىن زادى قانداق نەرسەلەرنىڭ يىغىۋېلىنغانلىقى توغرىسىدا مەلۇمات يوق.

ناۋادا كەپتەرخانا بۇتخانا ئىمارىتىنىڭ قالدۇقىنى 1990- يىلىدىن 1991- يىلىغىچە قەشقەردە ئېلىپ بېرىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ مۇتەخەسسىسلىرى بېكىتكەندەك بۇتخانىنىڭ قالدۇقى دەپ قارىساق، ئۇنداقتا 1000 يىلدىن ئوشۇقراق تارىخقا ئىگە بۇ لاي قۇرۇلمىلىق قۇرۇلۇشنىڭ تا بۈگۈنگىچە مۇشۇنچىلىك ھالەتتە ساقلىنىپ قېلىشىنىڭ ئۆزى بىر مۆجىزە. 1991-يىلى بۇ ئورۇندا ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشتە، كەپتەرخانا بۇتخانا خارابىسىنىڭ كونكرېت جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 76°12′—76°13′، شىمالىي كەڭلىك 39°34′—39°35′ لۇق ئورۇندا، ئومۇمىي كۆلىمى 30 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ، دەپ تىزىمغا ئېلىنىپ، مەدەنىيەت يادىكارلىق ئارخىپى تۇرغۇزۇلغان. مۇتە-

① سېۋىن ھېدىن: «قۇمغا كۆمۈلگەن خوتەن خارابىسى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002- يىلى (ئۇيغۇرچە) 141- بەت.

خەمسىلەرنىڭ ئارىسىدا بۇ ئىمارەتنى VII ئەسىرلەرگە تەۋە دېگۈچىلەر-مۇ، IX ئەسىردىن XIII ئەسىرلەر ئارىلىقىدىكى دەۋرلەرگە تەۋە دەپ قارىغۇچىلارمۇ بار. لېكىن، ئۇلارنىڭ پاكىت ئاساسى كۈچلۈك ئە-مەس. بۇ قەدىمىي قۇرۇلۇشنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەكشۈرۈش زۆرۈر.

مەيلى قانداقلا بولسۇن، كەپتەرخانا بۇتخانا خارابىسى قەشقەر تەۋەسىدىكى مۇھىم مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئەمما، ئىمارەت خارابىسىنىڭ تۇرۇۋاتقان ئورنى تەبىئىي كەنتكە يې-قىن بولغانلىقتىن، بۈگۈنكى كۈندە ئۇ ھەر ۋاقىت تامامەن چېقىپ تاشلىنىپ، ئىزناسىنىمۇ تاپقىلى بولمايدىغان ھالەتكە كەپقېلىش خەۋ-پىدە تۇرماقتا.

## توققۇزقازناق بۇتخانا خارابىسى

توققۇزقازناق بۇتخانا خارابە ئىزى كونىشەھەر ناھىيە ئوپال يېزى-سىنىڭ غەربىي شىمالىدىن 3.2 كىلومېتىر يىراقتىكى ئورۇنغا جاي-لاشقان. ئۇ قەشقەرنىڭ بۇددىزم دەۋرىگە تەئەللۇق مۇھىم مەدەنىيەت يادىكارلىق خارابىسى بولۇپ، ئىلگىرى بۇ ئورۇندىن بۇددا دىنىغا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىق بۇيۇملىرى تېپىلغان. بۇ ئورۇن ئوپالدىكى «ھەزرىتى موللام تېغى»، يەنى ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقەرىنىڭ قەبرىگاھى قارار تاپقان تاغنىڭ ئۈستىگە تاش بىلەن قوپۇرۇلغان قەدىمكى بۇتخانا بولۇپ، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ مازىرىنى تەكشۈرۈپ، ئېنىقلاش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولو-گىيىلىك تەكشۈرۈشتە بايقالغان. بۇتخانا خارابىسى بىر - بىرىگە تۇتاشمايدىغان بىر قانچە رەتسىز ئۆيدىن تەركىب تاپقانلىقتىن، «توق-قۇزقازناق بۇتخانا خارابىسى» دەپ ئاتالغان. ھازىر بۇ بۇتخانا خارابى-سى تەبىئىي ۋە سۈنئىي ئاپەت تۈپەيلىدىن ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرى-غانلىقتىن، بۇتخانا ئۆيلىرىنىڭ ئەسلىدىكى ئورۇنلىشىش، ياسىلىش

ئەھۋالىنى پەرق قىلىش مۇمكىن ئەمەس. بۇ خارابە ئورنىدا پەقەت نىسبەتەن چوڭراق بولغان بۇتخانا ئۆيىدىن بىرىنىڭ ئىزناسى روشەن ساقلىنىپ قالغان. كۆلىمى 250 كۋادرات مېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ. ئۆينىڭ ئاستىغا 8 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا گەج سۇۋاق بېرىلگەن. بۇ ئېھتىمال «توققۇزقازناق بۇتخانىسى» ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ بۇتخانا ئۆيى بولۇشى مۇمكىن. «توققۇزقازناق بۇتخانا» خارابىسىنىڭ ئىگىلىگەن كۆلىمى 20 مىڭ كۋادرات مېتىردىن ئارتۇقراق، بۇتخانا خارابىسىنىڭ ئەتراپىغا تونۇر شەكىللىك قەدىمكى قەبرىلەر تارقالغان بولۇپ، بۇ قەبرىلەرنىڭ ئۆلۈكنى كۆيدۈرۈپ، جەسەت كۈلىنى دەپنە قىلىش ئۇسۇلىدىكى قەبرىلەر ئىكەنلىكى دەسلەپكى قەدەمدە بېكىتىلدى. يەرلىك كىشىلەر بۇ ئورۇننى يەنە «قالماق شەھىرى» دەپ ئاتىشىدۇ. بۇنداق ئاتاشنىڭ سەۋەبى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلمىدى.

«توققۇزقازناق بۇتخانا» خارابىسىدىن ئىلگىرى تاشتىن ياسالغان بۇت ھەيكىلى تېپىلغانلىقى توغرىسىدا ئۇچۇر بار. ھازىرچە تېپىلغان نەرسىنىڭ قەيەردىلىكى توغرىسىدا مەلۇمات يوق. قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش - باشقۇرۇش ئورنىدىكى خادىملار 1980- يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا بۇ ئورۇندىن سانسكرىت يېزىقىدىكى بۇددا نومىنىڭ قالدۇقىنى تاپقان. 1990- يىلىنىڭ باشلىرىدا ئارخېئولوگلار بۇ يەردىن يەنە قىزغۇچ رەڭلىك ساپال پارچىلىرى، بېشىغا تاج كىيدۈرۈلگەن ئادەمنىڭ باش سۈرىتى ۋە ھەر خىل بۇددىزم ئۇسلۇبىدىكى نەقىشلەر ئويۇلغان ساپال كوزىلارنىڭ پارچىلىرىنى تاپقان. كوزىنىڭ شەكلى قەشقەر ئايرودروم تەۋەسىدىكى ياۋلىق بۇددىزم ئىزىدىن تېپىلغان ساپال كوزىنىڭ ياسىلىش ئۇسلۇبى بىلەن ئوخشاش دەپ قارالغان. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە بىر دانە ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە بولىدىغان كىچىك ساپال جام تېپىلغان. 1980- يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋاڭ مىڭجى بۇ يەردە تەك-

شۇرۇش ئېلىپ بېرىپ، بىر قىسىم قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىق بۇيۇملىرىنى يىغىۋالغان ھەمدە بۇ بۇتخانا خارابىسىنى جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىگە مەنسۇپ بۇتخانا ئىزى، ئەڭ كەم دېگەندىمۇ 1500 يىللىق تارىخقا ئىگە دەپ دەسلەپكى قەدەمدە يەكۈن چىقارغان.

1990-يىلى قەشقەر ۋىلايىتىدە ئېلىپ بېرىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش جەريانىدا «توققۇزقازناق بۇتخانا» خارابىسىمۇ تەكشۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 75°30′31″، شىمالىي كەڭلىك 39°19′ لۇق جايدا، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1400 مېتىر دەپ تىزىمغا ئېلىنغان[①]. «توققۇز قازناق بۇتخانا» خارابىسى ۋە ئۇنىڭدىن تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ ئەۋرىشكىلىرى قەشقەرنىڭ بۇددىزم دەۋرىدىكى مەدەنىيىتىنى ۋە بۇددا دىنىنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىش تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە.

## كەڭباغ قەدىمىي قەبرىستانلىقى

كەڭباغ قەدىمىي قەبرىستانلىقى يەكەن ناھىيىسىنىڭ ناھىيە بازىرىغا 69 كىلومېتىر يىراق بولغان كاچۇڭ يېزىسىنىڭ چامال كەنتىنىڭ غەربىدىكى ئېگىزلىككە جايلاشقان. قەبرىستانلىقنىڭ ئەتراپىدا كەڭباغ مەھەللە ئاھالىلىرىنىڭ ئولتۇراق ئۆيلىرى بار. كەڭباغ قەدىمىي قەبرىستانلىقىنىڭ تارىخى نىسبەتەن ئۇزاق بولغانلىقتىن، تەبىئىي ۋە سۈنئىي بۇزغۇنچىلىقلارنىڭ تەسىرىگە كۆپ ئۇچراپ، يەر يۈزىدە كۆزگە چېلىقىدىغان روشەن قەبرە بەلگىلىرىمۇ قالمىغان. شۇڭا، بۇ يەردىكى قەدىمىي قەبرىلەرنىڭ تاش دۆۋىلىك قەدىمىي قەبرە ياكى تاش دائىرىلىك قەدىمىي قەبرىلەر تىپىغا كىرىدىغانلىقىغا ھۆكۈم

① «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» 1993-يىلى 3-سان (خەنزۇچە) نەشرى.

قىلماق ئەس.

كەڭباغ قەدىمىي قەبرىستانلىقى ئازادلىقتىن كېيىن بايقالغان. 1983-يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېينىڭ خادىملىرى بۇ قەبرىستانلىقتا تۇنجى قېتىم ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش خىزمىتىنى ئىشلىگەن. شۇ قېتىم بۇ يەردە ئىككى قەبرە قېزىلغان بولۇپ، $M_2$نومۇرلۇق قەبرىدىن ئۇزۇنلۇقى 178 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 56 سانتىمېتىرلىق مېيىت سېلىنغان، ئۈستىگە رەڭلىك رەسىملەر سىزىلغان بىر دانە ياغاچ تاۋۇت قېزىۋېلىنغان. تاۋۇتنىڭ ياپقۇچىغا ئەجدىها رەسىمى سىزىلغان. ئىككى يېنىغا دەرەخ يوپۇرماقلىرىغا ئوخشاپ كېتىدىغان نەقىشلەر سىزىلغان. ئارخېئولوگلار تاۋۇتنىڭ ئۈستىگە سىزىلغان رەسىملەرنىڭ ئۇسلۇبىنى كۇچادىكى قۇمتۇرا تاشكېمىر غارلىرىنىڭ ئىچىگە سىزىلغان تام رەسىملىرىنىڭ ئۇسلۇبىغا ئوخشاپ كېتىدۇ، دەپ قارىغان. تاۋۇتنىڭ باش قىسمىغا ئاغزىنى يوغان ئېچىپ نەرە تارتىۋاتقان ئەجدىها ۋە رەسمى ئۈستىگە مىنىۋالغان بىر راھىبنىڭ رەسىمى سىزىلغان. تاۋۇتنىڭ ئاياغ قىسمىغا توپلىشىپ مەۋلۇت ئوقۇۋاتقان راھىبلارنىڭ رەڭلىك رەسىملىرى سىزىلغان. ئادەم سۈرەتلىرىنىڭ ئەتراپلىرىغا △ شەكىللىك ۋە گىرۋەلەشمە ھالقا شەكلىدىكى قارا رەڭلىك نەقىشلەر سىزىلغان. تاۋۇتنىڭ ئۈستىدىكى رەسىملەرنى سىزىشتا قىزغۇچ، قوڭۇر، قارا، كۆك رەڭلەر ئارىلاش ئىشلىتىلگەن. تاۋۇتنىڭ ئىچىدىن چىرىپ ئۈزۈلۈپ كەتكەن بىر ئەر كىشىنىڭ ئىسكىلىتىدىن باشقا ھېچقانداق ھەمدەپنە بۇيۇم چىقمىغان. مۇتەخەسسىسلەر بۇ يەردىكى قەبرىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ۋە تاۋۇتنىڭ ئۈستىگە سىزىلغان رەسىم ۋە گۈل-نەقىشلەرنىڭ ئۇسلۇبىغا ئاساسەن كەڭباغ قەدىمىي قەبرىستانلىقىنى بۇددا دىنى تارىم ئويمانلىقىدا ئومۇملىشىپ بولغان دەۋرلەردە، يەنى جىن سۇلالىسىدىن تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىگىچە بولغان ئارىلىقتا شەكىللەنگەن قەدىمىي قەبرىستانلىق بولۇشى مۇمكىن دەپ قاراشماقتا.

كەڭباغ قەدىمىي قەبرىستانلىقى 1990 - يىلى قەشقەر ۋىلايىتىدە ئېلىپ بېرىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشتە بىر قېتىم سىناق تەرىقىسىدە قېزىلغان. قېزىلغان قەبرىلەردىن نېمىلەرنىڭ چىققانلىقى توغرىسىدا ئۇچۇر يوق. شۇ قېتىم ئۇنىڭ كونكرېت جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 76°10′—76°46′، شىمالىي كەڭلىك 37°54′26″لۇق ئورۇندا دەپ تىزىملىنىپ، مەدەنىيەت يادىكارلىق ئارخىپى تۇرغۇزۇلغان. 1999- يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ خادىملىرى ۋە قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش - باشقۇرۇش ئورنىنىڭ مۇناسىۋەتلىك خادىملىرى بىر قېتىم قېزىش ئېلىپ بارغان. ئەمما، قېزىلغان قەبرىلەردىن قولغا چىققۇدەك بىرەرمۇ مەدەنىيەت يادىكارلىق بۇيۇمى چىقمىغان.



1983 - يىلى كەڭباغ قەدىمىي قەبرىستانلىقىدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشتا قېزىۋېلىنغان ياغاچ تاۋۇت

بۇددىزم دەۋرىگە تەئەللۇق بۇ قەدىمىي قەبرىستانلىق ھازىر ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرى قاتارىدا قوغدالماقتا. بۇ قەبرىستانلىقتىن 1983- يىلىدىكى قېزىشتا بايقالغان رەڭلىك تاۋۇت شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلانماقتا.

قەشقەر ۋىلايىتى تەۋەسىدە بۇددا دىنى دەۋرىگە تەئەللۇق قەدىمىي قەبرىستانلىقلار ناھايىتى كۆپ، لېكىن كۆپلىرىدە زور كۆلەمدىكى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش خىزمىتى ئېلىپ بېرىلمىدى. ئەگەر كەڭباغ قەدىمىي قەبرىستانلىقىغا ئوخشاش قېزىش ئېلىپ بېرىلسا، بۇ قەبرىلەردىن قەشقەرنىڭ بۇددىزم مەدەنىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك تېخىمۇ زور ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشلار قولغا كەلتۈرۈلۈشى مۇمكىن.

# ئۈچىنچى بۆلۈم ئىسلامىيەت دەۋرىگە تەئەللۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى

## ئىسلام دىنىنىڭ قەشقەرگە تارقىلىشى

بۇددا دىنىدىن 10 ئەسىر، خرىستىئان دىنىدىن 6 ئەسىر كېيىن ئىسلام دىنى دۇنيادىكى ئەڭ ياش ھەم مۇكەممەل دىن سۈپىتىدە مىلادىيە VI ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يېرىمىدا ئەرەب يېرىم ئارىلىدا پەيدا بولدى. ئىسلام دىنىنىڭ ئەرەب زېمىنلىرىدا تەرەققىي قىلىپ زورىيىشىغا ئەگىشىپ، ئەرەب قەبىلىلىرىدە ئەسلىدىن مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان كۆپ ئىلاھلىق دىنىي ئېتىقادلار ئاستا - ئاستا تەرك قىلىنىپ، ئەرەب مىللەتلىرىنىڭ بەدەۋى تۇرمۇش ھالىتى ئۆزگىرىپ، زور دەرىجىدە مەنىۋى يېڭىلىنىشلار بارلىققا كەلدى. مىلادىيە VII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، ئىسلام دىنى پۈتكۈل ئەرەب قەبىلىلىرىنى مىسلىسىز دەرىجىدە ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئەرەب زېمىنىدا ئومۇملىشىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپلا قالماستىن، ئىسلام دىنى ئىدېئولوگىيىسىنى بايراق قىلغان بۇ غايەت زور دىرژابىل ئۆزىنىڭ تەسىرىنى سىرتقا قارىتا كېڭەيتىشكە باشلىدى. مىلادىيە 631 - يىلى ئەرەب قوشۇنلىرى تۇنجى بولۇپ پارسلار قۇرغان نەچچە ئەسىرلىك تارىختا ئىگە ساسانىيلار سۇلالىسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. ساسانىيلار سۇلا-

لىسىنىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن ئەرەب ئىستىلاچىلىرىنىڭ ھەيۋىسى تې-
خىمۇ ئېشىپ، ئىسلام دىنىنى كېڭەيتىش مەقسىتىدە كۆتۈرۈلگەن
ئۇرۇش ئوتلىرى تېخىمۇ لاۋۇلداشقا باشلىدى. ساسانىيلار ئىمپېرىيە-
سىنى ئۆزىگە بېقىندۇرغان ئەرەبلەر پېرسىيىنىڭ شەرقىدىكى خورا-
سان رايونلىرىنى ئۆزىگە پىشاڭ قىلىپ تۇرۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا زې-
مىنلىرىغا قاراتقان كېڭەيمىچىلىكىنىڭ تۇنجى قەدىمىنى باستى. ئەرەب
ئىمپېرىيىسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا زېمىنلىرىغا قىلغان ئىستىلاسىدا،
ئەرەب سەركەردىسى قۇتەيبە ئىبىن مۇسلىم باشچىلىق قىلغان ئۇرۇش-
لارنىڭ غەلىبىسى ئاھايىتى زور رول ئوينىدى.

ئۇمەييە خەلىپىلىكى (661 — 750) مىلادىيە 704 - يىلى
قۇتەيبە ئىبىن مۇسلىمنى خوراساننىڭ ھۆكۈمدارى قىلىپ تەيىنلە-
دى. مىلادىيە 705- يىلى قۇتەيبە ئاۋۋال توخارىستاننى[1] ۋە ئۇنىڭ
مەركىزىي شەھىرى بەلخنى ئۆزىگە قاراتتى. ئىككىنچى يىلى يەنە
لەشكەر تارتىپ شىمال تەرەپتىكى ۋاردام ۋە ئەفساپ شەھەرلىرىنىمۇ
ئىگىلەپ ئالدى. شۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئۈچ يىل ھەپىلىشىپ، مىلا-
دىيە 709- يىلىغا كەلگەندە بۇخارانى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلارنى
بېسىۋالدى. مىلادىيە 712- يىلى خارەزىم خانلىقى قۇتەيبەگە تەسلىم
بولۇپ، پۈتكۈل پەرغانە ۋادىسى ئەرەبلەرنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپ كەتتى.
سىر دەرياسىنىڭ بويلىرىدا ئەرەبلەر بارگاھ قۇرۇپ، قوشۇن تۇرغۇز-
دى. بۇ مەزگىلدە ئىسلام دىنى ئىدېئولوگىيىسى ياۋروپادا ئىسپانىيە-
گىچە يېتىپ بارغان بولسا، شەرقتە سىر دەرياسى ئەتراپلىرىدا ياشاي-
دىغان تۈركىي تىللىق قەبىلىلەرنىڭ زېمىنلىرىغىچە قىستاپ كەلگەن
بولۇپ، ئەرەبلەر بىلەن ھەرقايسى تۈرك قەبىلىلىرى ئوتتۇرىسىدا
كەسكىن تىركىشىش ۋەزىيىتى شەكىللەنگەندى.

بىر مىللەتنى ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى دىنىي ئېتىقادىدىن ۋاز كەچ-
تۈرۈش ئاسان ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدىغان ئىش ئەمەس. ئەرەبلەر-

---

① توخارستان — بۈگۈنكى ئافغانىستان زېمىنلىرى

نىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا زېمىنلىرىغا كۆز تىككىنى، بىرىنچىدىن، ئوتتۇرا
ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق ھالىتىدە ياشا-
ۋاتقان قوۋملارنى زورلۇق ۋاستىسى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئېتىقادلىرى-
دىن ۋاز كەچتۈرۈپ، ئۇلارنى ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلدۇرۇش، شۇ
ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىسلام ئىدىيىسى ۋە ئەرەب مەدەنىيىتىنىڭ
مۇستەملىكىسىگە ئېلىپ، ئۆزلىرىگە كېلىش ئېھتىمالى بولغان زور
خەۋپنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىدى دەپ قارىساق، ئىككىنچىدىن، ئىقتى-
سادىي جەھەتتىن ئېرىشىدىغان زور پايدا - مەنپەئەتنى كۆزلەشتىن
بولغان دېيىشكە بولىدۇ. مىلادىيە 715- يىلى قۇتەيبە ئۆز ئادەملىرى
تەرىپىدىن پەرغانىدە قەستكە ئۇچراپ ئۆلگەندىن كېيىن، ئوتتۇرا
ئاسىيادىكى ئەزەلدىن تارتىپ بىر قەدەر يۇقىرى مەدەنىيەت مەزمۇنىغا
ئىگە دىنلاردىن زوروئاستىر (拜火教)[1]ياكى مەجۇسى دىنى، بۇددا
دىنى (佛教)، مانى دىنى (摩尼教) ۋە خرىستىئان دىنىنىڭ نىس-
تورىي (景教) مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلىپ كېلىۋاتقان ھەرقايسى
قەبىلىلەر ئۆز ئېتىقادلىرىنى قوغداش ئۈچۈن تەبىئىي ھالدا ئىتتىپاق
تۈزۈپ، ئەرەبلەرنىڭ كېڭەيمىچىلىكىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش-
تى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر - ياغما، قارلۇق[2]، تۈركەش قاتارلىق يىلتىز-
داش قەبىلىلەرنىڭ ئەرەب قوشۇنلىرىغا بەرگەن زەربىسى قاتتىق بول-
دى. ۋەھالەنكى، بۇ خىل قارشىلىق ئىسلام دىنىنىڭ كېڭىيىشىنى
توسۇپ قالالمىدى.

مىلادىيە 749- يىلىغا كەلگەندە ئەرەبلەرنىڭ بويسۇندۇرۇش ۋا-
ستىلىرىدا ئۆزگىرىش كۆرۈلدى. مىلادىيە 749- يىل 10- ئاينىڭ
30- كۈنى ئەبۇ ئابباس ئىراقنىڭ كۇفەدە خەلىپىلىككە ئولتۇرۇپ،
كۆپ مىللەتتىن تەركىب تاپقان ئابباسىيلار سۇلالىسىنى قۇرۇپ چىق-
تى. بۇ سۇلالە تەركىبىدىكى پارس ۋە تۈركلەرنىڭ سانى خېلى كۆپ

---

① 拜火教 ئەرەبلەر «مەجۇسى دىنى» دەيدۇ. خەلقئارالىق دىنىي كىتابلاردا «زوروئاستىر دىنى» دېيىلىدۇ.

② «ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتى» (中亚研究) ژۇرنىلى 1987- يىللىق (خەنزۇچە) 3- سان.

سالماقنى ئىگىلىگەنلىكتىن، بۇ سۇلالە يالغۇز ئەرەبلەر گىلا مەنسۇپ
ئەمەس، بەلكى ئۇلار ئابباسىيلار سۇلالىسى تەركىبىدىكى بىر مىللەت
سۈپىتىدىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. ئاببا‌سىيلار سۇلالىسى يۇمشاق
ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ، ئۆز تەركىبىدىكى مۇسۇلمان بولغانلاردىن
جان بېجى، يەر بېجى قاتارلىق تۈرلۈك ئالۋان - ياساقلارنى كەچۈرۈم
قىلىش، قۇللارنى ئازاد قىلىش ئۇسۇلى بىلەن ئۇزاققا بارمايلا ئوتتۇرا
ئاسىيا تەۋەسىدىكى مۇسۇلمان بولغانلارنىڭ سانىنى ھەسسىلەپ ئاشۇر-
دى. بۇخىل ئۆزگىرىش ئابباسىيلار سۇلالىسى قۇرۇلۇپ ئىككىنچى
يىلى تەڭرىتېغىنىڭ شىمال ۋە جەنۇب تەرەپلىرىنى خانلىق زېمىن
سۈپىتىدە كونترول قىلىپ كېلىۋاتقان تۈرك قەبىلىلىرى بىلەن ئې-
لىپ بارغان ئۇرۇشتا تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ ئارىسىدىكى مۇسۇلمان
بولغانلارنىڭ سانىنىڭ ئارتىپ بېرىشى نەتىجىسىدە، ئەلڭ چەبدەس دەپ
قارىلىدىغان چارۋىچى تۈركىي مىللەتلەردىن ئەرەب ئىمپېرىيىسىگە
كېلىدىغان خەۋپنى يوقىتىشقا پايدىلىق بولدى. تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ
كۆپ قىسمىنى ئاببا‌سىيلار سۇلالىسىنىڭ ھامىيلىقىدىكى ئوتتۇرا ئا-
سىيا (سەمەرقەند، پەرغانە، تاشكەنت) غا ھۆكۈمران بولۇپ كېلىۋات-
قان سامانىيلار جەمەتىنىڭ تەسىر دائىرىسىگە ئۆتۈپ كەتتى. بۇ
مەزگىللەردە يەنە ئۇيغۇرلار زور تۈركۈمدە غەربكە كۆچۈش دولقۇنىنى
قوزغاپ، تەڭرىتېغىنىڭ شىمال ۋە جەنۇب تەرەپلىرىدە يەنە يېڭىدىن
ئۇز ھاكىمىيەتلىرىنى تىكلەشكە تەرەددۇت قىلىشقا كىرىشكەنىدى.
مانا مۇشۇنداق مۇرەككەپ ۋەزىيەتتە كۈنسايىن كۈچىيىشكە باشلىغان
تۈرك قوۋملىرىنىڭ پەھلىۋى تىلى سىستېمىسىغا تەۋە مىللەتلەر ئاسا-
سي كۈچ بولۇپ كېلىۋاتقان سامانىيلار سۇلالىسى بىلەن ئەڭ دەسلەپ
قارلۇق ۋە توققۇزئوغۇز قەبىلىلىرى ئارىسىدا سۈركىلىش پەيدا بو-
لۇشقا باشلاپ، ئاخىر ماۋارا ئۇننەھرنىڭ شىمالىدا قاراخانىيلار خاقانى
بىلگە كۆل قادىرخان بىلەن سامانىيلار پادىشاھى ئىبنى نوھ تۇتۇشۇپ
قالدى. نەتىجىدە بىلگە كۆل قادىرخان ئۇرۇشتا مەغلۇبىيەتكە ئۇچ-
راپ، ئۆز زېمىنىنى چوڭ ئوغلى بازىر بىلەن ئىككىنچى ئوغلى

ئوغۇلچاق قادىرخانغا بۆلۈپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى. بۇ قېتىمقى
ئۆرۈش ئىسلام دىنىنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قەشقەرگە كىرى-
شىنىڭ دەرۋازىسىنى كەڭ ئاچتى. مۇشۇ مەزگىلدە سامانىيلارنىڭ
ئىچكى قىسمىدىكى سىياسىي سۈيىقەستتىن پاناھلىق تىلەپ ئوغۇلچاق
قادىرخان تەرەپكە، يەنى ئاتۇشقا كەلگەن سامانىيلارنىڭ شاھزادىسى
ئەبۇ نەسىر سامانىي قەشقەر ۋە ئاتۇشتا ئۆزىنىڭ ئىسلام دىنى تەرغىبا-
تىنى باشلىغانىدى.

شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، تارىختا دىنىي ئاڭدىن پايدىلىنىپ
سىياسىي ھەرىكەت قوزغاش، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش كۆپ قېتىم يۈز
بەرگەن ئىش. ئاددىي پۇقرا، ھۈنەرۋەن - كاسىپلار تارىختىن بۇيان
بۇخىل ئىشلارغا ئۆزلىرىنىڭ تىرىكچىلىكىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈنلا
ئارىلىشىپ كەلگەن. سامانىيلار شاھزادىسى ئەبۇ نەسىر سامانىينىڭ
پاناھلىق تىلەپ ئاتۇشقا كېلىشى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ سەركەر-
دىسى بولغان ئوغۇلچاق قادىرخاننىڭ جىيەنى سۇتۇقنىڭ سۇتۇق قەدىم-
كى ئۇيغۇر تىلى بولۇپ، توغ، بايراق دېگەن نەسرى بار. كېيىنكى
سىياسىي ھەرىكەتنىڭ تەبىئىي ئاساسىنى شەكىللەندۈرگەن دېيىشكە
بولىدۇ. ئۇ ئۆز ئىمتىيازىدىن پايدىلىنىپ، ئەرەب ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا،
پارس ئەللىرىدىن قەشقەرگە كېلىدىغان سەيياھ، مىسسىئونېر ۋە سودا
كارۋانلىرىنىڭ يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇشقا كۈچ چىقىرىپ، مۇسۇل-
مانلارنىڭ قەشقەر تەۋەسىدىكى دىنىي تەرغىباتىنى ئاستىرتتىن قوللاپ-
لا قالماستىن، ئۆزىمۇ سامانىينىڭ دەۋىتى بىلەن ئىسلام دىنىنى
قوبۇل قىلىپ، مەسچىت، مەدرىسەلەرنى سېلىشقا يول قويغان. تېخى
قىران ھالەتتە تۇرۇۋاتقان قاراخانىيلار خانلىقى ئەتراپىدىكى دۈشمەن-
لەرنىڭ، بولۇپمۇ تىبەتلەرنىڭ ئاۋارىچىلىكىنى بېسىقتۇرالماي تۇرغان
جىددىي ۋەزىيەتتە ئىسلام دىنىنىڭ ئۆز تېررىتورىيىسىدە باش كۆتۈرۈ-
شىنى توسۇشقا يېتىشىپ بولالمىغانىدى. مىلادىيە 850- يىلى قۇرۇ-
لۇپ، ئۆز دائىرىسىنى غەربتە ماۋارا ئۇننەھر ئەتراپىغىچە كېڭەيتكەن
بۇ خانلىقنىڭ يازلىق پايتەختى ئورداكەند، يەنى قەشقەردە ئاخىر

مىلادىيە 932- يىلى سىياسىي ئۆزگىرىش كۆتۈرۈلۈپ، سۇتۇق بۇغراخان ھاكىمىيەت ھوقۇقىنى تارتىۋالدى ھەمدە ئۇ ئۆز ئىسمىنى مۇسۇلمانچە ئابدۇكەرىمگە ئۆزگەرتتى. ئۇنىڭ پەرمانى بىلەن ئالدى بىلەن قەشقەر تەۋەسىدىكى بۇددا دىنىغا، مانى دىنىغا، زورو ئاستىر دىنلىرىغا مۇناسىۋەتلىك شەھەر - قەلئەلەر ۋەيران قىلىندى. بۇتخانا-ساغرامالار چېقىپ تاشلاندى. راھىبلار ئۆلتۈرۈلدى. بۇددىزم ئۇسلۇبىدىكى نەچچە ئەسىرلىك ھۈنەر - سەنئەتلەر بۇزۇپ تاشلاندى. قىلىچنىڭ ھەيۋىسىدىن قورققان ئاددىي خەلق ئۆزلىرىنىڭ ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر بولدى. ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلىشتىن باش تارتقانلار خوتەن، تۇرپانلاردىكى قېرىنداشلىرىدىن پاناھلىق تىلىدى. ئىلگىرىكى بۇددىزم مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئورنىنى ئىسلام مەدەنىيەتلىرى ئىگىلەپ، بۇتخانىلارنىڭ ئورنىغا مەسچىتلەر، راھىبخانا، ساغاۋەتخانىلارنىڭ ئورنىغا مەدرىسەلەر سېلىندى. مىلادىيە 960- يىلىغا كەلگەندە ئىسلام دىنى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ رەسمىي دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتىلدى. قاراخانىيلار سۇلالىسى شۇنىڭدىن باشلاپ ئۆز ئەتراپىدىكى خوتەن، كۇچا، تۇرپان قاتارلىق بۆلۈنمە ھالەتتە تۇرۇۋاتقان ئۇششاق بەگلىكلەردىكى بۇتپەرەس ئۇيغۇرلارغا قاراتقان «غازات» ئۇرۇشىنىڭ پىلتىسىگە ئوت يېقىپ، قەشقەرنى مەركەز قىلغان ھالدا ئىسلام دىنىنى ئەتراپقا كېڭەيتىشكە كىرىشتى. ئۇزاققا سوزۇلغان ئۇرۇش نەتىجىسىدە، ئەتراپتىكى كۆپ قىسىم جايلار قاراخانىيلار تېررىتورىيىسىگە كىرگۈزۈلۈپ، ئىسلام دىنى ئىدېئولوگىيىسى ئاساسىدا بىرلىككە كەلگەن غايەت زور بىر خانلىق ئوتتۇرا ئاسىيادا بەرقارار تاپتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ يەردىكى ئىلگىرىكى مەدەنىيەتلەر ئىنكار قىلىنىپ، بارا - بارا خارابە ۋە ئەسلىمىلەرگە ئايلىنىپ قالدى، بولۇپمۇ بۇ جەھەتلەردىكى بۇزغۇنچىلىق، ۋەيران قىلىشلار قەشقەر تەۋەسىدە ئەڭ ئېغىر بولدى. قەدىمكى سۇلى (疏勒国) بەگلىكىدىكى 1000 يىللىق تارىخقا ئىگە بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ خارابىلىرى ئۈستىدە يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئىسلام دىنى ئىدېئولوگىيە

ئوغۇلچاق قادىرخانغا بۆلۈپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇش ئىسلام دىنىنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قەشقەرگە كىرىشىنىڭ دەرۋازىسىنى كەڭ ئاچتى. مۇشۇ مەزگىلدە سامانىيلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى سىياسىي سۇيىقەستتىن پاناھلىق تىلەپ ئوغۇلچاق قادىرخان تەرەپكە، يەنى ئاتۇشقا كەلگەن سامانىيلارنىڭ شاھزادىسى ئەبۇ نەسىر سامانىي قەشقەر ۋە ئاتۇشتا ئۆزىنىڭ ئىسلام دىنى تەرغىباتىنى باشلىغانىدى.

شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، تارىختا دىنىي ئاڭدىن پايدىلىنىپ سىياسىي ھەرىكەت قوزغاش، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش كۆپ قېتىم يۈز بەرگەن ئىش. ئاددىي پۇقرا، ھۈنەرۋەن - كاسىپلار تارىختىن بۇيان بۇخىل ئىشلارغا ئۆزلىرىنىڭ تىرىكچىلىكىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈنلا ئارىلىشىپ كەلگەن. سامانىيلار شاھزادىسى ئەبۇ نەسىر سامانىينىڭ پاناھلىق تىلەپ ئاتۇشقا كېلىشى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ سەركەردىسى بولغان ئوغۇلچاق قادىرخاننىڭ جىيەنى سۇتۇقنىڭ سۇتۇق قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى بولۇپ، تۇغ، بايراق دېگەن مەنىسى بار. كېيىنكى سىياسىي ھەرىكىتىنىڭ تەبىئىي ئاساسىنى شەكىللەندۈرگەن دېيىشكە بولىدۇ. ئۇ ئۆز ئىمتىيازىدىن پايدىلىنىپ، ئەرەب ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا، پارس ئەللىرىدىن قەشقەرگە كېلىدىغان سەيياھ، مىسسىيونېر ۋە سودا كارۋانلىرىنىڭ يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇشقا كۈچ چىقىرىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ قەشقەر تەۋەسىدىكى دىنىي تەرغىباتىنى ئاستىرتتىن قوللاپلا قالماستىن، ئۆزىمۇ سامانىينىڭ دەۋىتى بىلەن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ، مەسچىت، مەدرىسەلەرنى سېلىشقا يول قويغان. تېخى قىران ھالەتتە تۇرۇۋاتقان قاراخانىيلار خانلىقى ئەتراپىدىكى دۈشمەنلەرنىڭ، بولۇپمۇ تىبەتلەرنىڭ ئاۋارىچىلىكىنى بېسىقتۇرالماي تۇرغان جىددىي ۋەزىيەتتە ئىسلام دىنىنىڭ ئۆز تېررىتورىيىسىدە باش كۆتۈرۈشىنى توسۇشقا يېتىشىپ بولالمىغانىدى. مىلادىيە 850- يىلى قۇرۇلۇپ، ئۆز دائىرىسىنى غەربتە ماۋارا ئۈننەھر ئەتراپىغىچە كېڭەيتكەن بۇ خانلىقنىڭ يازلىق پايتەختى ئوردا كەند، يەنى قەشقەردە ئاخىر

مىلادىيە 932- يىلى سىياسىي ئۆزگىرىش كۆتۈرۈلۈپ، سۇتۇق بۇغرا-
خان ھاكىمىيەت ھوقۇقىنى تارتىۋالدى ھەمدە ئۇ ئۆز ئىسمىنى مۇ-
سۇلمانچە ئابدۇكەرىمگە ئۆزگەرتتى. ئۇنىڭ پەرمانى بىلەن ئالدى
بىلەن قەشقەر تەۋەسىدىكى بۇددا دىنىغا، مانى دىنىغا، زورو ئاستىر
دىنلىرىغا مۇناسىۋەتلىك شەھەر - قەلئەلەر ۋەيران قىلىندى. بۇتخانا-
ساڭرامىلار چېقىپ تاشلاندى. راھىبلار ئۆلتۈرۈلدى. بۇددىزىم ئۇسلۇ-
بىدىكى نەچچە ئەسىرلىك ھۈنەر - سەنئەتلەر بۇزۇپ تاشلاندى. قىلىچ-
نىڭ ھەيۋىسىدىن قورققان ئاددىي خەلق ئۆزلىرىنىڭ ئېتىقادىنى ئۆز-
گەرتىشكە مەجبۇر بولدى. ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلمىشتىن باش
تارتقانلار خوتەن، تۇرپانلاردىكى قېرىنداشلىرىدىن پاناھلىق تىلىدى.
ئىلگىرىكى بۇددىزىم مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئورنىنى ئىسلام مەدەنىيەتلىرى
ئىگىلەپ، بۇتخانىلارنىڭ ئورنىغا مەسچىتلەر، راھىبخانا، ساخاۋەتخا-
نىلارنىڭ ئورنىغا مەدرىسەلەر سېلىندى. مىلادىيە 960- يىلىغا كەل-
گەندە ئىسلام دىنى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ رەسمىي دۆلەت دىنى
قىلىپ بېكىتىلدى. قاراخانىيلار سۇلالىسى شۇنىڭدىن باشلاپ ئۆز
ئەتراپىدىكى خوتەن، كۇچا، تۇرپان قاتارلىق بۆلۈنمۇ ھالەتتە تۇرۇۋات-
قان ئۇششاق بەگلىكلەردىكى بۇتپەرەس ئۇيغۇرلارغا قاراتقان «غازات»
ئۇرۇشىنىڭ پىلتىسىگە ئوت يېقىپ، قەشقەرنى مەركەز قىلغان ھالدا
ئىسلام دىنىنى ئەتراپقا كېڭەيتىشكە كىرىشتى. ئۇزاققا سوزۇلغان
ئۇرۇش نەتىجىسىدە، ئەتراپتىكى كۆپ قىسىم جايلار قاراخانىيلار
تېررىتورىيىسىگە كىرگۈزۈلۈپ، ئىسلام دىنى ئىدېئولوگىيىسى ئاسا-
سىدا بىرلىككە كەلگەن غايەت زور بىر خانلىق ئوتتۇرا ئاسىيادا
بەرقارار تاپتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ يەردىكى ئىلگىرىكى مەدەنىيەتلەر
ئىنكار قىلىنىپ، بارا - بارا خارابە ۋە ئەسلىمىلەرگە ئايلىنىپ قال-
دى، بولۇپمۇ بۇ جەھەتلەردىكى بۇزغۇنچىلىق، ۋەيران قىلىشلار قەش-
قەر تەۋەسىدە ئەڭ ئېغىر بولدى. قەدىمكى سۇلى (疏勒国)
بەگلىكىدىكى 1000 يىللىق تارىختا ئىگە بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ خارابە-
لىرى ئۈستىدە يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئىسلام دىنى ئىدېئولوگىيە

فورمىسىنى ئاساس قىلغان يېڭىچە قۇرۇلما، يېڭىچە شەكىل، يېڭىچە مەزمۇندىكى سىنكرېتىك مەدەنىيەت — ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئىسلام مەدەنىيىتى شەكىللىنىپ، قەشقەر ئاشۇ زامانلاردىن باشلاپ مەيلى تارىخنىڭ قايسى دەۋرلىرىدە بولسۇن، تا بۈگۈنگە قەدەر ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنى ئاساسىدىكى ئۆزگىچە مىللىي مەدەنىيەت ۋە ئۆرپ- ئادەتلىرىنىڭ بۆشۈكى بولۇپ كەلدى. شۇڭا، قەشقەر تېررىتورىيىسىدە پۈتكۈل شىنجاڭ دائىرىسىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا!، ئىسلام دىنى دەۋرىگە مۇناسىۋەتلىك مەسچىت، مەدرىسە، جامە، مازار - مەقبەرە، ئىسلام ئىدىيىسىدىكى قىممەتلىك يازما يادىكارلىقلار، ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرى ۋە مەشھۇر موللا، ئۆلىما، ئالىم - فازىللار، سىياسىئون، ئەدىب، شائىر ۋە ھۆكۈمدارلارنىڭ كۆپ بولغانلىقى تارىخىي مۇقەررەرلىكتۇر.

## مەھمۇد قەشقەرى مەقبەرىسى

قاراخانىيلار سۇلالىسىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىملىرىدىن مەھمۇد قەشقەرى بىلەن يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ مەقبەرىسى قەشقەر تەۋەسىدىلا ئەمەس، بەلكى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدىكى ئىسلام مەدەنىيىتى دەۋرىگە تەئەللۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئارىسىدا تارىخى ئەڭ ئۇزاق، شۆھرىتى ئەڭ يۇقىرى بولغان، دۇنياغا مەشھۇر مەدەنىيەت يادىكارلىق زىيارەتگاھدۇر.

XX ئەسىرنىڭ 80- يىللىرىنىڭ باشلىرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ پەخىرلىك ئەجدادلىرى، مۇنەۋۋەر پەرزەنتلىرى قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى گۈللەنگەن ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ مەنىۋى مۇجەسسەملىرىنىڭ ئۇلۇغ نامايەندىلىرى، تارىخنىڭ جانلىق گۇۋاھچىلىرىدىن بولغان ئېنسىكلوپېدىيىلىك ئالىم مەھمۇد قەشقەرى بىلەن پەيلاسوپ يۇسۇپ خاس ھاجىپلارنىڭ ھاياتى، يۇرتى، ئىجادىي پائالىيەتلىرى،

قەبرىگاھلىرى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان ئىلمىي تەكشۈرۈشلەر مۇ-
جەت، پاكىتلار ئاساسىدا دەلىللىنىپ، مىللەت تارىخىدىكى بوشلۇق
تولدۇرۇلۇپ، خەلقنى چەكسىز ھاياجانغا سالدى. ئۇيغۇرلار خۇشال-
لىق ئىچىدە ئۆزلىرىنىڭ بۇنىڭدىن 10 ئەسىر مۇقەددەم ياشىغان
ئىككى نەپەر پەخىرلىك ئەجدادىنىڭ قەبرىگاھىنى ئاخىر تېپىۋالدى.
ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقەرىنىڭ مازىرى كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ
غەربىي جەنۇبىدىكى ئوپال يېزىسىنىڭ ئازىخ دېگەن يېرىدىكى تاغ
ئۈستىگە جايلاشقان بولۇپ، تارىختىن بۇيان كىشىلەر بۇ مازارنى
«ھەزرىتى موللام» (بىلىمگە ھۆددىگەر پىرىم دېگەن مەنىدە) دېگەن
نام بىلەن ئۇلۇغلاپ، تاۋاپ قىلىپ كەلگەنلىكتىن، ئالىمنىڭ مۇبارەك
قەبرىگاھى ئورۇن ئالغان تاغمۇ «ھەزرىتى موللام تېغى» دەپ ئاتىلىپ
كەلگەن. ئەمما، بۇ مازارنىڭ مەھمۇد قەشقەرىدىن ئىبارەت ئۇلۇغ
ئالىمنىڭ قەبرىسى ئىكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمىگەن. مەھمۇد قەشقە-
رى مىلادىيە 1074- يىلى ئىراقنىڭ باغداد شەھىرىدە يېزىپ تاماملى-
غان مەشھۇر ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» خەلقئارادىكى تەتقىقات
ئېقىمىغا ئايلانغاندىن كېيىن، ئاشۇ ئەسەردىكى يازما مەلۇماتلارغا
ئاساسەن، تەتقىقاتچىلىرىمىز مەھمۇد قەشقەرىنىڭ قاراخانىيلار سۇلا-
لىسى دەۋرىدە قەشقەردە ياشىغان ئۇيغۇر ئالىمى ئىكەنلىكىنى بايقاپ،
بۇ ھەقتە چوڭقۇر تەتقىقاتلارنى قانات يايدۇردى. ئىزدىنىشلەر داۋامى-
دا، تەتقىقاتچىلىرىمىز يەنە «ھەزرىتى موللام تەزكىرىسى»نى ھەمدە
XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قەشقەردە ئۆتكەن داڭلىق ئۆلىما، قازى
موللا سادىق ئەلەم[1] ئاخۇنۇم «مەسنەۋى شىرىپ» ناملىق قىممەت
باھالىق قولىيازما كىتابنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بوش ۋاراقتا يېزىپ قال-
دۇرغان: «بۇ كىتاب ئوپالدىكى ھەزرىتى موللام شەمسىدىن ھۈسەيىن
(ئوغلى) قەلەم ساھىبى مەھمۇد قەشقەرىنىڭ مەقبەرىسىگە ئەبەدىي
ۋەخپە قىلىندى» دەپ يازغان، جامائەتنىڭ گۇۋاھلىقىدىن ئۆتكەن

① مۇھەممەت سادىق قەشقەرى (1725 — 1850)

ھۆججەتنى قولغا چۈشۈرۈپ، 1982- يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئوپالدىكى «ھەزرىتى موللام» نامى بىلەن ئاتىلىپ، زامانىمىزغىچە ساقلىنىپ كەلگەن مازارنىڭ مەھمۇد قەشقەرىنىڭ قەبرىگاھى ئىكەنلىكىنى ۋە مۇشۇ قەبرە جايلاشقان ئوپال يېزىسىنىڭ ئازىخ دېگەن يېرى بولسا ئالىمنىڭ تۇغۇلغان ئانا يۇرتى ئىكەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلاپ چىقتى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 1983- يىل 12- ئاينىڭ 1- كۈنى تەتقىقاتچىلارنىڭ دەلىل - ئىسپاتلىرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ئوپال يېزىسىنىڭ ئازىخ كەنتىدىكى شەرقىي مېرىدىئان 75°30′37″، شىمالىي كەڭلىك 39°18′5″ لۇق ئورۇندىكى «ھەزرىتى موللام مازىرى» نامى بىلەن ئاتىلىپ كېلىۋاتقان مازارنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىش ئارقىلىق، ئېلىمىزنىڭ XI ئەسىردە ياشاپ ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى، «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ ئاپتورى مەھمۇد قەشقەرىنىڭ مەقبەرىسى دەپ دۇنياغا جاكارلىدى. بۇ مەقبەرە قۇرۇلۇشى بۈگۈنگىچە 1000 يىلغا يېقىن تارىخقا ئىگە مەدەنىيەت يادىكارلىقىدۇر.





مەھمۇد قەشقەرى مازىرىنىڭ رېمونت
قىلىنىشتىن ئىلگىرىكى ۋە رېمونت
قىلىنغاندىن كېيىنكى ھالىتى

مىلادىيە 1105- يىللىرى ئۆپچۆرىسىدە ۋاپات بولغان مەھمۇد قەشقەرىنىڭ جەسىتى ئۆزىنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئانا يۇرتى بولغان ئوپال يېزىسى ئازىخ كەنتىنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىدىكى 40 مېتىر ئېگىزلىكتىكى تاغنىڭ ئۈستىگە دەپنە قىلىنىپ قەبرە قاتۇرۇلغان. ئەينى ۋاقىتتىكى مەقبەرە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى قۇرۇلۇش ئۇسلۇبىدا ياسالغان كىچىككىنە پەنجىرىلىك ئۆي بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 8 مېتىر، كەڭلىكى 6.5 مېتىر، كۆلىمى 50 كۋادرات مېتىردىن ئارتۇقراق كېلەتتى. 1984- يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مەخسۇس مەبلەغ ئاجرىتىپ قايتا ياساپ ئەسلىگە كەلتۈردى. قايتا ياسىغاندىن كېيىنكى مەقبەرە قۇرۇلۇشى ئېخىمۇ كۆركەم ۋە قويۇق مىللىي تۈسكە ئىگە قىلىنىپ، قەبرىگە ياندىشىپ ھالدا تىلاۋەتخانا، ئېتىكاپخانا قاتارلىق قۇرۇلۇشلارمۇ ياساپ چىقىلدى. ئالىمنىڭ قەبرىسى جايلاشتۇرۇلغان ئۆينىڭ ئۈستىگە يۇمىلاق شەكىلدىكى بەش دانە كىچىك مۇنار چىقىرىلدى. مەقبەرە ھويلىسىدىكى 1000 يىللىق «ھاي -ھاي تېرەك» ئىھاتىلەندى. مەقبەرىگە چىقىدىغان دۆڭگە جەمئىي 69 پەشتاقتىن تەركىب تاپقان يول ياسالدى. 1984- يىل 10- ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مەھمۇد قەشقەرى مازىرىنىڭ قايتا ياسىلىپ پۈتكەنلىك مۇناسىۋىتى بىلەن مەخسۇس ھۆججەت چىقىرىپ، مەھمۇد قەشقەرى مازىرىنى «ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى» دەپ ئېلان قىلدى. 2005- يىل 10- ئايدا مەھمۇد قەشقەرى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1000 يىللىقىنى خاتىرىلەش مەملىكەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى قەشقەردە ئۆتكۈزۈلدى. 2006- يىلى گوۋۇيۈەن مەھمۇد قەشقەرى مازىرىنىڭ قوغداش دەرىجىسىنى «مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى»غا ئۆستۈردى. ھازىر ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقەرىنىڭ مازىرى قەشقەر تەۋەسىدىكى جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك ساياھەتچىلەرنى ئەڭ

كۆپ جەلپ قىلىدىغان زىيارەتگاھقا ئايلاندى.

## يۈسۈپ خاس ھاجىپ مەقبەرىسى

قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى مەنىۋىيەتنىڭ مۇجەسسەمچىسى، بۈيۈك ئالىم، پەيلاسوپ، ئەدىب، مۇتەپەككۇر، شائىر، جامائەت ئەربابى، مەشھۇر سىياسىئون يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مەقبەرىسى قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى پايناپ دېگەن يەردىكى تەربىيە يولىنىڭ جەنۇب تەرىپىگە جايلاشقان.



يۈسۈپ خاس ھاجىپ مەقبەرىسى

شەرقتىكى ئەبەدىيلىك داڭلىق ئەسەر «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ مۇئەللىپى يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ياشىغان شەرق رېنېسانسىنىڭ (ئويغىنىش) ئۇلۇغ بايراقدارلىرىنىڭ بىرىدۇر. «قۇتادغۇبىلىك» تىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مىلادىيە 1018- يىلى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ قىشلىق پايتەختى بالاساغۇندا (قۇز ئوردا) بۈگۈنكى قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ توقماق دېگەن يېرىدە، (خەنزۇچە مەنبەلەردە ( 裴罗将军 ) سوياپ دەپ ئاتىلىدۇ. ئا) يۇقىرى تەبىقە ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەنلىكى مەلۇم. يۈسۈپ خاس ھاجىپ كىچىكىدىن تارتىپلا ياخشى ئائىلە ۋە مائارىپ تەربىيىسىگە ئىگە بولغان. مىلادىيە 1057- يىلى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ بالاساغۇندىكى ئوردىسىدا يۈز بەرگەن قالايمىقانچىلىقتا يۈسۈپ خاس ھاجىپنى ئوردىدا ئەتىۋارلاپ ئىشلەتكەن سۇلايمان قاغان ئۆز ئىنىسىگە ئەسىر بولۇپ، خانلىقنىڭ

موقۇقى بۇغراخاننىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەندە، ئۆزىگىمۇ خەۋپ يې-
تىشتىن ئەندىشە قىلغان يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئاشۇ مەزگىللەردە
نەسەبەن تىنچ بولۇپ كېلىۋاتقان قاراخانىيلارنىڭ يازلىق پايتەختى
ئورداكەند، يەنى قەشقەرگە كېلىشكە مەجبۇر بولغان. ئۇ قەشقەرگە
كەلگەندىن كېيىن، قەشقەرنىڭ گۈللەنگەن مەدەنىيەت - سەنئەت،
ئىلىم. مەرىپەت مۇھىتى ۋە قەشقەردىكى مەشھۇر ئەدىب، شائىر،
ئالىم، ئوقۇمۇشلۇق زاتلار بىلەن كۆپ ئۇچرىشىش، ئىلىم تەھسىل
قىلىش نەتىجىسىدە، قولىغا قەلەم ئېلىپ، توپلىغان ماتېرىياللىرى
ئاساسىدا ئىلمىي ئىجادىيەتكە كىرىشىپ، 18 ئاي جاپالىق تىرىشىش
ئارقىسىدا ئىلىمنىڭ ھەممە ساھەسىنى دېگۈدەك ئۆز ئىچىگە ئالغان
مەشھۇر ئەسەر «قۇتادغۇبىلىك»نى شېئىرىي شەكىل بىلەن يېزىپ
تاماملايدۇ. بۇ چاغدا ئالىمنىڭ يېشى 50كە ئۇلاشقان بولۇپ، ئۇ ئۆز
ئەسىرىنى شۇ ۋاقىتتىكى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ قەشقەردىكى ھۆ-
كۈمدارى ئەبۇ ئەلى ھەسەن بىننى سۇلايمان بۇغراخانغا سوۋغا قىلى-
دۇ. بۇ ئەسەرنىڭ شەرىپىگە ئەبۇ ئەلى ھەسەن بىننى سۇلايمان
بۇغراخان مۇئەللىپكە «خاس ھاجىپ» لىق ئۇنۋانىنى بېرىدۇ ھەمدە
ئوردىدا ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھىجرىيە 478-
يىلى (مىلادىيە 1085- يىلى) 68 يېشىدا قەشقەردە ئالەمدىن ئۆتكەن-
دىن كېيىن، ئۇنىڭ ئالتۇن تېنى قەشقەر شەھىرى تەۋەسىدىكى دۆلەت-
باغ يېزىسىنىڭ غەربى، تۈمەن دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى
قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ خانلىق قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغان.
كېيىنكى زامانلاردا ئالىمنىڭ قەبرىسى كەلكۈن سۈيىنىڭ بۇزۇۋېتىش
خەۋپىگە دۇچ كەلگەنلىكتىن، يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ دەسلەپكى
مەزگىللىرىدە ھازىرقى ئورنىغا يۆتكەپ كېلىنگەن. «مەدەنىيەت زور
ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، قەبرە ئەتراپىغا
مەكتەپ سېلىنغان.

1986- يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمە-
تى 1 مىليون 500 مىڭ يۈەن خەلق پۇلى سەرپ قىلىپ، ئالىمنىڭ

قەبرىسىنى ئەسلىدىكى قىياپىتى ئاساسىدا قايتا ياساپ ئەسلىگە كەلتۈرگەن ھەمدە بۇ مەقبەرىنى «ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى» دەپ ئېلان قىلغان. بۇ قۇرۇلۇشنى رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە مەھمۇد قەشقەرى مەقبەرىسىنى قايتا ياساشقا يېتەكچىلىك قىلغان داڭلىق ئارخىتېكتور ھەسەن ئابدۇرېھىم تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلغان. قايتا ياسالغاندىن كېيىنكى مەقبەرە قۇرۇلۇشىنىڭ ئېگىزلىكى 12 مېتىر، ئۈستى گۈمبەز شەكىللىك، مەقبەرە ئۆينىڭ تۆت بۇرجىكىدە «قۇتادغۇبىلىك» تىكى تۆت پېرسوناژغا سىمۋول قىلىنغان تۆت دانە كىچىك مۇنار بار. مەقبەرىگە يانداش ھالدا كۆرگەزمە كارىدورى، دەرۋازا، مەسچىت (بۇ مەسچىت ئۇلى پۈتكەندىن كېيىن توختىتىپ قويۇلغان بولۇپ، ھازىرغىچە سېلىنمىدى. ئا) قاتارلىق قوشۇمچە قۇرۇلۇشلار بار. مەقبەرە قۇرۇلۇشىنىڭ سىرتى كۆك رەڭلىك گۈللۈك كاھىشلار بىلەن نەپىس بېزەلگەن. مەقبەرە ئۆينىڭ ئىچىدىكى تاملارغا «قۇتادغۇبىلىك» تىن ئېلىنغان شېئىرىي ئۈزۈندىلەر كېپىس بىلەن ناھايىتى كۆركەم ھالدا ئۇيغۇر يېزىقىدا، خەنزۇ يېزىقىدا ۋە لاتىن يېزىقىدىكى ترانسكرىپسىيە شەكلىدە ئويۇپ چىقىرىلغان. پۈتكۈل قۇرۇلۇش پۈتتا، كۆركەم ھەم مىللىي تۈسكە ئىگە بولۇپ، ئۇيغۇر ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ يۇقىرى پەللىسى دېيىشكە بولىدۇ. بۇ مەقبەرە مەدەنىيەت يادىكارلىق، سەيلە - ساياھەت ئورنى سۈپىتىدە سىرتقا ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك سەيلە - ساياھەتچىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ كەلمەكتە.

## «تۈركىي تىللار دىۋانى» بىلەن «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ كەچۈرمىشلىرى

تارىخىي، ئىجتىمائىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئەجدادلىرىمىز تەر-

پىدىن ھەرقايسى تارىخىي زامانلاردا يارىتىلغان قىممەتلىك مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ نۇرغۇنلىرى يوقىلىپ كەتتى، تالان - تاراجقا ئۇچرىدى، ئېچىنىشلىق ھالدا ۋەيران قىلىۋېتىلدى. نەتىجىدە تارىخ ۋە مەدەنىيىتىمىزنى تەتقىق قىلىشتا زور دەرىجىدە ئۈزۈكچىلىك پەيدا بولۇپ، تارىخ كەچمىشلىرىنىڭ يارقىن سىيمالىرى خۇنۇكلىشىپ كەتتى. باشقىلار ئۆز ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ ياراتقان مەدەنىيەت مىراسلىرى بىلەن پەخىرلىنىپ، ئۆزلىرىنى ئىنسانىيەت مەدەنىيەتلىرىنىڭ مەرخىللىرى ھېسابلىشىپ، مەيدىسىنى كۆتۈرۈپ يۈرگەن خېلى ئۇزاق زامانلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخى باشقىلار نىمە دېسە شۇ بولۇپ، دۇنيانىڭ نەزىرىدىن يىراقتا قېلىۋەردى. پەقەت تارىخ چاقى چۆرگىلەپ XVIII ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كەلگەندە ئۇيغۇرلارنىڭ يىراق ئۆتمۈشلىرىگە تەۋە قىممەتلىك مەدەنىي مىراسلار ئارقا - ئارقىدىن ئاشكارىلىنىشقا باشلىدى. بولۇپمۇ بۇ مەزگىللەردە ئەڭ مۇكەممەل يازما يادىكارلىقلىرىمىزدىن بولغان «تۈركىي تىللار دىۋانى» ۋە «قۇتادغۇبىلىك» تىن ئىبارەت ئىككى شاھانە ئەسەرنىڭ تېپىلىشى ئۇيغۇر مەدەنىيەت تەتقىقاتىدىكى قارا تۇمانلارنى سۈپۈرۈپ تاشلىدى. قىسقىسى، بۇ ئىككى قامۇسنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيەت، تارىخ تەتقىقاتىنى تېخىمۇ يۈكسەلدۈرۈپ، ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىنى خەلقئارادا تونۇتۇشتا، ئۇيغۇرلار مەدەنىيەت، تارىخ تەتقىقاتىنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى ئېچىشتا ئاچقۇچلۇق رول ئوينىدى دېيىشكە تامامەن ھەقلىقمىز.

تۆۋەندە قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن ئىككى پارچە نامايەندە خاراكتېرلىك شاھانە مىراس «تۈركىي تىللار دىۋانى» بىلەن «قۇتادغۇبىلىك» تىن ئىبارەت ئۇلۇغ يازما يادىكارلىقلىرىمىزنىڭ يوقىلىپ كەتكەن ۋاقتىدىن تاكى قولىمىزغا قايتىپ كەلگەنگە قەدەر بولغان توققۇز ئەسىردىن كۆپرەك جەريانىدىكى ساقلىنىش، كۆچۈرۈلۈش، تەتقىق قىلىنىش قاتارلىق ئەگرى - توقاي سەرگۈزەشتىلىرى توغرىسىدا كىتابخانلار بىلەن ئورتاقلىشىپ ئۆتىمىز.

ئېنسكلوپېدىيىلىك ئەسەر «تۈركىي تىللار دىۋانى»

ئۇلۇغ ئالىم، تىلشۇناس مەھمۇد بىننى ھۈسەيىن قەشقەرى XI ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرى قەدىمكى يىپەك يولىدىكى مۇھىم شەھەرلەرنىڭ بىرى بولغان قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ يازلىق پايتەختى قەشقەردە دۇنياغا كۆز ئاچقان. ئۇنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ خاقانلىرىدىن ئىدى. ئۇ سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ 11- ئەۋلادى ھېسابلىنىدۇ. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ باللىق چاغلىرى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ دۆلەت تۈزۈلمىسى زەئىپلىشىپ، ئوردىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھوقۇق تالىشىش زىددىيەتلىرى ۋە ئەتراپتىكى ئەللەر بىلەن بولغان نىزالار ئەۋجىگە چىققان مۇرەككەپ ئىجتىمائىي مۇھىتقا توغرا كەلگەنىدى. بۇخىل مۇھىت مەھمۇد قەشقەرىنىڭ گۆدەك قەلبىدە چوڭقۇر جاراھەتلەرنى قالدۇرغان بولسا، ئۇنىڭ خاراكتېر جەھەتتىن قەيسەر، تىرىشچان، ئىرادىلىك بولۇپ چىقىشى ئۈچۈنمۇ مۇئەييەن دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتمەي قالمىدى. ئۇ قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ھاكىمىيەت ھوقۇقىغا ۋارىسلىق قىلىش ئالدىدىكى قىرانلىق مەزگىلىدە، يەنى مىلادىيە 1058- يىلى ھۈسەيىننىڭ ئوردىسىدا قانلىق سىياسىي ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، ھۈسەيىن جەمەتىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قىرىپ تاشلاندى. شۇ قېتىملىق ئوردا سىياسىي ئۆزگىرىشىدە ئامان قالغان مەھمۇد قەشقەرى ئوردىدىن مەخپىي ئايرىلىپ ياقا يۇرتلاردا بىر مەزگىل پاناھلىنىشقا مەجبۇر بولىدۇ. مەھمۇد قەشقەرى بۇ جەرياندا ئىلى دەريا ۋادىسى، سىر دەريا ۋادىسى ۋە ئوغۇز (دەرىيايى جەيھۇن) دەريا ۋادىلىرىدا ياشايدىغان تۈرك، تۈركمەن، ئوغۇز، چىگىل، ياغما، قىرغىز قاتارلىق تۈركلەر زېمىنىنى ئايلىنىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەڭ چوڭ مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ بىرى بولغان بۇخاراغا بارىدۇ.

مۇھەممەت بىننى ھۈسەيىن ئوغلى مەھمۇد قەشقەرى كىچىكىدىن تارتىپلا قاراخانىيلار سۇلالىسىدىكى ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدىن بولغان

«مەدرىسەئى ھامىدىيە» ۋە «مەدرىسەئى ساچىيە» لەردە داڭلىق ئۇس-
تازلارنىڭ تەربىيىلىشى بىلەن ھەممىدىن خەۋەردار يارامىلىق تالىپلار-
دىن بولۇپ يېتىشىپ چىققانلىقى سەۋەبلىك، ئۇنىڭ كەڭ تۈرك زې-
مىنلىرىدىكى يېگانە پائالىيىتى ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك ئۆتىدۇ. ئۇ
بارغانلىكى يېرىدە بىر مەزگىلدىن تۇرۇپ، شۇ جايدا ياشاۋاتقان ئو-
لۇسلارغا مۇناسىۋەتلىك كۆپ تەرەپلىمىلىك ماتېرىياللارنى توپلايدۇ.
40 ياشقا قەدەم بېسىش ھارپىسىدا سودىگەرلەرگە ئەگىشىپ بۇخارادىن
سالجۇق تۈركلىرى ھامىيلىقىدىكى باغدادقا بارىدۇ ھەمدە ئۆزىنىڭ
ئوتتۇرا ئاسىيادا توپلىغان ماتېرىياللىرى ئاساسىدا مەشھۇر قامۇس
«تۈركىي تىللار دىۋانى»نى يېزىشقا كىرىشىدۇ.

مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى مىلادىيە 1074-
يىلى باغدادتا يېزىپ تاماملايدۇ ھەمدە ئەسەرگە ئۆزىنىڭ قايسى يۇرتقا
مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن تەخەللۇسىغا «قەشقەرى»
دېگەن نامنى قوللىنىشنى زۆرۈر كۆرىدۇ(ئەسەرنىڭ ئەرەب تىلى
بىلەن يېزىلىشى ئالىمنىڭ ئۆز ئانا يۇرتىنىڭ نامىنى تەخەللۇس قى-
لىپ تاللىشىغا سەۋەب بولغان بولۇشى مۇمكىن.). ئەسەر مىلادىيە
1074- يىل 2- ئايدا يېزىلىپ تاماملانغاندىن كېيىن ، دەمەشقلىق
مۇھەممەد ئىبنى ئەبۇ بەكىر ئىبىن ئەبىلپەتىھ بۇ كىتابنى ئەسلىي
نۇسخىسىدىن ھىجرىيە 464- يىلى شەۋۋال ئېيىنىڭ 27- كۈنى قايتا
كۆچۈرۈپ چىقىدۇ. مەھمۇد قەشقەرى ھىجرىيە 464- يىلىدىن 466-
يىلىغىچە(مىلادىيە 1074 — 1073) تەھرىرلەپ قايتا تولۇقلاپ،
ھىجرىيە 467- يىلى (مىلادىيە 1075- يىلى) بۇ قىممەتلىك ئەسەرنى
ئابباسىيلار سۇلالىسىنىڭ 27- خەلىپىسى، ھاشىمىيلار ئۇرۇقىدىن
بولغان خەلىپە مۇھەممەت ئوغلى ئوبۇلقاسىم ئابدۇللا مۇقتەدى بى
ئەمرۇللا ھەزرەتكە تەقدىم قىلىدۇ.

ئالىمنىڭ ئۆز قەلبىگە پۈككەن ئۇلۇغ ئارزۇ - ئارمانلىرى رېئال-
لىققا ئايلىنىدۇ. بىراق، ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئانا يۇرتقا بولغان سېغى-
نىش ئوتى بارغانسېرى يالقۇنجاپ، ھىجرىيە 472- يىلى (مىلادىيە

1080- يىلى) ئايرىلغىنىغا 30 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت بولغان ئانا
يۇرتى قەشقەرگە قايتىپ كېلىدۇ. ئۇ قەشقەرگە قايتىپ كەلگەندىن
كېيىن، كىندىك قېنى تۆكۈلگەن تۇپراق ئوپالنىڭ ئازىخ دېگەن
يېرىدە «مەدرىسەئى مەھمۇدىيە» نامىدىكى مەدرىسەنى قۇرۇپ، «ھەز-
رىتى موللام» (بىلىمگە ھۆددىگەر پىرىم) دېگەن نامدا ئۆزى مۇدەر-
رىسلىك قىلىدۇ. سەككىز يىل مۇدەررىسلىك قىلغاندىن كېيىن،
مىلادىيە 1105- يىللىرى ئەتراپىدا ۋاپات بولىدۇ.

مەھمۇد قەشقەرى باغدادتىن قەشقەرگە قايتىپ كېلىپ ئۇزاق
ئۆتمەستىنلا ئەرەب زېمىنلىرىنى ئۇرۇش تۇمانلىرى قاپلاشقا باشلىغا-
نىدى. شۇ يىللاردىكى ئۇرۇشتا خەلىپە مۇقتەدىنىڭ ئوردىسى كۆيۈپ
كۈلگە ئايلىنىدۇ. ئوردا كۇتۇپخانىسىدىكى نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك
كىتابلارمۇ كۆيۈپ كەتكەن بولۇپ، شۇ قېتىم كۇتۇپخانىدا ساقلىنى-
ۋاتقان «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ كۆيۈپ كەتكەنلىكىنى ياكى
باشقىلار تەرىپىدىن ئېلىپ كېتىلگەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئارى-
دىن 100 يىل ئۆتۈپ كېتىدۇ. بۇ جەرياندا يوقالغان كىتابلارنىڭ
بىر قىسمى كىشىلەرنىڭ قوللىرىدا پەيدا بولۇشقا باشلايدۇ. ئەمما
«تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ نەدىلىكىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئەجەبا
بۇ قىممەتلىك قامۇس ئەنە شۇنداقلا ئىز - دېرەكسىز يوقاپ كەتكەنمى-
دۇ؟ مەھمۇد قەشقەرىنىڭ قان - تەرى سىڭگەن بۇ ئەسەر شۇنداقلا
يوققا چىقارمۇ؟ ئەرەب زېمىنىدا ھېچكىممۇ بۇ قىممەتلىك ئەسەرنىڭ
دېرىكىنى قىلىپ باقمايدۇ. ئەمما، ئۇرۇش ئوتلىرى خەلىپىنىڭ
ئوردىسىنى كۆيدۈرۈپ تاشلىيالىغىنى بىلەن، بۇ ئېسىل ئەسەرنى
كۆيدۈرۈپ تاشلىيالمىغانىدى. ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدا ئوردىدىكىلەر
ئۆز جانلىرىنى ساقلاپ قېلىشنىڭ ئامالىنى قىلىشىۋاتقاندا، مۇقتەدى-
نىڭ ئوردىسىدا تەلىم ئېلىۋاتقان نامەلۇم بىر تالىپ ۋەيران بولۇپ
كەتكەن ئوردا كۇتۇپخانىسى ئىچىدىن بىرنەچچە پارچە قىممەتلىك كى-
تابنى ئېلىپ چىقىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ قولىدىكى كىتابلارنىڭ ئارىسىدا
مەشھۇر قامۇس «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭمۇ بارلىقىنى ئۇنىڭدىن

باشقا ھېچ كىشى بىلمەيدۇ.

تارىخ چاقى مىلادىيە 1200- يىلىنىڭ سۇبھىسىگە قەدەم قويغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە باغداد كوچىسىدا چاچلىرى چۇۋۇلغان، جۇلدۇر كىيىمگە پەرۋا قىلماستىن شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى شاھ ئوردىسى-غا قاراپ ماڭىدۇ. ئاززاقمۇ ئەيمەنمەستىن پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا قاراپ كېلىۋاتقان بۇ جۇلدۇر كىيىمنى كۆرگەن ئىشىك باقارلار ئۇنى قىلىچ ـ نەيزىلىرى بىلەن توسۇۋېلىپ، نەدىن كەلگەنلى-كىنى، پادىشاھقا ئېيتماقچى بولغان قانداق ئەرز ـ دادىنىڭ بارلىقىنى سوراي-دۇ. ئۇلار بۇ تىلەمچى ئايالنىڭ شاھ ئالىيلىرىغا ئاتاپ بىر قىممەتلىك سوۋغا ئەكەلگەنلىكىنى، ئۇنى پادىشاھقا ئۆز قولى بىلەن تاپشۇرۇپ بەرمەكتىن باشقا ھېچقانداق ئەرز ـ دادىنىڭ يوقلۇقىنى بىلگەندىن كېيىن، ئەھۋالنى پادىشاھقا دەرھال مەلۇم قىلىدۇ. پادىشاھ تىلەم-چىنىڭ ئوردىغا كىرىشىگە ئىجازەت قىلىدۇ. بۇ جۇلدۇر كىيىم بىچارىنىڭ ئەجەبا ماڭا بەرگۈدەك قىممەتلىك قانداق نەرسىسى باردۇ؟ ياكى ئۇ ماڭا قەست قىلىشقا كىرگەن يېرىنخورمىدۇ؟ تىلەمچىنىڭ تەقى ـ تۇرقىنى كۆرگەن پادىشاھ دەمال گاڭگىراپ قالىدۇ. قېرى تىلەمچى پادىشاھنىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ تەزىم بەجا كەلتۈر-گەندىن كېيىن، قولىدىكى بوغچىنى ئاۋايلاپ يېشىپ، بوغچىغا ئوراپ نەچچە ئون يىل ساقلاپ يۈرگەن بىر پارچە كىتابنى ئېلىپ پادىشاھقا ئىككى قوللاپ سۇنىدۇ. بۇ چولڭ ھەم نەپىس ئىشلەنگەن كىتابنىڭ ئەرەب تىلى بىلەن يېزىلغان «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئىكەنلىكىنى كۆرگەن ئاباسىيلار سۇلالىسىنىڭ 34- ۋارىسى خەلىپە ئەل ناسىر ئىنتايىن رازىمەنلىك بىلەن تىلەمچى ئايالغا كۆپ تارتۇقلارنى بېرىپ يولغا سالىدۇ. بۇ مىلادىيەنىڭ 1225- يىللىرىغا توغرا كېلەتتى.

خەلىپە ئەل ناسىر (مىلادىيە 1225 — 1180) بۇ كىتابنىڭ بىباھا، تېپىلغۇسىز كىتاب ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ، دەرھال ئوردا پۈتۈكچىلىرىنى تەشكىللەپ قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا 10 نەچچە پارچە

كۆچۈرتكۈزىدۇ ھەمدە ئۇنى ئوردا كۇتۇپخانىسىدا قەدىرلەپ ساقلاشقا بۇيرۇشتىن سىرت، باغدادتىكى مۇھىم مەكتەپلەردە دەرسلىك سۈپىتىدە پايدىلىنىشقا ئىجازەت بېرىدۇ. خەلىپە ئەل ناسىر ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىنمۇ بۇ كىتاب بىرنەچچە زامان باغداد شەھىرىدىكى مۇھىم مەدرىسەلەرنىڭ قىممەتلىك ئوقۇشلۇقى سۈپىتىدە ئەتىۋارلىنىپ كېلىدۇ. ئەپسۇس، خرىستىئان قىساسچىلىرىدىن تەشكىللەنگەن ئەھلى سەلىپ (كرېست قوشۇن) ئىككىنچى قېتىم شەرققە يۈرۈش قىلىپ، ئەرەب زېمىنلىرىنى يەنە بىرقېتىم خانىۋەيرانچىلىققا دۇچار قىلىدۇ. ئاشۇ مالىمانچىلىقتا «تۈركىي تىللار دىۋانى» يەنە بىر قېتىم دېڭىزغا تاش چۆككەندەك يەر يۈزىدىن غايىب بولۇپ كېتىدۇ. ئالتە ئەسىر ئۆتۈپ كەتكۈچە بۇ كىتابنىڭ ئىز - دېرىكىمۇ بولمايدۇ. كىشىلەر قەدىمكى كىتاب خاتىرىلىرىدىن مەھمۇد قەشقەرى ئىسىملىك بىر تۈرك ئالىمىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق بىر مەشھۇر ئەسەر يازغانلىقىنى بىلىشىدۇ. ئەمما، ھېچكىممۇ بۇنداق كىتابنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈش ئارزۇسىغا يېتەلمەيدۇ.

1. دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە تۈركىيىنىڭ ئىستانبۇل شەھىرى ئېغىر بومباردىمانغا ئۇچرايدۇ. بىر پاي زەمبىرەك ئوقى ئاق سۆڭەك دىيار بەكرى جەمەتىدىن بولغان بىر كىتابپۇرۇچنىڭ ئۆگزىسىدە پارتلاپ، ئۇلارنىڭ ئەل ئىمىر نامىدىكى مەشھۇر كۇتۇپخانىسىنى ۋەيران قىلىۋېتىدۇ. كىشىلەر كىتاب دۆۋىلىرى ئارىسىدىن ئۆزلىرى كۆرۈپ چۈشىنەلمەيدىغان، ئەمما ئىنتايىن نەپىس ئىشلەنگەن بىر دىۋاننى بايقاپ قالىدۇ. بۇ ئەسلىدە «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ شۇكەمگىچە ساقلىنىپ قالغان بىردىنبىر نۇسخىسى بولۇپ، ئوسمان تۈرك ئىمپېرىيىسىنىڭ ۋەزىرلىرىدىن بىرى بولغان نازىپ بېينىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتىدىن بولغان بىر ئايال ئائىلىسىدە ئۇزاق يىل تەۋەررۈك سۈپىتىدە ساقلاپ، كېيىنچە تۇرمۇش ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن دىيار بەكرى جەمەتىنىڭ ئەل ئىمىر كۇتۇپخانىسىغا رەنگە قويغان قولىيازما نۇسخىسى ئىدى. ئەل ئىمىر كۇتۇپخانىسىنىڭ ۋەيران بولغانلىقىنى ئاڭلى-

غان مەشھۇر تىلشۇناس كىلىسلى رىفئەت ئەپەندى دەرھال كۈتۈپخانىغا كېلىپ (ھىجرىيە 1335- يىلى، مىلادىيە 1914- يىلى) بۇ كىتابنى باشقىلاردىن سېتىۋالىدۇ. ئۇ ئۈچ يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ بۇ تەڭداشسىز مىراسنى ئۈچ تومغا ئايرىپ، 1917- يىلى ئەسلىي نامى بويىچە ئىستانبۇلدا مىغ مەتبەئەدە نەشر قىلدۇرىدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ كىتاب دۇنيادىكى ھەرمىللەت تۈركولوگلارنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىشقا باشلايدۇ. دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئالىملار بۇ كىتاب توغرىسىدا تۈركچە، نېمىسچە، ئىنگلىزچە، رۇسچە، ۋېنگىر تىللاردا كىتاب ۋە ماقالىلەرنى ئېلان قىلىدۇ. گېرمانىيىلىك «تۈركىي تىللار دىۋانى» تەتقىقاتى بىلەن ئەڭ كۆپ شۇغۇللانغان ئالىم، سام تىللىرى مۇتەخەسسىسى كارىل. بىرىككىلمان 1928- يىلى «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ نېمىسچە ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە ئىشلەپ چىققان ئىندېكسىنى ئېلان قىلىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، دۇنيانى زىلزىلىگە سالغان بۇ مەشھۇر قامۇسنى چۈشىنىشكە بولغان ئىنتىلىش XX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە ئاندىن ھەل قىلىنىدۇ. تۈركىيىلىك داڭلىق تىلشۇناس بېسىم ئاتالاي 21 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، كىلىسلى رىفئەتنىڭ ئىستانبۇل مىغ مەتبەئە نەشرىگە ئاساسەن 1941- يىلى «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ ئۈچ توملۇق تۈركچە تەرجىمىسىنى نەشر قىلدۇرغاندىن باشقا، يەنە بۇ كىتابنىڭ فاكسىمىل (فوتو سۈرەت نۇسخىسى) نۇسخىسىنىمۇ نەشر قىلدۇرىدۇ.

1960- يىلى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆزبېك ئالىمى، تىلشۇناس سالىھ مۇتەللىپوپ «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى تۈركچىدىن ئۆزبېكچىگە تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇرىدۇ.

1955- يىلى قەشقەردە ئاكا - ئۇكا مۇھەممەت پەيزى بىلەن مەرھۇم ئەھمەد زىيائى ئەپەندى بىرلىشىپ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا تەرجىمە قىلغان بىرىنچى ئورىگىنالى قولدىن چىققان، ئەمما نەشر قىلىنماسلىقى توغرىسىدىكى سەۋەبلەر تېخى ئېنىق ئەمەس.

1963 ــ 1966- يىللىرى ئۇيغۇر سايرانى ئەرەبچىدىن بۇ كىتابنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىككىنچى تەرجىمىسى ئىشلىگەن، ئەمما سولچىل خاتا ئىدىيىنىڭ تەسىرىدىن نەشر قىلىنماي نابۇت بولۇپ كەتكەن.

1980- يىلىنىڭ بېشىدا دۆلىتىمىز ھەر مىللەت تىلشۇناس، مۇتەخەسسىس، ئالىملاردىن كۈچ تەشكىللەپ، ئېنسىكلوپېدىيىلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان بۇ قىممەتلىك يازما يادىكارلىقنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ مەدەنىيەت، تارىخ تەتقىقاتىدىكى يۈكسەك ئورنىنى تولۇق ئېتىبارغا ئېلىپ، ئۇيغۇر ئالىملىرىدىن موللا ئابدۇلھەمىت ھاجى يۈسۈپى، ئابدۇرېھىم تىلەشىپ ئۆتكۈر ئەپەندى، تىلشۇناس ئىبراھىم مۇتئى ئەپەندى، مەدەنىيەت - تارىخ تەتقىقاتچىسى ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندى، ئابدۇسالام ئابباس ئەپەندى، تىلشۇناس مىرسۇلتان ئوسمانوف ئەپەندى، سابىت روزى ئەپەندى قاتارلىق كىشىلەرنىڭ جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرۈشى بىلەن «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ 1941- يىلى بېسىم ئاتالاي تەرىپىدىن ئەنقەرەدە نەشر قىلدۇرۇلغان فوتو سۈرەت نۇسخىسى ئاساسىدا نەشرگە تەييارلىنىپ، 1981- يىلىدىن 1984- يىلىغىچە ھەممە قىسمى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن ئارقا - ئارقىدىن نەشر قىلدۇرۇلۇپ، كەڭ كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشكەن. مانا بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ئەجدادلىرى ياراتقان قىممەتلىك ئەسەر «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى ئاشكارا كۆرۈشكە مۇشەررەپ بولغان ۋاقتىدۇر. بۇ كىتاب 2002- يىلى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىندى.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» مەزمۇن جەھەتتىن تىلشۇناسلىق، ئەدەبىيات - سەنئەت ۋە فولكلور، مەدەنىيەت، تارىخ، ئارخېئولوگىيە، دىن، توپونومىيە — يەر ناملىرى، سوتسىئولوگىيە، ئېتنوگرافىيە، پەلسەپە، جۇغراپىيە، تېبابەتچىلىك ۋە ئېكولوگىيە جەھەتلەرگە چېتىلىدىغان قامۇسى ئەسەر بولۇپ، دۇنيا لۇغەتچىلىك تارىخىدا ھازىرغىچە كۆرۈلۈپ باقمىغان يۇقىرى سەنئەت ماھارىتى بىلەن، سۆزلۈكلەر-

گە ئۇرگاننىڭ بىرلەشتۈرۈش ئاساسىدا «تۈركىي تىللار دىۋانى» غا 242 كۇپلېت شېئىر - قوشاق، 300 پارچىدىن ئارتۇق ماقال - تەمسىلنى ۋە ھېكمەتلىك سۆزلەرنى كىرگۈزۈپ، تۈرك قەبىلىلىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان 7500 دىن ئارتۇق سۆزلەرنى ئىخچام، ئوبرازلىق جۈملىلەر ئارقىلىق فونېتىكىلىق، گىراماتىكىلىق قانۇنىيەتلەر ئاساسىدا چۈشەندۈرۈپ ئۆتكەن.

مانا بۇ ئۇيغۇرلارغا مەنسۇپ بولغان شاھانە قامۇسنىڭ كەچۈرمىشلىرىدۇر.

## دىداكتىك داستان «قۇتادغۇبىلىك»

ئۇلۇغ بۇۋىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپ قالدۇرۇپ كەتكەن دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە شەرقتىكى ئەبەدىيلىك ئەسەر «قۇتادغۇبىلىك» (بەخت ئاتا قىلغۇچى بىلىم) ئۇيغۇرلارنىڭ قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىگە مەنسۇپ بولغان يەنە بىر قىممەتلىك يازما يادىكارلىقنىڭ بىرىدۇر. مۇكەممەل يېزىلغان بۇ شېئىرىي داستاندا قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ماددىي، مەنىۋى قىياپىتى ئوبرازلىق سۈرەتلەپ بېرىلگەن بولۇپ، مىللەتنىڭ مەدەنىيەت، تارىخ تەتقىقاتىدا تۇتقان ئورنى ئىنتايىن مۇھىم بولۇپلا قالماستىن، دۇنيا شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتىدىمۇ ناھايىتى يۇقىرى ئورۇننى تۇتۇپ كەلمەكتە.

«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ مۇئەللىپى يۈسۈپ خاس ھاجىپ مىلادىيە 1018- يىلى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ قىشلىق پايتەختى بالاساغۇن (قۇزئوردا) دا، ئوردىنىڭ تەجرىبىلىك، بىلىملىك پۈتۈكچىلىرىدىن بولغان رەيھاندىن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەنلىكى مەلۇم( يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ دادىسى توغرىسىدىكى قاراشنى ئابدۇرېھىم سابىت ئەپەندى 1998- يىلى قەشقەردە ئۆتكۈزۈلگەن 3- نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك «قۇتادغۇبىلىك» ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئوقۇغان ماقالىسىدە بىرىنچى قېتىم ئوتتۇرىغا قويغان. ئا) . ئوردا سىياسىي ئۆزگىرىشىدە رەيھاندىن ئائىلىسى تۆھمەتكە ئۇچراپ ۋەيران بولغان. يۈسۈپ

خاس ھاجىپ كىچىكىدىن باشلاپلا بالاساغۇندىكى مۇھىم مەدرىسەلەردە ئەرەب تىلى، پارس تىلى، سوغدى تىلى قاتارلىقلارنى پىششىق ئۆگىنىپلا قالماي، يەنە نۇرغۇنلىغان تەبىئەت ۋە ئىجتىمائىيەتكە مۇناسىۋەتلىك ئىلىملەرنى ئۆگەنگەن. ئۇ مىلادىيە 1075- يىللىرى بالاساغۇندىكى ئوردىدا يۈز بەرگەن قانلىق سىياسىي ئۆزگىرىشتە ئۆزىنىڭ ئاتا- ئانىلىرى تۆھمەتكە ئۇچراپ ئۆلۈپ، ئائىلىسى ۋەيران بولغاندىن كېيىن قەشقەرگە كېلىشكە مەجبۇر بولغان. مىلادىيە 1070-يىلى (ھىجرىيە 462- يىلى) 18 ئاي ۋاقىت سەرپ قىلىپ 13 مىڭ 290 مىسرالىق دىداكتىك داستان «قۇتادغۇبىلىك» نى يېزىپ تاماملاپ، بۇ كىتابنى قاراخانىيلارنىڭ ھۆكۈمدارى ئەبۇ ئەلى ھەسەن بىننى سۇلايمان بۇغراخانغا مىلادىيە 1074- يىلى سوۋغا قىلغان. ھەسەن بۇغراخان ئەسەرنىڭ شەرىپىگە مۇئەللىپكە «خاس ھاجىپ» لىق ئۇنۋانىنى بەرگەن. ئالىم مىلادىيە 1085- يىلى 68 يېشىدا قەشقەردە ئالەمدىن ئۆتكەن.

مەزكۇر داستان مەزمۇنىنىڭ موللىقى، تىلىنىڭ گۈزەللىكى، پەلسەپىۋى پىكىرلەرنىڭ ئۆتكۈرلۈكى، غايىۋىلىك جەھەتتىكى ئىلغارلىقى، بەدىئىي ئالاھىدىلىك جەھەتتىكى ئۆزگىچىلىكى بىلەن ئۆز زامانىسىدىن باشلاپلا ھەرقايسى ئەللەرگە تارقىلىپ «ئەدەبۇل مۇلۇك» (شاھلارنىڭ ئەدەپ - قائىدىلىرى)، «ئايىنۇل مەملىكە» (مەملىكەتنىڭ دەستۇرى)، «زىننەتۇل ئۇمرا» (ئەمىرلەر زىننىتى)، «شاھنامەئى تۈرك» (تۈرك شاھلىرى دەستۇرى)، «پەندى نامەئى مۇلۇك» (پادىشاھلارغا نەسىھەت)، «قۇتادغۇبىلىك» (بەخت كەلتۈرگۈچى بىلىم) (بۇلارنىڭ ھەممىسى تۈركىي تىللىق خەلقلەر زېمىنلىرىدا بېرىلگەن ھەر خىل ناملار. ئا) دېگەنگە ئوخشاش ھەر خىل ناملار بىلەن ئاتىلىپ، بىباھا گۆھەر سۈپىتىدە قەدىرلىنىپ كەلگەن. ئالىم ئۆز كىتابى ئۈستىدە توختالغاندا ئىنتايىن زور ئىشەنچ بىلەن يازغان تۆۋەندىكى بېيىتلىرىمۇ بۇ ئەسەرنىڭ قىممىتىنى نامايان قىلىپ بېرەلەيدۇ.

پۈتۈن تۈرك، چىن، شەرق ئېلىدە دېمەك،
بۇنىڭدەك كىتاب يوق جاھاندا بۆلەك.
بۇنىڭدەك كىتابنى كىم ئېيتقان ئاۋۋال،
كېيىن كىممۇ ئېيتار بۇنىڭدەكنى دەل؟
كىم ئولسا بۇنىڭدەكنى يازارمۇ قېنى؟
يازىچى بار بولسا، مەن ماختاي ئۇنى.

دېمىسىمۇ، تا بۈگۈنگە قەدەر شۇ دەۋرلەردە مەيلى ئەرەب، مەيلى پارس ياكى ھىندىستان، جۇڭگولاردا بولسۇن، ھېچكىمنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» كە ئوخشاش بۇنداق مەشھۇر ئەسەرنى يېزىپ باققانلىقىدىن خەۋەرسىز تۇرۇۋېتىمىز ھەم بۇ كىتاب ئالىم ئۆزى ئېيتقاندەك ئۇلۇغ كىتابلاردىن بولمىغان بولسا ئىدى، ئۇنىڭ ئازكەم 1000 يىلغىچە يوقالماي ساقلىنىپ كېلىشىمۇ ھەم مۇمكىن بولمىغان بولاتتى.

تا ھازىرغا قەدەر بۇ ئەسەرنىڭ قايسى يىلى، نېمە سەۋەبلەر بىلەن قەشقەر تەۋەلىكىدىن چىقىپ كەتكەنلىكى توغرىسىدا ئېنىق ئۇچۇر يوق. بۇ ئەسەرنىڭ ھازىرغىچە بىزگە ئۈچ خىل نۇسخىسى يېتىپ كەلدى. بىرىنچى خىل نۇسخا، يەنى ۋېنا نۇسخىسى، بۇ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن نۇسخا بولۇپ، ئاۋستىرىيىنىڭ پايتەختى ۋېنادىن تېپىلغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان. بۇ A نۇسخىدۇر. ئىككىنچى خىلى قاھىرە نۇسخىسى بولۇپ، 5400 بېيىتتە پۈتۈلگەن مىسىر پايتەختى قاھىرەدىكى «ھىدىۋ» (ھازىرقى قىرال) كۇتۇپخانىسىدىن بايقالغانلىقتىن شۇنداق ئاتالغان. بۇ B نۇسخىدۇر. ئۈچىنچى خىلى پەرغانە نۇسخىسى بولۇپ، ھازىرقى ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ پەرغانە ۋىلايىتى تەۋەسىدىكى نەمەنگاندىن (نەمەنگان نۇسخىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) تېپىلغانلىقتىن پەرغانە نۇسخىسى دەپ ئاتالغان، 6095 بېيىتتە پۈتۈلگەن. بۇ ئەسەرنىڭ C نۇسخىدۇر. ئەسەرنىڭ B، C نۇسخىلىرى تۆمۈرىيلەر دەۋرىدىكى چاغاتاي تىلىدا يېزىلغان. ئەسەرنىڭ تىل تەۋەلىكى ۋە دەسلەپكى قېتىمقى ئاشكارىلىنىشىدىن

قارىغاندا، بۇ ئەسەر تۆمۈرىيلەر دەۋرىدە چەت ئەللىكلەر تەرىپىدىن ئېلىپ كېتىلگەن بولۇشى مۇمكىن، دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ.

«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ۋېنا نۇسخىسى مىلادىيە 1439- يىلى ئافغانىستاننىڭ ھېرات شەھىرىدە ھەسەن قارا سايىل شەمسى دېگەن كىشى تەرىپىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا كۆچۈرۈلگەن. شۇڭا، بۇ نۇسخا يەنە ھېرات نۇسخىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مىلادىيە 1474- يىلى تۈركىيىنىڭ ئىستانبۇل شەھىرىگە كەلتۈرۈلگەن، كېيىن ئاۋستىرىيىلىك شەرقشۇناس ھاممېر پۇرگىشتال تەرىپىدىن سېتىۋېلىنىپ، ئاۋستىرىيىنىڭ ۋېنا شەھىرىدىكى ئوردا كۈتۈپخانىسىغا قويۇلغان. مىلادىيە 1796- يىلى ھاممېر پۇرگىشتال تەرىپىدىن تۇنجى قېتىم دۇنياغا ئاشكارىلانغان.

پەرغانە نۇسخىسىنى تۇنجى قېتىم تاتار ئالىمى زەكى ۋەلىد مىلادىيە 1914- يىلى پەرغانىنىڭ نەمانگان شەھىرىدىكى مۇھەممەت ھاجى ئىشان لالەرىش دېگەن كىشىنىڭ شەخسىي كۈتۈپخانىسىدىن بايقاپ، بۇ توغرۇلۇق ئۇچۇر بەرگەن. مىلادىيە 1924- يىلى ئۆزبېك ئالىمى پىترەت بۇ نۇسخىنى قولغا چۈشۈرۈپ، ئەسەر توغرىسىدا ماقالە يازغان.

قاھىرە نۇسخىسىنى تۇنجى بولۇپ مەشھۇر رۇس ئالىمى رادلوف مىلادىيە 1910- يىلى بايقىغان. ئۇ ئەسەرنىڭ ۋېنا نۇسخىسى بىلەن قاھىرە نۇسخىسىنى سېلىشتۇرۇپ، ئەسەرنىڭ ترانسكرىپسىيىسى بىلەن نېمىسچە تەرجىمىسىنى نەشر قىلدۇرغان.

«قۇتادغۇبىلىك» توغرىسىدىكى تەتقىقاتلار ياۋروپادا XIX ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ قىزىق تېمىغا ئايلانغان. مىلادىيە 1827- يىلى فىرانسىيىلىك ژانبېرت. ئامېدى تۇنجى قېتىم مەتبۇئاتتا «قۇتادغۇبىلىك» توغرىسىدىكى ماقالىسىنى ئېلان قىلغان ۋە بۇ كىتابنىڭ مەزمۇنلىرىدىن قىسمەن بۆلەكلەرنى نەشر قىلدۇرغان. 1870- يىلى ۋېنگرىيە ئالىمى ھېرمان ۋامبېرى«قۇتادغۇبىلىك» نى تەتقىق قىلىپ، ئۇنىڭ 1000 بېيىتىنى ترانسكرىپسىيىلەشتۈرۈپ، «ئۇيغۇر

ئابىدىلىرى» دېگەن نامدا ئىبمىسچە نەشرىنى ئىشلىگەن ۋە مەخسۇس لۇغەت تۈزگەن. 1890- يىلى رۇس شەرقشۇناسى رادلوف ۋامبىرى تەتقىقاتىنى راۋاجلاندۇرۇپ، 20 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىش نەتىجىسىدە ئەسەرنىڭ ئەرەب تىلىدىكى نۇسخىلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئۇيغۇر يېزىقىدا ترانسكرىپسىيە قىلىپ، ئىككى توملۇق كىتابچە قىلىپ نەشر قىلدۇرغان. بۇنىڭغا ئۇلاپلا ئۇ يەنە 1943- يىلى «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ مانجۇچە تەرجىمىسىنى ئىستانبۇلدا نەشر قىلدۇرغان. 1928- يىلى ئۆزبېك ئالىمى پىترەت پەرغانە نۇسخىسىنىڭ ئايرىم بۆلەكلىرىنى زۆرۈر ئىزاھاتلىرى بىلەن تاشكەنتتە ئۆزبېك تىلىدا نەشر قىلدۇرغان.

«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ھازىرقى ئەڭ مۇكەممەل نۇسخىسىنى 1947- يىلى مەشھۇر تۈرك ئالىمى، تىلشۇناس رەشىت رەھمەتى ئارات( 1900 — 1964) داستاننىڭ ئۈچ خىل نۇسخىسىنى ئۈچ يىل سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، بىر - بىرىگە كىرىشتۇرۇپ تولۇقلاپ، 13 مىڭ 290 مىسرالىق تولۇق تېكىستىنى نەشر قىلدۇرۇش بىلەن ئەمەلگە ئاشقان. 1957- يىلى كىتابنىڭ تۈركچە نۇسخىلىرى ئەنقەرەدە ئىككى قېتىم نەشر قىلدۇرۇلغان. 1972- يىلى ئۆزبېك ئالىمى قەيۇم كەرىموف داستاننىڭ پەرغانە نۇسخىسى بويىچە ئۆزبېكچە نەسرىي تەۋسىپىنى تاشكەنتتە نەشر قىلدۇرغان. 1979- يىلى ئېلىمىزنىڭ مەشھۇر تۈركولوگ، ئالىملىرىدىن گېڭ شىمىن ئەپەندى بىلەن ۋېي سۈيىي خانىملار بىرلىشىپ داستاننىڭ قىسمەن بۆلەكلىرىنى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدا نەشر قىلدۇرغان. 1983- يىلى ئامېرىكا چىكاگو دارىلفۇنۇنىنىڭ شەرقشۇناس پروفېسسورى روبېرت. دانكوپ داستاننى سۆز بېشى ۋە ئىزاھاتلىرى بىلەن ئىنگلىز تىلىغا تەرجىمە قىلىپ ئېلان قىلغان. كىتابنىڭ باھاسى ئامېرىكىدا 100 دوللاردىن ئېشىپ كەتكەن. 1980- يىل 8- ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئىمىنوپ ھاموت مەسئۇللۇقىدا «قۇتادغۇبىلىك» تەرجىمە

ئەمىر ھەيئىتى قۇرۇلۇپ، «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نەزمىي يەشمىسى مەرھۇم ئابدۇرېھىم تىلەشىۇ ئۆتكۈر ئەپەندى، مەرھۇم ئەھمەت زىيائى ئەپەندى، مەرھۇم مەتتىمىن يۇسۇپ ئەپەندىلەرنىڭ ئەجىر قىلىشى بىلەن 1985- يىل 5- ئايدا مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن تۇنجى قېتىم نەشر قىلىندى. 1986- يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن يەنە خاۋگۇەنجۇڭ، جاڭ خوڭچاۋ ۋە لىۇبىنلارنىڭ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان نۇسخىسى نەشر قىلىندى. 1991- يىلى ئالىملىرىمىزدىن ئابدۇشۇكۇر تۇردى، قادىر ئەكبەرلەر تەييارلىغان نەسرىي يەشمىسى مىللەتلەر نەشرىياتىدا نەشر قىلىندى. 1992- يىلى تۇرغانباي قىلىچبېك، نورۇز ھۈسەن ئالىملارنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نەزمىي يەشمىسىدىن قىرغىزچە نەسرىي شەكىلگە ئۆرۈگەن تەرجىمە نۇسخىلىرى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى.

شاھانە ئەسەر «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ھازىرغا قەدەر ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ھەرقايسى دۆلەت ئالىملىرى تەرىپىدىن تەتقىق قىلىنىپ، تەرجىمە قىلىنىپ، تۈركچە، ئۆزبېكچە، قازاقچە، مانجۇچە، قىرغىزچە، رۇسچە، نېمىسچە، ئىنگلىزچە تىللاردىكى تولۇق تەرجىمىلىرى، ئۇكرائىنچە، ياپونچە تولۇق بولمىغان تەرجىمىلىرى ئىشلىنىپ دۇنياغا كەڭ تارقالدى، شۇنىڭدەك بۇ داستان ئۆز نۆۋىتىدە ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخىنى خەلقئارا ئورۇنغا كۆتۈرۈشتە غايەت زور رول ئوينىدى. ھازىرغا قەدەر «قۇتادغۇبىلىك» توغرىسىدا بىر قېتىم خەلقئارالىق، ئۈچ قېتىم مەملىكەتلىك مەخسۇس ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلدى.

مەشھۇر يازما يادىكارلىق «قۇتادغۇبىلىك» مەزمۇن جەھەتتىن ئىلىمنىڭ ھەممە ساھەسىگىچە چېتىلغان شېئىرىي تىلدىكى داستان بولۇپ، ئەسەرنىڭ مەزمۇنى ئاسترونومىيە، تەبىئەت پەلسەپىسى، ئالگېبرا، گېئومېتىرىيە، قانۇن - سىياسەت، ئىقتىسادشۇناسلىق، ئەلنى ئىدارە قىلىش، ئەدەبىيات - سەنئەت، پسىخولوگىيە، پېداگو-

گىكا، ئىستىلىستىكا، ئائىلە ـ نىكاھ، ئاممىۋى مۇناسىۋەت، ئەدەپ-ئەخلاق، كەسپىي ئەخلاق، ھەربىي ـ سىپاھگەرلىك، تىلشۇناسلىق، سېلىشتۇرما ئەدەبىيات، ئېتىكا، تېبابەت، ئوزۇقلۇق ئىلمى، مەدەنىيەت، تارىخ، مېتودولوگىيە قاتارلىق ساھەلەردە مەخسۇس توختىلىپ ئۆتكەن، ئىدىيە جەھەتتىن دەۋردىن ھالقىغان مەنىۋى مىراستۇر.

XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن XX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ھەرخىل ناملار بىلەن تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ئەجنەبىيلەر ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ۋە ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى دەۋرلىرىگە تەئەللۇق بولغان نۇرغۇنلىغان بىباھا مىراسلارنى ئۆز دۆلەتلىرىگە ئېلىپ كەتكەن. گېرمانىيە ھامبۇرگ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، تۈركشۇناس گابائىن خانىمنىڭ (A. VON. GABAIN) مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، گېرمانىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ يەتتە چوڭ ئىشكاپى گېرمانىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭدا ئېلىپ بارغان تۆت قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيە ۋە ئارخېئولوگىيە ئەترەتلىرى تەرىپىدىن تېپىلغان ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك ھەرخىل مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بىلەن تولغان. بۇ ئاددىي بىر مىسال. يەنە لوندون، توكيو، ستوكھولم، پارىژ، موسكۋا قاتارلىق شەھەرلەردىكى مەشھۇر كۇتۇپخانا ۋە مۇزېيلاردا قانچىلىك بارلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، دۇتيا خەلقىنىڭ مەڭگۈلۈك تەتقىق قىلىشىغا ئەرزىيدىغان قەدىمكى يازما يادىكارلىقلىرىمىزدىن «تۈركىي تىللار دىۋانى» بىلەن «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئانا تۇپرىقىغا قايتىپ كېلەلىگەنلىكىنىڭ ئۆزى بىر چوڭ غەنىيمەت.

## ساچىيە مەدرىسەسى ۋە خانلىق مەدرىسەسى

ئوتتۇرا ئاسىيا زېمىنلىرىدا ياشىغۇچى قەدىمكى مىللەت —

ئۇيغۇرلار تارىختىن بۇيان يىپەك يولىدىكى سودا كارۋانلىرىنى تەشكىل قىلغۇچى مۇھىم قەبىلىلەرنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن غەرب ۋە شەرق ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت، سودا ئالاقىلىرىدا مۇھىم رول ئويناپ كەلگەن ھەمدە ئاشۇ ئۇزۇنغا سوزۇلغان قۇرۇقلۇق يولىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش جەريانىدا تەبىئىي ھالدا كۆپ خىل دىن، كۆپ خىل تىل - يېزىق ۋە كۆپ خىل مەدەنىيەتلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، شەرق مەدەنىيەت ئويغىنىشىغا بىۋاسىتە ئىشتىراك قىلغان، ئېتنىك قۇرۇلمىسى مۇرەككەپ مىللەتلەرنىڭ بىرى. قەدىمدىن بۇيان ئۇيغۇرلار ياشاپ كەلگەن ھەرقايسى جايلاردىن تېپىلغان قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى دەلىل قىلىپ تۇرۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈندىن 1500 يىل ئىلگىرىكى زامانلاردىلا ئۆزلىرىنىڭ يېزىقىنى ئىجاد قىلىپ، مەرىپەتلىك دەۋرگە قەدەم تاشلاپ، مىللىي مائارىپنىڭ ئىپتىدائىي يىلتىزلىرىنى شەكىللەندۈرگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىقالايمىز[①].

مائارىپتىن ئىبارەت ئادەم تەربىيىلەشنى ئۈستىگە ئالغان، جەمئىيەتنىڭ ئۈستى قۇرۇلمىسىغا تەۋە بۇ مەنىۋى سىستېما، ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا باشتىن - ئاخىر ئىدېئولوگىيە يېتەكلەش، ئۆزلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ مۇھىم قورالى بولۇپ كەلگەن. مەيلى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي دەۋرلەردىكى توتېم قاراشلىرىدا بولسۇن، ئەڭ بۇرۇنقى ئىستىخىيىلىك ئىلاھىي تېۋىنىش يوسۇنلىرىدىكى شامانىزم ئىشەنچلىرىدە بولسۇن ياكى ئۇلاردىن كېيىنكى مەدەنىيەتلىك دەۋر دىنلىرىدىن ئاتەشپەرەسلىك، بۇددىزم، مانىزم، نېستورىزم ۋە ئىسلامىزم قاتارلىق يېڭى دىنىي ئىدېئولوگىيىلەرنىڭ شەكىللىنىشى بولسۇن، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرلاردا مەدەنىيەت تەرەققىياتى جەھەتتىكى تارىخىي خاراكتېرلىك سەكرەش بولۇپ ئىپادىلەندى. ئوخشاش بولمىغان ئىدىيىلەر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى كۆپ قىرلىق، كۆپ قاتلاملىق، چوڭقۇر ئىچكى مەنىلىك باغلىنىشقا ئىگە مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە، ئېلاستىكلىق خۇسۇسىيەتكە، كۈچلۈك سۈ-

① «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقى» 1992- يىللىق (ئۇيغۇرچە) 2- سان 28- بەت.

مۇرۇشچانلىق ۋە قوزغىتىشچانلىق ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلدى. ئۇي-
غۇرلار كلاسسىك مائارىپ دەۋرلىرىنىڭ مۇھىم باسقۇچلىرى بولغان
ئورخۇن، شامان ۋە مانى دەۋرى (مىلادىيە VI ئەسىرلەردىن VIII
ئەسىرلەرگىچە)، ئىدىقۇت مائارىپ دەۋرى (مىلادىيە 840- يىلىدىن
1250- يىلىغىچە) ۋە بۇددىزىم مائارىپ دەۋرى (مىلادىيە 75- يىلىدىن
992- يىلىغىچە) ھېسابلانغان ھەرقايسى باسقۇچلار ئۆز نۆۋىتىدە ئۇي-
غۇر مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە
مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشتى. لېكىن، ئۇيغۇرلاردا كلاسسىك مائارىپ-
نىڭ ئەڭ گۈللەنگەن مەزگىلى مىلادىيە 850- يىلىدىن 1212 -
يىلىغىچە داۋاملاشقان قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدىن باشلانغان دې-
يىشكە بولىدۇ.

ئىسلام دىنى ئىدېئولوگىيىسى ئەرەب يېرىم ئارىلىنى بىرلىككە
كەلتۈرگەندىن كېيىن، ناھايىتى تېز سۈرئەتتە ئۆز تەسىرىنى شەرققە
كېڭەيتىشكە باشلىدى. ئوتتۇرا ئاسىيا زېمىنلىرىدىكى قەدىمكى مىل-
لەتلەرمۇ ئىسلامىزىم دولقۇنلىرىنىڭ تەسىرىدە ئارقا - ئارقىدىن ئىدې-
ئولوگىيە يېڭىلاشقا مەجبۇر بولدى. مىلادىيە 932- يىلى ئىسلام دىنى
تۇنجى قېتىم قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ خاقانى سۇلتان سۇتۇق بۇغرا-
خان تەرىپىدىن ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئېتىراپ قىلىنىپ، خاقانىيە پاي-
تەختى بولغان قەشقەرنى ئۆزىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى گازارمىسى قىلدى.
ئىلگىرى ھەرقايسى دىنلار ئاساسىدا شەكىللەنگەن مەدەنىيەت نەمۇنە-
لىرى ۋە ئىدېئولوگىيە فورمىلىرى ئىنكار قىلىندى. تارىم ئويمانلى-
قى ۋە تەكلىماكان ئەتراپىدىكى بوستانلىقلاردا ياشايدىغان خەلقلەر
ئارىسىدا چوڭقۇر يىلتىزلىغان بۇددىزىم ۋە زورو ئاستىر دىنلىرىنىڭ
ئىدىيىۋى تەرغىباتلىرىنى سۈپۈرۈپ تاشلاش ئۈچۈن، قەشقەردە ئىسلام
دىنى ئىدىيىسىنى تەرغىپ قىلىدىغان ھەر دەرىجىلىك جامە، مەدرىسە،
مەسچىتلەر ئارقا - ئارقىدىن مەيدانغا كېلىپ، ئىسلام دىنىنىڭ قاتتىق
ۋاسىتىلىرى ئارقىسىدا ئىسلام دىنىغا يات بولغان ئىلگىرىكى دىنىي
ئىدىيىلەرنى بىر ئەسىرگىمۇ يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە تارىم ۋادىسى

ۋە تەكلىماكان چۆللۈكلىرىنىڭ ئەتراپىدىن سىقىپ چىقاردى. مانا مۇشۇ نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان قىلىچنى ئىشقا سېلىپلا قالماستىن، بەلكى تۇنجى بولۇپ مىلادىيە 932- يىللىرى ئەتراپىدا قەشقەردە «مەدرىسەئى ساچىيە» نامىدىكى بىلىم يۇرتىنى قۇردى. ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى بايتاش بۇغراخان ھەم (مۇسائىبىن ئابدۇكېرىم، 956- يىلىدىن 971- يىلىغىچە تەختتە بولغان) مەشھۇر خانلىق مەدرىسەنى قۇرۇپ، ئىسلام ئىدىيىسىنى تارقىتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغانىدى. «مەدرىسەئى ساچىيە» بىلەن «خانلىق مەدرىسە» قاراخانىيلار ھۆكۈمىتىگە بىۋاسىتە قاراشلىق مەركىزىي بىلىم يۇرتلىرى بولۇپ، ئۇنىڭ بارلىق سەرپىياتلىرى خانلىق خەزىنىسىدىن بىۋاسىتە چىقىم قىلىنغان. خانلىقنىڭ مۈلكىي ئەمەلدارلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك مۇشۇ مەدرىسەلەردە تەلىم ئالغاندىن كېيىن ۋەزىپىگە قويۇلغان. بۇ مەكتەپنى پۈتكۈزگەن داڭدار ئەللامە، فازىل، قازى- كالانلار خانلىق تېررىتورىيىسىدىكى ھەرقايسى جايلارغا ئەۋەتىلىپ مۇدەررىسلىككە، قازى مەھكىمىلىرىگە قازى - قۇززاتلىققا قويۇلۇپ، ئىسلام دىنى ۋە شەرىئەت ئەھكاملىرىنى كېڭەيتىشكە كۈچ چىقارغان. «مەدرىسەئى ساچىيە» بىلەن «خانلىق مەدرىسە»نىڭ يۈرۈشلەشكەن دەرسلىك سىستېمىسىدا ماتېماتىكا، يۇنان پەلسەپىسى، تىلشۇناسلىق، ئىلمىي نۇجۇم (ئاسترونومىيە) تېبابەتچىلىك، لوگىكا، تارىخ، شەھەرشۇناسلىق، جۇغراپىيە، سىپاھگەرلىك (ھەربىي تەلىم - تەربىيە) ئىلمى روھ (پسىخولوگىيە) ساھەلىرىدىكى دەرسلىكلەر ئۆتۈلۈپ، مەخسۇس تېمىدا ماقالىلەر يېزىلغان، ئەنجۇمەنلەر ئۇيۇشتۇرۇلغان. «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ ئاپتورى مەھمۇد قەشقەرىمۇ ئۆزىنىڭ ئالىي مەلۇماتىنى «مەدرىسەئى ساچىيە» دە چىقارغان. «خانلىق مەدرىسە» دە مۇدەررىسلىك قىلغانلاردىن (بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى كىشىلەر بىر دەۋرگە تەئەللۇق بولۇشى ناتايىن. ئا) ۋە «مەدرىسەئى ساچىيە» دە مۇدەررىسلىك قىلغانلاردىن ھۈسەيىن ئىبنى خەلەپ باشچىلىقىدىكى سەئىد جالالىدىن باغدادى، خوجا ياقۇپ سۇزۇ-

كى، ھۇسەيىن پەيزۇللا، جامالىددىن قەشقەرى، رەشىد ئىبنى ئەلى
قەشقەرى، ئىمادىددىن قەشقەرى قاتارلىق نوپۇزلۇق ئالىملارنىڭ بول-
غانلىقى مەلۇم. مىلادىيە 1211- يىلى نايمان شاھزادىسى كۈچلۈك
غەربىي لياۋ خانلىقىنىڭ خاقانى گورخاننىڭ قولىدىن ھاكىمىيەتنى
تارتىۋېلىپ، قاراخانىيلارنىڭ شەرقتىكى زېمىنلىرىنى بېسىۋېلىپ،
1212- يىلى كېرىيە بوستانلىقىنى ئىگىلەپ ئالىدۇ. قاراخانىيلار
سۇلالىسى پۈتۈنلەي غۇلاپ چۈشىدۇ. شۇ مەزگىللەردە ئۇ تەڭرىتېغى-
نىڭ جەنۇبىدىكى بوستانلىق ۋە شەھەرلەردە ۋەھشىي قىرغىنچىلىق
ئېلىپ بېرىپ، مۇسۇلمانلارنى باستۇرۇپ، مال - مۈلۈكلىرىنى تالان
- تاراج قىلىدۇ. دەل مۇشۇ مەزگىلدە قەشقەردىكى «مەدرىسەئى
ساچىيە» بىلەن «خانلىق مەدرىسە» دىن ئىبارەت مەشھۇر مەرىپەت
بۇلاقلىرى كىدانلارنىڭ قوللىرىدا كۆيدۈرۈلۈپ ۋەيران بولۇپ كېتە-
دۇ. موڭغۇللار كۈچلىنىپ، تۆمۈرچىن (چىڭگىزخان) ئىستىلا يۈر-
گۈزگەن دەۋرلەردە، چىڭگىزخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى چاغاتاي ئوتتۇ-
را ئاسىيادىكى كىدانلارغا جازا يۈرۈش قىلىپ، كىدانلار قۇرغان
غەربىي لياۋ خانلىقىنى يوقىتىدۇ. موڭغۇللارنىڭ ماۋارا ئۇننەھردى-
كى، يەنى ئۇيغۇرلار رايونىدىكى باش بوغى (ۋالىي)، تالانتلىق يېزا
ئىگىلىك ئىنژېنېرى مەسئۇد بەگنىڭ ئىجتىھات كۆرسىتىشى بىلەن
مىلادىيە 1260- يىلى «مەدرىسەئى ساچىيە» نىڭ خارابىسى ئۈستىگە
ئۇنىڭ راۋاجى سۈپىتىدە «مەدرىسەئى مەسئۇدىيە» ناملىق بىلىم يۇرتى
تەسىس قىلىنىدۇ، «خانلىق مەدرىسە» مۇ ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدۇ.
مەسئۇد بەگ يەنە «مەدرىسەئى ساچىيە» نىڭ يېنىغا «سائادەت» ناملىق
مەشھۇر كۇتۇپخانىنى قۇرىدۇ. مەسئۇد بەگ تاكى 1289- يىلىغا قەدەر
بۇ مەدرىسەنىڭ ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا ئۆزى رىياسەتچىلىك
قىلىپ ئالەمدىن ئۆتىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ كلاسسىك مائارىپى قايتا
جانلىنىپ، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن مىسلىسىز دەرىجىدىكى گۈللىنىش
باسقۇچىغا قەدەم قويىدۇ. «سۇرراھ لۇغىتىگە تولۇقلىما» ناملىق
لۇغەتنىڭ ئاپتورى، «مەدرىسەئى مەسئۇدىيە» نىڭ داڭلىق مۇدەررىسى

جامال قارشى (مىلادىيە1230-يىلى ئىلىدىكى ئالمالىقتا تۇغۇلغان. ئا) ئۆزىنىڭ «ساياھەت خاتىرىسى» دېگەن ئەسىرىدە «كاشغەردىكى مەدرىسەئى مەسئۇدىيەگە ھەريىلى مىڭلاپ ئوقۇغۇچى كېلىدۇ. بۇ يەردە يالغۇز ئىلاھىي تەلىماتلارلا ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى، ئارىستوتېل، سوقرات ھېكىم، خارەزمى، فارابى، ئىبنى سىنا پەلسەپىلىرى ...تەتقىق قىلىنىدۇ» دەپ يازغان. مۇشۇ ئۇچۇرلاردىن «مەدرىسەئى مەسئۇدىيە» ۋە «خانلىق مەدرىسە» لەرنىڭ شۇ دەۋردە موڭغۇل ئەمىرلىرىدىن قۇبلەيخان زامانىسىدا بېيجىڭدا قۇرۇلغان «خەنلىن» (翰林) ئاكادېمىيىسى بىلەن تەڭ دەرىجىدىكى مەشھۇر بىلىم يۇرتلىرىدىن ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

«ساچىيە مەدرىسەسى» نىڭ راۋاجى بولغان «مەسئۇدىيە مەدرىسەسى» دە مۇنتىزىم ئىمتىھان تۈزۈمى يولغا قويۇلغان. ئوقۇش پۈتكۈزۈش ئەسىرى يازغانلارغا نەتىجىسىگە قاراپ ئەللامە (ئاكادېمىك، دوكتور)، مۇدەررىس (پروفېسسور)، موللام ياكى خەلپەت ئۇنۋانلىرى بېرىلگەن. بۇ مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەرنىڭ كۆپ قىسمى چاغاتاينىڭ ھاكىمىيەت ئورگانلىرىدا مۈلكىي ئەمەلدار، مەسلىھەتچى، ھەربىي سانغۇن، دوختۇر، يېزا ئىگىلىك تېخنىكى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. قەشقەرنىڭ ئىلىم - ئىرپان ساھەسىدىكى شۆھرىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، «سانى بۇخارا» (ئىككىنچى بۇخارا) دېگەن نام بىلەن



«ساچىيە» مەدرىسەسى ۋە «خانلىق» مەدرىسەنىڭ ھازىرقى ھالىتى

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مەشھۇر شەھەر ۋە مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ
بىرى بولغان بۇخارا شەھىرى بىلەن تەڭ ئىناۋەتكە ئىگە بولغان.
«ساچىيە مەدرىسەسى» كېيىنكى دەۋرلەردە پۇلدار بايلارنىڭ
ياردىمى ۋە خەلقنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ئارقىسىدا بىرقانچە قېتىم رې-
مونت قىلىنغان. «خانلىق مەدرىسە» مۇ ھەم شۇنداق بولغان. ئەڭ
مۇھىمى، «خانلىق مەدرىسە» سەئىدىيە خانلىقىنىڭ سۇلتانلىرىدىن
ئابدۇللاخان تەختتە ئولتۇرغان زاماندا چوڭ دائىرىدە رېمونت قىلى-
نىپ كېڭەيتىپ قۇرۇلغان. شۇڭا، بەزى تەتقىقاتچىلار بۇ مەدرىسەنىڭ
قۇرۇلغان ۋاقتىنى يەكەن سەئىدىيە خانلىقىغا باغلاپ چۈشەندۈرگەن.
ئەمەلىيەتتە، «خانلىق مەدرىسە» قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە يا-
سالغان، سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە بولسا كېڭەيتىپ قۇرۇلۇپ، ئۇ-
نىڭ سەرپىياتى دەسلەپتە خانلىق خەزىنىسىدىن بىۋاسىتە چىقىم قى-
لىنغان، كېيىنچە بۇ مەدرىسەگە يەنە 6000 مو ۋەخپە يەر ئاجرىتىپ
بېرىلگەن. شۇ يوسۇندا XX ئەسىرنىڭ باشلىرىغا قەدەر تەگرىتېغىنىڭ
جەنۇبىدىكى مۇھىم ئالىي بىلىم يۇرتى بولۇش رولىنى جارى قىلدۇر-
غان. ئابدۇقادىر داموللام، نىمشېھىت قاتارلىق ئالىم، ئەدىبلەر مۇ-
شۇ مەدرىسەدە تەلىم ئالغان.

«مەدرىسەئى ساچىيە» كېيىنچە ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان،
بولۇپمۇ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە بىر قىسىم بۆلەكلە-
رى چېقىپ تاشلىنىپ، شەخسنىڭ ئولتۇراق قورۇسىغا ئايلاندۇرۇل-
غان. «خانلىق مەدرىسە» نىڭ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن ئىلگە-
رىكى كۆلىمى 3000 كۋادرات مېتىردىن ئارتۇق بولۇپ، «مەدەنىيەت
زور ئىنقىلابى» دا ئۇنىڭ قوشۇمچە بۆلەكلىرى ئۆزگەرتىۋېتىلگەن،
باشقىلار تەرىپىدىن ئىگىلىۋېلىنغان. ھازىر ئۇنىڭ كۆلىمى 2000
كۋادرات مېتىرغىمۇ يەتمەيدۇ. ئەسلىدىكى قۇرۇلۇشلىرىنىڭ ناھايىتى
ئاز قىسمى ساقلىنىپ قالغان. ئۇ ھازىر ۋىلايەتلىك بىرلىك سەپ،
دىن ئىشلىرى تارماقلىرىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى «قەشقەر ۋىلايەتلىك
سىياسىي مەكتەپ» دېگەن نامدا ئىشلىتىلمەكتە. بۇ ئىككى مەدرىسە-

نىڭ ئورنى قەشقەر شەھىرى يارباغ رايونى تەۋەلىكىدىكى ئوردا ئىشىك يولىدىكى جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 75°59′24″ ، شىمالىي كەڭلىك 39°28′21″ لۇق ئورۇندا.

«مەدرىسەئى ساچىيە» بىلەن «خانلىق مەدرىسە» دىن ئىبارەت 1000 يىللىق تارىختا ئىگە بۇ مۇھىم تارىخىي مىراس ئۇيغۇرلارنىڭ مەدرىسە مائارىپ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم تارىخىي قىممەتكە ئىگە.

## مەھمۇد قەشقەرى مەدرىسەسىنىڭ خارابىسى

ئىسلام دىنى قەشقەرگە تارقىلىپ كىرىپ، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ دۆلەت دىنىغا ئايلانغاندىن كېيىن، ئورداكەند قەشقەردە «مەدرىسەئى ساچىيە» ، «خانلىق مەدرىسە» قاتارلىق مەشھۇر بىلىم يۇرتلىرى قۇرۇلغان. مەھمۇد قەشقەرىمۇ ئۆزىنىڭ ئالىي تەلىماتىنى قەشقەردىكى «مەدرىسەئى ساچىيە» دە ئالغان. ھۈسەيىن ئىبنى خەلەپ كاشغەرى، خوجا يەئقۇپ سۈززۈكى، رەشىد ئىبنى ئەلى كاشغەرى، ئىمادىدىن كاشغەرى قاتارلىق «ساچىيە» مەدرىسەنىڭ داڭلىق مۇدەررىسلىرى مەھمۇد قەشقەرى قاتارلىق قابىلىيەتلىك تالىپلارنى تەربىيەلىگەن. ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقەرى مىلادىيە 1082- يىللىرى ئەتراپىدا باغداد ئەلچىلىرى بىلەن ئانا يۇرتى قەشقەرگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، كىنىدىك قېنى تۆكۈلگەن يۇرتى ئوپالنىڭ ئازىختا مەدرىسە قۇرۇپ مائارىپ ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. كىشىلەر مەھمۇد قەشقەرىنى «ھەزرىتى موللام» (بىلىمگە ھۆددىگەر ئۇستاز) دېگەن نام بىلەن ئاتاپ، ئۇ قۇرغان مەدرىسەنى «مەدرىسەئى مەھمۇدىيە» دەپ ئاتىغان.

مەھمۇد قەشقەرى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە «مەدرىسەئى مەھمۇد-

يە» دە مۇدەررىسلىك قىلغان. بۇ مەدرىسە يىراق - يېقىندىن كېلىپ ئوقۇيدىغان تالىپلارغا ئىسلام ئەھكاملىرىدىن ئەتراپلىق بىلىم ئۆگە- تىش بىلەن بىللە، ئەرەب - پارس تىللىرى، ھېساب، ئىلمى نۇجۇم (ئاسترونومىيە)، پارائىز (ئالگېبرا)، ئىلمى مەنتەقە (لوگىكا)، ئىلمى شىپاھىيە (تېبابەتچىلىك)، ئىلمى ھال (تەبىئەت)، ئىلمى تەجۋىد (فونېتىكا)، ئىلمى سىپاھىيە (ھەربىي تەلىم - تەربىيە) قاتارلىق پەنلەردىنمۇ چوڭقۇر تەلىم بېرىلگەن.

«مەدرىسەئى مەھمۇدىيە» نىڭ بىر يۈرۈش قائىدە - تۈزۈملىرى بار بولۇپ، مەدرىسەنىڭ ئوقۇش باشلاش، ئوقۇش پۈتكۈزۈش مۇرا- سىملىرى تولا چاغلاردا تۈركىي خەلقلەرنىڭ باھار بايرىمى بولغان نورۇزدا ئۆتكۈزۈلىدىغان بولۇپ، پائالىيەتتە ئۇستاز ۋە تالىپلار «نو- رۇز بۇلاق» نى چۆرىدەپ تورۇپ نورۇز ناخشا- قوشاقلىرىنى ئوقۇشۇپ مەشرەپ ئۆتكۈزۈشكەن. ئوقۇش پۈتكۈزگەن تالىپلار ئۆز ئۇستازى ۋە ئاۋام خەلق ئالدىدا خەتمىدىن ياكى پاراتتىن ئۆتكەن. ئوقۇش پۈتكۈزگەن تالىپلارنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن يۇرت چوڭلىرىنىڭ تەش- كىللىشى بىلەن ئات بەيگىسى، ئوغلاق تارتىشىش، چېلىشىش، ئەل- نەغمە، چاقپەلەك ئويناش، ئارقان تارتىشىش قاتارلىق نۇرغۇن تور- لەر بويىچە مۇسابىقە پائالىيەتلىرى ئۇيۇشتۇرۇلغان. ئەڭ ئاخىرىدا جامائەت بىر سورۇنغا يىغىلىپ، نورۇز ئېشى تارتىلىپ، مۇنەۋۋەر تالىپلارغا خەلق ئالدىدا ئىلمى ئۇنۋان (ئەللامە، مۇدەررىس، مەۋلانە قاتارلىق. ئا) ياكى ئەمەل - دەرىجىلەر بېرىلگەن.

مەھمۇد قەشقەرى مەدرىسەسىنىڭ بارلىق سەرپىياتلىرى مەدرىسە- گە تەۋە بولغان 500 مودىن ئارتۇق ۋەخپە يەردىن كەلگەن. بۇ مەدرىسە مىلادىيە 1212- يىلى نايمان شاھزادىسى كۈچلۈك كىدانلار قۇرغان غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ پادشاھى گۈرخاندىن ھوقۇقنى تارتىۋېلىپ، قاراخانىيلار سۇلالىسىنى ھالاك قىلغان مەزگىللەردىكى ئۇرۇشتا بىر قېتىم ۋەيران قىلىۋېتىلىپ تاشلىنىپ قالغان. مىلادىيە 1550- يىلى يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ سۇلتانى ئابدۇرەشىتخان

زامانىسىدا رېمونت قىلىنىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن. مىلادىيە 1678- يىلى جوڭغار ئاق سۆڭەكلىرى تارىم ۋادىسىنى ئىستېلا قىلغاندا يەنە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ ۋەيران بولۇپ كەتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن رېمونت قىلىنغانلىقى توغرىسىدا مەلۇمات يوق.

1990 - يىلىدىكى تەكشۈرۈشتە «مەھمۇد قەشقەرى مەدرىسەسى» نىڭ كونكرېت جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 75°30′39″، شىمالىي كەڭلىك 39°18′45″ — 39°18′46′ لۇق ئورۇندا، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1430 مېتىر، مەدرىسەنىڭ تاملىرى پۈتۈنلەي ئۆرۈلۈپ چۈشكەن. جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى 25 مېتىر، قالدۇق تامنىڭ ئېگىزلىكى 2 مېتىر، لاي ۋە ياغاچ قۇرۇلمىلىق قۇرۇلۇش، دەپ تىزىملىنىپ، مەدەنىيەت يادىكارلىق ئارخىپى تۇرغۇزۇلغان. ئوپالدىكى «مەھمۇد قەشقەرى مەدرىسەسى» گەرچە خارابىلىككە ئايلىنىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ مەدرىسەنىڭ قۇرۇلغانلىقى قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە جەمئىيەتنىڭ خېلى يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلىپ، بىلىمگە بولغان ئېھتىياجنىڭ كۈچلۈك بولغانلىقىنى، خەلقنىڭ پەن - مائارىپ بىلىملىرىنى قەدىرلەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بىز1000 يىللىق تارىخقا ئىگە بۇ مەدرىسە خارابىسىدىن مەھمۇد قەشقەرىدىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئالىمنىڭ ئۆز خەلقىگە بولغان مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى، ئىلىم سۆيەر روھىنى شۇنداقلا نۇرلۇق سىيماسىنى كۆرگەندەك چوڭقۇر تەربىيىگە ئىگە بولالايمىز.

## ئوردا ئىشىك مەسچىتى

مىلادىيە 932- يىلى سۇتۇق بۇغراخان قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ھاكىمىيەت ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرگەندىن باشلاپ، ئىسلام دىنى توغى ئاستىدىكى «غازات» ئۇرۇشىنىڭ تەھدىتىدە قەشقەر ۋە ئۇنىڭ

ئەتراپلىرىدىكى بوستانلىقلاردا ياشايدىغان بۇتپەرەس خەلقلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىلگىرىكى ئېتىقادلىرىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بولدى. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئىسلام دىنىدىن پايدىلىنىپ قوزغىغان سىياسىي ئۆزگىرىشتىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە نوقۇل ئىلىم - پەن ۋە ئىسلام بىلىملىرىنى تەرغىپ قىلىدىغان ھەر دەرىجىلىك مەدرىسەلەر زور كۆلەمدە قۇرۇپلا قالماستىن، يەنە مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ پەرز - ئەھكاملىرىنى ئادا قىلىشى ئۈچۈن قەشقەردە كۆپلەپ مەسچىتلەرنىمۇ قۇرغان. ئىسلام دىنىغا يات بولغان ھەرقانداق ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت نەمۇنىلىرى ۋەيران قىلىنىپ، قەشقەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يۇرتلاردا ئىلگىرىكىگە ئوخشاش سانسىز ئىخلاسمەن بۇددا راھىبلىرىنىڭ نوم - سۇترىلارنى ئۈنلۈك قىرائەت قىلىش، بۇتلارغا چوقۇنۇپ دۇئا - تىلاۋەت قىلىشتەك مەنزىرىلەر يوقىتىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى بولغان «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنى يادلاپ ئوقۇيدىغان مۇڭلۇق قىرائەتلەر، مەزىنلەرنىڭ ئەزان توۋلاشلىرى، مۇسۇلمان ئابىت - مۆمىنلىرىنىڭ ئاللاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەدكە زىكىر - سانا قىلىشىدەك يېڭى مەنزىرىلەر ئىگىلەشكە باشلىغانىدى. قەشقەردە سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان دەۋرىدە كۆپلىگەن مەسچىتلەر ياسالغان بولسىمۇ، ئۇلاردىن ھازىرغىچە بىرەرسىمۇ ساقلىنىپ قالمىغان. لېكىن، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ نەۋرىسى يۈسۈپ قادىرخان زامانىدا بىنا قىلىنغان مەسچىتلەردىن قەشقەر شەھىرىدىكى «ئوردا ئىشىك مەسچىتى» تارىخنىڭ گۇۋاھچىسى سۈپىتىدە تا بۈگۈنگىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا.

«ئوردا ئىشىك مەسچىتى» قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمدارلىرىدىن يۈسۈپ قادىرخان ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان دەۋرلەردە، يەنى مىلادىيە 1019- يىلى بىنا قىلىنغان، كۆلىمى بىرقەدەر چوڭ ئۇنىۋېرسال مەسچىت. ئۇ ھازىر ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلار قاتارىدا قوغدىلىپ كېلىۋاتقان

شىنجاڭدىكى ئەڭ قەدىمكى[1] ئىسلام دىنى تۈسىدىكى قەدىمكى قۇرۇلۇش ھەم دىنىي پائالىيەت سورۇنى. قەشقەردىكى ئوقۇمۇشلۇق زات، ئۆلىمالار «ئوردا ئىشىك مەسچىتى» نىڭ ئەينى دەۋرلەردە قاراخانىيلار ئوردىسىدىكى خان ۋە ۋەزىر - ۋۇزرالارنىڭ ئىبادەت قىلىشى ئۈچۈن سېلىنغان خاس مەسچىت ئىكەنلىكىنى، شۇ سەۋەبتىن «ئوردا ئىشىك مەسچىتى» دەپ ئاتالغانلىقىنى، يەنە ھەرقايسى مۇسۇلمان ئەللەردىن قەشقەرگە ئەۋەتىلگەن ئەلچىلەرنىڭمۇ مۇشۇ مەسچىتتە ناماز ئوقۇيدىغانلىقىنى؛ XI ئەسىردە ياشىغان پارس شائىرى، سەيياھ، سىياسىئون شەيخ سەئىدىنىڭمۇ قەشقەردە ئەلچى بولۇپ تۇرغان مەزگىللەردە مۇشۇ مەسچىتتە ناماز ئوقۇپ، مەشھۇر ئەسىرى «گۈلىستان» نىڭ بىر قىسمىنى مۇشۇ مەسچىتتە يازغانلىقىنى رىۋايەت قىلىشىدۇ. «ئوردا ئىشىك مەسچىتى» نىڭ ئەسلىدىكى كۆلىمى 1560 كۋادرات مېتىر، خانىقانىڭ كۆلىمى 86 كۋادرات مېتىر بولغانلىقى مەلۇم. بۇ مەسچىت تارىختا مىلادىيە 1613- يىللىرى ئەتراپىدا يەكەن سەئىدىيە خانلىقىدىن ۋەزىر، ھەربىي سانغۇن مىرزا ھەيدەر كوراگان تەرىپىدىن رېمونت قىلىنغان.

1875- يىلى ياقۇپبەگ زامانىسىدا بىر قېتىم چوڭ كۆلەمدە رېمونت قىلىنغان. 1904- يىلى يەنە بىر قېتىم رېمونت قىلىنغان. 1968- يىلى مەسچىتنىڭ ئۈچ تەرىپىدىكى نەقىشلىك پېشايۋان، دەرۋازا، پەشتاق، ئىشىك ئالدىدىكى مۇنار ۋە گۈمبەز قاتارلىق بۆلەكلىرى چېقىۋېتىلگەن. 1973- يىلى قەشقەر شەھەرلىك يارباغ كوچا باشقارمىسى مەسچىتنىڭ 760 كۋادرات مېتىر قىسمىنى ئىگىلىۋالغان. مەسچىتنىڭ ھازىرقى كۆلىمى 870 كۋادرات مېتىر، مەسچىتنىڭ ئىچكى قىسمىنىڭ كۆلىمى ئەسلىدىكى كۆلەم بىلەن ئوخشاش. 24 دانە نەقىشلىك تۈۋرۈك بار. مەسچىت قورۇسىدا بىر قېتىمدا 700 ئادەم ناماز ئوقۇيالايدۇ. كېيىنكى زامانلاردا «ئوردا ئىشىك مەس-

① ئەگەر «ئوردا ئىشىك مەسچىت» دىنىمىز ئىلگىرىرەك بىنا قىلىنغان مەسچىتلەرنىڭ ئىزناسى بايقالسا، بۇ قاراش ئاغدۇرۇپ تاشلىنىدۇ.

چىتى» نىڭ ئالدىدا چاپان بازىرى شەكىللەنگەنلىكتىن، ھازىر «چاپان بازىرى مەسچىتى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مەسچىتنىڭ تاملىرى 37 × 21 سانتىمېتىر چوڭلۇقتىكى پىششىق خىشلار بىلەن قوپۇرۇلغان. جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 75°59′24″، شىمالىي كەڭلىك 39°28′21′ — 39°28′22″ لۇق جايدا بولۇپ، قەشقەر شەھەرلىك ھۆكۈمەت قارىمىقىدىكى يارباغ ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ غەربىدە.

«ئوردا ئىشىك مەسچىتى» ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى دەۋرلەردىكى مىمارچىلىق سەنئىتىنىڭ ئەڭ مۇھىم نامايەندىلىرىنىڭ بىرى. گەرچە ئۇنىڭ بۇزغۇنچىلىقتا ئۇچرىغان قىسمى كۆپ بولسىمۇ، لېكىن ساقلىنىپ قالغان بۆلەكلىرىدىكى ئالاھىدە نەپىس ئويۇلغان نەقىشلەر، قۇرۇلۇشنىڭ ئۇسلۇب جەھەتتىكى مىللىي ئالاھىدىلىك قەدىمكى ئەجدادلارنىڭ بىناكارلىق سەنئىتىدىكى ھۈنەر - ھېكمەتلىرىنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ، شۇنداقلا بۇ مەسچىت يەنە تارىخىي جەھەتتىن قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ شەھەر ئورنىنى تەتقىق قىلىشتا ۋە ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭدا تارقىلىشىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ دەلىللەشتە يۇقىرى قىممەتكە ئىگە تارىخىي مىراستۇر.

## ئەسكىھىسار قەدىمىي شەھىرى خارابىسى

ئەسكىھىسار قەدىمىي شەھىرى قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى ئەسكىھىسار كەنتىگە جايلاشقان. ئەسكىھىسار تۈركچە ئاتالغۇ بولۇپ، تۈرك تىلىدىكى «ئەسكى» (كونا) سۆزى بىلەن «ھىسار» (قەلئە، شەھەر) سۆزىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ياسالغان نام.

ئەسكىھىسار قەدىمىي شەھىرى جايلاشقان قەشقەر شەھىرىگە قاراشلىق ئەسكىھىسار كەنتىنىڭ نامىمۇ بەلكىم مۇشۇ قەدىمكى شەھەرنىڭ نامى بىلەن ئەسكىھىسار كەنتى دەپ ئاتالغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ قەدىمىي شەھەر خارابىسىنىڭ شەرق تەرىپى تۈمەن دەرياسى بىلەن،

غەرب تەرىپى قەشقەر ـ خوتەن تاشيولى، يەنى 315- نومۇرلۇق دۆلەت تاشيولى بىلەن چېگرىلىنىپ تۇرىدۇ. شەھەرنىڭ شىمال تەرىپىدە دۆلەتباغ يېزىسىغا ۋە ۋىلايەتلىك پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىغا بارىدىغان يول بار. جەنۇب تەرىپىدە بىر كىچىك مەھەللە بولۇپ، بۇ يەر قىزىل دەرياسى بىلەن تۈمەن دەرياسىنىڭ يېقىنلىشىدىغان نۇقتىسى. ھازىر ئەسكىھىسار قەدىمىي شەھىرىنىڭ خارابە ئورنىنىڭ بىر قىسمىنى زاۋۇت، ئىدارە، ئورگانلارنىڭ قۇرۇلۇش ئەسلىھەلىرى ئىگىلەپ كەتكەنلىكتىن، شەھەر خارابىسىگە بولغان سۇنئىي بۇزغۇنچىلىق نىسبەتەن ئېغىر. بۈگۈنكى كۈندە شەھەر سېپىلىنىڭ 75 مېتىرچە بۆلىكىلا ساقلىنىپ قالغان. سېپىل تامىنىڭ ئېگىزلىكى تەخمىنەن 4 مېتىر ئەتراپىدا. گەرچە بۇ قەدىمىي شەھەر خارابىسى 1957- يىلىدىن باشلاپلا ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى ھېسابلانسىمۇ، ئەمما بۇ يەرگە بولغان قوغداش خىزمىتى ئانچە ئۈنۈملۈك ئىشلەنمىگەن.

ئەسكىھىسار قەدىمىي شەھىرىگە بولغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرى، XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا باشلانغان بولۇپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ دۆلىتىمىز ۋە چەت ئەللەرنىڭ ئارخېئولوگلىرى بۇ قەدىمىي شەھەر خارابىسىنى ئۆلچەپ خەرىتىگە ئالغان. 1906- يىلى فرانسىيىلىك مەشھۇر شەرقشۇناس پائول پېللىئوت ئەسكىھىسار قەدىمىي شەھەر خارابىسىنى تەكشۈرۈپ، ئۆلچەش ئېلىپ بارغان. ئۇ مۇنداق خاتىرىلىگەن: «بۇ قەدىمىي شەھەر خارابىسىنىڭ شىمالىي سېپىلىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 270 مېتىر، غەرب تەرەپ سېپىلىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 140 مېتىر، سېپىل ئۈلىنىڭ قېلىنلىقى 7 مېتىر، شىمال تەرەپ سېپىل تېمى غەربكە 25° قىيپاش، شەھەر سېپىلىنىڭ ياسىلىشى پەشتاق شەكلىگە مايىلراق[1]».

1957- يىلى بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، مەش-

---

① «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى 1993- يىللىق (خەنزۇچە) 3- سان 2- بەت.

مۇر ئارخېئولوگ خۇاڭ ۋېنبى قەشقەر شەھىرى تەۋەسىدە ئېلىپ بارغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشتە ئەسكىھىسار قەدىمىي شەھىرىنىمۇ تەكشۈرۈپ، «قەشقەردىكى ئەسكىھىسار قەدىمىي شەھىرى خارابىسىنىڭ سېپىل تاملىرى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان، شەھەر سېپىلىنىڭ ۋە شىمالىي بۆلەكلىرىنىڭ بىر قىسمى ساقلىنىپ قالغان. شەھەر خارابىسىنىڭ ئىچىدە ئۆي ـ ئىمارەتلەرنىڭ قالدۇق ئىزلىرى بار» دەپ خاتىرە قالدۇرغان. شۇ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ھۆججەت چىقىرىپ، ئەسكىھىسار قەدىمىي شەھەر خارابىسىنى بىرىنچى تۈركۈمدە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى» دەپ ئېلان قىلغان.

بۈگۈنگە قەدەر ئەسكىھىسار قەدىمىي شەھىرىنىڭ يىل دەۋرى ۋە ئۇنىڭ نامى توغرۇلۇق بىرلىككە كەلگەن قاراش شەكىللەنمىدى. بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار بۇ قەدىمىي شەھەرنىڭ يىل دەۋرىنى شەرقىي خەن سۇلالىسىگە، يەنى مىلادىيە II ئەسىرلەرگە توغرا كېلىدۇ، دەپ قارايدۇ①. بۇ خىل قاراشتىكىلەرنىڭ قايسى تارىخىي مەنبە ۋە ماددىي پاكىتنى ئاساس قىلغانلىقى ئېنىق ئەمەس. مېنىڭچە، يەنىمۇ چوڭقۇرراق دەلىللەشكە تېگىشلىك مەسىلە بولسا كېرەك. چۈنكى، مىلادىيە I ئەسىر ۋە II ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي قىسمى، تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىدىكى ئۇدۇن (خوتەن)، سۇلى (قەشقەر)، كۇسەن (كۇچا) قاتارلىق ئاساسلىق بوستانلىق شەھەرلەردە بۇددا دىنى ئومۇملىشىپ بولغان. ھەرقايسى يۇرتلاردا قويۇق بۇددىزم ئۇسلۇبىدىكى بۇتخانا، راھىبخانىلار كۆپلەپ سېلىنىپ، بۇددا دىنى ئادەتلىرى خەلق تۇرمۇشىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە يىلتىز تارتىپ، خەلقنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئالغان. خوتەن، قەشقەر ۋە كۇچا رايونلىرىدىكى مىلادىيە I ئەسىرلەرگە تەئەللۇق دەپ قارالغان بۇددا

① «قەشقەر تارىخىي ماتېرىياللىرى» 4 ـ توپلام، سىياسىي كېڭەش، قەشقەر ۋىلايەتلىك كومىتېت تارىخىي ماتېرىياللار ھەيئىتى تۈزگەن. 144 — 183 ـ بەت، 1999 ـ يىلى ئىچكى ماتېرىيال.

دىنى مەدەنىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك ئىزلاردىن شۇ دەۋرنىڭ ماددىي،
مەنىۋى مۇھىتىنى قىياس قىلىشقا بولىدۇ. بۇددا دىنىغا مۇناسىۋەت-
لىك قەدىمىي شەھەر خارابىلىرىنىڭ ئەتراپىدىن ئادەتتە بۇددا دىنىنىڭ
ئادىتى بويىچە لەھەت ئىچىگە ھەمدەپنە بۇيۇملار سېلىنغان قەدىمىي
قەبرىلەر تېپىلىدۇ. ئەمما، ئەسكىھسار قەدىمىي شەھىرىنىڭ ئەترا-
پىدىن ئەتراپتىكى مۇھىتىنىڭ سۇنئىي بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشى ئېغىر
بولغانلىقتىنمۇ تاكى ھازىرغىچە قەشقەرنىڭ بۇددا دىنى دەۋرىگە مۇنا-
سىۋەتلىك قەدىمىي قەبرىلەر بايقالمىدى.

يەنە بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار بۇ شەھەر خارابىسىنى قاراخانىيلار
سۇلالىسىنىڭ بۇغراخانلىرى خوتەن بۇددىستلىرىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى-
دىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن، شۇ چاغدا قەشقەر شەھىرىنىڭ جەنۇبە-
دىكى مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئورۇن دەپ قارالغان قىزىل دەرياسى
بىلەن تۈمەن دەرياسىنىڭ تۇتاشقان جايىغا ياساتقان ھەربىي مۇداپىئە
قورغىنى بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارىشىدۇ. خاقانىيە بۇغراخانلىرى-
نىڭ خوتەن بۇددىستلىرىغا يۈرگۈزگەن «غازات» لىرىنىڭ تارىخىنى
تەھلىل قىلغاندا، بۇخىل قاراش تارىخىي رېئاللىققا بىرقەدەر ئۇيە-
غۇن. چۈنكى، خاقانىيىنىڭ دەسلەپكى بۇغراخانلىرى خوتەن بۇددىست
ئۇيغۇرلىرىنى ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن كۆپ قېتىم
ئۇرۇش قوزغىغان بولسىمۇ، مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشقان. بايتاش
بۇغراخان( مۇسا ئىبنى ئارسلانخان مىلادىيە 956 ـ يىلىدىن 971-
يىلىغىچە خاقان بولغان. ئا) تەختكە چىققاندىمۇ خوتەنگە قارىتىلغان
«غازات» نى داۋاملاشتۇرغان، لېكىن ئۇدۇن( خوتەن) ۋىيسارا تەگرە-
قۇتلۇقى ئۆزلىرى بىلەن دىنىي ئېتىقاد جەھەتتە ئورتاقلىققا ئىگە
بولغان گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى (مىلادىيە 840 يىلىدىن 1028- يىلى-
غىچە) بىلەن ئىدىقۇت(مىلادىيە 860 ـ يىلىدىن 1350- يىلىغىچە)
ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ھەرقايسى تەرەپتىن ياردەمدە بولۇشى ئارقىسىدا،
ئۇدۇن ۋىيسارا تەگرىخانلىقى بايتاش بۇغراخاننى خوتەننى پەتھە قى-
لىپ، خەلقلەرنى ئىسلامغا بەيئەت قىلدۇرۇش مەقسىتىگە يەتكۈزمەيلا

قالماستىن، بەلكى دىنىي ئېتىقاد جەھەتتىن بۇددا دىنىغا مايىل ھالەت-
تە تۇرۇۋاتقان قەشقەر ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا بۆلگۈنچىلىك پەيدا قى-
لىپ، ئۇدۇن بۇددىستلىرى تەرىپىگە ئۆتكەن چوقتۇ رەشىد ۋە نوقتۇ
رەشىد ئىسىملىك كىشىلەرنىڭ پىلانلىشىدا، ۋىيسارا تەگرىنقۇتلۇقى-
نىڭ سانغۇنلىرىدىن چىكالو خالىخا ماچىنىنىڭ قوماندانلىقىدا بىرنەچ-
چە رەت قەشقەرگە باستۇرۇپ كىرىپ پاراكەندىچىلىك پەيدا قىلغان
ئەھۋاللارمۇ بولغان. ئەنە شۇ دەۋرلەردە قەشقەر شەھىرىنى پايتەخت
قىلغان قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسى-
دىكى تۇنجى گازارمىسى بولغان قەشقەر شەھىرىنىڭ ئامان - ئېسەنلە-
كىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، شەھەر ئەتراپىغا ياكى كۆچلۈك
دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىغا ئاسان ئۇچرايدىغان مۇھىم ئورۇنلارغا ئەسكە-
رىي قورغان - قەلئەلەرنى ياساتماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ
ئۈستىگە ئەسكىھىسار قەدىمىي شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىن 75 كىلومېتىر
يىراقلىقتىكى يېڭىسار ناھىيىسى (يېڭىسارنى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان-
نىڭ نەۋرىسى، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ مەشھۇر سانغۇنى سەئىد
ئەلى ئارسلانخان بىنا قىلغان دېيىلگەن قاراشلار بار) قاراخانىيلارنىڭ
خوتەن بۇددىست ئۇيغۇرلىرىنى ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلدۇرۇش
ئۇرۇشلىرى داۋامىدا قۇرۇپ چىققان مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئورۇن
بولۇپ، «يېڭىسار» دېگەن بۇ نام بۇگۈنكى قەشقەر شەھىرىدىكى
«ئەسكىھىسار» (كونا شەھەر، كونا قەلئە) نىڭ نامىغا ئاساسەن
قويىغان «يېڭى شەھەر، يېڭى قەلئە» دېگەن مەنىدىكى نام بولۇشىمۇ
مۇمكىن. شۇڭا، ئۇدۇن (خوتەن) ۋىيسارا تەگرىنقۇتلۇقى بىلەن خاقا-
نىيە مۇسۇلمان ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا داۋاملاشقان70 يىلدىن ئار-
تۇق تىركىشىشلەرنىڭ تارىخىي جەريانىدىن قارىغاندا، ئەسكىھىسار
قەدىمىي شەھىرىنىڭ ياسىلىشى توغرىسىدىكى ئىككىنچى خىل قاراش-
نىمۇ ئورۇنسىز دەپ قارىغىلى بولمايدۇ. ئومۇمەن، ئەسكىھىسار
قەدىمىي شەھىرى دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان بۇ قەدىمكى ئىز خارابىسى
ئۈستىدە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىزدىنىش ناھايىتى زۆرۈر.

دىنى مەدەنىيەتكە مۇناسىۋەتلىك ئىزلاردىن شۇ دەۋرنىڭ ماددىي، مەنىۋى مۇھىتىنى قىياس قىلىشقا بولىدۇ. بۇددا دىنىغا مۇناسىۋەتلىك قەدىمىي شەھەر خارابىلىرىنىڭ ئەتراپىدىن ئادەتتە بۇددا دىنىنىڭ ئادىتى بويىچە لەھەت ئىچىگە ھەمدەپنە بۇيۇملار سېلىنغان قەدىمىي قەبرىلەر تېپىلىدۇ. ئەمما، ئەسكىھسار قەدىمىي شەھىرىنىڭ ئەتراپىدىن ئەتراپتىكى مۇھىتنىڭ سۇنئىي بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشى ئېغىر بولغانلىقتىنمۇ تاكى ھازىرغىچە قەشقەرنىڭ بۇددا دىنى دەۋرىگە مۇناسىۋەتلىك قەدىمىي قەبرىلەر بايقالمىدى.

يەنە بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار بۇ شەھەر خارابىسىنى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ بۇغراخانلىرى خوتەن بۇددىستلىرىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىدىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن، شۇ چاغدا قەشقەر شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىكى مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئورۇن دەپ قارالغان قىزىل دەرياسى بىلەن تۈمەن دەرياسىنىڭ تۇتاشقان جايىغا ياساتقان ھەربىي مۇداپىئە قورغىنى بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارىشىدۇ. خاقانىيە بۇغراخانلىرىنىڭ خوتەن بۇددىستلىرىغا يۈرگۈزگەن «غازات» لىرىنىڭ تارىخىنى تەھلىل قىلغاندا، بۇخىل قاراش تارىخىي رېئاللىققا بىرقەدەر ئۇيغۇن. چۈنكى، خاقانىيىنىڭ دەسلەپكى بۇغراخانلىرى خوتەن بۇددىست ئۇيغۇرلىرىنى ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن كۆپ قېتىم ئۇرۇش قوزغىغان بولسىمۇ، مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشقان. بايتاش بۇغراخان (مۇسا ئىبنى ئارسلانخان مىلادىيە 956 ـ يىلىدىن 971- يىلىغىچە خاقان بولغان. ئا) تەختكە چىققاندىمۇ خوتەنگە قارىتىلغان «غازات» نى داۋاملاشتۇرغان، لېكىن ئۇدۇن (خوتەن) ۋىيسارا تەگرىقۇتلۇقى ئۆزلىرى بىلەن دىنىي ئېتىقاد جەھەتتە ئورتاقلىققا ئىگە بولغان گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى (مىلادىيە 840 يىلىدىن 1028- يىلىغىچە) بىلەن ئىدىقۇت (مىلادىيە 860 ـ يىلىدىن 1350- يىلىغىچە) ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ھەرقايسى تەرەپتىن ياردەمدە بولۇشى ئارقىسىدا، ئۇدۇن ۋىيسارا تەگرىخانلىقى بايتاش بۇغراخاننى خوتەننى پەتىھ قىلىپ، خەلقلەرنى ئىسلامغا بەيئەت قىلدۇرۇش مەقسىتىگە يەتكۈزمەيلا

قالماستىن، بەلكى دىنىي ئېتىقاد جەھەتتىن بۇددا دىنىغا مايىل ھالەت. تە تۇرۇۋاتقان قەشقەر ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا بۆلگۈنچىلىك پەيدا قىلىپ، ئۇدۇن بۇددىستلىرى تەرىپىگە ئۆتكەن چوقتۇ رەشىد ۋە نوقتۇ رەشىد ئىسىملىك كىشىلەرنىڭ پىلانلىشىدا، ۋىيسارا تەگىرىقۇتلۇقىنىڭ سانغۇنلىرىدىن چىكالو خالىخا ماچىنىنىڭ قوماندانلىقىدا بىرنەچچە رەت قەشقەرگە باستۇرۇپ كىرىپ پاراكەندىچىلىك پەيدا قىلغان ئەھۋاللارمۇ بولغان. ئەنە شۇ دەۋرلەردە قەشقەر شەھىرىنى پايتەخت قىلغان قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى تۇنجى گازارمىسى بولغان قەشقەر شەھىرىنىڭ ئامان - ئېسەنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، شەھەر ئەتراپىغا ياكى كۆچلۈك دۈشمەنىنىڭ ھۇجۇمىغا ئاسان ئۇچرايدىغان مۇھىم ئورۇنلارغا ئەسكىرىي قورغان - قەلئەلەرنى ياساتماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەسكىھىسار قەدىمىي شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىن 75 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى يېڭىسار ناھىيىسى (يېڭىسارنى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ نەۋرىسى، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ مەشھۇر سانغۇنى سەئىد ئەلى ئارسلانخان بىنا قىلغان دەيدىغان قاراشلار بار) قاراخانىيلارنىڭ خوتەن بۇددىست ئۇيغۇرلىرىنى ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلدۇرۇش ئۇرۇشلىرى داۋامىدا قۇرۇپ چىققان مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئورۇن بولۇپ، «يېڭىسار» دېگەن بۇ نام بۇگۈنكى قەشقەر شەھىرىدىكى «ئەسكىھىسار» (كونا شەھەر، كونا قەلئە) نىڭ نامىغا ئاساسەن قويغان «يېڭى شەھەر، يېڭى قەلئە» دېگەن مەنىدىكى نام بولۇشىمۇ مۇمكىن. شۇڭا، ئۇدۇن (خوتەن) ۋىيسارا تەگىرىقۇتلۇقى بىلەن خاقانىيە مۇسۇلمان ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا داۋاملاشقان70 يىلدىن ئارتۇق تىركىشىشلەرنىڭ تارىخىي جەريانىدىن قارىغاندا، ئەسكىھىسار قەدىمىي شەھىرىنىڭ ياسىلىشى توغرىسىدىكى ئىككىنچى خىل قاراشنىمۇ ئورۇنسىز دەپ قارىغىلى بولمايدۇ. ئومۇمەن، ئەسكىھىسار قەدىمىي شەھىرى دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان بۇ قەدىمكى ئىز خارابىسى ئۈستىدە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىزدىنىش ناھايىتى زۆرۈر.

ئەسكىھسار قەدىمىي شەھىرىدىن ئازادلىقتىن ئىلگىرى ۋە ئازاد-
لىقتىن كېيىن ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشلاردا بىر
قىسىم قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ تېپىلغانلىقى توغر-
سىدا ئۇچۇر بار. لېكىن، قېزىۋېلىنغان ماددىي پاكىتلارنىڭ قەيەردە
ساقلىنىۋاتقانلىقى توغرىسىدا مەلۇمات يوق. بۇ ئەسكىھسار قەدىمىي
شەھىرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەكشۈرۈشىمىزدىكى زور توسالغۇ بو-
لۇپ تۇرماقتا.

1990- يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1991- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە قەشقەر
دائىرىسىدە ئېلىپ بېرىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئومۇمىيۈز-
لۈك تەكشۈرۈشتە، مۇتەخەسسىسلەر بۇ شەھەر خارابىسى دەپ قارالغان
ئورۇننىڭ كونكرېت جۇغراپىيىلىك ئورنىنى شەرقىي مېرىدى-
ئان 76°00′—76°01′، شىمالىي كەڭلىك 39°27′—39°28′ لىق ئو-
رۇندا، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1285 مېتىر دەپ بېكىتىپ،
مەدەنىيەت يادىكارلىق ئارخىپى تۇرغۇزغان. مەيلى قانداقلا بولسۇن،
ئەسكىھسار قەدىمىي شەھىرى دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان بۇ قەدىمكى
ئىزنىڭ مەۋجۇتلۇقى قەشقەرنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخ،
مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم قىممەتكە ئىگە مەدەنىيەت يادى-
كارلىق مىراسىدۇر.

## شىھىتيار قەدىمىي شەھىرى

شىھىتيار قەدىمىي شەھەر خارابىسى قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ لوق
يېزا مۇغۇللا كەنتىنىڭ غەربىي شىمالىدىن 2 كىلومېتىر يىراقلىقتا
جايلاشقان. ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان قەدىمىي
شەھەر خارابىسىنىڭ بىرى.

ئازادلىقتىن ئىلگىرى جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك ئارخېئولوگلار،
ئېكسپېدىتسىيىچىلەر شىھىتيار قەدىمىي شەھەر خارابىسىدە تەكشۈ-

رۇش ئېلىپ بارغان. ئازادلىقتىن كېيىن، يەنى 1957- يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي ۋە ئارخېئولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ خادىملىرى شىپىتيار قەدىمىي شەھەر خارابىسىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، بۇ يەردىن تاش پىچاق، كوزا، ساپال بۇيۇملارنىڭ پارچىلىرى، مىس بۇيۇم، قەدىمكى پۇل (قايسى دەۋرنىڭ ئىكەنلىكى ئېنىق ئەمەس)، رەڭلىك ساپال پارچىلىرى، ساپال ئۇرچۇق قاتارلىق بىر قىسىم مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تاپقانلىقى مەلۇم. شۇ قېتىمقى بايقاشتىن كېيىن شىپىتيار قەدىمىي شەھەر خارابىسىدە كۆپ قېتىم تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلىپ، بۇ جايدىن تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى، خارابىنىڭ مەدەنىيەت قاتلىمى ئانالىز قىلىنىش ئارقىلىق 1962- يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن «ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى» دەپ ئېلان قىلىنغان.

شىپىتيار قەدىمىي شەھەر خارابىسىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئورنىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ قەدىمكى يىپەك يولى ئۈستىدىكى قەشقەر (سۇلى)، ھىندىستان، ئۇدۇن (خوتەن) قاتارلىق شەھەر، دۆلەتلەرنى ئۆز ئارا تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان يوللارنىڭ قوشۇلغان جايى ئىكەنلىكى ئۆز - ئۆزىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. تۈزلەڭلىككە جايلاشقان بۇنداق ئىستراتېگىيىلىك ئەۋزەللىككە ئىگە مۇنبەت زېمىننىڭ قەدىمدە شەھەر، قورغان بولۇپ شەكىللەنگەنلىكى ئېنىق. لېكىن، ئۇنىڭ شەكىللەنگەن ۋاقتى پەقەت تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىگە، يەنى قاراخانىيلار سۇلالىسى تالاستىكى ئوردىسىنى بىكار قىلىپ①، پايتەختىنى ئۆزۈل - كېسىل قەشقەرگە كۆچۈرۈپ كەلگەن دەسلەپكى مەزگىللەرگە توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە شىپىتيار بۇ مەزگىللەردە

① مىلادىيە 893- يىلى ئوغۇلچاق قادىرخان بالاساغۇندىكى ئوردىنى قەشقەرگە يۆتكەپ كەلگەن. قاراخانىيلار ھالاك بولغانغا قەدەر قەشقەر قاراخانىيلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت مەركىزى بولغان.

شەھەر سۇپىتىدە ئەمەس، بەلكى ئۇدۇن ۋىيسارا تەگرىنقۇت خانلىقى-نىڭ ئالدىنقى سەپ ھەربىي قاراۋۇلخانىلىرى سۇپىتىدە بەرپا قىلىن-غان مۇھىم مۇداپىئە قورغىنى بولغان بولۇشىمۇ مۇمكىن.

قەشقەرگە ئىسلام دىنى تارقىلىپ، قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ دۆ-لەت دىنى قىلىنغاندىن كېيىن، ۋىيسارا تەگرىنقۇت رايونىدىكى خوتەن (ئۇدۇن) بۇددىست ئۇيغۇرلىرى ئىسلام دىنىنى ئاسانلا قوبۇل قىلغان ئەمەس. خوتەننى ئىسلامغا بەيئەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن قەشقەردىكى مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار بىلەن خوتەندىكى بۇددىست ئۇيغۇرلار ئارىسىدا 70 يىلدىن ئارتۇقراق ئىركىشىش ۋەزىيىتى بولغان. مۇشۇ ئەھۋاللار-نى ۋە شۇ دەۋرلەرگە مۇناسىۋەتلىك قەدىمكى يول لىنىيىلىرىنىڭ ئورنىدىن قارىغاندا، شىپھىتيار قەدىمىي شەھىرى ئۇدۇن بۇددىستلىرى-نىڭ قەشقەر خاقانىيە مۇسۇلمانلىرىدىن مۇداپىئەلىنىش ياكى قەشقەر-نى ئىشغال قىلىش ئۈچۈن، خاقانىيىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت مەركىزىنى قەشقەرگە كۆچۈرۈپ كەلگەن دەسلەپكى مەز-گىللەردە قۇرۇپ چىققان ئالدىنقى سەپ مۇداپىئە ئىستىھكامى بولغان، ھەقىقىي شەھەر بولغان ئەمەس. يەنە شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، شىپھىتيار قەدىمىي شەھەر خارابىسىدىكى قەدىمىي قەبرىلەر دەپ قارال-غان قەبرىلەر توپى سۇتۇق بۇغراخاننىڭ نەۋرىسى سىيىت ئەلى ئارسلانخاننىڭ ئاكىسى يۈسۈپ قادىرخان باشچىلىقىدىكى قەشقەر مۇ-سۇلمان قوشۇنلىرىنىڭ خوتەن بۇددىستلىرىغا قارشى ئېلىپ بارغان «غازات جېڭى» دە «شېھىت» بولغانلارنىڭ جەسەتلىرى بولۇپ، بۇ جاي شۇ زامانلاردىن باشلاپ «شېھىتيار» دەپ ئاتالغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. شۇڭا، بۇ يەردىكى شاخ - شۇمبىلار بىلەن يېپىلغان قەبرى-لەرنىڭ بۇددا دىنىغا مۇناسىۋەتلىك قەبرىلەر بولۇشى ناتايىن.

شىپھىتيار قەدىمىي شەھىرىنىڭ ۋەيران بولۇشىغا كەلسەك، ئۇ-نىڭ ۋەيران بولغان دەۋرى يەنە قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ھالاكىتى بىلەن تەڭ بولغان دېيىشكە بولىدۇ. قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە

ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئىنتايىن گۈللەنگەن، سودا ـ تىجارەت ئىشلىرى راۋاج تاپقان. نۇرغۇنلىغان شەھەر ـ قورغانلار يېڭىدىن شەكىللە-نىپ، مەدرىسە، مەسچىتلەر قۇرۇلغان. مەشھۇر شەخسلەر كۆپلەپ مەيدانغا كەلگەن. ئەمما، بۇ سۇلالە XI ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەل-گەندە چىرىكلىشىپ، موڭغۇل تالىشىش ۋە بۇلۇنۇش كەيپىياتىنىڭ پاتقىقىغا پېتىپ قالغانلىقتىن، قاراقىتان شاھزادىسى كۈچلۈك غەر-بىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ خاقانى گورخاندىن مىلادىيە 1211- يىلى ھو-قۇقنى تارتىۋېلىپ، قاراخانىيلارنىڭ شەرقتىكى زېمىنلىرىنى بېسى-ۋالغاندىن كېيىن، مىلادىيە 1212-يىلى كېرىيە بوستانلىقى ئارقىلىق تەكلىماكان ۋە تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى شەھەر، بوستانلىقلاردا تۆت يىلدىن ئارتۇق ۋەھشىي قىرغىنچىلىق ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق قاراخا-نىيلار سۇلالىسىنى پۈتۈنلەي يوقاتقان. كۈچلۈك ئەسلىدىنلا ئىسلام دىنىنىڭ رەقىبى بولغانلىقتىن، بارغانلىكى يېرىدە مەدرىسە، مەسچىت-لەرنى ۋەيران قىلىپ، شەھەرلەرگە ئوت قويۇپ، مۇسۇلمانلارنى قى-رىپ، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ 300 يىلدىن ئارتۇق تارىختا يارات-قان مەدەنىيەتلىرىنى خارابلاشتۇرۇۋەتكەن. قاراخانىيلار سۇلالىسى خوتەننى ئىسلامغا بەيئەت قىلدۇرغاندىن كېيىن قۇرۇپ چىققان قاغى-لىق تەۋەسىدىكى بۇ قەدىمىي شەھەرمۇ دەل نايمان شاھزادىسى كۈچ-لۈك تەرىپىدىن ئوتتا كۆيدۈرۈلۈپ خارابىلىككە ئايلاندۇرۇۋېتىلگەن دېيىشكە بولىدۇ.

ھازىر شىبەتىيار قەدىمىي شەھىرىنىڭ ئەسلىي ھالىتىنى پەرق قىلىش قىيىن. بۇ يەردە پەقەت 20 مىڭ كۋادرات مېتىر ئەتراپىدا چوڭلۇقتىكى يەر يۈزىدىن 1.5 مېتىر ئېگىزلىكتىكى توپا دۆۋىسىلا كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدۇ. توپا ئاستىدا شەھەر سېپىللىرىنىڭ، ئول-تۇراق ئۆيلەرنىڭ، قەدىمىي قەبرىلەرنىڭ ئىزناسى بار (بۇ قەبرىلەر ئۈستىدە تېخى ھەقىقىي تەكشۈرۈش بولمىدى). شىبەتىيار قەدىمىي شەھەر خارابىسىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى ۋە ئۇنىڭ ھازىرقى ھالىتى-دىن قارىغاندا، ئېھتىمال ئۇنىڭ ئەسلىي كۆلىمى ھازىرقى كۆلەمدىن

نەچچە ھەسسە چوڭ بولغان بولۇشى مۇمكىن. 1990-يىلىدىكى تەكشۈ- رۈشتە شىھىتيار قەدىمىي شەھەر ئىزىنىڭ كونكرېت جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان ‎77°32′‎، شىمالىي كەڭلىك ‎37°53′‎لۇق ئورۇندا دەپ خاتىرىلەنگەن.

تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە شەكىللەنگەن، قارا- خانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگىچە ھەربىي مۇداپىئە قور- غىنى، قەدىمىي شەھەر سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان شىھىتيار قەدىمىي شەھىرى خارابىسىدىن ئىبارەت بۇ ئالاھىدە مەدەنىيەت يادى- كارلىق ئورنىغا نىسبەتەن تەتقىقاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش تولىمۇ زۆرۈر.

# سەئىد ئەلى ئارسلانخان مازىرى ۋە ئوردىخان پادىشاھىم مازىرى

سەئىد ئەلى ئارسلانخان قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ مەشھۇر سەر- كەردىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ تولۇق ئىسمى ھەسەن بىننى ئارسلانخان. ئۇ سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ قىزى نۇرئەلانۇرخاننىڭ چوڭ ئوغلى (نۇرئەلانۇرخاننىڭ ئەسلىي ئىسمى ئاينۇر مەلىكە بولۇپ، سۇتۇق بۇغراخاننىڭ دىنىي ئۇستازى ئەبۇ نەسىر سامانى ئۇنى «نۇرئەلا نۇر» خان دەپ ئاتىغان. ئا) سەئىد ئەلى ئارسلانخان قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ خانلىرى ئارىسىدىكى «قوش قەبرە» لىك ئادەم. ئۇنىڭ بىر مازىرى يېڭىسار ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىدىن 60 كىلومېتىر، يېڭىشەھەر ناھىيە هاراپ يېزىسىنىڭ جەنۇبىدىن 24 كىلومېتىر يى- راقلىقتىكى قۇملۇقتا قارار تاپقان. يەنە بىر مازىرى قەشقەر شەھىرى- گە قاراشلىق دۆلەتباغ يېزىسىدا. سەئىد ئەلى ئارسلانخاننىڭ دادىسى ئوبۇل پەتتاھ (ئالىپ تىكىن) خوتەن بۇددىست ئۇيغۇرلىرىغا قارىتا

ئېلىپ بارغان غازاتتا ئۆلگەندىن كېيىن، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ مۇسۇلمان قوشۇنلىرىغا باش بولۇپ، بايتاش بۇغراخان (مۇسا بىننى ئارسلانخان) زامانىسىدا بىر قېتىم ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلدۇرۇلغان خوتەن بۇددىستلىرى ئىسلام دىنىدىن يېنىۋالغاندىن كېيىن، قەشقەردىكى مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار بىلەن خوتەنلىك بۇددىست ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ئۇرۇشلارغا قوماندانلىق قىلغان. ئۇ ئۆزىنىڭ خوتەنگە قىلغان كۆپ قېتىملىق ھەربىي يۈرۈشىدە يېڭىسارنى ئالدىنقى بازا قىلغان. يېڭىسارنىڭ شەرق تەرىپىدىكى قۇملۇقلاردا خوتەن بۇددىستلىرى بىلەن كۆپ قېتىم قانلىق ئۇرۇش قىلغان. مىلادىيە998- يىلى خوتەن ژىيسارا خانلىقىنىڭ سانغۇنلىرىدىن چىكالو خالىنخا ماچىن قەشقەر مۇسۇلمانلىرىنى بىراقلا يوقىتىش ئۈچۈن 40 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن قەشقەر زېمىنىغا باستۇرۇپ كەلگەندە، سەئىد ئارسلانخان باشچىلىقىدىكى مۇسۇلمانلار خوتەن بۇددىستلىرىغا قارشى يېڭىساردىكى ئالدىنقى بازىسى ئوردام قۇملۇقىدا كەسكىن جەڭ قىلىدۇ. ھەر ئىككى تەرەپتىن نەچچە مىڭ ئادەم جېنىدىن ئايرىلىدۇ. سەئىد ئارسلانخاننىڭ قوشۇنلىرى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، خوتەن بۇددىستلىرى مۇسۇلمانلار ئارىسىغا جاسۇس كىرگۈزۈپ، سەئىد ئەلى ئارسلانخاننىڭ قوشۇنلىرى نامازغا تۇرغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇلارنى قىرغىن قىلىدۇ. سەئىد ئەلى ئارسلانخانمۇ ئۆلتۈرۈلۈپ، بېشى كېسىۋېلىنغاندىن كېيىن، تېنى ئوردام قۇملۇقىغا كۆمۈلۈپ، بېشى قەشقەرگە ئېلىپ بېرىلىپ، قەشقەردىكى ئەسكىھسارنىڭ قوۋۇقىغا مىخلىنىپ، قەشقەر مۇسۇلمانلىرىغا ئىبرەت قىلىنىدۇ. خوتەن بۇددىستلىرى قەشقەردىن قوغلانغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بېشىنى ئانىسى نۇر ئەلانۇرخېنىم تۈمەن دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى قەبرىستانلىقتا كۆمۈپ، ئوغلىغا ئاتاپ مازار ياسىتىدۇ. بۇ سەئىد ئەلى ئارسلانخاننىڭ بېشى كۆمۈلگەن قەبرە بولۇپ، ھازىرمۇ «سەئىد ئەلى ئارسلانخان مازىرى» دېگەن نام بىلەن ئاتالماقتا. خەلق ئارىسىدا ساقلىنىپ قالغان:

ئاتاسى شاھى مەرداندۇر،
ئاتاسى ئۇرئەلانۇرخاندۇر.
خۇدا يولىدا جان بەرگەن،
شەھىدۇ ئارسلانخانىدۇر...

دېگەن جەڭنامىلەرگە مۇناسىۋەتلىك قوشاقلار ئەنە شۇ ۋاقىتلاردا پەيدا بولغان.

سەئىد ئەلى ئارسلانخان يېڭىساردىكى ئۇرۇشتا قۇربان بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ باشسىز تېنى ئوردام قۇملۇقىغا دەپنە قىلىنغان. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ مازار «ئوردىخان پادشاھىم مازىرى» دېگەن نام بىلەن شىنجاڭ تەۋەسىدىكى مۇسۇلمانلار تاۋاپ قىلىدىغان مۇقەددەس مازارغا ئايلىنىپ قالغان.

سەئىد ئەلى ئارسلانخانىنىڭ باشسىز تېنى كۆمۈلگەن جايغا توپا دۆۋىلىنىپ، ئۈستىگە تۇغ - شەددىلەر قاداپ قويۇلغان. مازارنىڭ ئەترابى ياغاچ تاختاي بىلەن ئىھاتىلەنگەن (ھازىر ئۆي قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن). تاختايلىق ئىھاتىنىڭ ئىچىدە بىر بۇلاق بولۇپ، چوڭقۇرلۇقى 4 مېتىر كېلىدۇ. بۇ يەر «رەۋزە مۇبارەك» دەپ ئاتالغان بولۇپ، ئۇنىڭ يېنىدا مازارغا تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن كەلگەنلەر ناماز ئوقۇيدىغان بىر مەسچىت ۋە مازارنىڭ شەيخلىرى تۇرىدىغان ئۆيلەر بار. «ئوردىخان پادشاھىم مازىرى» دا يەنە ئىككى دانە مىستىن ياسالغان چوڭ داشقازان بار، بۇ قازانلار ناھايىتى چوڭ بولۇپ ، ھەربىرىگە تۆت قوينىڭ گۆشى ئازادە سىغىدۇ. قازانلارنىڭ بىرسىگە ھىجرىيە 1281-يىلى (مىلادىيە 1864-يىلى) ، يەنە بىرسىگە ھىجرىيە 1328-يىلى (مىلادىيە 1910-يىلى) دېگەن خەتلەر ناھايىتى نەپىس ئويۇلغان. بۇ داشقازانلارنىڭ شۇ دەۋرلەردە قويۇلۇپ مازارغا ۋەخپە قىلىنغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. پېشقەدەملەرنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، «ئوردىخان پادشاھىم مازىرى» دا يەنە ئالتۇندىن ياسالغان قازان، ئالتۇندىن ياسالغان نەقىشلىك پەتنۇس، مازارغا مۇناسىۋەتلىك ئاي - يۇلتۇزلۇق

خادىلار بولۇپ، ئۇنىڭ بىر قىسمى مانجۇلار دەۋرىدە، بىر قىسمى تۇڭگان يېغىلىقى①1933- يىللىرى بۇلانغانىكەن. بۇلاردىن باشقا، يەنە مازارنىڭ يېنىدىكى كۆلىمى تەخمىنەن 250 كۋادرات مېتىر چوڭلۇقتىكى «كاھخانە» دەپ ئاتىلىدىغان ئۆينىڭ ئىچىدە «ئالتۇن داش» دەپ ئاتىلىدىغان چاغاتايچە، ئەرەبچە خەتلەر ئويۇلغان ئىككى دانە مىس قازان بار.

سەئىد ئەلى ئارسلانخان مازىرىنى قەدىمدىن بۇيان قەشقەر، ئاقسۇ، خوتەن، ئاتۇش قاتارلىق جايلاردىن كېلىدىغان مۇسۇلمانلار كونا يىلنامە بويىچە ھەر يىلى مۇھەررەم (1-ئاي) ۋە شەبان (8-ئاي) ئايلىرىدا توپ - توپ بولۇپ كېلىپ تاۋاپ قىلىدۇ. تاۋاپ قىلغۇچىلار ئالدى بىلەن سەئىد ئەلى ئارسلانخاننىڭ بېشى كۆمۈلگەن قەشقەر شەھرى دۆلەتباغ تەۋەسىدىكى «سەئىد ئەلى ئارسلانخان مازىرى» نى بىر كۈن تاۋاپ قىلغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۇنىڭ باشسىز تېنى كۆمۈلگەن يېڭىسار قوملۇقىدىكى «ئوردىخان پادشاھىم مازىرى»غا داقا - دۇمباق، ناغرا-سۇنايلار بىلەن سەپ - سەپ بولۇپ تاۋاپقا كېلىدۇ. مازار ئەتراپىدا ھەلقۇم قىلىپ ساما ئوينىشىدۇ. مازار ئۈستىگە قادالغان تۇغ - شەددىلەرنى يېڭىلاپ، دۇئا - تىلاۋەت ۋە نەزىر- چىراغ قىلىشىپ قايتىپ كېتىدۇ. بۇ پائالىيەتلەر مازار ئاپىرىدە بولغاندىن تارتىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان مىللىي ئۆرپ - ئادەت تۈسىدىكى تاۋاپ پائالى-



قەشقەر شەھرى دۆلەتباغ يېزىسىدىكى
سەئىد ئەلى ئارسلانخان مازىرى

① 1933- ماجۇڭيىڭنىڭ قوشۇنلىرى خوجىنىياز ھاجىدىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن قەشقەردە قىرغىنچىلىق ئېلىپ بارغان.

يىتىمدۇر.

1990- يىلى قەشقەر تەۋەسىدە ئېلىپ بېرىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشتە سەئىد ئارسلانخاننىڭ يېڭىسار قۇملۇقىغا جايلاشقان مازىرى« ئوردىخان پادىشاھىم» مازىرىنىڭ، جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان ″76°39′18، شىمالىي پاراللېل ″38°54′45لۇق ئورۇندا، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1220 مېتىر دەپ تىزىملاپ ئارخىپ تۇرغۇزغان. سەئىد ئەلى ئارسلانخاننىڭ قەشقەر شەھىرىگە قاراشلىق دۆلەتباغ يېزىسىدىكى مازىرىنى بولسا« سەئىد ئەلى ئارسلانخان مازىرى» دېگەن نام بىلەن تىزىملاپ، ئۇنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېردىئان ″76°00′36، شىمالىي كەڭلىك″39°27′25 لۇق ئورۇندا، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1280 مېتىر دەپ خاتىرىلىنىپ، مەدەنىيەت يادىكارلىق ئارخىپى تۇرغۇزۇلغان. سەئىد ئەلى ئارسلانخاننىڭ قەشقەر شەھىرىگە قاراشلىق دۆلەتباغ يېزا تەۋەسىدىكى مازىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۆزگىچە، مازار تاملىرىغا ئەسلىدە كاھىش يېپىشتۇرۇلغان بولۇشى مۇمكىن، مازىر ئۇنىڭ سىرتىدا كاھىشلار قالمىغان. بۇ قۇرۇلۇش ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى بىناكارلىق سەنئىتىنى تەتقىق قىلىشتا بەلگىلىك قىممەتكە ئىگە بولغانلىقتىن، 1999- يىلى« ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى » دەپ ئېلان قىلىنغان. بۇ مازارلار X ئەسىرلەردە ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىشى ۋە قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ نەسەبلىرىنى ئىسپاتلاشتا مۇھىم قىممەتكە ئىگە بولغان سەئىد ئەلى ئارسلانخاندىن ئىبارەت بىر ئادەمنىڭ ئىككى ئورۇندىكى مازىرىدۇر.

## جۇپ پادىشاھىم مازىرى

جۇپ پادىشاھىم مازىرى «چۈجە» پادىشاھىم مازىرى دەپمۇ ئاتىلى-

دۇ. كىشىلەر بۇ يەرگە كۆمۈلگەن سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئوغۇللىرىدىن ھەسەن بۇغراخان بىلەن ھۈسەن بۇغراخاننى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ھاكىمىيەت ۋارىسلىرى ئىدى دەپ قارىغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ مازىرىنى «چۆجە» پادىشاھىم ياكى كىچىك پادىشاھلار دەپ قاراپ، شۇنداق ئاتاشقان بولۇشى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە، قاراخانىيلارنىڭ خان جەمەتلىرىدىكى ئەرلەرگە «بۇغرا» نامى بېرىلىپ، دۆلەت ئەمىرلىرى قاتارىدا سانالغان. ئاياللىرىغا «تۈركان خاتۇن» نامى بېرىلگەن. شۇڭا، يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدىكى لەڭگەر دەپ ئاتىلىدىغان دۆڭلۈككە جايلاشقان بۇ مازار ئەسلىي «چۆجە» پادىشاھىم مازىرى دېگەن نامدا ئەمەس، بەلكى ھەسەن بۇغراخان بىلەن ھۈسەن بۇغراخاندىن ئىبارەت قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ بىر جۈپ سەركەردىسى بىرلا ۋاقىتتا كۆمۈلگەنلىكى ئۈچۈن، «جۈپ پادىشاھىم مازىرى» دەپ ئاتالغان بولۇشى، كېيىنكى زامانلاردا مازارنىڭ شەيخلىرى بۇ مازارنى تاۋاپ قىلغۇچىلارغا «چۆجە» پادىشاھىم مازىرى دەپ تونۇشتۇرغان بولۇشى مۇمكىن.

مىلادىيە 998- يىلى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ نەۋرىسى سەئىد ئارسلانخان خوتەن بۇددىستلىرى تەرىپىدىن يېڭىسارنىڭ شەرقىدىكى ئوردام قۇملۇقىدا شېھىت قىلىنغاندىن كېيىن، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئوغۇللىرىدىن ھەسەن بۇغراخان، ھۈسەن بۇغراخانلار ئەسكىرىي كۈچىنى توپلاپ، 90 مىڭ كىشىلىك زور قوشۇن بىلەن يېڭىسارنى پەتھ قىلىۋالغان خوتەن بۇددىستلىرىنى يوقىتىپ، تاغىسى سەئىد ئەلى ئارسلانخاننىڭ قىساسىنى ئېلىشقا بارغان. ئۇلار مۇغ يولى بىلەن (قەشقەردىكى مۇھىم كارۋان يولى بولۇپ، كونىشەھەر ئارقىلىق يېڭىسارغا بارىدىغان يول. ئا) يېڭىسار تەۋەسىدىكى ئالتۇنلۇق(دەشتكۆل دەپمۇ ئاتىلىدۇ) دېگەن يەرگە كېلىدۇ. قەشقەردىن چېكىنگەن خوتەن بۇددىستلىرى مۇشۇ جايدا بارگاھ قۇرۇپ مۇداپىئە ئىستىھكامى ياسىغان. شۇ جايدا مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار بىلەن خوتەن بۇددىست ئۇيغۇرلىرى ئوتتۇرىسىدا قاتتىق جەڭ بولغان. شۇ قېتىمقى

ئۇرۇشتا ھەسەن بۇغراخان بىلەن ھۈسەن بۇغراخان (مىلادىيە 1003- يىلى) شېھىت بولغانلىقتىن، ئىسلام دىنىنىڭ قائىدىسى بويىچە قارا-خانىيلار قوشۇنىنىڭ بۇ ئىككى سەركەردىسىنىڭ جەسىتى مۇشۇ جايغا دەپنە قىلىنىپ، ئۇلار ئۈچۈن مازار ياسىتىلغان.

جۇپ پادىشاھىم مازىرى پىشىشىق خىش ۋە لايدىن ياسالغان ئىككى چوڭ گۈمبەز بولۇپ (ھازىر بىرسى قالغان)، بۇ مازار قۇرۇلۇشى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئىسلام دىنى ئۈچۈن قۇربان بولغان شېھىت-لەر ئۈچۈن قاتۇرۇلىدىغان مازارلارنىڭ شەكلىدە ياسالغان. گۈمبەز ئىچىدىكى قەبرە بۆشۈكچىلىرى ئىماتىلەنگەن. مازارنىڭ گۈمبەز قىسى-مىغا يېشىل رەڭلىك كاھىشلار يوپۇشتۇرۇلغان. تاملىرىغا نەپىس نەقىشلەر ئويۇلغان. مازارنىڭ يېنىدا يەنە بىر كونا مەسچىت بار. مازارنىڭ غەربىدىن 10 مېتىر نېرىدا «شەربەتخانا» دەپ ئاتىلىدىغان بىر بۇلاق بار. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە بۇزۇۋېتىلگەن يەنە بىر گۈمبەزنىڭ ئورنىغا نەچچە 100 دانە تۇغ - شەددىلەر قادال-غان. مازارنىڭ شىمالىدىن 100 مېتىرچە نېرىدا يەنە بىر كىچىك گۈمبەزلىك مازار بار. كىشىلەر بۇ مازارنى «بىبى مەريەم خېنىم ۋە بىبى تۇركان خېنىم» ئىسىملىك ئىككى نەپەر ئايالنىڭ مازىرى دېيىشىدۇ. بۇ تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلە.

جۇپ پادىشاھىم مازىرىدا ھازىرمۇ ئۆزلىرىنى مازار ئىگىلىرىنىڭ جەمەتلىرىدىن دېيۋالغان شەيخلەر بار. 1990- يىلىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشتە بۇ مازارنىڭ جۇغرا-پىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان ″40′15°76 ، شىمالىي كەڭلىك ″05′48°38 لۇق ئورۇندا، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1340 مېتىر دەپ تىزىملىنىپ، مەدەنىيەت يادىكارلىق ئارخىپى تۇرغۇزۇلغان. بۇ مازارمۇ قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ تارىخىنى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭ تەۋەسىدىكى تارقىلىش جەريانلىرىنى، شۇنداقلا ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى قۇرۇلۇش سەنئىتىنى تەتقىق قىلىشتا بەلگىلىك قىممەتكە ئىگە مەدەنىيەت يادىكارلىقىدۇر.

# سۇلتان دەرىجە خېنىم مازىرى

سۇلتان دەرىجە خېنىم نامى بىلەن ئاتالغان بۇ مازار يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ ماڭشىن يېزا قارا باش كەنتىنىڭ لەڭگەر مەھەللە رايونى، يەنى يېڭىسار خوتەن تاشيولىنىڭ غەربىدىن 400 مېتىرچە ئىچكىرىدىكى قايراقنىڭ ئاستىغا جايلاشقان. مازارنىڭ ئىگىسى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ نەۋرىسى سەئىد ئەلى ئارسلانخاننىڭ ئايالى سۇلتان دەرىجە خېنىم دەپ قارىلىپ، شۇ ئايالنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان دېيىلىدۇ.

قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ سىياسىي ھاكىمىيەت ھوقۇقى مىلادىيە 932- يىلى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ قولىغا ئۆتكەندىن تارتىپ، مىلادىيە 1024- يىلى ئۇدۇن (خوتەن) ۋىيسارا خانلىقىنىڭ يوقىتىلىشىغا قەدەر بولغان بىر ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت ئىچىدە ئىسلام دىنى تۇغى ئاستىدا ئېلىپ بېرىلغان قاراخانىيلار زېمىنلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش مەقسىتىدىكى «غازات جېڭى» توختىمىغان. قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ بۇغراخانلىرىدىن كىم ئۆلسە، ئۇنىڭ ئورنىغا چىققان خاقانلار ئاتا - بوۋىسىنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئىزچىل تۈردە قەشقەر ئەتراپىدىكى بۇددىست ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان «غازات جېڭى» نى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئاشۇ ئۇزاققا سوزۇلغان تەپرىقە، ئىچكى ئۇرۇش جەريانىدا نەچچە ئون مىڭلىغان كىشىلەر جانلىرىدىن ئايرىلغان. خاقانىيىنىڭ ئىسلام ئىدېئولوگىيىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن شېھىت بولغان باھادىر ئەزىمەتلىرى قاتارىدا سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ چوڭ قىزى نۇرئەلا-نۇرخان ۋە ئۇنىڭ ئوغلى سەئىد ئەلى ئارسلانخاننىڭ ئايالى سۇلتان دەرىجە خېنىملاردەك قەھرىمان ئاياللارمۇ بولغان دەپ قاراشقا بولىدۇ.

مىلادىيە 1003- يىلى يېڭىسارنىڭ ئالتۇنلۇق ياكى دەشتكۆل دېگەن يېرىدە بولغان ئۇرۇشتا، مىلادىيە 998- يىلى خوتەن بۇددىستلىرى تەرىپىدىن شېھىت قىلىنغان ئېرى سەئىد ئارسلانخاننىڭ قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن، سەئىدئەلى ئارسلانخاننىڭ ئايالى سۇلتان دەرىجە خېنىممۇ سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئوغۇللىرىنىڭ قوماندانلىقىدا جەڭگە قاتناشقان. گىرەلەشمە جەڭدە ھەسەن بۇغراخان بىلەن ھۈسەن بۇغراخان شېھىت بولغاندىن كېيىن ، قاراخانىيلارنىڭ قوشۇنلىرى بۇغراخانلارنىڭ باشقا سەركەردىلىرىنىڭ قوماندانلىقىدا بىر مەھەل ھۇجۇم قىلىشتىن مۇداپىئەلىنىشكە چۈشۈپ قالغان. ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن خوتەن بۇددىست قوشۇنلىرى قاراخانىيلارنىڭ قوشۇنلىرىدىن بىر بۆلەك كىشىلەرنى قورشاۋغا ئېلىۋالغان. قورشاۋدا سەئىد ئەلى ئارسلانخاننىڭ ئايالى سۇلتان دەرىجە خېنىممۇ بار بولۇپ، ئۇ بۇددىستلارنىڭ قولىدا ئۆلۈشنى ئار ئېلىپ، بىرقانچە مەھرەملىرى بىلەن قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىپ چېكىنىۋاتقاندا، بۇددىستلار قوشۇنى ئارقىسىدىن قوغلاپ كېلىپ قايراقنىڭ قاپتىلىغا قامىۋالىدۇ. شۇ چاغدا ئۇ ئۆزىنىڭ شەمشىرىنى كۆكسىگە سانجىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان دېگەن رىۋايەتلەر بار. خوتەن بۇددىستلىرى تىز يوكتۇرۇلگەندىن كېيىن مۇسۇلمانلار بۇ ئايالغا مۇشۇ ئورۇنغا خاتىرە سۇپىتىدە «سۇلتان دەرىجە خېنىم» دېگەن نام بىلەن مەقبەرە قاتۇرغان. ئۇنىڭ مازىرى ئېھتىمال قاراخانىيلار سۇلالىسى ھالاك بولغاندا كىدانلارنىڭ بۇزغۇنچىلىقىدا ۋەيران بولغان بولۇشى مۇمكىن. ھازىر ئۇنىڭ مازىرىنىڭ ئورنىدا 2 مېتىر ئېگىزلىكتىكى توپا، لايدىن ياسالغان مازار ۋە ئۇنىڭ ئۈستىگە قادالغان تۇغ - شەددىلەرلا بار. يېقىن ئەتراپتىكى مۇسۇلمانلار تاھازىرغا قەدەر بۇ مازارنى «سۇلتان دەرىجە خېنىم مازىرى» (سۇلتان دەرىجە خېنىم دېگەن نام بۇ ئايالنىڭ ئۇنۋانى بولۇشى مۇمكىن. ئا) دېگەن نام بىلەن ئۇلۇغلاپ تاۋاپ قىلىشىدۇ.

1990- يىلى قەشقەر تەۋەسىدە ئېلىپ بېرىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشتە، بۇ مازارنىڭ كونكرېت

جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 76°10′49″، شىمالىي كەڭلىك 38°14′01″ تا، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1300 مېتىر، ئېلىمىزنىڭ سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىگە تەئەللۇق ئىسلام دىنى مەدەنىيەت يادىكارلىقى دەپ ئارخىپ تۇرغۇزغان.

## قەشقەر ھېيتگاھ جامە مەسچىتى

قەشقەر شەھىرىدىكى ھېيتگاھ جامە مەسچىتى دۆلىتىمىزدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا تەۋەسىدىكى كۆلىمى ئەڭ چوڭ، تارىخى ئۇزاق قەدىمكى جامە مەسچىتلىرىنىڭ بىرى. تارىخىي خاتىرىلەردىن قارىغاندا، ھېيتگاھ جامە مەسچىتىنى مۇسۇلمان بولغان موغۇل ئەمىرلىرىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن مىرزا ئابابەكرىدىن سەل ئىلگىرىرەك قەشقەر، خوتەن، يەكەن قاتارلىق جايلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان مۇھەممەت ھەيدەر مىرزا زامانىدا، ھىجرىيە 846- يىلى مىلادىيە 1442- يىلى قەشقەرگە ھاكىم بولۇپ تۇرۇۋاتقان سانىسىز مىرزا دېگەن ئادەم ھازىرقى ھېيتگاھ جامە مەسچىتىنىڭ ئورنىدىكى «ئەسلىي كالتە مازارلىق» دەپ ئاتىلىدىغان جايغا، مازارلىقتا دۇئا تىلاۋەتكە كېلىدىغانلارنىڭ ناماز ئوقۇشى ئۈچۈن ياسىتىپ بەرگەن بولۇپ، ئۇ چاغدا بىر كىچىك مەسچىت ئىدى.

سانىسىز مىرزا ئالەمدىن ئۆتۈپ بىر ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، يەنى يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە قەشقەرنىڭ ھاكىمى بولغان ئوبۇل ھادى بەگنىڭ تاغىسى مىرزا ئەزىز ۋەلى دېگەن مۆتىۋەر كىشى ۋاپات بولۇپ، ھېيتگاھتىكى مازارلىققا دەپنە قىلىنغاندىن كېيىن، ئوبۇل ھادى بەگ بىرەر خاسىيەتلىك ئىش قىلىپ، ئۇنىڭ ساۋابىنى تاغىسىغا بېغىشلاش خىيالىدا، بىرنەچچە يىلدىن كېيىن، يەنى ھىجرىيىنىڭ 944- يىلى (مىلادىيە 1538- يىلى) سانىسىز مىرزا سالدۇرغان مەسچىتنى كېڭەيتىپ، ئادەتتىكى

مەسچىتتىن بەش ۋاخ ناماز ئوقۇلىدىغان «جامە» قىلىپ ئۆزگەرت-
كەن. شۇنىڭدىن 250 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، هازىرقى يېڭىشەھەر
ناھىيىسىگە قاراشلىق خانئېرىق يېزىسىدىن زۇلپىيە خېنىم دېگەن بىر
ئايال ئۇرغۇن يول راسخوتى غەملەپ، مەككىنى تاۋاپ قىلىپ، ھەج
قىلىپ كېلىش ئۈچۈن سەپەرگە چىقىدۇ. چەت مەملىكەتلەردە يۇز
بەرگەن ئۇرۇش - ماجىرا تۈپەيلىدىن زۇلپىيە خېنىم چېگرىدىن
چىقالماي قايتىپ كېلىدۇ. ئۇنىڭ ھەج قىلىش ئارزۇسى ئەمەلگە
ئاشمىغاندىن كېيىن، ئېشىپ قالغان يول راسخوتىنى ئاللا يولىدا
سەرپ قىلىپ، ساۋاب تېپىش ئۈچۈن، ھىجرىيىنىڭ1201-يىلى (مى-
لادىيە1787-يىلى) ھېيتگاھ جامەسىنى كېڭەيتىپ ياساتقان.
مىلادىيە 1809- يىلى ئىس-
كەندەر ۋاڭ(ئىسكەندەر ۋاڭ-
نىڭ مازىرى هازىرقى قەشقەر
. شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئىك-
لىلىكلەر قورۇسى ئىچىدە
«ئاق مازار» دېگەن نامدا ئا-
تىلىپ كەلمەكتە) ھېيتگاھ
جامەسىنى ئومۇميۈزلۈك رې-
مونت قىلدۇرغان ۋە جامەنىڭ
هويلىسىغا كۆل كولىتىپ،
دەرەخ قويدۇرۇپ رەتلىگەن.
1839- يىلى قەشقەرنىڭ ھۆ-



ھېيتگاھ جامە دەرۋازىسىنىڭ 100 يىل
ئاۋۋالقى هالىتى ۋە هازىرقى هالىتى

كۈمدارى زوھۇردىن هاكىم
بەگ زامانىسىدا قەشقەر شە-
ھىرى كېڭەيتىپ ياسىلىپ،
ھېيتگاھ جامە مەسچىتى شەھەر مەركىزىدىكى جامە قىلىنغان ۋە رې-
مونت قىلىنغان. شۇنىڭدىن باشلاپ ھېيتگاھ جامەسى دەپ ئاتالغان.
مىلادىيە 1873- يىلى بەدۆلەت مەھەممەت ياقۇپخان دەۋرىدە يەنە بىر

قېتىم كېڭەيتىلىپ هازىرقى هالەتكە كەلتۈرۈلگەن. جامەنىڭ غەرب تەرىپى مەسچىت، شەرق تەرىپى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلاردىن قەشقەرگە ئىلىم تەھسىل قىلىشقا كەلگەن تالىپلارنى تەربىيىلەيدىغان مەدرىسە قىلىنىپ، مەدرىسەنىڭ شەرق، جەنۇب تەرەپلىرىگە 72 ئېغىز هۇجرا، 100 دىن ئارتۇق ئادەم يۇيۇنالايدىغان هاممام (مۇنچا) ، مۇنار، گۈمبەز، پەشتاق، دەرۋازا قاتارلىق ئەسلىھەلەرنى ياساتقان.

هىجرىيە 1354- يىلى( مىلادىيە 1936- يىلى) قەشقەردە قۇرۇلغان «ئىسلاهى مادارىس ۋە ماساچىت هەيئىتى» (مەدرىسە ۋە مەسچىتلەرنى رېمونت قىلىش هەيئىتى) دەپ ئاتالغان خەلق تەشكىلاتى يەنە بىر قېتىم ئومۇمىيۈزلۈك رېمونت قىلىپ، جامەنىڭ شىمال ۋە جەنۇب تەرىپىگە ئىككى يان دەرۋازا بىكىتكەن.

ئازادلىقتىن كېيىن، 1955- يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قۇرۇلۇشى مۇناسىۋىتى بىلەن يەنە بىر قېتىم ئومۇمىيۈزلۈك رېمونت قىلىنغان. 1962- يىلى «ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى» دەپ ئېلان قىلىنغان. 1983- يىلى بىر قېتىم كىچىك كۆلەمدە رېمونت قىلىنغان هەمدە جامە ئىچىگە زامانىۋى مۇنچا، مۇستەهەپخانا، تەرەتخانا قاتارلىق زۆرۈر قوشۇمچە ئەسلىھەلەر ياسىتىلغان. 1994- يىلى يەنە بىر قېتىم زور كۆلەمدە رېمونت قىلىنغان. شۇ يىلى جامەنىڭ سول تەرىپىدىكى كونا هۇجرا ئۆيلەر، دۇكانلار چېقىپ تاشلىنىپ، دۆلەت مالىيەسىنىڭ ياردەم قىلىشى بىلەن ئەسلىي هالىتىگە سادىق بولۇش پرىنسىپى ئاساسىدا يېڭىدىن پىششىق خىش قۇرۇلمىلىق 23 ئېغىز هۇجرا، 53 ئېغىز دۇكان ياسالغان. ئاشۇ دۇكانلارنىڭ ئىجارە هەققىدىن كەلگەن كىرىم بىلەن مەسچىتنىڭ ئۆز - ئۆزىنى بېقىشىغا ئاساس سېلىنغان. 1999- يىلى دۆلەت مىللەت ۋە دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ 1 مىليوندىن كۆپرەك مەبلەغ ئاجرىتىپ بېرىشى بىلەن هېيتگاه جامەسىنىڭ پېشايۋانلىرى ئەسلىي هالىتى بويىچە يەنە بىر قېتىم

رېمونت قىلىنغان.

ھېيتگاھ جامەسىنىڭ شىمالىدىن جەنۇبقا ئۇزۇنلۇقى 140 مې-تىر، غەربتىن شەرققە كەڭلىكى 120 مېتىر، ئومۇمىي كۆلىمى 16 مىڭ 800 كۋادرات مېتىر. (22. 25 موغا باراۋەر) جامە، خانىقا، كايىۋان، مەدرىسە، ھويلا، گۈمبەز، مۇنار، دەرۋازىدىن ئىبارەت يەتتە بۆلەكتىن تەركىب تاپقان. خانىقانىڭ ئۇزۇنلۇقى 5. 36 مېتىر، بۇنىڭغا كايىۋان قاتارلىق ئۈستى يېپىقلىق قىسمىنى قوشۇپ ھېسابلى-غاندا 2600 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. جامەنىڭ بۇ قىسمىدا بىرلا ۋاقىتتا 4200 ئادەم ناماز ئوقۇيالايدۇ.

ھېيتگاھ جامەسىنىڭ بىناكارلىق قۇرۇلمىسى ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى بىناكارلىق سەنئىتى بىلەن مۇكەممەل ئىلمىي تېخنىكىلارنىڭ ئۆزئارا بىرلەشكەنلىكىنىڭ مەھسۇلى. تورۇسىنىڭ يېپىلىشى تۆت قاتار لىم (جەگە) ياغاچلىرى قارىمۇقارشى ئورۇنلاشتۇرۇلغان 100 تارىدىن ئىبارەت بولۇپ، ناھايىتى پۇختا ھېسابلاش نەتىجىسىدە بىر-بىرىگە جىپسىلاشتۇرۇلغان توغرا تۆت بۇلۇڭلۇق گېئومېتىرىيىلىك شەكىل-لەرنى ھاسىل قىلىپ، خۇددى شاھمات تاختىسىغا ئوخشاش ياسالغان. پۈتۈن تورۇسنى تۆت قاتار قىلىپ تىكلەنگەن 140 دانە تۈۋرۈك كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. تۈۋرۈكلەرنىڭ تىزىلىشىمۇ ناھايىتى ئىلمىي ۋە كۆركەم بولۇپ، مەسچىتكە ئالاھىدە زىننەت ۋە سۈر بېرىپ تۇرىدۇ. تورۇسلارنىڭ ئارىسىدىكى توققۇز ئارىغا رەڭ بىلەن مىللىي ئۇسلۇبتى-كى چىرايلىق گۈل نۇسخىلار بىلەن نەقىشلەنگەن.

جامەنىڭ چوڭ دەرۋازىسىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى مۇنارنىڭ ئې-گىزلىكى 18 مېتىر، ئىككى مۇنارنىڭ ئارىلىقى 28 مېتىر. چوڭ دەرۋازىنىڭ پەشتىقىنىڭ ئېگىزلىكى 12 مېتىر، چوڭ دەرۋازىنىڭ ئېگىزلىكى 7. 4 مېتىر، كەڭلىكى 3. 4 مېتىر. دەرۋازا ئالدىدىكى سۇپا، پەشتاقلارنىڭ بىر قىسمى ئىلگىرى ھېيتگاھ جامەسىنىڭ ئالدى-دىكى مەيداننى رەتلىگەندە يەر ئاستىغا كۆمۈلۈپ قالغان. ھېيتگاھ مەسچىتىنىڭ ھەيۋەتلىك چوڭ دەرۋازىسى مۇنار ۋە پەشتاقلار، ئويۇق-

چە، مېھرابلار، گۈل - نەقىشلەر ئىنتايىن ماسلاشقان بولۇپ، كىشىگە تولىمۇ ھەيۋەتلىك ھەم كلاسسىك تۇيغۇ بېرىدۇ.

ھېيتگاھ جامە مەسچىتىدە ھەركۈنى بەش ۋاخ ناماز ئوقۇلىدۇ. جۈمە نامىزىغا تەخمىنەن 8000 دىن كۆپرەك نامازخان داخىل بولىدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ روزا ھېيت ۋە قۇربان ھېيت نامازلىرىدا جامەنىڭ قورۇسى ۋە سىرتى بولۇپ 50 مىڭدىن كۆپرەك نامازخان يىغىلىپ ناماز ئوتەيدۇ. نامازدىن كېيىن نافرا - سۇنايلار چېلىنىپ جامائەت ئۆزلۈكىدىن تەشكىللىنىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇسۇلى بولغان «ساما» ئۇسۇلىنى ئويناپ، بىر - بىرىنىڭ ئايەملىرىنى قۇتلۇقلىشىدۇ. بۇ مەسچىتكە ھەرقايسى مۇسۇلمان دۆلەتلەرنىڭ مۇھىم شەخسلىرى، دۆلەت ئەربابلىرىمۇ كېلىپ ناماز ۋە زىيارەتتە بولغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىران جۇمھۇرىيىتىدىنلا ئىراننىڭ سابىق رەئىس جۇمھۇرى راپسان جانى، ئىراننىڭ دىنىي داھىيسى ئاياتۇللا ھۇمەينى ۋە 1998- يىلىدىن 2006- يىلىغىچە ۋەزىپىدە بولغان رەئىس جۇمھۇرى مۇھەممەد ھاتەمى قاتارلىق مەشھۇر شەخسلەر كېلىپ ناماز ۋە زىيارەتتە بولغان.

ھېيتگاھ جامەسى ئورۇنلاشتۇرۇش، ياسىلىش، قۇرۇلما ۋە مېمارچىلىق سەنئىتى جەھەتتىن قويۇق يەرلىك ئالاھىدىلىك ۋە مىللىي تۈسكە ئىگە بولۇپ، ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ يۇقىرى پەللىسى، ئۇيغۇر ھۈنەرۋەن، ئۇستىكارلارنىڭ ئەقىل - پاراسەتلىرىنىڭ جەۋھىرى دېيىشكە بولىدۇ. بۇ قەدىمكى جامە سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىلگەن نۇقتىلىق سەيلە - ساياھەت مەدەنىيەت يادىكارلىق نۇقتىسى ۋە مۇقەددەس دىنىي سورۇن بولغانلىقتىن، ھەر يىلى دۆلەت ئىچى ۋە چەت ئەللەردىن كەلگەن نەچچە 10 مىڭ ھەر مىللەت ساياھەتچىلىرى زىيارەت قىلىپ تۇرىدۇ.

ھېيتگاھ مەسچىتىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 75°59′07″ ، شىمالىي كەڭلىك 39°28′19″ لۇق جايدا، دېڭىز يۈز-

دىن ئېگىزلىكى 1292 مېتىر. 2001- يىلى گوۋۇيۇەننىڭ تەستىقلى-
شى بىلەن ئۇنىڭ قوغدىلىش دەرىجىسى كۆتۈرۈلۈپ، «مەملىكەت
بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى» دەپ
ئېلان قىلىنىدى. ئۇ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى تەۋەسىدىكى ئەڭ
زور، ئەڭ پۇختا بولغان مىللىي ئۇسلۇبتىكى قەدىمكى قۇرۇلۇشتۇر.
ھېيتگاھ مەسچىتىنىڭ ۋەخپە زېمىنلىرى، تارىختىكى ئىمام، خەتىپ-
لىرى ۋە باشقا تەرەپلەردىكى تارىخى توغرىسىدا تەتقىقات ئېلىپ بېرىش
تولىمۇ ئەھمىيەتلىك ھەم مۇھىم خىزمەتتۇر.

## يەكەن ئازنا مەسچىتى

يەكەن شەھىرىدىكى ئازنا مەسچىت شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ
ئەمىرلىرىدىن قەشقەرنى مەركەز قىلىپ، يەكەن، خوتەن قاتارلىق
جايلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان مۇھەممەت ھەيدەر مىرزا زامانىسىدا،
يەنى مىلادىيە 1466- يىلى يەكەن شەھىرىنىڭ كونىشەھەر تەۋەسىدىكى
چاھارسۇ دېگەن جايغا ياسالغان. بۇ مەسچىتنى بەزىلەر مىرزا ئابابەك-
رى ياساتقان دەيدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئوتتۇرا ئاسىياغا داڭلىق بۇ قەدى-
مىي مەسچىتنى مىرزا ئابابەكرىنىڭ تاغىسى مۇھەممەت ھەيدەر مىرزا
ھىجرىيە 869- يىلى (مىلادىيە 1463 — 1480) يەكەن ۋە قەشقەرنى
سۈيۈرغال سۈپىتىدە باشقۇرۇۋاتقان زامانلاردا، يەرلىك مۇسۇلمانلار-
نىڭ كۆڭلىنى ئۆزىگە مايىل قىلىش ئۈچۈن، قەدىمىي شەھەر يەكەنگە
يۇرت - يۇرتلاردىن داڭلىق تامچىلارنى يىغىپ، ياغاچ ئىشلەتمەي،
مەسچىتنىڭ قۇرۇلمىسىنى خىش ۋە لايدىن قىلىپ، 52 گۈمبەزدىن
تەركىب تاپقان مەسچىتنى ياساتقان. كىچىك گۈمبەزلەرنىڭ ئېگىزلى-
كى 5.5 مېتىر، دىئامېتىرى 2.6 مېتىر، مەسچىتنىڭ شىمالىي
تەرەپ ئوتتۇرا ھۇجرىسىغا ياسالغان گۈمبەزنىڭ ئېگىزلىكى 15 مې-
تىر، دىئامېتىرى، 7.9 مېتىر كېلىدۇ. ئازنا مەسچىت نوقۇل

مەسچىت سوپىتىدىلا ئەمەس، يەنە تالىپلار ئىلىم تەھسىل قىلى-
دىغان مەدرىسە قىلىپ ئىشلىتىشكىمۇ بولىدىغان ھالەت-
تە لايىھىلەنگەن.

ھىجرىيە 885- يىلى (مىلادىيە 1480- يىلى) مىرزا ئابابەكرى
تاغىسى مۇھەممەت ھەيدەر مىرزىدىن يۈز ئۆرۈپ، سىياسىي ئۆزگە-
رىش قوزغاپ، ھاكىمىيەت ھوقۇقىنى تارتىۋالغاندىن كېيىن، تاغىسى
مۇھەممەت ھەيدەر مىرزىنى ئەنجانغا (ھازىرقى ئۆزبېكىستان جۇمھۇ-
رىيىتىنىڭ ۋىلايىتى. ئا) سۈرگۈن قىلىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ قەش-
قەر، يەكەن، خوتەن قاتارلىق جايلاردا مىرزا ئابابەكرىنىڭ زالىم
ھۆكۈمرانلىقى ئورنىتىلىپ، خەلق ۋەيرانچىلىققا يۈزلىنىدۇ. مىرزا
ئابابەكرى ئىلىم - مەرىپەتنى ئانچە قەدىرلىمەيدىغان ئۇرۇشخۇمار،
دۇنياپەرەس، زالىم، گۇمانخور ئادەم بولغانلىقتىن، يەكەندىكى ئازنا
مەسچىتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جايلاردىكى
مەرىپەت سورۇنلىرىنىڭ باشقۇرۇلۇشى ياخشى بولماي، بىر مەزگىل
تاشلىنىپ قېلىپ، چۆللىشىپ، ئەينى ۋاقىتتا ئافغانىستان، سەمەر-
قەند، بۇخارا قاتارلىق جايلاردىن، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى بوستان-
لىقلاردىن بۇ يەرگە كېلىپ ئوقۇيدىغانلارنىڭ سانى ئازلاپ، مەسچىت-
نىڭ مۇدەررىسى، ئۆلىمالىرى ياقا يۇرتلارغا كېتىشكە مەجبۇر بولى-
دۇ. ئۇنىڭ خەلققە سالغان ئالۋان - ياساقلىرىنىڭ كۆپلۈكى «ئىسلام
شەرىئىتى» بويىچە يۈرگۈزىدىغان قاتتىق جازا ۋە ئېكسپىلاتسىيىنىڭ
ئېغىرلىقىدىن خانىۋەيران بولغان خەلق ئاچلىق - زارلىق گىرداۋىدا
قېلىپ، نادانلىق پاتقىقىغا تېخىمۇ چوڭقۇر پېتىپ كېتىدۇ. مىرزا
ئابابەكرىنىڭ ئىلىم - مەرىپەت، مەدرىسە، مەسچىت ئىشلىرى بىلەن
كارى يوق، ھە دېگەندە خەلقنى قوزغاپ، ئۇرۇشتا ئىشلىتىدىغان قور-
غان، قەلئەلەرنى ياسىتىدۇ. مىرزا ھەيدەر كوراگاننىڭ «تارىخى رە-
شىدى» ناملىق ئەسىرىنىڭ قوليازمىسىدا «مىرزا ئابابەكرى سەئىدخان-
نىڭ قەشقەرگە يۈرۈش قىلغانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، نەچچە
ئون مىڭ پۇقرانى ئىشقا سېلىپ، قەشقەر شەھىرىنىڭ تۈمەن دەرياسى

بويىغا ئېگىزلىكى 30 گەز چامىسىدا، 150 بۇرجەكلىك ناھايىتى چوڭ مۇداپىئە قەلئەسىنى يەتتە كۈن ئىچىدە تاماملاتقۇزدى...» دەپ يازسا، ئاياز شىكەستى تەخەللۇسى بىلەن يازغان «جاھاننامە» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1985-يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى) دېگەن شېئىرىي ئەسىرىدە:

«ئابابەكرى ئەردى كاشغەر ھاكىمى،
كى يوق ئەردى رۇستەمدىن ئانىڭ كەمى.
ئانىڭ مۈلكىدە كى ئىل - ئۇلۇس تەمام،
تاپىپ ئەردى بەندە بالادىن مۇقام.
ئۆلۈپ بەندۇ زىنداندا ئۆلگەنلىرى،
قازىق بول دەرماندا قالغانلىرى.
تۇتۇپ بەزىلەرنىڭ قۇلاقىن كېسىپ،
قۇلاقۇ ئىلىكۇ ئاياغىن كېسىپ.
يەنە بەزىلەرنى تۇتۇپ ئاختالەپ،
ئالىپ تۇتتۇرۇپ مال - مۈلكىن بۇلاپ...»

دەپ يېزىپ، خەلقنىڭ ئۇنىڭغا بولغان غەزەپ - نەپرىتىنى بىلدۈرگەن. شۇڭا، مىرزا ئابابەكرى مەسچىت، مەدرىسە ياساتماق ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان 40 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتا ئازنا مەسچىت تاشلىنىپ قالغان. يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە قايتا رېمونت قىلىنىپ، ئوقۇش ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن.

ئازنا مەسچىت ئۆزىنىڭ قەدىمىيلىكى، قۇرۇلمىسىنىڭ ئۆزگىچىلىكى، يەرلىك ئالاھىدىلىكى بىلەن تولىمۇ قىممەتلىك قەدىمىي ئىمارەت بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەنئەنىۋى بىناكارلىق سەنئىتىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم قىممەتكە ئىگە مىراس. بىرلا ۋاقىتتا 5000 دىن ئارتۇق نامازخان ناماز ئۆتىيەلەيدىغان بۇ مەسچىتنىڭ كېيىنكى دەۋرلەردە رېمونت قىلىنغانلىق توغرۇلۇق ئۇچۇر يوق. دې-

مەك، بۇ مەسچىت 500 يىلدىن بۇيان ئۆزىنىڭ ئەسلى ھالىتىنى
ساقلاپ كەلمەكتە. 1990- يىلى قەشقەردە ئېلىپ بېرىلغان مەدەنىيەت
يادىكارلىقلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشتە ئازنا مەسچىتىنىڭ جۇغ-
راپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان ''77°16'12 ، شىمالىي كەڭلى-
ك ''38°25'00 لۇق ئورۇندا دەپ بەلگىلىنىپ، مەدەنىيەت يادىكار-
لىق ئارخىپى تۇرغۇزۇلغان. 1999- يىلى «ئاپتونوم رايون بويىچە
نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى» دەپ ئېلان
قىلىنغان.

## يەكەن رىگىستان[1] خانلىق مەدرىسەسى

ئەھمەد بىن سەئىدخان ھىجرىيە 896- يىلى (مىلادىيە 1490-
يىلى) مۇغۇلىستانغا قاراشلىق (مۇغۇلىستان — چاغاتاي دەۋرىدە
قوللىنىلغان شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك نامى. مىلادىيە 1348- يىلى
چاغاتاي ئەۋلادىدىن تۇغلۇق تۆمۈرخان قۇرغان خانلىقنىڭ نامى)
تۇرپاندا دۇنياغا كەلگەن. ھىجرىيە 920- يىلى (مىلادىيە1514 —
1515) يەكەندىكى يېرىم ئەسىرگە يېقىن داۋام قىلغان مىرزا ئابابەك-
رى ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ، يەكەن بوستانلىقىنى مەركەز قىلغان
«سەئىدىيە خانلىقى» نى قۇرۇپ ئەمىنلىك ئورناتقان. ئىقتىساد،
سودا، مەدەنىيەت، مائارىپ، تىبابەت ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن
تەرەققىي قىلدۇرغان. يەكەندە يېڭىدىن داڭلىق مەدرىسە، جامە،
مەسچىتلەرنى ياساتقان. ئۇنىڭ كېيىنكى ۋارىسلىرىدىن سۇلتان ئاب-
دۇرەشىتخان، سۇلتان ئابدۇكېرىمخان، سۇلتان ئابدۇللاخان، سۇل-
تان مەمەتخان، سۇلتان ئابدۇلەتىپخانلارمۇ سەئىدخانىنىڭ ئىلىم- ئېر-
پانغا ئىشتىياق باغلاپ، بىلىمدارلارنى يار قىلىشتەك ئېسىل روھىغا

[1] رىگىستان — پارسچە ئاتالغۇ بولۇپ، «قۇم» دېگەن مەنىدە.

ۋارىسلىق قىلىپ، يەكەن، قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردا كۆپلىگەن مەدرىسە ۋە باشقا جامائەت قۇرۇلۇشلىرىنى قىلدۇرۇپ، خەلقنى ئاسايىشلىققا يېتەكلىگەن. سەئىدىيە خانلىقىنىڭ سۇلتانلىرىدىن مۇھەممەتخان تەرىپىدىن مىلادىيە 1610- يىلى ئەتراپىدا يەكەندە بىنا قىلىنغان رىگىستان خانلىق مەدرىسە ئەنە شۇلارنىڭ ئارىسىدىكى داڭلىق مەدرىسەلەرنىڭ بىرىدۇر.

رىگىستان خانلىق مەدرىسىسىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 2600 كۋادرات مېتىر بولۇپ، 30 ئېغىز ھۇجرا، ئىككى يۈرۈش دەرسخانىدىن تەركىب تاپقان. بۇ مەدرىسەگە باشتىن - ئاخىر سەئىدىيە خانلىقى پاسىبان بولۇپ، كېتەرلىك خىراجەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى خانلىقنىڭ خەزىنىسىدىن ئاجرىتىپ بەرگەن. ئۇنىڭغا يەكەن سەئىدىيە خانلىقىغا قاراشلىق جايلارنىڭ ھەممىسىدىن تالىپلار كېلىپ ئىلىم تەھسىل قىلغان.

رىگىستان خانلىق مەدرىسەدە ئىسلام تەلىماتلىرىدىن باشقا، ھېساب، ئاسترونومىيە، تارىخ، جۇغراپىيە، لوگىكا، ئەرەب تىلى، پارس تىلى، ئەدەبىيات، خەتتاتلىق قاتارلىق پەنلەر دەرسلىك، ئەلىشىر نەۋائى، جالالىدىن رۇمى قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرى ئوقۇشلۇق قىلىنغان. رىگىستان خانلىق مەدرىسە مەدرىسە سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان 390 يىلدىن ئارتۇقراق تارىختا، 68 قارار ئوقۇغۇچى تەربىيىلەپ، 10 مىڭ 200 دىن ئارتۇق ئىختىساس ئىگىلىرىنى جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە يېتىشتۈرۈپ بەرگەن. رىگىستان خانلىق مەدرىسەنى پۈتكۈزگەنلەر يەكەن، قەشقەر ۋە باشقا يۇرتلاردا مۇدەررىس، قازى، ئەلەم، مۇپتى، ئىمام، مەزىن، مۇتەۋەللى قاتارلىق ئەمەل، ۋەزىپىلەرگە تەيىنلەنگەن. تۆت ئەسىرگە يېقىن تارىخقا ئىگە بۇ مەدرىسەدە ھازىرغا قەدەر يەكەن شەھىرىدىكى خەلق ئىككى ھېيت نامىزىنى ئوقۇيدۇ.

رىگىستان خانلىق مەدرىسەدىن باشقا، يەكەندە يەنە سۇلتان ئابدۇرەشىدخان مىلادىيە 1553- يىلى ياساتقان «ئالتۇن مەسچىت»، «رە-

شىدىيە مەدرىسەسى» ، ئابدۇللاخان تەختتە ئولتۇرغان مەزگىللەردە، يەنى مىلادىيە 1660ـ يىلى ياسالغان «يەكەن جامەسى» قاتارلىق ئىلىم-مەرىپەت ئىشلىرى ئۈچۈن ئۈچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان مەشھۇر مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرىمۇ بار.

يەكەندىكى رىگىستان خانلىق مەدرىسەسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سەئىدىيە خانلىقى زامانىسىنىڭ مەدەنىيەت نەمۇنىلىرى ھېسابلىنىدىغان قەدىمكى قۇرۇلۇشلار ئۆزىنىڭ قەدىمىيلىكى، قۇرۇلمىسىنىڭ پۇختىلىقى، يەرلىك ئالاھىدىلىكى، مىللىي مېمارچىلىق سەنئىتىدىكى ئۆزگىچىلىكى جەھەتلەردىن ئۇيغۇرلارنىڭ XV ئەسىرلەردىكى مېمارچىلىق سەنئىتىنى، شۇنداقلا يەكەن سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدىكى جەمئىيەتنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تەرەققىيات ئەھۋالىنى بىلىشىمىزدە ئىلمىي قىممەتكە ئىگە مەشھۇر مەدەنىيەت يادىكارلىق مىراسلىرىمىزدۇر. ھازىر بۇ ئورۇنلارنىڭ ھەممىسىنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق ئارخىپى تۇرغۇزۇلۇپ، ئاپتونوم رايون ۋە يەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەرىپىدىن نۇقتىلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلار قاتارىدا قوغدالماقتا. شۇنداقتىمۇ يەكەندىكى سەئىدىيە خانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك قەدىمكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئۈستىدە تېخىمۇ كۆپ تەتقىقات يۈرگۈزۈش ئىنتايىن مۇھىم ھەم ئەھمىيەتلىك خىزمەتتۇر.

## ئالتۇنلۇقۇم مازىرى

سۇلتان سەئىدخان زالىم ھۆكۈمران مىرزا ئابابەكرى ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، مىلادىيە 1514ـ يىلى تەختكە چىققاندىن كېيىن، خەلقنىڭ رايىنى ئۆزىگە مايىل قىلىش، مىرزا ئابابەكرى زامانىسىدا خاراب بولغان ئىگىلىك ۋە پەن ـ مائارىپ ئىشلىرىنى قايتا گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن، پۇقرالارنى ئارام ئالدۇرۇش، ئون يىلغىچە باج ئالماسلىق توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرۈپ، خانلىق تېررىتورىيىسىـ

نى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەشنىڭ ئاساسىنى سالدى. ئەتراپتىكى خانلىقلار خەۋپ يەتكۈزىدىغان بۆلگۈنچىلەرگە قارىتا ھەربىي يۈرۈش قىلىپ، ئەلنى خاتىرجەم قىلدى. ھىجرىيە 933- يىلى (مىلادىيە 1526 — 1527) رەبىيەلئەۋۋەل ئېيىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، سۇلتان سەئىدخان كەشمىر مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ۋە تىبەت قاراقچىلىرىنى باستۇرۇش ئۈچۈن، قوشۇن تەشكىللەپ، مىرزا ھەيدەر كوراگانى ۋە ئىسكەندەر سۇلتانلارنىڭ قوماندانلىقىدىكى قوشۇنلىرى بىلەن ئۇرسالىڭ (ھازىرقى رىغازى) غا قاراپ ئاتلىنىدۇ. ئۇ قوشۇنلارنى رەتلەپ ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇزاق تۇرماي، ساقىرى داۋىنىدىن ئېشىپ، لاداخنىڭ مەركىزى ھوندا قەلئەسى ئارقىلىق يەكەنگە قايتىۋاتقاندا، كۆكئارت داۋىنىدىكى تاغ چوققىسىدا ئېگىز تاغ رېئاكسىيىسىدە تۇتەك ئەپكېتىپ، تەن سالامەتلىكى يامانلىشىپ كېتىدۇ. سەئىدخاننىڭ ۋەزىر - ۋۇزرالىرى خاننى بۇ يەردىن تېزرەك يۆتكەپ كەتمىگەندە ئۇنىڭ ھاياتىغا خەۋپ يېتىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، خاننى سىرغىغا ياتقۇزۇپ، ھاۋاسى ياخشىراق جايغا قاراپ ئاتلىنىدۇ. مۆلچەرلەنگەن جايغا يېتىپ كېلىش ئۈچۈن سەككىز كۈن يول مېڭىشقا توغرا كېلەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تاغ يوللىرى ئېگىز- پەس بولغانلىقتىن داۋالاش كار قىلماي، ھىجرىيە 939- يىلى (مىلادىيە 1533- يىلى) رەجەپ ئېيىنىڭ 16- كۈنى سەئىدخان تىبەتتىن قايتىش سەپىرىدە 49 يېشىدا ۋاپات بولىدۇ. ھەمراھلىرى ئۇنىڭ جەسىتىنى يەكەنگە يۆتكەپ كېلىپ، يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئوردىسىنىڭ «چاھارباغى» غا دەپنە قىلىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ تۇنجى خانى (سۇلتانى) ئەھمەد بىن سەئىدخاننىڭ ئالتۇن تېنى كۆمۈلگەن بۇ جاي «ئالتۇنلۇقۇم مازىرى» دەپ ئاتىلىدۇ. سەئىدخاننىڭ چوڭ ئوغلى سۇلتان ئابدۇرەشىتخان (1534—1570) ھىجرىيە 977- يىلى (مىلادىيە 1570- يىلى) خوتەندە ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ جەسىتىمۇ خوتەندىن يۆتكەپ كېلىنىپ «ئالتۇنلۇقۇم مازىرى» غا دەپنە قىلىنىدۇ. ھىجرىيىنىڭ 1000- يىلى سۇل-

تان ئابدۇكېرىمخان ئىمارالبىبشىدا قەستكە ئۇچراپ ۋاپات بولغاندا، ئۇنىڭ جەسىتىمۇ يەكەنگە يۆتكەپ كېلىنىپ «ئالتۇنلۇقۇم مازىرى»غا دەپنە قىلىنىدۇ. سۇلتان ئابدۇكېرىمخاننىڭ ۋارىسى سۇلتان مەھەتخان ھىجرىيە 1018- يىلى (مىلادىيە 1609 — 1610) ۋاپات بولغاندا، ئۇنىڭ جەسىتىمۇ «ئالتۇنلۇقۇم مازىرى» غا كۆمۈلگەن. سۇلتان مەمەتخاننىڭ ئوغلى شىجائىدىن ئەخمەد ئۆلگەندە، ئۇنىڭ جەسىتىمۇ «ئالتۇنلۇقۇم مازىرى» غا دەپنە قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئوغلى سۇلتان ئابدۇلەتىپ (ئاپپاقخان) ھىجرىيە 1026- يىلى (مىلادىيە 1617-يىلى) تەختتە ئولتۇرۇپ، ھىجرىيە 1036- يىلى (مىلادىيە 1627- يىلى) ۋاپات بولغاندا، ئۇنىڭ جەسىتىمۇ بوۋىلىرىنىڭ قەبرىگاھى بولغان «ئالتۇنلۇقۇم مازىرى»غا دەپنە قىلىنىدۇ... يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ سۇلتانلىرىنىڭ ئارقا - ئارقىدىن «ئالتۇنلۇقۇم مازىرى» غا دەپنە قىلىنىشى بىلەن خانلىقنىڭ «چاھار بېغى» تەبىئىي ھالدا خانلىقنىڭ ھۆكۈمدارلىرى، مەشھۇر ئۆلىما ۋە ۋەزىر - ۋۇزرالىرى دەپنە قىلىنىدىغان خانلىق قەبرىستانلىقىغا ئايلىنىپ قالغان.

«ئالتۇنلۇقۇم مازىرى» دىكى قەبرىلەرنىڭ قۇرۇلۇشلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى قۇرۇلۇش سەنئىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ئۆزئارا بىرلەشتۇرۇلۇش ئۇسلۇبىدا ياسالغان. سەئىدخاننىڭ قەبرىسى يېشىل رەڭلىك كاھىشلار بىلەن بېزەلگەن، بىر قىسىم قەبرە بۆشۈكچىلىرىنىڭ ئۈستىگە قەبرە ئىگىلىرىنىڭ ئىسىملىرى ۋە ئۇلارنىڭ قىسقىچە تارىخى ھەمدە قۇرئاندىكى بىر قىسىم سۈرىلەرنىڭ ئايەتلىرى نەپىس ئويۇلغان بولۇپ، ئادەمگە بىرخىل گۈزەللىك تۇيغۇسى بەخش ئېتىپ تۇرىدۇ. قەبرىلەرنىڭ قۇرۇلمىسى پىششىق خىش ۋە لايدىن ياسالغان. پۈتكۈل قەبرىستانلىقنىڭ كۆلىمى 40 مو ئەتراپىدا (بۇنىڭ ئىچىدە «خانىش ئامانىساخاننىڭ قەبرىگاھى»، «يەتتە مۇھەممەدان»نىڭ قەبرىگاھلىرى ۋە «ئالتۇن مەسچىت» لەرمۇ بار.) بولۇپ، كېيىنچە ئەتراپلىرى جامائەت قەبرىستانلىقىغا ئۆزگىرىپ كەتكەن.

نى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەشنىڭ ئاساسىنى سالدى. ئەتراپتىكى خانلىقلا خەۋپ يەتكۈزىدىغان بۆلگۈنچىلەرگە قارە. تا ھەربىي يۈرۈش قىلىپ، ئەلنى خاتىرجەم قىلدى. ھىجرىيە 933. يىلى (مىلادىيە 1526 — 1527) رەبىيەلئەۋۋەل ئېيىنىڭ ئوتتۇرلە. رىدا، سۇلتان سەئىدخان كەشمىر مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ۋە تىبەت قاراقچىلىرىنى باستۇرۇش ئۈچۈن، قوشۇن تەشكىللەپ، مىرزا ھەيە. دەر كوراگانى ۋە ئىسكەندەر سۇلتانلارنىڭ قوماندانلىقىدىكى قوشۇنلە. رى بىلەن ئورساڭ (ھازىرقى رىغازى) غا قاراپ ئاتلىنىدۇ. ئۇ قو. شۇنلارنى رەتلەپ ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇزاق تۇرماي، ساقىرى داۋىنىدىن ئېشىپ، لاداخنىڭ مەركىزى ھوندا قەلئەسى ئار. قىلىق يەكەنگە قايتىۋاتقاندا، كۆكئارت داۋىنىدىكى تاغ چوققىسىدا ئېگىز تاغ رېئاكسىيەسىدە تۇتەك ئەپكېتىپ، تەن سالامەتلىكى ياماندە. شىپ كېتىدۇ. سەئىدخاننىڭ ۋەزىر - ۋۇزرالىرى خاننى بۇ يەردىن تېزرەك يۆتكەپ كەتمىگەندە، ئۇنىڭ ھاياتىغا خەۋپ يېتىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، خاننى سىرغىغا ياتقۇزۇپ، ھاۋاسى ياخشىراق جايغا قاراپ ئاتلىنىدۇ. مۆلچەرلەنگەن جايغا يېتىپ كېلىش ئۈچۈن سەككىز كۈن يول مېڭىشقا توغرا كېلەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تاغ يوللىرى ئېگىز- پەس بولغانلىقتىن داۋالاش كار قىلماي، ھىجرىيە 939. يىلى (مىلادىيە 1533. يىلى) رەجەپ ئېيىنىڭ 16. كۈنى سەئىدخان تىبەت. تىن قايتىش سەپىرىدە 49 يېشىدا ۋاپات بولىدۇ. ھەمراھلىرى ئۇنىڭ جەسىتىنى يەكەنگە يۆتكەپ كېلىپ، يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئور. دىسىنىڭ «چاھارباغى» غا دەپنە قىلىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ يەكەن سە. ئىدىيە خانلىقىنىڭ تۇنجى خانى (سۇلتانى) ئەھمەد بىن سەئىدخاننىڭ ئالتۇن تېنى كۆمۈلگەن بۇ جاي «ئالتۇنلۇقۇم مازىرى» دەپ ئاتىلىدۇ. سەئىدخاننىڭ چوڭ ئوغلى سۇلتان ئابدۇرەشىتخان (1534—1570) ھىجرىيە 977. يىلى (مىلادىيە 1570. يىلى) خوتەندە ۋاپات بولغاند. دىن كېيىن، ئۇنىڭ جەسىتىمۇ خوتەندىن يۆتكەپ كېلىنىپ «ئالتۇن. لۇقۇم مازىرى» غا دەپنە قىلىنىدۇ. ھىجرىيىنىڭ 1000. يىلى سۇل.

تان ئابدۇكەرىمخان مارالبېشىدا قەستكە ئۇچراپ ۋاپات بولغاندا، ئۇنىڭ جەسىتىمۇ يەكەنگە يۆتكەپ كېلىنىپ «ئالتۇنلۇقۇم مازىرى»غا دەپنە قىلىنىدۇ. سۇلتان ئابدۇكەرىمخاننىڭ ۋارىسى سۇلتان مەمەتخان ھىجرىيە 1018- يىلى (مىلادىيە 1609 — 1610) ۋاپات بولغاندا، ئۇنىڭ جەسىتىمۇ «ئالتۇنلۇقۇم مازىرى» غا كۆمۈلگەن. سۇلتان مەمەتخاننىڭ ئوغلى شىجائىدىن ئەخمەد ئۆلگەندە، ئۇنىڭ جەسىتىمۇ «ئالتۇنلۇقۇم مازىرى» غا دەپنە قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئوغلى سۇلتان ئابدۇلەتىپ (ئاپپاقخان) ھىجرىيە 1026- يىلى (مىلادىيە 1617- يىلى) تەختتە ئولتۇرۇپ، ھىجرىيە 1036- يىلى (مىلادىيە 1627- يىلى) ۋاپات بولغاندا، ئۇنىڭ جەسىتىمۇ بوۋىلىرىنىڭ قەبرىگاھى بولغان «ئالتۇنلۇقۇم مازىرى» غا دەپنە قىلىنىدۇ… يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ سۇلتانلىرىنىڭ ئارقا - ئارقىدىن «ئالتۇنلۇقۇم مازىرى» غا دەپنە قىلىنىشى بىلەن خانلىقنىڭ «چاھار بېغى» تەبىئىي ھالدا خانلىقنىڭ ھۆكۈمدارلىرى، مەشھۇر ئۆلىما ۋە ۋەزىر - ۋۇزرالىرى دەپنە قىلىنىدىغان خانلىق قەبرىستانلىقىغا ئايلىنىپ قالغان.

«ئالتۇنلۇقۇم مازىرى» دىكى قەبرىلەرنىڭ قۇرۇلۇشلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى قۇرۇلۇش سەنئىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلۈش ئۇسلۇبىدا ياسالغان. سەئىدخاننىڭ قەبرىسى يېشىل رەڭلىك كاھىشلار بىلەن بېزەلگەن، بىر قىسىم قەبرە بۆشۈكچىلىرىنىڭ ئۈستىگە قەبرە ئىگىلىرىنىڭ ئىسىملىرى ۋە ئۇلارنىڭ قىسقىچە تارىخى ھەمدە قۇرئاندىكى بىر قىسىم سۈرىلەرنىڭ ئايەتلىرى نەپىس ئويۇلغان بولۇپ، ئادەمگە بىرخىل گۈزەللىك تۇيغۇسى بەخش ئېتىپ تۇرىدۇ. قەبرىلەرنىڭ قۇرۇلمىسى پىششىق خىش ۋە لايدىن ياسالغان. پۈتكۈل قەبرىستانلىقنىڭ كۆلىمى 40 مو ئەتراپىدا (بۇنىڭ ئىچىدە «خانىش ئامانىساخاننىڭ قەبرىگاھى»، «يەتتە مۇھەممەدان» نىڭ قەبرىگاھلىرى ۋە «ئالتۇن مەسچىت» لەرمۇ بار.) بولۇپ، كېيىنچە ئەتراپلىرى جامائەت قەبرىستانلىقىغا ئۆزگىرىپ كەتكەن.

ئەڭ مۇھىمى، «ئالتۇنلۇقۇم مازىرى»غا ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئۈلگىسى، ئۇيغۇر ئەۋلادلىرىنىڭ پەخىرلىنىك ئانىسى، سۇلتان ئابدۇرەشىتخاننىڭ ئايالى، ئۇيغۇرلارنىڭ بىباھا مەنىۋى بايلىقى بولغان «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ رەتلىگۈچىسى، «ئەخلاقۇل جەمىلە»، «شۇرۇلقۇلۇپ» (قەلبلەر كېچىشى) ناملىق دىداكتىك ئەسەرلەرنىڭ مۇئەللىپى، «ئىشرەت ئەنگىز مۇقامى» (بۇ مۇقام ھازىرغىچە تېپىلمىدى) نىڭ ئىجادچىسى، شائىر، مۇزىكانت نەفىسە (نەفىسە ئامانىساخاننىڭ تەخەللۇسى) نىڭ (1567-يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن) جەسىتىنىڭمۇ مۇشۇ مازارلىققا دەپنە قىلىنغانلىقى بىلەن تېخىمۇ مەشھۇردۇر.





«ئالتۇنلۇقۇم مازىرى»دىكى قەبرىلەر ۋە مۇقام ئۇستازى، خانىش ئامانىساخاننىڭ 1993-يىلى قايتا ياسالغان مەقبەرىسى

1993-يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەبلەغ ئاجرىتىشى بىلەن «ئالتۇنلۇقۇم مازىرى» چوڭ كۆلەمدە ئەسلىي ھالىتى ئاساسىدا رېمونت قىلىنىپ، شائىر، مۇزىكانت، مۇقام پېشىۋاسى خانىش ئامانىساخاننىڭ مەقبەرىسى قايتا ياسالدى. مەقبەرە ئالدىغا ئۇنىڭ ھەيكىلى

ئورنىتىلدى. «ئالتۇنلۇقۇم مازىرى» يېڭىدىن ئىھاتىلەندى. ئالىم
مەھمۇد قەشقەرى ۋە پەيلاسوپ يۈسۈپ خاس ھاجىپلارنىڭ مەقبەرىلە-
رىنى ياساپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش قۇرۇلۇشىغا تېخنىكىلىق مەسئۇل
بولغان داڭلىق ئارخىتېكتور ھەسەن ئابدۇرېھىمنىڭ مەسئۇللۇقىدا
قايتىدىن ياسالغان ئامانىساخان مەقبەرىسى ۋە «ئالتۇنلۇقۇم مازىرى»
تېخىمۇ قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىك ۋە نەپىس ئىشلەنگەن گۈل -
نەقىشلىرى بىلەن جىلۋىلىك تۈسكە كىرگۈزۈلدى.

1990- يىلى قەشقەر ۋىلايىتى تەۋەسىدە ئېلىپ بېرىلغان مەدەنى-
يەت يادىكارلىقلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتىدە «ئالتۇن-
لۇقۇم مازىرى» نىڭ كونكرېت جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدى-
ئان 77°15′12″، شىمالىي كەڭلىك 38°24′56″ ئورۇندا، كۆلىمى
1000 كۋادرات مېتىر (مازار قىسمىنىڭلا) دەپ خاتىرىلىنىپ، مەدە-
نىيەت يادىكارلىق ئارخىپى تۇرغۇزۇلدى ۋە «ئاپتونوم رايون بويىچە
نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى» دەپ ئېلان
قىلىندى.

«ئالتۇنلۇقۇم مازىرى» دىن ئىبارەت بۇ قەدىمىي قەبرىستانلىق
ياسىلىشىدىكى ئۆزگىچە ئۇسلۇبى، ئەتراپىدىكى باشقا قەدىمىي قۇرۇ-
لۇشلار بىلەن بىر گەۋدە بولۇشتەك ئۆزگىچە مەنزىرە ۋە ئالاھىدىلىكى
بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى قۇرۇلۇش سەنئىتىنى تەتقىق قىلىشتا
قىممەتكە ئىگە بولۇپلا قالماي، يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ تارىخىنى
تەتقىق قىلىش ۋە شائىر، مۇقام ئۇستازى ئامانىساخانغا ئوخشاش
پەخىرلىك ئەجدادلىرىمىزنىڭ ھاياتىي پائالىيەتلىرى بىلەن تونۇشۇشـ-
مىز ئۈچۈن زور تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە مەدەنىيەت يادىكارلىق
ئورنى. 2005- يىل 11- ئاينىڭ 25- كۈنى ب د ت پەن مائارىپ،
مەدەنىيەت تەشكىلاتى ئۇيغۇر «مۇقام سەنئىتى» نى «ئىنسانلارنىڭ ئاغ-
زاكى ۋە شەكىلسىز مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ۋەكىللىك ئەسىرى»
قاتارىغا كىرگۈزگەندىن كېيىن، مازارنىڭ قوغداش دەرىجىسى ئۆستۈ-
رۈلۈپ، 2006- يىلى «مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مە-

ئەڭ مۇھىمى، «ئالتۇنلۇقۇم مازىرى» غا ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ
ئۆلگىسى، ئۇيغۇر ئەۋلادلىرىنىڭ پەخىرلىك ئانىسى، سۇلتان ئابدۇ
رەشىتخاننىڭ ئايالى، ئۇي-
غۇرلارنىڭ بىباھا مەنىۋى
بايلىقى بولغان «ئون ئىككى
مۇقام» نىڭ رەتلىگۈ-
چىسى، «ئەخلاقۇل جەمى-
ـيلە»، «شۇرۇلقۇل-
ـۇپ» (قەلبلەر كېچىشى)
ناملىق دىداكتىك ئەسەر-
لەرنىڭ مۇئەللىپى، «ئىش-
رەت ئەنگىز مۇقامى» (بۇ
مۇقام مازىرغىچە تېپىل-
مىدى) نىڭ ئىجادچىسى،
شائىر، مۇزىكانت نەفىسە
(نەفىسە ئامانىساخاننىڭ
تەخەللۇسى) نىڭ (1567-
يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن) جە-
سىتىنىڭمۇ مۇشۇ مازارلىققا
دەپنە قىلىنغانلىقى بىلەن-
تېخىمۇ مەشھۇردۇر.





«ئالتۇنلۇقۇم مازىرى» دىكى قەبرىلەر ۋە مۇقام ئۇستازى، خانىش ئامانىسا خاننىڭ 1993-يىلى قايتا ياسالغان مەقبەرىسى

1993- يىلى شىنجاڭ
ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق
خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەبلەغ
ئاجرىتىشى بىلەن «ئالتۇن-
لۇقۇم مازىرى» چوڭ كۆلەمدە ئەسلىي ھالىتى ئاساسىدا رېمونت قى-
لىنىپ، شائىر، مۇزىكانت، مۇقام پېشۋاسى خانىش ئامانىسا-
خاننىڭ مەقبەرىسى قايتا ياسالدى. مەقبەرە ئالدىغا ئۇنىڭ ھەيكىلى

ئورنىتىلدى. «ئالتۇنلۇقۇم مازىرى» يېڭىدىن ئىنھاتىلەندى. ئالىم مەھمۇد قەشقەرى ۋە پەيلاسوپ يۈسۈپ خاس ھاجىپلارنىڭ مەقبەرىلىرىنى ياساپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش قۇرۇلۇشىغا تېخنىكىلىق مەسئۇل بولغان داڭلىق ئارخىتېكتور ھەسەن ئابدۇرېھىمنىڭ مەسئۇللۇقىدا قايتىدىن ياسالغان ئامانىساخان مەقبەرىسى ۋە «ئالتۇنلۇقۇم مازىرى» تېخىمۇ قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىك ۋە نەپىس ئىشلەنگەن گۈل - نەقىشلىرى بىلەن جىلۋىلىك تۈسكە كىرگۈزۈلدى.

1990- يىلى قەشقەر ۋىلايىتى تەۋەسىدە ئېلىپ بېرىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتىدە «ئالتۇنلۇقۇم مازىرى» نىڭ كونكرېت جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 77°15′12″، شىمالىي كەڭلىك 38°24′56″ ئورۇندا، كۆلىمى 1000 كۋادرات مېتىر (مازار قىسمىنىڭلا) دەپ خاتىرىلىنىپ، مەدەنىيەت يادىكارلىق ئارخىپى تۇرغۇزۇلدى ۋە «ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى» دەپ ئېلان قىلىندى.

«ئالتۇنلۇقۇم مازىرى» دىن ئىبارەت بۇ قەدىمىي قەبرىستانلىق ياسىلىشىدىكى ئۆزگىچە ئۇسلۇبى، ئەتراپىدىكى باشقا قەدىمىي قۇرۇلۇشلار بىلەن بىر گەۋدە بولۇشتەك ئۆزگىچە مەنزىرە ۋە ئالاھىدىلىكى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى قۇرۇلۇش سەنئىتىنى تەتقىق قىلىشتا قىممەتكە ئىگە بولۇپلا قالماي، يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىش ۋە شائىر، مۇقام ئۇستازى ئامانىساخانغا ئوخشاش پەخىرلىك ئەجدادلىرىمىزنىڭ ھاياتىي پائالىيەتلىرى بىلەن تونۇشۇشىمىز ئۈچۈن زور تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى. 2005- يىل 11- ئاينىڭ 25- كۈنى ب د ت پەن مائارىپ، مەدەنىيەت تەشكىلاتى ئۇيغۇر «مۇقام سەنئىتى» نى «ئىنسانلارنىڭ ئاغزاكى ۋە شەكىلسىز مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ۋەكىللىك ئەسىرى» قاتارىغا كىرگۈزگەندىن كېيىن، مازارنىڭ قوغداش دەرىجىسى ئۆستۈرۈلۈپ، 2006- يىلى «مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مە-

دەنىيەت يادىكارلىق ئورنى» دەپ ئېلان قىلىندى.

# ئاپپاق خوجا مازىرى

قەشقەردىكى ئاپپاق خوجا مازىرىنىڭ تەزكىرىسى ئۈستىدە توختالغاندا، ئالدى بىلەن مازار ئىگىسى ئاپپاق خوجا ۋە ئۇ تەرغىپ قىلغان تەسەۋۋۇپ (سوپىزم) ئىدىيىسى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى، ئاپپاق خوجا مازىرىدىن ئىبارەت 350 يىلدىن كۆپرەك تارىخقا ئىگە بۇ ئالاھىدە قۇرۇلۇشى، يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق شىنجاڭغا سىڭىپ كىرىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ پەن - مەدەنىيەت ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتىنى زور دەرىجىدە ۋەيران قىلىپ، ئاخىرىدا يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان تەسەۋۋۇپتىن ئىبارەت دىنىي ئىدىيىنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلى.





ئاپپاق خوجا مازىرى ۋە مازار دائىرىسىنىڭ بوشلۇقتىن كۆرۈنۈشى

ئىسلام دىنى مەيدانغا كېلىپ ئىككى ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ئىسلام دىنىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئېكسپىلاتاتسى-

يىڭ، ئىسراپچىلىققا، دۇنياپەرەسلىككە، دىنىي ئېتىقادتىكى ياتلىشىشقا قارشى تۇرىدىغان ئالاھىدە بىر خىل ئىدىيىۋى ھەرقايسى ئىسلام ئەللىرىدە پەيدا بولۇشقا باشلىدى. XIV ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە بۇ خىل ئىدىيە تۈرلۈك ئىجتىمائىي ۋاسىتىلەر بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق قەدەممۇقەددەم شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا سىڭىپ كىرگەن. تەسەۋۋۇپنىڭ ئاساسلىق مەزھەپلىرى تۆۋەندىكى بىرقانچە شەكىلدە ئىپادىلىنىدۇ:

1. جەھرىيە سۇلۇكى: بۇنى ئەڭ دەسلەپ ئىرانلىق يۇسۇپ ھەمەدانى پەيدا قىلغان. كېيىن ئابدۇقادىر جىلانى ئۇنىڭ مەسلىكىگە ۋارىسلىق (1070—1160) قىلغانلىقتىن، شۇنىڭ نامى بىلەن «قادىرىيە سۇلۇكى» دەپ ئاتالغان. بۇ مەزھەپنىڭ تەسىرى ئىران، ئىراق، بۇخارا، سەمەرقەند، قەشقەر، يەكەن، خوتەن قاتارلىق جايلارغىچە تارقالغان. بۇ سۇلۇكتىكىلەر ئاساسلىقى خانىقا قاتارلىق جايلارغا توپلىنىپ، ھەلقۇم بولۇپ«ھۇ، ھۇ» دېيىشىپ پىر ئوينايدۇ.

2. چىشتىيە سۇلۇكى: بۇنى مەشھۇر پارس شائىرى، تەسەۋۋۇپ مەۋلانە جالالىدىن رۇمى(1270 — 1274-يىللىرى ئەتراپىدا) پەيدا قىلغان. كېيىن بۈگۈنكى ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ سەمەرقەندتىكى دەھبىد دېگەن يەردىن چىققان مۇھەممەد چىشتى دېگەن كىشى ۋارىسلىق قىلغان. شۇ كىشىنىڭ نامى بىلەن «چىشتىيە سۇلۇكى» دەپ ئاتالغان. بۇ مەزھەپتىكىلەر ئاساسەن خانىقا ياكى مازارلارغا توپلىنىشىپ ناغرا - سۇناي، داقا - دۇمباق، ساپايە، تەمبۇر قاتارلىق چالغۇلارنى تەڭكەش قىلىپ، ئاللاغا ۋە پەيغەمبەرلەرگە سېغىنىپ يىغا-زار قىلىشىدۇ.

3. سۇھرىۋەر سۇلۇكى: بۇ سۇلۇكنى ئەڭ بۇرۇن ئىرانلىق شەيخ نەجمىدىن باغدادى دېگەن كىشى پەيدا قىلغان. شەيخ نەجمىدىن مىلادىيە 1216-يىلى خارەزم شاھ تەرىپىدىن «دەھرى» دەپ قارىلىپ، ئۆلتۈرۈلگەن. تەسەۋۋۇپنىڭ سۇھرىۋەر سۇلۇكى ئۆز تەسىرىنى شىنجاڭغىچە تارقاتقان. ئۇنىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرىدىن قاراخانىي-

لار سۇلالىسىدە ئۆتكەن خوجا ئەخمەد يەسەۋى بار. سەھرىۋەر سۇلۇ-كىنىڭ ئاساسلىق تەشەببۇسى، پانىي دۇنيانىڭ مەئىشەتلىرىگە بېرىل-مەسلىك، ھاۋايى ھەۋەسلەردىن قول ئۈزۈش، گۇناھتىن يىراق تۇ-رۇش، مال - دۇنيا قوغلاشماسلىقتىن ئىبارەت تەركىدۇنياچىلىق قارى-شىدۇر.

4. خۇپىيە سۇلۇكى: تەسەۋۋۇپنىڭ بۇ مەزھىپىنى VII ئەسىرلەردە ئەرەبىستاننىڭ شام (بۈگۈنكى سۈرىيە) شەھىرىدە ياشى-غان ئوبۇلھاشىم دېگەن كىشى پەيدا قىلغان. بۇ مەزھەپكە كېيىنكى دەۋرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيا تەۋەسىدە ياشاپ ئۆتكەن ھەزرىتى باھاۋىدىن نەقشى بەندى دېگەن كىشى ۋارىسلىق قىلىپ تەرەققىي قىلدۇرغانلىق-تىن «نەقشىبەندىيە سۇلۇكى» دەپمۇ ئاتالغان. بۇ سۇلۇكتىكىلەرنىڭ دىنىي پائالىيەتلىرى ناھايىتى مەخپىي ئېلىپ بېرىلىدۇ. سوپىزم ئىدىيىلىرىنىڭ ئىچىدە «خۇپىيە سۇلۇكى» نىڭ تەسىرى ئەڭ زور. مۇرىتلىرى ئەڭ كۆپ. ئاپپاق خوجىدىن ئىبارەت XVI ئەسىرلەردە شىنجاڭدا ياشىغان چوڭ تەسەۋۋۇپچىمۇ مۇشۇ سۇلۇكنىڭ كېيىنكى ۋارىسىدۇر.

ئۆزىنى ئەھلى تەرىقەتنىڭ «ئۇستازى» دەپ ئاتىۋالغان ئاپپاق خوجا (ئەسلىي ئىسمى ھىدايىتۇللا) ھازىرقى ئۆزبېكىستان جۇمھۇرى-يىتىنىڭ پەرغانە ۋىلايىتىگە قاراشلىق كاسان دېگەن يەردە ھىجرىيە 836- يىلى (مىلادىيە 1481 — 1482) تۇغۇلغان چوڭ تەسەۋۋۇپ پېشىۋاسى، «نەقشىبەندىيە سۇلۇكى» نىڭ كېيىنكى مىراسخورى خوجا ئەخمەد كاسانى مەخدۇم ئەزەمنىڭ نەۋرىسى. ئۇ 1622- يىلى قۇمۇلدا تۇغۇلغان.

مىلادىيە 1638- يىلى دادىسى ھاجى مۇھەممەت يۈسۈپكە (ئاپپاق خوجىنىڭ دادىسى ئىلگىرى قەشقەرگە كېلىپ، ھازىر قەشقەر شەھىرى-گە قاراشلىق قوغان يېزىسىنىڭ قارا ساقال دېگەن يېرىدىكى مىرسە-يىت جېلىل دېگەن كىشىنىڭ قىزى زۇلەيخا بىكەمگە ئۆيلەنگەن. ئا)

ئەگىشىپ نەمەنگاندىن قەشقەرگە كەلگەن. ھاجى مۇھەممەت يۇسۇپ ئۆزىنى «سەئىد» نامى بىلەن ئىقابلاپ، مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ 27-ئەۋلاد پۇشتى دەپ تەشۋىق قىلغان. ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ ئەرەبلەر بىلەن ھېچقانداق قانداشلىقى يوق ئىدى. ھاجى مۇھەممەت يۇسۇپ سەئىدىيە خانلىقىنىڭ مەركىزىي شەھىرى يەكەنگە كەلگەندىن كېيىن، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى سۇلتانى ئابدۇللا خاننىڭ قاتتىق ئىشەنچىسىگە ئېرىشىۋالغان. سۇلتان ئابدۇللاخانمۇ ھاجى مۇھەممەت يۇسۇپكە قول بېرىپ ئۇنى ئۇستاز تۇتقان ھەمدە ئۇنى نۇرغۇن يەر-زېمىن، مال - مۈلۈك بىلەن تەمىنلىگەن. مىلادىيە 1639-يىلىنىڭ ئاخىرىدا ھاجى مۇھەممەت يۇسۇپ ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ۋەسىيەتىگە ئاساسەن جەسىتى قەشقەرگە يۆتكەپ كېلىنىپ، قەشقەر شەھىرىنىڭ قوغان يېزىسىدىكى ھەزرەت كەنتى تەۋەسىدىكى «ياغدۇ» («ياغدۇ» قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى بولۇپ، نۇر تۆكۈلگەن جاي دېگەن مەنىدە) دېگەن يەرگە دەپنە قىلىنىپ، ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى ئاپپاق خوجا ۋە مۇرىتلىرى تەرىپىدىن ئالاھىدە مازار ياسىتىلغان.

ئاپپاق خوجا دادىسى ھاجى مۇھەممەت يۇسۇپ ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورۇن باسارى سۈپىتىدە قەشقەر، يەكەن قاتارلىق جايلاردا داۋاملىق تەسەۋۋۇپ ئىدىيىسىنى تەرغىپ قىلغان. ئۆزىنىڭ سوپىلىق مەزھىپىنى «ئىشقىيە سۇلۇكى» دەپ ئاتىۋېلىپ، ئىدىيە جەھەتتىن ئۆزىگە دۈشمەن بولغان «ئىسھاقىيە سۇلۇكى» نىڭ تەرغىباتچىسى، تاغىسى خوجا ئىسھاق ۋەلىنىڭ ئوغلى يەھيا خوجا بىلەن رىقابەتلىشىپ مۇرىت توپلىغان. ئاپپاق خوجىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى «ئاق تەقىيەلىكلەر»، خوجا ئىسھاقنىڭ ئوغلى يەھياغا ئەگەشكەنلەر «قارا تەقىيەلىكلەر» دەپ ئايرىلغان. ئەمەلىيەتتە، بۇ ئىككى خوجىنىڭ شۇ ۋاقىتلاردا ھەر خىل ناملار بىلەن خەلقنى ئالداپ، ئۆزلىرىگە كۆپلەپ مۇرىت ۋە مال - دۇنيا توپلىشى، يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ھاكىمىيەت ھوقۇقىنى تارتىۋېلىشنىڭ تەييارلىقى ئىدى. ئاپپاق خوجىنىڭ

دادىسى ھاجى مۇھەممەت يۈسۈپكە قول بېرىپ، ئۇنىڭ «مۇرىتى»
بولغان سۇلتان ئابدۇللاخان، ئاپپاق خوجىدىن ئىبارەت بۇ چوڭ
سۈيىقەستچىنىڭ مۇرىت - يارەنلىرىدىن باج - سېلىق ئالماسلىققا ۋەدە
بەرگەنلىكى سەۋەبلىك قەشقەر، يەكەن قاتارلىق جايلاردا تەركىدۇنيا-
چىلىق يولىغا مېڭىپ، ئۆزلىرىنىڭ مال - دۇنيالىرىنى ئاپپاق خوجىغا
ئاتاپ، يەر - زېمىنلىرىنى ۋەخپە قىلىپ، «مۇرىت» بولغانلارنىڭ
سانى ناھايىتى تېز كۆپىيىپ، نەتىجىدە يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ
كىرىم مەنبەسى ئازلاپ، خانلىقنىڭ مۈلكى خوجىلارنىڭ خۇسۇسىي
بايلىقى سۈپىتىدە ئاپپاق خوجا قاتارلىق بىر قىسىم سوپى - ئىشانلار-
نىڭ ئىلكىگە توپلانغان. بۇ ئارقىلىق ئاپپاق خوجا تەڭرىتېغىنىڭ
جەنۇبىدىكى يۇرتلاردا تېخىمۇ چوڭ شۆھرەت قازىنىپ، خانلىقنىڭ
سىياسىي ھوقۇقىغا قول تىقىپ، قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىش دەرى-
جىسىگە يېتىپ بارغان.
مىلادىيە 1670- يىلى ئۆز زېمىنىدىكى تەسەۋۋۇپچىلاردىن خوجا
ئىسھاق ۋەلىيۇللانىڭ ئوغلى خوجا يەھياغا قول بېرىپ ئۇنى ئۇستاز
تۇتقان ئىسمائىلخان تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئاپپاق خوجا باشچىلى-
قىدىكى «ئاق تەقىيەلىك» خوجا ئىشانلارنى قانلىق باستۇرۇپ، ئاپپاق
خوجىنى يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ زېمىنىدىن قوغلاپ چىقىرىدۇ.
خانلىقنىڭ سىياسىي ھوقۇقىنى تارتىۋېلىشتىن ئىبارەت سۈيىقەستى
مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئاپپاق خوجا تەڭرىتېغىنىڭ شىمالى، جۇڭ-
غار ئويمانلىقى، گەنسۇ، چىڭخەي قاتارلىق جايلاردا بىر مەزگىل
«دىن تارقىتىش» نامى بىلەن پاناھلىنىپ، مىلادىيە 1673- يىلى
جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ كاتتىۋېشى غالدان سېرىنىنىڭ ئۇستازى،
تىبەتلەرنىڭ دىنىي داھىيسى دىباساڭ جياسۇ (دالاي لاما V) نىڭ
لاسادىكى ھوزۇرىغا بېرىپ، سەئىدىيە خانلىقىغا ئۆچمەنلىك بىلەن
قارايدىغان تىبەتلەردىن ياردەم تەلەپ قىلىدۇ. دالاي لاما ئاپپاق خوجى-
غا ياردەم بېرىشنى تەۋسىيە قىلىپ غالدانغا مەكتۇپ يوللايدۇ. ئۇزاق-

تىن بىرى سەئىدىيە خانلىقىغا كۆز تىكىپ كېلىۋاتقان غالدان سېرىن پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، دالاينىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىدۇ. ئۇ ئالدى بىلەن كۈچ تەشكىللەپ تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي قىسمىنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىپ شىنجاڭدىكى تەسىرىنى زورايتىدۇ.

ھىجرىيە 1090- يىلى (مىلادىيە 1679 — 1680) قوشۇنلىرىنى باشلاپ، ئاپپاق خوجىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە يەكەنگە ھۇجۇم قىلىدۇ. ئاپپاق خوجىنىڭ يەكەن ۋە قەشقەردىكى مۇرىتلىرىمۇ جۇڭغارلارغا ياردەملىشىدۇ. سۇلتان ئىسمائىلخان ۋە ئۇنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرى جۇڭغار قوشۇنلىرىغا ئەسىر بولىدۇ. غالدان سېرىن ئاپپاق خوجىنى ھەريىلى ئۆزىگە نەچچە ئون مىڭ سەر ئالتۇن-كۈمۈش تاپشۇرۇش شەرتى بىلەن يەكەندە قورچاق پادىشاھ قىلىپ تىكلەيدۇ. لېكىن، ئاپپاق خوجىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئۇزاق داۋام قىلالمايدۇ. تۆت ئايدىن كېيىن، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن مۇھەممەتئىمىنخان كۈچ توپلاپ، ئاپپاق خوجىنىڭ قولىدىن يەكەننى تارتىۋالىدۇ. ئاپپاق خوجا ئىلىغا قېچىپ بېرىپ، ھىمايىچىسى غالدان سېرىندىن يەنە ياردەم قىلىشنى ئۆتۈنىدۇ.

ھىجرىيە 1090- يىلىنىڭ ئاخىرى (مىلادىيە 1679 — 1680) غالدان ئاپپاق خوجىنى ئالدىغا سېلىپ، 60 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن يەكەنگە يەنە بىر قېتىم زور كۆلەملىك ھۇجۇم قوزغاشقا ئاتلىنىدۇ. مۇھەممەتئىمىنخاننىڭ قوشۇنلىرى غالداننىڭ قوشۇنلىرىغا ئاقسۇدىلا توسۇپ زەربە بېرىپ ئۆتكۈزمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئاپپاق خوجىغا تەلۋىلەرچە چوقۇنىدىغان بىر قىسىم سوپى-ئىشانلار قەشقەر، يەكەن قاتارلىق جايلاردا ئىسيان كۆتۈرۈپ، جەمئىيەت تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرغانلىقتىن، مۇھەممەتئىمىنخان ئاقسۇدىن يەكەنگە چېكىنىشكە مەجبۇر بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن جۇڭغار قوشۇنلىرى قەشقەرنى قارشىلىقسىزلا ئىشغال قىلىپ، ۋەھشىيلەرچە قەتلىئام يۈرگۈزىدۇ. قەشقەردە ئەسكەرلىرىنى تەرتىپكە سالغاندىن كېيىن، سەئىدىيە

خانلىقىنىڭ مەركىزى يەكەنگە يۈرۈش قىلىدۇ. مۇھەممەتئىمىنخانىنىڭ قوشۇنلىرى يەكەن شەھىرىنى قاتتىق مۇداپىئە قىلىپ، غالدانىنىڭ قوشۇنلىرىنى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىتىدۇ. ئۇرۇش نەچچە ئاي داۋاملىشىدۇ. لېكىن، يەكەن تەۋەسىدىكى «ئاق تەقىيەلىك» خوجا ئىشانلار شەھەرنىڭ مۇ ۋە ئوزۇق - تۈلۈك يولىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، ئىغۋا تارقىتىپ، «ھىدايىتۇللا خوجىمىز ئۈچۈن دەرۋازا ئوچۇق» دەپ جۇڭغار قوشۇنلىرىغا سېپىل دەرۋازىسىنى ئېچىپ بېرىدۇ. مۇھەممەتئىمىنخانىنىڭ بىرقىسىم سەركەردىلىرىمۇ ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ، ئاپپاق خوجا تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن جۇڭغار قوشۇنلىرى مۇھەممەتئىمىنخاننى ئۆلتۈرۈپ، يەكەن شەھىرىنى ئىشغال قىلىدۇ. يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى سۇلتانى مۇھەممەتئىمىنخانىنىڭ ئۆلۈمى بىلەن تەڭ تارىختا 164 يىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان سەئىدىيە سۇلتانلىقى ئاپپاق خوجا قاتارلىق تەسەۋۋۇپچىلارنىڭ سۇيىقەستى بىلەن پۈتۈنلەي ھالاك بولىدۇ.

مىلادىيە 1693- يىلى ئاپپاق خوجا ئۆلگەندە، ئۇنىڭ ۋارىسى بولغان ئاپپاق خوجىنىڭ چوڭ ئوغلى يەھيا دادىسىنىڭ جەسىتىنى يەكەندىن قەشقەرگە يۆتكەپ كېلىپ، بوۋىسى ھاجى مۇھەممەت يۈسۈپ خوجىنىڭ مازىرىغا دەپنە قىلىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ تاكى XIX ئەسىرنىڭ باشلىرىغا قەدەر ئاپپاق خوجا جەمەتىدىن كارامۇتىللا خوجا، يەھيا خوجا، مۆمىن خوجا، قانايىتىللا خوجا، ئابدۇسەمەت خوجا، جاھانگىر خوجا قاتارلىق بەش ئەۋلادتىن بولۇپ، چوڭ - كىچىك، ئەر - ئايال 72 ئادەم ئاپپاق خوجا مازىرىنىڭ ئىچىگە دەپنە قىلىنىپ، ئاپپاق خوجا جەمەتىنىڭ خۇسۇسىي مازارگاھلىقىنى شەكىللەندۈرگەن (ھازىر بۇ مازار ئىچىدە 58 دانە قەبرە بۆشۈكى بار). گەرچە بۇ مازار ئاپپاق خوجىنىڭ دادىسى ھاجى مۇھەممەت يۈسۈپ خوجا ئۈچۈن ياسالغان بولسىمۇ، لېكىن ئاپپاق خوجىنىڭ تەسىرى ۋە تەسەۋۋۇپتىكى شۆھرىتى دادىسىنىڭكىدىن ئۈستۈن، ئەگەشكۈچىلىرى كۆپ بول-

غانلىقتىن، ئۇنىڭ مۇرىتلىرى بۇ مازارنى ئاپپاق خوجا(«خوجا» سۆزى پارس تىلىدىكى«خوجە»، يەنى «بايلىق ئىگىلىرى»، «ئىسىل-زادىلەر» دېگەن سۆزدىن كەلگەن) نىڭ نامى بىلەن«ئاپپاق خوجام مازىرى①» دەپ ئاتاپ قىلىشقان. بۇ مازار ئىچىگە يەنە ئاپپاق خوجا جەمەتىدىن بولغان ئىپارخان(ئەسلىي ئىسمى مەمۇرى ئەزىم خېنىم) بېيجىڭغا ئاپىرىلىپ، چىڭ سۇلالىسى پادشاھى چيەن لوڭنىڭ ئوردى-سىدا ۋاپات بولغاندىن كېيىن، جەسىتى قەشقەرگە يۆتكەپ كېلىنىپ، جەمەتلىرىنىڭ قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغان دېيىلگەن قاراشلار بول-غانلىقتىن، بىر قىسىم سەيلە - ساياھەتچىلەر بۇ مازارنى ئىپارخان قەبرىسى دەپمۇ ئاتايدۇ.

ئاپپاق خوجا مازىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى بىناكارلىق ئۇسلۇ-بى بىلەن ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن ھالدا ياسالغان بولۇپ، شىنجاڭ تەۋەسىدىكى كۆلىمى ئەڭ زور، ساقلىنىشى ئەڭ مۇكەممەل بولغان قەدىمكى قۇرۇلۇشلار نىڭ نەمۇنىسىدۇر. ئاپپاق خوجا مازىرى مازار ئەتراپىغا ئىلگىرى-كې يىن ياسالغان مازار، ئىبتىكاپخانا، جامە مەسچىت، ياسىداق مەسچىت، مەدرىسە، مۇنارلىق دەرۋازا(ئالتۇن دەرۋازا دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، ئوي مەسچىت، قاتارلىق بىر يۈرۈش قەدىمكى قۇرۇلۇشلاردىن تەركىب تاپ-قان. مۇشۇ قۇرۇلۇشلارنىڭ فوكس نۇقتىسى بولغان مازار (گۈمبەز) قۇرۇلۇشى ھەممىدىن ھەيۋەتلىك ھەم كۆركەم ياسالغان. ئۇنىڭ ئې-گىزلىكى 26 مېتىر، ئاستىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 35 مېتىر، كەڭلىكى 29 مېتىر، گۈمبەزنىڭ دىئامېتىرى 13 مېتىر كېلىدۇ. مازارنىڭ گۈمبەز قىسمىنىڭ ئۈستى يەرلىك ئۇستىلار پىشۇرغان يېشىل رەڭ-لىك كاھىشلار بىلەن زىننەتلەنگەن. گۈمبەزنى مازارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بەشتەركە (تۆت تەرەپتىكى چوڭ ئەگمىلىرى) كۆتۈرۈپ

① ئاپپاق — ئالەم دېگەن مەنىدە.

تۈرىدۇ. قۇرۇلۇش ئەينى زامانلاردا پىششىق خىش، سىغىزلاي ۋە گەج قاتارلىقلارنىڭ ئارىلاشمىسىدىن ياسالغان. مازارنىڭ تۆت بۇرجە-كىدىكى مۇنارنىڭ ئىچىگە ئۈستىگە چىققىلى بولىدىغان پەشتاق ياسال-غان، مۇنارلارنىڭ ئاستى چوڭ، ئۈستى ئىنچىكە. گۈمبەز چوققىسى-دىكى كىچىك مۇنار ۋە تۆت بۇرجەكتىكى مۇنارنىڭ چوققىسىغا مىس-تىن ياسالغان ھىلال ئاينىڭ بەلگىسى ئورنىتىلغان. مازار تېمىنىڭ مېھراب قىسمى گەج بىلەن سۇۋۇلۇپ، باشقا جايلىرىغا ئاق، كۆك، يېشىل، سېرىق، سۆسۈن، قوڭۇر رەڭلەردە پىشۇرۇلغان كاھىشلار يوپۇشتۇرۇلغان. مازارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى قەبرە سۇپىلىرى ۋە بىر قىسىم قەبرە يۆشۈكلىرىمۇ رەڭدار كاھىشلار بىلەن بېزەلگەن، بىر قىسىم قەبرە يۆشۈكلىرى ۋە مازار سۇپىسىنىڭ تاملىرىغا يوپۇشتۇرۇلغان كاھىشلارغا پارسچە، چاغاتايچە شېئىرلار ئويۇل-غان.

ئاپپاق خوجا مازىرى تەۋەسىدىكى ئېتىكاپخانا دەپ ئاتالغان قۇرۇ-لۇشنىڭ قۇرۇلمىسى، ياسىلىشى مازار قۇرۇلۇشى بىلەن ئوخشاش، لېكىن ئۇنىڭ گۈمبەز قىسمىدىن باشقا جايلارغا كاھىش چاپلانمىغان. بۇ مىلادىيە 1639- يىلى ئاپپاق خوجىنىڭ دادىسى ھاجى مۇھەممەت يۈسۈپ خوجا ھايات ۋاقتىدا ياسالغان قۇرۇلۇش دەپ قارىلىدۇ. ئېتى-كاپخانا قۇرۇلۇشىنىڭ ئىچكى قىسمىمۇ ئىنتايىن كۆركەم ياسالغان.

جامە مەسچىت، ياسىداق مەسچىت، مەدرىسە، ئوي مەسچىت قاتارلىق (جامە مەسچىتنىڭ ئىچكى قىسمى كىچىك گۈمبەزچىلەر چىقىرىلىپ ياسالغان پىششىق خىش، لاي قۇرۇلمىلىق قۇرۇلۇش، ئوي مەسچىتنىڭ مېھراب ھۇجرىسىمۇ شۇنداق. ئا) بۆلەكلەر ئۇيغۇر بىناكارلىقىنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇسلۇبىدىكى تەكشى تورۇسلۇق ياغاچ قۇ-رۇلما شەكلىدە ياسالغان. جەگە، تورۇس، تۈۋرۈكلىرىگە مىللىي نۇسخىدىكى كۆركەم نەقىشلەر ئويۇلغان، بولۇپمۇ ياسىداق مەسچىت-نىڭ لىم ياغاچ (جەگە)، تۈۋرۈك ۋە تام - تورۇسلىرىغا ئىنتايىن

نەپىس ئىشلەنگەن گۈل - نەقىشلەر ئويۇلغان. ئاپپاق خوجا مازىرىغا كىرىش ئىشىكى بولغان «ئالتۇن دەرۋازا» تاملىرىنىڭ سىرتىغا، مۇنارلىرىغا ئاق، كۆك رەڭ ئارىلاش پىشۇرۇلغان كاھىشلار يوپۇشتۇرۇلغان بولۇپ، دەرۋازىنىڭ ئۈستى قىسمىدىكى بىر قىسىم كاھىشلارغا ناھايىتى چىرايلىق قىلىپ پارسچە يېزىقتىكى شېئىرلار يېزىلغان.

ئاپپاق خوجا مازىرى تۆردى خوجا ۋە مەمۇرى ئەزىم خېنىملارنىڭ دەپنە قىلىنىش مۇناسىۋىتى بىلەن قىلىنغان بىرىنچى قېتىملىق رېمونتتىن كېيىن، يەنە بىرقانچە قېتىم رېمونت قىلىنغان. 1815-يىللىرى ئەتراپىدا سۇ دەيشىلىنىڭ ئىسىملىك ئايال ۋاپات بولۇش ئالدىدا بىر قېتىم رېمونت قىلىنغان دېيىلگەن قاراشلار بار. 1870-يىلى بەدۆلەت مۇھەممەت ياقۇپبەگ زامانىسىدا بىر قېتىم چوڭ دائىرىدە رېمونت قىلىنغان. 1904-يىلى مازارنىڭ يەر تەۋرەشتە چۈشۈپ كەتكەن گۈمبەز قىسمى خەلق تەرىپىدىن بىر قېتىم رېمونت قىلىنغان. 1955-يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قۇرۇلۇشى مۇناسىۋىتى بىلەن قەشقەرلىك تۇرسۇن يولۋاس دېگەن كىشىنىڭ تامچىلىقىدا يەنە بىر قېتىم رېمونت قىلىنغان. 1985-يىلىدىكى قاتتىق يەر تەۋرەشتە مازارنىڭ گۈمبەز قىسمى چاك كەتكەنلىكتىن، خەتەرلىك دەپ قارىلىپ، 1996-يىلى دۆلەت مەدەنىيەت يادىكارلىق ئىدارىسى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەبلەغ ئاجرىتىشى بىلەن، مازارنىڭ گۈمبەز قىسمى چېقىپ تاشلىنىپ، دۆلەت مەدەنىيەت يادىكارلىق ئىدارىسىدىكى جاڭ فامىلىلىك ئايال ئىنژېنېر، ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى قارىمىقىدىكى قەدىمكى قۇرۇلۇشلارنى رېمونت قىلىش ئىشخانىسىدىن ئارخىتېكتور ھەسەن ئابدۇرېھىم، ئوبۇل قاتارلىقلارنىڭ تېخنىكىلىق مەسئۇللۇقىدا، جەنۇبىي شىنجاڭ قۇرۇلۇش شىركىتىدىكى ئابدۇشۈكۈر، خۇدابەردى قاتارلىقلارنىڭ ھۈددىگەرلىكىدە پولات چىۋىق، سېمونت قاتارلىق زامانىۋى قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ئىشلىتىلىپ، قايتا ياسالغان. شۇ قېتىمقى

رېمونتىنىڭ ئىشلىنىشىگە 1955- يىلىدىكى رېمونتىغا تېخنىكىلىق قىلغان تۇرسۇن يولۋاسمۇ قاتناشقان.

قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدىن 5 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى، شەرقىي مېرىدىئان ′′76°22′′01′، شىمالىي كەڭلىك ′′39°29′25′′ لۇق ئورۇنغا جايلاشقان ئاپپاق خوجا مازىرى ئۆزىنىڭ قەدىمىيلىكى، پۇختىلىقى، مېمارچىلىق سەنئىتىنىڭ ئىنچىكە، نەپىسلىكى، ساقلىنىشىنىڭ مۇكەممەللىكى بىلەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى نامايان قىلىپ بېرەلەيدىغان قەدىمىي قۇرۇلۇش. 1988- يىلى گوۋۇيۈەنىڭ تەستىقلىشى بىلەن ئاپپاق خوجا مازىرىنىڭ قۇرۇلۇشى «مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى» دەپ ئېلان قىلىنغان.

ھازىر بۇ مازار قەشقەر شەھىرى تەۋەسىدىكى سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىلگەن نۇقتىلىق مەدەنىيەت يادىكارلىق سەيلە - ساياھەت ئورنى بولۇش سۈپىتى بىلەن ھەر يىلى نەچچە 100 مىڭغا يېقىن جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك ساياھەتچىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ كەلمەكتە.

ئىلاۋە:

ئاخىرىدا ئاپپاق خوجا جەمەتلىرىنىڭ نەسەبلىرى ۋە ئۇلارغا مۇناسىۋەتلىك خوجا، تۆرىلەرنىڭ تىزىملىك جەدۋىلى قوشۇمچە قىلىندى. بۇ تىزىملىك 1985- يىلى «بېيجىڭ تارىخ ماتېرىياللار نەشرىياتى» نەشر قىلغان خەنزۇچە «ئىپارخان» ناملىق كىتابتىكى ئۇچۇر ۋە «تەزكىرەئى ئەزىزان» نىڭ قولىيازمىسى، شۇنىڭدەك ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ئورنىدا ساقلانغان بىر قىسىم ماتېرىياللار ئاساسىدا رەتلەندى.

# ئاپپاق خوجىنىڭ نەسەبلىرى



# مەختۇم ئەزەمنىڭ نەسەبلىرى




خوجا ئەبەيدۇللا خوجا
لاي بېگىم پاشا
خوجا ھىدايىتۇللا (ئاپپاق خوجا)
خوجا ئابدۇللا خوجا
خوجا قانايىتۇللا
مۆمىنەرەم خېنىم ( جاللات خېنىم
شاھىگىم پاشا
خوجا كارامۇتۇللا
خوجا دانىيال
خوجا شۈكەييۇپ
خوجا مەخسۇد
خوجا ھەسەن ئەرراقى
خوجا مۆمىن
خوجا ئابدۇخالىق
پاشا ئەزىم پاشا
خوجا ھۈسەيىن ( ساھىبقىران )
خوجا بۇرھانىددىن ( قىلىچ بېجىزمان )
قەمەر خانىم
ئاپپاقخان ئەزىم پاشا
خوجا ئابدۇسەمەت


خوجا ھەسەن خوجا
خوجا ئابدۇلھەممەت
خوجا راشىدىن
خوجا بەھياغان خوجا
كىچىك ئەزىم پاشا
لۇلۇغ ئەزىم پاشا
خوجا ئەبەيدۇللا
خوجا نىزامىددىن
خوجا ئەييۇپ
خوجا يۇسۇپ
خوجا ياقۇپ خوجا
كاتتىسى خوجا
خوجا پارسا
خوجا ئابدۇللا خوجا
ھەسەن خوجا(ساھىبقىران)
خوجائەلى خوجا(چولاق خوجا)
خوجا ئىنايەت
خوجا شاھباز
خوجا مۇسا
خوجا شاھىددىن
خانىم پادشا
خوجا ئاق
خوجا ئارىپ
خوجا ئابدۇللا
خوجا باقىر
نۇرى خوجا
خوجا ئافاق
خوجا ئاپاق ئەزىم
خوجا ئەھمەد


خوجا جامالىدىن
خوجا ئابدۇرېھىم
خوجا ھەيدەر
خوجا ھەبىبۇللا
خوجا جەلىپە
خوجا ئامىل
خوجا ھاشىم
خوجا ئاسىم
خوجا ئابدۇخالىق
خوجا سامساق
خوجا مۇھەممەت
خوجا ھاپىز
خوجا ئىسام رەھمىتۇللا
خان پاتىمە
خوجا ئابدۇسەمەت
خوجا ئەخمەت
خوجا باباق
خوجا دانىيال
خوجا مەنسۇر
خوجا باھاۋىدىن
خوجا جاھانگىر
خوجا مۇھەممەت يۈسۈپ
بۇزۇرۇكخان تۆرەم
خوجا بەدرالدىن تۆرەم
كىچىكخان تۆرەم
كاتتاخان تۆرەم




ئىلاۋە:

1) يۇقىرىدا بېرىلگەن خوجىلارنىڭ تىزىملىكى گەرچە ئانچە مۇھىم قىممەتكە ئىگە بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇرلارنىڭ سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدىكى پەيدا بولغان تەرىقەتچى خوجا-ئىشانلارنى تەتقىق قىلغۇچىلارغا پايدىسى تېگىپ قالار دېگەن مەقسەتتە بېرىلدى.

2) خوجىلار توغرۇلۇق مۇھەممەت سادىق قەشقەرىنىڭ «تەزكىرەئى ئەزىزان» ناملىق تارىخىي ئەسىرىدىن باشقا، مۇيەسسەرلىك ئەسەر بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە خوجىلارنىڭ تىزىملىكى ئاشۇ ياشىغان دەۋرگە ئاساسەن تىزىلدى.

3) «نامەلۇم» دەپ بېرىلگەن، بوش قويۇلغان ياكى (؟) بەلگىسى قويۇلغان كاتەكچىلەردىكى شەخسلەرنىڭ كىملىكىنى بىلگىلى بولمىدى.

# ئابدۇراخمان ۋاڭ مازىرى

يەكەن ناھىيىسىنىڭ توما ئۆستەڭ يېزا سىبدىلىك كەنتىدىكى «مويى شېرىپ مەسچىتى» دەپ ئاتىلىدىغان قەدىمكى مەسچىتنىڭ يېنىدا ھەر خىل رەڭلىك كاھىشلار بىلەن ناھايىتى كۆركەم بېزەلگەن بىر مازار قۇرۇلۇشى بار بولۇپ، كىشىلەر بۇ مازارنى «ئابدۇراخمان ۋاڭ مازىرى» دەپ ئاتىشىدۇ. مازار قۇرۇلۇشىنىڭ ئىگىزلىكى تەخمىنەن 7 مېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ. مازار ئۈستىگە گۈمبەز چىقىرىلىپ، تۆت بۇرجىكىگىمۇ كىچىك مۇنارلار چىقىرىلغان. مازارنىڭ ئاستى كۋادرات شەكىللىك، ئايلانمىسى 4×9.2 مېتىر. مازار تاملىرىنىڭ ئۈستىگە يوپۇشتۇرۇلغان كاھىشلارنىڭ رەڭگى 16 خىلدىن ئارتۇق، بىر قىسىم كاھىشلارنىڭ ئۈستىگە پارسچە، ئەرەبچە خەتلەر يېزىلغان. بۇ مازار XIX ئەسىردىكى ئۇيغۇر بىناكارلىق تېخنىكىسىنى تەتقىق قىلىشتا ئالاھىدە قىممەتكە ئىگە مەدەنىيەت يادىكارلىقىدۇر.



ئابدۇراخمان ۋاڭ مازىرى

كىشىلەرنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، بۇ مازار مىلادىيە 1805- يىلى ۋاپات بولغان يەكەن ھۆكۈمدارى ئابدۇراخمان ۋاڭ دېيدىغان كىشى ئۈچۈن ياسالغان مازار ئىكەن. ئابدۇراخمان ۋاڭ دېگەن كىشىنىڭ كىملىكى توغرىسىدا ھازىرچە ئىشەنچلىك ماتېرىيال يوق. مۇھىمى، مازار قۇرۇلۇشى ئۆزىنىڭ پۇختىلىقى، كۆركەملىكى بىلەن قىممەتلىك بولۇپ، 1990-

يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن «ئاپتونوم رايون
بويىچە ئۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى» دەپ
ئېلان قىلىنىپ، مەدەنىيەت يادىكارلىق ئارخىپى تۇرغۇزۇلغان. جۇغ-
راپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 77°15′10″، شىمالىي كەڭلىك
38°23′0″لۇق ئورۇندا دەپ خاتىرىلەنگەن.

## قەشقەردە قۇيۇلغان چىڭ ھۆكۈمىتى پۇللىرى

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈش-
تىن ئىلگىرى شىنجاڭ تەۋەسىدە ئاساسلىقى جۇڭغار ھاكىمىيىتى
يەكەندە قۇيغان بىر خىل مىس پۇل (يارماق) ئوبوروت قىلىنغان.
جۇڭغارلارنىڭ پۇلى قىزىل مىستىن ياسالغان بولۇپ، ئېغىرلىقى
ئىككى مىسقال كېلەتتى. پۇلنىڭ ئوڭ يۈزىگە موڭغۇل يېزىقىدا
جۇڭغار ئاق سۆڭەكلىرىنىڭ ئىسمى يېزىلغان، تەتۈر يۈزىگە پارس
يېزىقىدا يەكەننىڭ نامى ۋە ھىجرىيە يىل نامى يېزىلغان. سىۋانا
ئاراپتان زامانىسىدا پۇلنىڭ شەكلىدە سەل ئۆزگىرىش بولۇپ، يار-
ماقلار سەل كىچىكرەك، تۆشۈكسىز، سوقىچاقراق ياسالغان. پۇلنىڭ
ئوڭ يۈزىگە سىۋانا ئاراپتان شاھنىڭ ئىسمى، تەتۈر يۈزىگە ئۇيغۇرچە
خەتلەر بېسىلغان. غالدان سېرىن تەختكە چىققاندا يارماقلارنىڭ ئۈس-
تىگە ئۇنىڭ ئىسمى ئويۇلغان. بۇنداق پۇللارنى ھازىرمۇ ئۇچراتقىلى
بولىدۇ.

XVIII ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا مەنچىڭ ھۆكۈمىتى جۇڭغار-
لارنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، شىنجاڭنى
بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، مىلادىيە 1759- يىلى (چيەن لۇڭ-
نىڭ 24- يىلى) چىڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا
ئۆزلىرىنىڭ پۇللىرىنى تارقىتىشقا باشلىغان ۋە پۇل قۇيۇش ئىدارىلى-

رىنى ئەسىس قىلغان. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قۇيۇلغان تەڭگىلەر-نىڭ بىر يۈزىگە سۇلالە نامى، يەنە بىر يۈزىگە پۇل قۇيۇلغان شەھەر-لەرنىڭ نامى بېسىلغان. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا پەيدا بولغان يەرلىك تەپرىقچى ھا-كىمىيەتلەردىن ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتىمۇ قەشقەردە ئۆزىنىڭ پۇلىنى قۇيۇپ تارقاتقان.



چىڭ ھۆكۈمىتى قەشقەردە قۇيۇپ تارقاتقان بىر قىسىم مىس تەڭگىلەر

«خان سارىيى چىڭ سۇلالىسى پۇل شەجەرىسى[①]» ۋە «قەدىمكى، ھازىرقى پۇللار ھەققىدە قىسقىچە بايان» دېگەن ئىككى كىتابتا خوتەن ۋە قەش-قەردە قۇيۇلغان پۇللارنىڭ ئۆر-نەكلىرى بېرىلگەن، بىراق چىڭ سۇلالىسىنىڭ پۇل تارىخىغا مۇ-ناسىۋەتلىك ھۆججەتلەردە خو-تەندە پۇل قۇيۇلغانلىقى توغرى-سىدا ھېچقانداق مەلۇمات يوق. چيەن لوڭنىڭ 24- يىلى، يەنى مىلادىيە 1759- يىلى مەسلە-ھەتچى ئامبال شۇ خاۋدى قاتار-لىقلار «خوتەندىن مىس ۋە قو-غۇشۇن ئالماق تەس ئىكەن، شۇڭا بۇ جايدا، يەكەن قاتارلىق جايلا-ردا قۇيۇلغان پۇللارنى ئىشلەتسەك بولغۇدەك» دېگەن مەزمۇندا خانغا مەلۇمات سۇنغان. «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» ۋە «كلاس-سىك ئەسەرلەر ئۆرنەكلىرى» دە يەكەندە 1760- يىلى چىڭ ھۆكۈمە-تى شىنجاڭ تەۋەسىدىكى تۇنجى پۇل ئىدارىسىنى قۇرۇپ، بۇ يەردە

---

① «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (ئۇيغۇرچە) 1992- يىللىق 3- سان.

قويۇلغان پۇللارنى قەشقەر ۋە خوتەن رايونلىرىدا ئورتاق ئىشلەتكەنلىكى توغرىسىدا بايانلار بار. كېيىن يەكەن پۇل ئىدارىسى قەشقەرگە كۆچۈرۈپ كېلىنگەن. گۇاڭشۈينىڭ 14- يىلى، يەنى مىلادىيە 1888- يىلى (شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن.) قەشقەرنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى دوتىيى يۈەن ياۋرۇڭ ھەيئەت تەكلىپ قىلىپ، گۇاڭ شۇ خاندىن قەشقەردە پۇل ئىدارىسى قۇرۇش تەكلىپىنى سورىغان. گۇاڭ شۇ خان يۈەن دوتەينىڭ تەكلىپىنى ماقۇل كۆرۈپ، خەزىنە زاپىسى ئىچىدىن پۇل ئىدارىسىنىڭ دەسمايە قىلىپ ئىشلىتىپ تۇرۇشى ئۈچۈن 100 مىڭ سەر كۈمۈش ۋە قىسمەن كېتەرلىك ماتېرىياللارنى ئارىيەت بېرىپ تۇرغان ھەمدە سۇلى ئايمىقى بېگى بىلەن كۆنگە مىس كېپنى ئېچىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەن. پۇل جۇجۇقى (قېلىپ) نىڭ بىر تەرىپىگە «گۇاڭشۈتۇڭباۋ» ( 光绪通宝 )، يەنە بىر تەرىپىگە «قەشقەر» ( 喀什 ) دېگەن خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇرچە خەتلەرنى ئويدۇرغان. بۇ پۇلنىڭ ئېغىرلىقى بىر مىسقال ئۈچ پۇڭ بولغان. گۇاڭشۈنىڭ 19- يىلى، يەنى مىلادىيە 1893- يىلى كونىشەھەردىمۇ مىس كېپنى ئېچىلىپ پۇل قۇيۇلغان. گۇاڭشۈنىڭ 28- يىلى (1902- يىلى) قەشقەرنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى دوتىيى جۇ مېيەنرۇڭ مىس كېپنى ۋە پۇل ئىدارىسىنى كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ قوشۇمچە باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن. شۈەنتوڭ زامانىدا بىر يۈزىگە «شۈەنتوڭ يۈەنباۋ» ( 宣统元宝 ) دېگەن خەنزۇچە خەت، بىر يۈزىگە «زەربە كاشغەر» (قەشقەردە قۇيۇلدى) دېگەن ئۇيغۇرچە خەتلەر ۋە پۇلنىڭ قىممىتى بىرلىكى يېزىلغان تەڭگىلەر قەشقەر پۇل ئىدارىسىدە قۇيۇپ تارقىتىلغان. شۈەنتوڭ دەۋرىدە يەنە قەشقەر پۇل ئىدارىسىدە ئوڭ يۈزىگە خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە خەتلەر بىلەن «داچىڭ يىن يۈەن» ( 大清银元 ) (بۈيۈك چىڭ خانلىقىنىڭ كۈمۈش پۇلى)، «قەشقەر» ( 喀什 ) دېگەن خەتلەر ئويۇلغان شۈەنتوڭ تەڭگىلىرىمۇ ئاز مىقداردا قۇيۇلۇپ تارقىتىلغان.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يەنە قەشقەرنى ئۆزىنىڭ مەركىزى قى-

لىپ، ئۇزىنى يەتتە شەھەر ھۆكۈمىتىنىڭ پادىشاھى دەپ ئاتىۋالغان قورچاق ھۆكۈمدار بەدۆلەت مۇھەممەت ياقۇپبەگ مىلادىيە 1866- يىلىدىن باشلاپ بىر يۈزىگە «ئابدۇل ئەزىزخان» دېگەن تۈركىيە سۇلتانىنىڭ ئىسمى چۈشۈرۈلگەن، يەنە بىر يۈزىگە «زەربە كاشغەر» دېگەن ئەرەبچە خەتلەر ئويۇلغان مىس تەڭگىلەرنى تارقاتقان. مىلادىيە 1878- يىلى ياقۇپبەگ تەيرىق ھۆكۈمىتى زوزوڭتاڭ تەرىپىدىن يوقىتىلىپ، ئۇنىڭ تارقاتقان پۇلى شىنجاڭنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى مەمۇرىي ئەمەلدارى ليۇ جىنتاڭنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن بىكار قىلىنغان. قەشقەر پۇل ئىدارىسىنىڭ ئورنىنىڭ قەيەردىلىكى، خام ئەشيالارنىڭ نەدىن كەلتۈرۈلگەنلىكى توغرىسىدا تارىخىي مەلۇماتلار يوق، بۇ ھەقتە ئىزدىنىپ بېقىشنىڭ ئەھمىيىتى بار.

# چاررۇسىيە كونسۇلخانىسى

XVIII ئەسىرنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە، چاررۇسىيە پادىشاھى ئىمپېراتور پېتىر غەربىي ياۋروپادىكى ئەنگلىيە، گېرمانىيە، فرانسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ دۆلەت تۈزۈلمىسىنى، ئىقتىسادىنى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى ئىلغار تېخنىكىلىرىنى، سودا كېڭەيمىچىلىكىدىكى ۋە مۇستەملىكە قىلىشتىكى ئىدىيىلىرىنى قوبۇل قىلىپ، چاررۇسىيە ئىمپېرىيىسىدە زور كۆلەملىك ئىسلاھات دولقۇنى قوزغىغان. ئۇ قارا دېڭىز ئارقىلىق ياۋروپاغا قاتنايدىغان سودا ترانسپورتلىرىنى كۈچەيتىپ، چاررۇسىيىنىڭ ياۋروپاغا قارىتىلغان قارا دېڭىز «كۆزنىكى»نى ئېچىپ، قىرىم ئاراللىرىدا ياشايدىغان تۈرك تىلى سىستېمىسىدىكى مىللەت تاتارلارنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق ئۇزۇننىڭ تەسىرىنى ئورال تاغلىرىدىن ھالقىتىپ، سىبىرىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا دالىلىرىغىچە كېڭەيگەن غايەت زور ئىمپېرىيىنىڭ ئۇلىنى ھازىرلىدى. ئىمپېراتور پېتىر ئۆلگەندىن كېيىن، چاررۇسىيە پادىشاھلىرىنىڭ نەپسى

يوقىتىپ، قوشۇنلىرىنى باشلاپ ئوتتۇرا ئاسىيا زېمىنلىرىغا كەلگۈن-دەك باستۇرۇپ كىرىشكە باشلىدى. چار پادىشاھ قوشۇنلىرىنىڭ ھەيۋىسى ئالدىدا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قازان، ئاستىراخان ۋە قازاق-قىپچاق خانلىقلىرىنىڭ چەكلىك ھەربىي كۈچى رۇسلارنىڭ تاجاۋۇز-چىلىقىنى توسۇشقا ئامالسىز قالدى. سىياسىي ھاكىمىيىتى ئەسلى-دىنلا مۇستەھكەم بولمىغان، ئىچكى قىسمىدىكى توختاۋسىز جېدەل-ماجىرالارنى بېسىقتۇرۇشقىمۇ كۈچى يەتمەي بىر ئىزدا توختاپ قال-غان قوقەند، بۇخارا ۋە خىۋە خانلىقلىرىمۇ ئارقا-ئارقىدىن چاررۇ-سىيە ئىمپېرىيىسىگە مۇتەررز بولدى.



چاررۇسىيىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانا بىناسىنىڭ ھازىرقى ھالىتى

XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلى-رىغا كەلگەندە چارروسىيە ئىم-پېرىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كۆزى چۈشۈشكە باشلىدى. چاررۇسى-يە بىلەن برىتانىيە ئىمپېرىيە-سىنىڭ ئافغانىستاننى پاسىل قىلغان جايلاردىكى مەنپەئەت توقۇنۇشلىرى ئۆتكۈرلىشىشكە باشلاپ، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبى قىسمىدىكى قەدىمىي شەھەر قەشقەر بۇ ئىككى ھەربىي ئىمپېرىيىنىڭ ئاسىيادىكى مۇستەملىكە تالىشىش كۈرەشلىرىنىڭ ئال-دىنقى سېپىگە ئايلىنىپ قالغانىدى. مىلادىيە 1851-يىلى چاررۇسىيە چىڭ ھۆكۈمىتىگە «ئىلى ۋە تارباغاتاي ئەركىن سودا قىلىش نىزامنا-مىسى»نى ئىمزالاتقۇزۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىلى ۋە تارباغاتاي رايونلىرىدا كونسۇل تۇرغۇزۇش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈردى. 1860-يىلى «جۇڭ-گو-چاررۇسىيە بېيجىڭ شەرتنامىسى» ئىمزالاندى، ئۇزاق ئۆتمەي 1864-يىل 10-ئايدا «جۇڭگو-چاررۇسىيە غەربىي شىمال چېگرىسى-نى تەكشۈرۈپ ئايرىش كېلىشىمى» ئىمزالىنىپ، چار پادىشاھ نىكو-لاينىڭ شىنجاڭنى يۇتۇۋېلىش قارا نىيىتى بارغانسېرى كۈچىيىش-

كە باشلىدى. 1871- يىل 7- ئايدا ئىلىدا قوزغالغان «ئەلاخان سۇلتان-
لىقى»نى روسسىيىنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزدى دېگەن باھانە بە-
لەن غۇلجا رايونىغا تاجاۋۇز قىلىپ، پۈتكۈل ئىلى رايونىنى ئىشغال
قىلىۋالدى. 1881- يىل 2- ئايدا «جۇڭگو - روسسىيە ئىلى شەرتنامە-
سى» ئىمزالىنىپ، شەرتنامە بىلەن رۇسلار ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭدىكى
70 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر زېمىنىنى بېسىۋالدى. ئىككىنچى يىلى
قەشقەر زېمىنىغا پۇت تىقىپ، قەشقەردە كونسۇلخانا تۇرغۇزدى ھەمدە
نىكولاي پېتىروۋسكىينى روسسىيىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇل ۋەكىلى
قىلىپ ئەۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق شاۋقۇن -
سۈرەن سېلىپ كىرىشكە باشلىغان رۇس مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى
تارىم ئويمانلىقىغىچە يېتىپ كەلدى.

چاررۇسسىيىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىسى 1909- يىلى، يەنى
شۇەنتۇڭنىڭ 7- يىلى رەسمىي كونسۇلخانا دېگەن نام بىلەن چاررۇسسى-
يە بايرىقىنى كۆنسۇلخانا بىناسىنىڭ ئۈستىگە قادىدى. 1882- يىل
10- ئايدا ياسالغان قەشقەردىكى رۇسسىيە ۋەكىللەر بىناسى 1909-
يىلىدىن ئىلگىرى چاررۇسسىيىنىڭ سودا - تىجارەت ئىشلىرىنى ۋە
چاررۇسسىيە تەۋەسىدىن قەشقەرگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان يەرلىكتىكى
رۇسسىيىنىڭ پۇقرالىق كىنىشكىسىنى ئېلىۋالغان مۇھاجىرلارنىڭ
مەنپەئەتلىرىنى قوغداش نامى بىلەن مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانىدى.
1909- يىلىدىن باشلاپ ئادەملىرىنى كۆپەيتىپ، ئەنگلىيىنىڭ قەش-
قەردىكى پائالىيەتلىرىگە كۆز - قۇلاق بولۇش بىلەن بىرگە سان پېتىر
بورگتىكى چاررۇسسىيە ئاخبارات مەركىزىگە ئاخبارات يوللاپ تۇرغان
ۋە چاررۇسسىيىنىڭ مەركىزىي بانكىسىنىڭ قەشقەردىكى داۋشىڭ تار-
ماق بانكىسىنى كېڭەيتىپ قۇرغان.

رۇسسىيە كونسۇلخانىسى قەشقەردە پەيدا بولغاندىن باشلاپ، رۇس-
لارنىڭ قەشقەردىكى جازانىخورلۇق، قاتتىق قوللۇق ۋە يەرلىك خەلق-
لەرنى مەنسىتمەسلىكتەك زوراۋان، ھاكاۋۇر قىلمىشلىرى قەشقەر
خەلقىنى تولىمۇ بىزار قىلىشقا باشلىغان. چاررۇسسىيىنىڭ قەشقەردە-

كى باش كونسۇلى نىكولاي پېتروۋسكى دائىم ئەتراپىغا قوراللانغان رۇس ئەسكەرلىرىنى ۋە 60 تىن ئارتۇق تۈرك تىلىنى بىلىدىغان كازاك سولداتلىرىنى ئەگەشتۈرۈۋېلىپ، قەشقەر كوچىلىرىدا خالىغانچە زوراۋانلىق قىلغان. ھەرقايسى يۇرتلارغا ئۆزى بىۋاسىتە ئاقساقال تەيىنلەپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ تۈرلۈك مەمۇرىي ئىشلىرىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىپ، قەشقەردىكى ئەڭ چوڭ ھۆكۈمدار بولۇۋالغان. شىنخەي ئىنقىلابى تەسىرىدە 1912- يىلى قەشقەردە، گېلاۋخۇيچىلار توپىلىڭى يۈز بەرگەندە پېتروۋسكى چار رۇسىيە ئوفىتسېرى بابىلوف قوماندانلىقىدىكى بىر دىۋىزىيە كازاك ئاتلىق قىسىملىرىنى قەشقەرگە كەلتۈرۈپ، چار رۇسىيە كونسۇلخانىسىنى قوغداش باھانىسىدە قەشقەردىكى ھەر مىللەت خەلقىنى قانلىق قىرغىن قىلغان. تاكى 1914- يىلى 1- دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىغانغا قەدەر قەشقەر خەلقى ئاشۇ ئەسكەرلەرنىڭ تۈرلۈك تەمىناتلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىققان (جەمئىي 750 سولدات).

1917- يىلى چار رۇسىيەدە ئۆكتەبىر ئىنقىلابى پارتلاپ، بولشېۋىكلار پارتىيىسى چار پادىشاھنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ۋىلادىمىر ئىلىئىچ لېنىن رەھبەرلىكىدىكى تۇنجى سوتسىيالىستىك ھاكىمىيەت — سوۋېت ئىتتىپاقىنى قۇردى. ۋەھالەنكى، چار پادىشاھ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تەسىس قىلىنغان كونسۇلخانىلارنىڭ ئادەملىرى ئالماشقاندىن باشقا، ئەمەلىيەتتە ئۇلار يەنە ئۆز تەسىرىنى ساقلاپ قېلىۋەردى، ھەتتا «پۈتۈن دۇنيادىكى ئېزىلگۈچى خەلقلەرنىڭ ئازادلىق كۈرەشلىرى ئۈچۈن ياردەم بېرىمىز» دەپ تىنىمسىز شوئار توۋلىغان سوۋېت ئىتتىپاقى 1937- يىلى جاللات شېڭ شىسەي ما جوڭيىڭنىڭ ئەسكەرلىرى تەرەپىدىن ئۈرۈمچىدە قامىلىپ قالغاندا، گومىنداڭغا قارشى قوزغالغان شىنجاڭ دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ مەخمۇت سىجاڭ باشچىلىقىدىكى جەنۇبىي شىنجاڭ قىسىملىرىنى ئۇلۇغچات چېگرا ئېغىزى ئارقىلىق قەشقەرگە ماتورلاشقان قىزىل ئارمىيىنىڭ ئايروپىلان، تانكا، برونې-

ۋەكىللىرى ئارقىلىق قانلىق باستۇرۇشقا ياردەملەشكەن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شۇ مەزگىللەردە ئۈرۈمچى، قەشقەرلەردە تۇرۇشلۇق ۋەكىللىرى ئەقىل كۆرسىتىپ، بىگۇناھ خەلقنى باستۇرۇش بەدىلىگە جاللات سىياڭ شىسەيىنى قوغداپ قالغان.

1949- يىلى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە جۇڭگودا سوتسىيالىستىك ئىجتىمائىي تۈزۈم ئورنىتىلغاندىن كېيىن، دۆلىتىمىز سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن رەسمىي دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، بېيجىڭ ۋە موسكۋادا كونسۇلخانا قۇرۇلۇپ سوۋېتنىڭ شىنجاڭ تەۋەسىدىكى ۋەكىللىرى بىكار قىلىنغان.

رۇسلارنىڭ قۇرۇلۇش ئۇسلۇبى بىلەن پىششىق خىش قۇرۇلمىلىق قىلىپ سېلىنغان سېرىق رەڭلىك رۇسىيە كونسۇلخانىسىنىڭ 100 يىلدىن ئارتۇقراق تارىخقا ئىگە بىناسى، ھازىر قەشقەر شەھىرى تەۋەسىدىكى سەمەن مېھمانخانىسىنىڭ ھويلىسىدا مەدەنىيەت يادىكارلىق سۈپىتىدە قوغدىلىپ كەلمەكتە.

## ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردىكى باش كونسۇلخانىسى

قۇرۇقلۇق ئارقىلىق دۇنيانىڭ سودا - ئالاقە ئىشلىرىنى بىر-بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ تارىختىكى شەۋكىتى يېڭى دېڭىز يوللىرىنىڭ ئېچىلىشى بىلەن ئاخىرلىشىپ، چۈللىشىشكە باشلىدى. ياۋروپادا ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىش دەۋرى بولغان XV ئەسىرلەردىن باشلاپ ۋە كېيىنكى يېڭى پەن- تېخنىكا ۋە يېڭى ئىدىيە ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىدە ئۇزاققا بارمايلا دۇنيانىڭ پەن - مەدەنىيەت مەركىزى شەرقتىن ئاستا - ئاستا ياۋروپا قۇرۇقلۇقىغا يۆتكىلىپ، قەدىمكى شانلىق مەدەنىيەتلەرنىڭ بۆشۈكى

مىسالانغان جۇڭگو، ھىندىستان، مىسىر قاتارلىق دۆلەتلەر دۇنيانىڭ ئارقا ھويلىسىغا ئايلىنىپ قالدى. ئۇلار كېيىنچە دېڭىز يوللىرى ئارقىلىق ئۆز تەسىرىنى دۇنيادىكى بەش قىتئەنىڭ ھەممىسىگە كېڭەي- تىشكە باشلىغان ئەنگلىيە، فرانسىيە، پورتۇگالىيە قاتارلىق دۆلەت- لەرنىڭ مۇستەملىكىسى ياكى يېرىم مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىپ قې- لىشتەك تەقدىرگە دۇچ كەلدى.

مىلادىيە 1599- يىلى شەرق- تىن قايتىپ كەلگەن ئەنگلىيە سودىگەرلىرى ئايال پادىشاھ ئېلىزابېتقا يازما ئىلتىماس سۇ- نۇپ، ئەنگلىيىنىڭ ھىندىستاندا تۇرۇشلۇق بىر سودا شىركىتى- نى قۇرۇش تەكلىپىنى ئوتتۇ- رىغا قويىدۇ. 1600- يىلى ئۇ- لارنىڭ تەكلىپى ماقۇللىنىپ، ئەنگلىيىنىڭ سودا كېمىلىرى ھىندى ئوكيان ئارقىلىق ئارقا- ئارقىدىن ھىندىستان بابۇرىيلەر (موغۇل) سۇلالىسىنىڭ زې- مىنلىرىغا يېتىپ كېلىدۇ. مى- لادىيە 1617- يىلى ئىنگلىزلار بابۇرىيلەر سۇلالىسىنى ئۆزلە- رىنىڭ شەرقىي ھىندىستاندا تۇرۇشلۇق سودا شىركىتى قۇ- رۇشقا كۆندۈرىدۇ. دەسلەپتە بۇ شىركەت سودا ۋۇجۇسكىسىنى ئۆزىگە قالقان قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇزاققا بارمايلا سودا، سىيا- سىي، ھەربىي ۋە ئەدلىيە بىر گەۋدە قىلىنغان غايەت زور تەشكىلاتقا





ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلخانىسىنىڭ 1929-يىلدىكى دەرۋازىسى ۋە خىزمەتبىناسىنىڭ ھازىر ساقلىنىپ قالغان قىسمى

ئايلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مىلادىيە 1763- يىلىغا كەلگەندە ھېچقانچە كۈچىمەيلا بابۇرىيلەرنىڭ قولىدىن ھىندىستاننى تارتىۋېلىپ، ھىندىستان قورۇقلۇقىنى ئەنگلىيىنىڭ شەرقتىكى ئەڭ چوڭ مۇستەملىكى زېمىنىغا ۋە ئۆز تەسىرىنى شەرققە كېڭەيتىشنىڭ ئالدىنقى بازىغا ئايلاندۇرۇۋالىدۇ. ئەنگلىيىلىكلەر ھىندىستانغا دەسسەپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ مۇستەملىكە زېمىنلىرىنى شەرققە قاراپ داۋاملىق كېڭەيتىشكە باشلايدۇ. ئۇزاق ئۆتمەي جۇڭگونىڭ دېڭىز بويىدىكى پورت شەھەرلىرىنى ئەپيۇن سودىسى باھانىسى بىلەن مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرۇپ، جۇڭگونى يېرىم مۇستەملىكە ۋە يېرىم فېئوداللىق دۆلەتكە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ.

جۇڭگودا ئەپيۇن ئۇرۇشى ئاخىرلىشىپ ئۇزاق ئۆتمەي، يەنى مىلادىيە 1869- يىلى 7- ئايدا ئەنگلىيىنىڭ ھىندىستاندا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى فورىس بىرىنچى قېتىم ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ قەشقەردىكى قورچاق پادىشاھ ياقۇپبەگ بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن كېلىدۇ، بۇ چاغدا ياقۇپبەگ ئاقسۇ تەرەپلەرگە قوشۇن باشلاپ كەتكەنلىكتىن، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشەلمەي قايتىپ كېتىدۇ. مىلادىيە 1873- يىل 7- ئايدا ئۇ ئىككىنچى قېتىم 131 كىشىدىن تەشكىللەنگەن ئەلچىلە ئۆمىكىنى باشلاپ قەشقەرگە كېلىپ، تەپرىقچى ھۆكۈمدار، يەتتە شەھەرنىڭ پادىشاھى ياقۇپبەگ بىلەن كۆرۈشىدۇ. ئەمەلىيەتتە، برىتانىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ شۇ ۋاقىتلاردا قاراقۇرۇم تاغلىرى، پامىر ئېگىزلىكى ئارىسىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش باھانىسى بىلەن قەشقەر زېمىنىغا قەدەم بېسىشى، قالايمىقانچىلىق پاتقىقىغا پېتىپ قالغان چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ زەئىپلىكىدىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭنى ۋەتەن قوينىدىن پارچىلاپ چىقىپ، ئۆزىنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرۇۋېلىشنى مەقسەت قىلغانىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئاشۇ رەزىل مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بىر ئەسىردىن كۆپرەك تىركەشتى...

1882- يىلى چاررۇسىيە قەشقەردە ۋەكىلخانا بىناسى سالدۇرغاندىن كېيىن، 1890- يىلى ئەنگلىيىگە قارام ھىندىستان ھۆكۈمىتى

چارروسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كېڭەيمىچىلىك تە-
سىرىگە كۆز - قۇلاق بولۇش ئۈچۈن، ئەمدىلا 24 ياشقا كىرگەن
گېئورگى ماكارتېنىنى برىتانىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ قەشقەردە تۇرۇش-
لۇق ۋەكىلى قىلىپ ئەۋەتىپ، قەشقەردە كۆزەتچىلىككە قويىدى. بۇ
چاغدا ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ قەشقەردىكى باش ۋەكىلى خادىن بو-
لۇپ، ماكارتىنى ئۇنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ياردەمچىسى ئىدى. مىلادىيە
1909- يىلى ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى قەشقەردىكى كونسۇلخانىسىنى ھا-
زىرقى قەشقەر شەھىرى تەۋەسىدىكى چىنىباغ مېھمانخانىسىنىڭ ئور-
نىغا قۇرۇپ، ئەسلىدىكى ئەنگلىيە ۋەكىللىرىنىڭ قەشقەردىكى ئىش
بېجىرىش ئورنىدىن رەسمىي كونسۇلخانىغا ئۆزگەرتىپ، ئەنگلىيە
ئىمپېرىيىسىنىڭ دۆلەت بايرىقىنى كونسۇلخانا بىناسىنىڭ ئۈستىگە
قادايدۇ. بۇ مەزگىللەردە مىلادىيە 1894- يىللاردىن باشلاپ ئەنگلىيە-
لىكلەرنىڭ سايىسىدا شۋېتسىيىلىك خرىستىئان دىنىنى تارقىتىش
ئۇيۇشمىسىنىڭ بىر بۆلەك مىسيونېرلىرىمۇ قەشقەرنىڭ ھەرقايسى
جايلىرىدا ئۆزلىرىنىڭ دىن تارقىتىش پائالىيەتلىرىنى باشلىغانىدى.
مىلادىيە 1912- يىلى گېئورگى ماكارتېنى ئەنگلىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ
قەشقەردە تۇرۇشلۇق باش كونسۇللۇقىغا ئۈستۈرۈلۈپ، ئۇنىڭغا سىر
ئۇنۋانى بېرىلىدۇ. گېئورگى ماكارتېنى 1912- يىلى شۋېتسىيىدىن
قەشقەرگە دىن تارقىتىش ۋەزىپىسى بىلەن كەلگەن تۈركشۇناس ھەم
ئۆزىنى دوختۇر دېگەن نام بىلەن نىقابلىۋالغان كۆپكە ماھىر كىشى
لارس ئېرىك ھوگبېرىككە ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىسى-
نى كېڭەيتىپ قۇرۇش ۋەزىپىسىنى بېرىدۇ. ھوگبېرىك كونسۇلخانا
بىناسىنىڭ چېرتيوژىنى ئۆزى سىزىپ، 1912- يىلى ئىش باشلاپ،
1913- يىل 10- ئايدا جەمئىي 22 ئېغىزلىق ئۆيدىن تەركىب تاپقان
كونسۇلخانا بىناسىنى پۈتكۈزىدۇ. كونسۇلخانا بىناسىنىڭ ئالدىغا يەر-
لىك ئۇسلۇبقا ئىگە قىلىنغان، ئىككى تەرىپىگە مۇنار، ئالدىغا پەشتاق-
لار چىقىرىلغان ھەيۋەتلىك دەرۋازا ياسىتىدۇ. 1930- يىلى ماكارتې-
نىنىڭ ئورنىغا ۋىلىيامس ئالمىشىپ تاكى ھىندىستان بىلەن پاكىس-

تان مۇستەقىل بولغانغا قەدەر قەشقەردە تۇرىدۇ.

ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ قەشقەردە كونسۇلخانا قۇرۇشتىكى مەقسىتى: ئەنگلىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا تەۋەسىدىكى بارلىق مەنپەئەتىنى قوغداش؛ ئەنگلىيە پۇقرالىرىنىڭ ۋە سودىگەرلىرىنىڭ مەنپەئەتىدىكى توسالغۇلارنى يوقىتىش؛ ياۋروپالىق مىسسيونېرلارنىڭ جۇڭگو ۋە شىنجاڭ، بولۇپمۇ قەشقەر، يېڭىسار، يەكەن قاتارلىق جايلاردىكى خىرىستىئان دىنىنى تارقىتىش ئۆمەكلىرىنىڭ مال - مۈلۈك ۋە ھاياتىغا كېپىللىك قىلىش؛ شىنجاڭغا مەدەنىيەت جەھەتتىن مۇداخىلە ئېلىپ بېرىش؛ ئەڭ مۇھىمى چاررۇسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ قەشقەردە پىلانلىغان سۇيىقەستلىرىنى كۆزىتىپ، برىتانىيە ئىمپېرىيىسى ئۈچۈن ئاخبارات توپلاش، ئەڭ ئاخىرىدا پۇرسەت تېپىپ شىنجاڭنى جۇڭگونىڭ قوينىدىن ئايرىپ تاشلاشنى نىشان قىلغان.

ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسى 1890-يىلىدىن 1947-يىلى ھىندىستان بىلەن پاكىستان مۇستەقىل بولغانغا قەدەر مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. 1947-يىلى كونسۇلخانا ھىندىستان ھۆكۈمىتى بىلەن پاكىستان ھۆكۈمىتىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1954-يىلى جۇڭگو ھۆكۈمىتى بىلەن ھىندىستان ۋە پاكىستانلارنىڭ مۇناسىۋىتى يېرىكلىشىپ، بۇ كونسۇلخانىمۇ تاقىۋېتىلدى. كونسۇلخانا بىناسى بىر مەزگىل پېچەتلەندى. بىر قىسىم ئەسلىھەلىرى چېقىپ تاشلاندى. ھازىر شۇ ۋاقىتتىكى كونسۇلخانا خىزمەت بىناسىنىڭ بىر قىسمى مېھمانخانا سۈپىتىدە ئىشلىتىلىپ كېلىنىۋاتقان بولسىمۇ، يەنىلا ئەسلىگە سادىق بولۇش پرىنسىپى بويىچە مەدەنىيەت يادىكارلىق سۈپىتىدە قوغدىلىپ كەلمەكتە.

## چىڭ ھۆكۈمىتى تەسىس قىلغان قاراۋۇلخانىلار

قەشقەر بوستانلىقى شەرقىي جەنۇب تەرەپتە تەكلىماكان قۇملۇقى بىلەن گىرەلىشىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ شىمالىي تەرىپىنى تەڭرىتېغى،

غەربىنى پامىر ئېگىزلىكى، جەنۇب تەرىپىنى قارا قورۇم تاغ تىزمىسى ئوراپ تۇرىدۇ. غەربىي جەنۇب ۋە غەربىي شىمال تەرەپلىرى قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان، ئافغانىستان، تاجىكىستان، پاكىستان، ھىندىستان ۋە كەشمىر قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونلار بىلەن چېگرىداش. قەشقەر بوستانلىقىنىڭ بۇ خىل ئالاھىدە جۇغراپىيىلىك ئۈستۈنلۈكى بۇ يەرنىڭ قەدىمدىن تارتىپ غەرب، شەرق ئالاقىلىرىنى ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان قەدىمكى يىپەك يولى ئۈستىدىكى مۇھىم تۈگۈن بولۇپ قېلىشىغا ئاساس بولغان. يىپەك يولىنىڭ شىنجاڭ تەۋەسىدىكى جەنۇبىي ۋە شىمالىي يول لىنىيىلىرى قەشقەردە ئۇچرىشىپ، پامىر ئېگىزلىكىدىكى تاغ يوللىرى ئارقىلىق ئوتتۇرا، غەربىي ئاسىياغا، شۇ ئارقىلىق ياۋروپا قۇرۇقلۇقىغىچە سوزۇلغانلىقتىن، مەيلى شەرقتىن غەربكە بېرىشتا ياكى غەربتىن شەرق ئەللىرىگە، جۇملىدىن جۇڭگوغا كېلىشتە، سۇ يوللىرى تەرەققىي قىلىشتىن ئىلگىرى ھەرقايسى ئەل، رايونلارنىڭ سودىگەر، كارۋان، ئەلچى، سەيياھلىرى قەشقەر بوستانلىقى، شۇنىڭدەك ئاشۇ قەدىمىي بوستانلىق قوينىدىكى مەرۋايىت شەھەر قەشقەر شەھىرىگە قەدەم باسماي قالمىغان. ئۇزاق داۋام قىلغان بۇ خىل تارىخىي رېئاللىق داۋامىدا قەشقەر ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىن يۈكسىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇپلا قالماي، جۇڭگونىڭ قەدىمكى ھاكىمىيەتلىرى بۇ يەرنى دۆلەتنىڭ غەربىي چېگرىسىدىكى مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئورۇن دەپ قاراپ، قەشقەر دائىرىسىدىكى، پاكىستان، ئۆزبېكىستان، تاجىكىستان، ئافغانىستان، ھىندىستان، كەشمىر (بۇلار قەدىمكى سوغدىيانا رايونلىرىدۇر.) قاتارلىق ئەللەرگە بارغىلى بولىدىغان يوللارنىڭ چېگرا ئېغىزلىرىدا يەرلىك ھۆكۈمەت ياكى مەركىزىي ھۆكۈمەت تەرىپىدىن چېگرا مۇداپىئە قاراۋۇلخانىلىرى تەسىس قىلىنىپ، چېگرا رايونلارنىڭ ئامانلىق ئىشلىرى ۋە سودا - سېتىق، باج - خىراج ئىشلىرى ئۈنۈملۈك باشقۇرۇلغان.

مىلادىيە 1759- يىلى چىڭ سۇلالىسى دائىرىلىرى شىنجاڭدىن

جۇڭغارلارنىڭ تەسىرىنى تازىلاپ، شىنجاڭنى قايتۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، مەنچىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ زۇلمىغا قارشى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئارقا- ئارقىدىن كۆتۈرۈلگەن خەلق قوزغىلاڭلىرى، يەنى مىلادىيە 1765- يىلى ئۇچتۇرپاندا كۆتۈرۈلگەن خەلق قوزغىلىڭى، مىلادىيە 1820- يىلىدىن 1826- يىلىغىچە جاھانگىر خوجا بىلەن ئۇنىڭ ئىنىسى خوجا باھاۋىدىن قوزغىغان قوزغىلاڭ، مىلادىيە 1847- يىلى قەشقەردە كۆتۈرۈلگەن يەتتە خوجا (كاتتا تۆرە، ۋەلىخان تۆرە، كىچىك خان تۆرە، تەۋەككۈلخان تۆرە، سابىرخان تۆرە، ئاقچىخان تۆرە ۋە ئىشانخان تۆرە قاتارلىقلار) قوزغىلىڭى قاتارلىق بىر قاتار خەلق قوزغىلاڭلىرىنىڭ چىڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن باستۇرۇلۇپ تىنچىتىلىشى جەريانىدا، يەرلىك خەلقلەرنىڭ توپىلاڭچى خوجىلارنىڭ قالدۇق كۈچلىرىگە ئەگىشىپ تۈركۈم- تۈركۈملەپ يەتتەسۇ، پەرغانە تەرەپلەرگە قېچىپ كېتىشى، چېگرا سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ قەشقەرگە ئاسانلا سوقۇنۇپ كىرىۋېلىشىدەك ئەھۋاللارنىڭ يۈز بېرىشى، چىڭ ھۆكۈمىتىنى قەشقەردىكى چېگرا قاراۋۇلخانىلارنى قايتا تەرتىپكە سېلىشقا مەجبۇر قىلغان. مىلادىيە1828- يىلى جاھانگىر خوجىنىڭ قالايمىقانچىلىقلىرى چىڭ ھۆكۈمىتى تەرەپىدىن تىنچىتىلغاندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۇ چاغدىكى پادىشاھى داۋگۇاڭ بۇيرۇق چۈشۈرۈپ (1828-يىل11- ئاي[1]) قەشقەر دائىرىسىدىكى قاراۋۇلخانىلارنى قايتىدىن تەرتىپكە سېلىپ، ئامانلىقنى كۈچەيتكەن. «چىڭ سۇلالىسى شۈەنزوڭ خاتىرىسى» (清宣宗实录) دە قەشقەر دائىرىسىدىكى قورۇللارنىڭ سانى، ئورۇنى، ئۇلارنىڭ نامى، قاراۋۇلخانىلاردىكى چېرىكلەرنىڭ سانى توغرىسىدا خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان.

«قاراۋۇلخانا» سۆزى تۈرك تىلىدىكى «قارىغۇچى» سۆزىدىن كەلگەن. بىر-بىر جايىنىڭ، ئورۇنىنىڭ، چېگرا ئېغىزىنىڭ ئامان-

---

[1] «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ زېمىنلىرى، سىياسىي مەدەنىيىتى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى. (خەنزۇچە) 2003- يىلى نەشرى.

ئېسەنلىككە مەسئۇل قاراۋۇل چېرىكلەرنىڭ تۇرىدىغان جايى. ئۇنىڭ چېگرا ئېغىزلىرىغا جايلاشقانلىرىنى ھازىرقى زاماندىكى چېگرا مۇداپىئە پونكىتلىرى بىلەن ئوخشاش دەپ قاراشقا بولىدۇ. خەنزۇچە مەنبەلەردە ئۇيغۇرلار رايونىدىكى قاراۋۇلخانىلارنىڭ نامىنى كالۇن (卡伦)، چيازى (卡子)، كالۇڭ (喀龙)، كالۇ (卡路)، كالۇن (喀伦) قاتارلىق خەتلەر بىلەن، يەنى «قاراۋۇل» سۆزىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بويىچە ئىپادىلەپ خاتىرىلىگەن. مەسىلەن، «بۈيۈك چىڭ لۇغىتى» (大清会典) نىڭ شىنجاڭغا مۇناسىۋەتلىك بۆلەكلىرىدە «... مۇھىم يول ئېغىزلىرىدا كالۇن (卡伦) تەسىس قىلىنىپ، ئۇ يەرلەردە قوغدىغۇچى چېرىكلەر تۇختىتىلىدى»①. دېيىلگەن. چىڭ دەۋرىدە قەشقەرگە تەۋە بولغان جايلاردىن ئاتۇش، ئۇلۇغچات، كونىشەھەر، يېڭىسار، تاشقورغان (بۇ رايونلار تاكى 1949-يىلغىچە قەشقەرگە قاراشلىق مەمۇرىي رايونلار ئىدى. ئا) قاتارلىق جايلاردا چىڭ ھۆكۈمىتى تەسىس قىلغان قاراۋۇلخانىلارنىڭ بەزىلىرى ئارىلىقى يېقىن بولغان يۇرت- مەھەللىلەر ئارىسىدىكى مۇھىم جايلارغا، بەزىلىرى چېگرا ياكى تاغ ئېغىزلىرىغا تەسىس قىلىنغان. ئەمەلىي تەكشۈرۈش جەريانىدا قاراۋۇلخانىلارنىڭ جايلاشقان ئورۇنلىرى ئاساسىدا، قەشقەر دائىرىسىدىكى قاراۋۇلخانىلارنى چېگرا قاراۋۇلخانىلىرى (چېگرا مۇداپىئە پونكىتلىرى)، ئىچكى ئايماق قاراۋۇلخانىلىرى (ئىچكى ئامانلىق ساقچىخانىلىرى) دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ. بۇ قاراۋۇلخانىلار توغرىسىدا «چىڭ سۇلالىسى شۆەنزۇڭ خاتىرىلىرى» (清宣宗实录) دە كۆرسىتىلگەندىن باشقا، يەنە «مۇسۇلمانلار رايونىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» (回疆通志) ناملىق كىتابتىمۇ مۇھىم خاتىرىلەر بار. لېكىن، بۇ كىتابتا تىلغا ئېلىنغان قاراۋۇلخانىلارنىڭ نامى، ئورنى، مۇساپىلىرى توغرىسىدىكى قاراشلاردا خاتالىق كۆپ بولۇپ، XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى يازما مەنبەلەر-

① «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ زېمىنلىرى ۋە سىياسىي مەدەنىيىتى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، (خەنزۇچە) 2003-يىلى نەشرى.

دىن پەقەت چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۇنىڭ 34- يىلى ئۆلچەپ سىزىلغان خەرىتىلەر ئاساسىدا تۈزۈلگەن «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» (新疆图志) ناملىق تەزكىرە ۋە XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قەشقەر دائىرىسىدە ئارخېئولوگىيىلە ئارخېئولوگ ئاۋرېل ستەيىن يازغان «ئاسىيانىڭ كىندىكىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش» (亚洲腹地考古记 INTERMOSTASIA) نىڭ 1994- يىلىدىكى خەنزۇچە نەشرىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن قاراۋۇلخانىلارنىڭ ئورنى ۋە 1935- يىلى گومىنداڭ سەنمۇبوسىنىڭ قورۇقلۇقتا ئۆلچەپ سىزغۇچى باش ئىدارىسى ئىشلىگەن 300 مىڭدىن بىرلىك خەرىتىدە قەشقەر دائىرىسىدىكى قاراۋۇلخانا دەپ ئاتالغان ئورۇنلارنىڭ نامى، جۇغراپىيىلىك ئورنى، مۇساپىلىرى نىسبەتەن توغرا كۆرسىتىپ بېرىلگەن بولۇپ، ئۇ چىڭ سۇلالىسى ھۆججەتلىرىدە نامى كۆرسىتىلگەن قاراۋۇلخانىلارنىڭ ناملىرى بىلەن ئاساسەن ئوخشاشلىقتا ئىكەن.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قەشقەر دائىرىسىدە تەسىس قىلىنغان ياكى تەرتىپكە سېلىنغان دەپ قارالغان قاراۋۇلخانىلارنىڭ ئاساسلىقلىرىدىن تۆۋەندىكى ئورۇنلارنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش مۇمكىن:

### 1. قاراڭچى قاراۋۇلخانىسى[1]

بۇ قاراۋۇلخانا ھازىرقى قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىغا تەۋە ئۇلۇغچات ناھىيىسىدىكى چېگرا ئېغىزىغا جايلاشقان مۇھىم قاراۋۇلخانىلارنىڭ بىرى. بۇ قاراۋۇلخانا ئاساسلىقى قەشقەر ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيادىكى پەرغانە ۋادىسىغا بارغىلى بولىدىغان كارۋان يولىنىڭ بىخەتەرلىكىنى باشقۇرىدىغان قاراۋۇلخانا بولۇپ، بۇ يەر بۈگۈنكى كۈندىمۇ مۇھىم چېگرا ئېغىزى سۈپىتىدە ئەسكەر تۇرغۇزۇلۇپ قوغدىلىپ كەلمەكتە. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ خەرىتىلەر توپلىمىدىمۇ قاراڭچى قاراۋۇلخانىسىنىڭ ئورنى كۆرسىتىلگەن. بۇ

① ئاتۇش رايونى چىڭ دەۋرىدە قەشقەر ئامبال مەھكىمىسىگە قارايدىغان يۇرت بولغاچقا، ھازىرقى قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى زېمىنىدىكى بىر قىسىم قاراۋۇلخانىلارمۇ تونۇشتۇرۇلدى.

قاراۋۇلخانا توغرىسىدا يەنە چاررۇسىيىلىك جۇغراپىيون، جەمئىيەتشۇناس كورپاتكىن مىلادىيە 1876- يىلى قەشقەرگە كەلگەندە يازغان «قەشقەرىيە» ناملىق كىتابىدا «قاراتال» (KaRATALIM) قورغىنى دەپ خاتىرىلەپ، ئۇچۇر قالدۇرغان. قاراتچى قاراۋۇلخانىسىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى شىمالىي كەڭلىك 39°36′ قا، شەرقىي مېرىدىئان 75°21′ لۇق ئورۇنغا توغرا كېلىدۇ.

## 2. تۆشۈكتاش قاراۋۇلخانىسى

تۆشۈكتاش قاراۋۇلخانىسىنىڭ ئورنى هازىرقى زامان خەرىتىلىرىدە كۆرسىتىلمىگەن. «مۇسۇلمانلار رايونىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» (回疆通志) ناملىق كىتابتا «تۆشۈكتاش قاراۋۇلخانىسى قەشقەر شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىدىن90چاقىرىم يىراقتا①» . دەپ خاتىرىلەنگەن. «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» نىڭ 82- جىلدىدا بولسا «تۆشۈكتاش قاراۋۇلخانىسى ئىچكى قاراۋۇلخانا، ئۇ تۆشۈكتاش دەرياسىنىڭ بويىدا، بۇ دەريا چاقماق دەرياسىغا قۇيۇلۇپ، ئاستىن ئاتۇش يېزىلىرىغا قاراپ ئاقىدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن. شىنجاڭ رايونىنىڭ تەزكىرىسىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان يەنە بىر يازما مەنبە «مۇسۇلمانلار رايونىنىڭ چېگرا تەزكىرىسى» (回疆志) دە «تۆشۈكتاش قاراۋۇلخانىسى ئۈستۈن ئاتۇشنىڭ شىمالىدىن 25 چاقىرىم يىراقتا» دەپ خاتىرىلەنگەن. يۇقىرىقى خاتىرىلەرنى ۋە ئورۇن مۇساپىلىرىنى سېلىشتۇرغاندا، ئۈستۈن ئاتۇش تەۋەسىدىكى ئىككى ئورۇن بىزنىڭ دىققەت قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ. بۇنىڭ بىرى، ئۈستۈن ئاتۇش يېزىلىق هۆكۈمەتتىن 11.5 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى «كونا قاراۋۇل» دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان كەنت، يەنە بىرى، ئۈستۈن ئاتۇش يېزىلىق هۆكۈمەتتىن 15 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى يەنە «قاراۋۇل» ياكى «قارۇل» دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان كەنت، ئۇلار «ئاتۇش ناھىيە يەر

---

① خېنىڭ (和宁) 1804- يىلى «مۇسۇلمانلار رايونىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» دېگەن 12 جىلدلىق كىتابنىڭ 7- جىلدى.

ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە ئايرىم - ئايرىم ھالدا «بۇ يەر كونا قورۇلدۇر. بۇ ئورۇنغا چىڭ دەۋرىدىن باشلاپ قورۇل تەسىس قىلىنغانلىقتىن شۇنداق ئاتالغان» ، كېيىنكىسى «ئىلگىرى بۇ يەردە قارۇل، چازا بولغانلىقتىن شۇنداق ئاتالغان» دەپ ئىزاھلانغان. «كونا قورۇل» ۋە «قورۇل» دەپ ئاتىلىدىغان بۇ ئىككى ئورۇننىڭ ھەر ئىككىلىسى چاقماق دەرياسىنىڭ بويىدا. ئەگەر بىز ئالدىنقىسىنىڭ «كونا قارۇل» دەپ ئاتالغانلىقى ھەمدە ئۇنىڭ چىڭ دەۋرىدە تەسىس قىلىنغانلىقى نۇقتىسىدىن چىقىپ تەھلىل قىلساق، بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان «كونا قارۇل» دېگەن جاينىڭ دەل چىڭ ھۆكۈمىتى «چىڭ سۇلالىسى شۈەنزۇڭ خاتىرىسى» ( 清宣宗实录 ) دە تىلغا ئالغان «تۆشۈكتاش قاراۋۇلخانىسى» نىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. بۇلاردىن باشقا، ئەنگلىيىلىك جۇغراپىيون لانسدېل XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرى شىنجاڭنى، جۈملىدىن قەشقەر رايونىنى ئىلمىي تەكشۈرۈش ئارقىلىق يازغان (مىلادىيە 1893- يىلى يازغان) «جۇڭگودىكى ئوتتۇرا ئاسىيا» (Chinese CentralAsia) ناملىق كىتابىدىكى خاتىرىلەرگە قوشۇمچە قىلىنغان خەرىتىلەردە تۆشۈكتاش قاراۋۇلخانىسىنىڭ ئورنى كۆرسىتىلگەن. تۆشۈكتاش قورۇلىنىڭ لانسدېل خەرىتىسىدىكى كوردىناتىنىڭ ئۇستۇن ئاتۇشتىكى «كونا قورۇل» دەپ ئاتىلىدىغان كەنتكە توغرا كېلىشى، تۆشۈكتاش قورۇلىنىڭ ھەقىقەتەن چىڭ سۇلالىسى داۋگۇاڭ يىللىرىدا تەسىس قىلىنغان قاراۋۇلخانا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

تۆشۈكتاش قاراۋۇلخانىسىنىڭ جۇغراپىيىلىك كوردىناتى شەرقىي مېرىدىئان 75°44′ ، شىمالىي كەڭلىك 39°42′ لۇق ئورۇنغا توغرا كېلىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1560 مېتىر.

### 3. ئوپال ئارت قاراۋۇلخانىسى

ئوپال ئارت قاراۋۇلخانىسى قەدىمدىن بۇيان ناھايىتى مۇھىم قاراۋۇلخانىلارنىڭ بىرى. بۇ ئورۇننىڭ نامى ھازىرمۇ شۇنداق ئاتىلى-

دۇ. بۇ قاراۋۇلخانا كونىشەھەر ناھىيىسى ئوپال يېزىلىق ھۆكۈمەت-
نىڭ غەربىي شىمالىدىن 13 كىلومېتىر يىراقتىكى ئوپال ئارت دەپ
ئاتىلىدىغان يېزا ئىگىلىك مەيدانىغا جايلاشقان. قاراۋۇلخانىنىڭ
كونكرېت ئورنى ئوپال ئارت كەنتىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى 1.5
كىلومېتىر ئەتراپىدىكى قىيپاش ئېگىزلىك ئۈستىدە. بۇ يەر نىسبە-
تەن ئېگىز بولغانلىقتىن، يەرلىك كىشىلەر «ئوپال» سۆزىنىڭ ئارقى-
سىغا تۈركىي تىلدىكى «داۋان» دېگەن مەنىدىكى «ئارت» سۆزىنى
قوشۇپ، بۇ يەرنى «ئوپال ئارت قاراۋۇلخانىسى»، يەنى ئوپال داۋىنى-
دىكى قاراۋۇلخانا دەپ ئاتاشقان. ئوپال ئارت قاراۋۇلخانىسى تاشقور-
غان تەۋەسىدىكى تاغ يوللىرىغا ئۆتۈشتىكى مۇھىم قاراۋۇلخانىلارنىڭ
بىرى بولۇپ، قاراۋۇلخانا تەسىس قىلىنغان جايدا تۇرۇپ ئوپال ئارت
كەنتى تەۋەسىدىكى چوڭ - كىچىك يوللارنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئوپال
ئارت كەنتىدىكى ئىبراھىم زۇنۇن ئىسىملىك ئوتتۇزدىن ئاشقان كىشىنىڭ
ئىلگىرى كىشىلەرگە سۆزلەپ بېرىشىچە، ئازادلىقتىن ئىلگىرى بۇ
يەردە نەچچە ئون چېرىك تۇرىدىغانلىقى؛ قاراۋۇلخانا ئەسلىھەلىرى
جايلاشقان ئورۇننىڭ تەخمىنەن 30 مو ئەتراپىدا ئىكەنلىكى، قاراۋۇل-
خانا قورغان تاملىرىنىڭ ئېگىزلىكى 10 مېتىر، قېلىنلىقى 3 مېتىر
كېلىدىغانلىقى؛ ئازادلىقتىن كېيىن بۇ قاراۋۇلخانىنىڭ ئەمەلدىن
قالدۇرۇلۇپ، دېھقانلار قاراۋۇلخانا تاملىرىنى چېقىپ، ئۇنىڭ توپى-
سىنى يەرلىرىگە ئوغۇت قىلىپ ئىشلىتىپ تۈگەتكەنلىكى مەلۇم.
بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئوپال ئارت داۋىنى ئۈستىدە شۇ چاغدىكى قاراۋۇلخا-
نىنىڭ ئاندا - ساندا ئىزنالىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

ئەنگلىيىلىك مەشھۇر ئارخېئولوگ ئاۋرېل ستەيىن يازغان
«ئاسىيانىڭ كىندىكىدە ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيە خاتى-
رىسى» ناملىق كىتابىتىكى خەرىتىدە بۇ قاراۋۇلخانىنىڭ
نامى «oplat—karauL»[1]. دەپ كۆرسىتىلگەن. ئاۋرېل. ستە-

---

[1] «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ زېمىنلىرى ۋە سىياسىي مەدەنىيىتى» ناملىق كىتاب، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، (خەنزۇچە) 2003. يىلى نەشرى.

يىنىڭ خەرىتىسىدە «oplat—Karaul» دەپ كۆرسىتىلگەن ئورۇنىنىڭ جۇغراپىيىلىك كوردىناتى شەرقىي مېرىدىئان 75°24′، شىمالىي كەڭلىك 39°21′ لۇق ئورۇندا بولۇپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ خاتىرىلىرىدە تىلغا ئېلىنغان ئوپال ئارت قاراۋۇلخانىسى دەل ئاشۇ ئورۇندىدۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوپال ئارت كەنتىنىڭ جۇغراپىيىلىك كوردىناتى بىلەن ئاۋرېل ستەيىننىڭ خەرىتىدە كۆرسىتىپ ئۆتكەن كوردىناتى ئوپال ئارت دەپ ئاتىلىدىغان تۆپىلىكنىڭ ئورنى بىلەن ئوخشاش، بۇ ئورۇننىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1740 مېتىر.

### 4. مىڭيول قاراۋۇلخانىسى

مىڭيول قاراۋۇلخانىسىمۇ قەشقەر دائىرىسىدىكى قەدىمكى مۇھىم قاراۋۇلخانىلارنىڭ بىرى. بۇ قاراۋۇلخانىنىڭ نامى ئاشۇ جايغا يەر نامى بولۇپ سىڭىپ كەتكەن بولۇپ، كونشەھەر ناھىيىسىنىڭ مۇج يېزىسىنىڭ مىڭيول كەنتىنىڭ ئاھالىلەر كومىتېتى تۇرۇشلۇق جاي دەل مىڭيول قاراۋۇلخانىسىنىڭ ئەسلىدىكى ئورنىدۇر. مىڭيول قاراۋۇلخانىسى قەدىمدە ئاساسلىقى قەشقەر بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەللەرنىڭ پۇقرالىرىنىڭ باردى - كەلدى قىلىش جەريانىدىكى يول خەتلىرىنى تەكشۈرىدىغان، سودا تاۋارلىرىدىن چېگرا باج - خىراجلىرىنى يىغىۋالىدىغان مۇھىم ئورگان ۋە چېگرا مۇداپىئە ئەسكەرلىرى تۇرىدىغان ھەربىي گازارما بولغان. چاررۇسىيىلىك كورپاتكىن 1876- يىلى يازغان «قەشقەرىيە» ناملىق كىتابىدا مىڭيول قاراۋۇلخانىسىنى تەسۋىرلەپ: «بۇ قاراۋۇلخانىنى تۆت چاسا سېپىل تام ئېھاتىلەپ تۇرىدۇ. سېپىل تاملارنىڭ ئۈستىدە مۇداپىئە ھەم ھۇجۇم قىلغىلى بولىدىغان كۆڭگۈرە - خوختۇلار بار. قاراۋۇلخانا تاملىرىنىڭ يول تەرەپكە قارىغان تەرىپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 33 مېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ، سېپىلنىڭ ئىچىدە تۆپىسى ئوچلۇق شەكىلدىكى ئۆيلەر بار»[1]. دەپ

① «قەشقەرىيە» 1982- يىلى شاڭۋۇ نەشرىياتى (خەنزۇچە نەشرى) 254 ـ، 255- بەتلەر.

يازغان. شۇ يەرلىك ئوسمان ھوشۇر ئىسىملىك بىر ئاقساقال ئىلگىرى بۇ يەرنى تەكشۈرگىلى كەلگەنلەرگە: «مىڭيول كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىن 100 مېتىرچە ئەتراپتا ئۇزۇنلۇقى 100 مېتىر، ئېگىزلىكى 2 مېتىر كەلگۈدەك سېپىل تام بار بولۇپ، بۇ تامنىڭ مىڭيول قاراۋۇلخانىسىنىڭ ئارقا تېمى ئىكەنلىكىنى، قاراۋۇلخانىنىڭ شەرقىدىن 100 مېتىر يىراقلىقتىكى ئورۇندا ئېگىزلىكى تەخمىنەن 5 مېتىر ئۆپچۆرىسىدە كېلىدىغان كۆزىتىش پوتىيى بارلىقىنى، ئىلگىرى بۇ يەردە يەنە بىر بۇتخانىمۇ بولۇپ، بۇتخانا ئىچىدە ئۇزۇن ئۆرۈم چاچ قويغان ئەسكەرلەر تاۋاپ قىلىدىغان ئالتە دانە بۇت ھەيكىلى بارلىقىنى» سۆزلەپ بەرگەن ئىكەن.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ يىللىرىدا چىڭ سۇلالىسى گېنېرالى لىيۇ جىنتاڭ مىڭيول قاراۋۇلخانىسىدا بولغان ئۇرۇشتا ياقۇپبەگنىڭ بىر بۆلەك قوشۇنلىرىنى يوقاتقان ھەمدە ئۇرۇش غەلىبىسى ئۈچۈن بۇ يەردە بىر دانە تۆھپە ئابىدە تېشى تىكلىگەن. شۇ چاغدا تىكلەنگەن تۆھپە ئابىدە تېشى ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلانماقتا.

مىڭيول قاراۋۇلخانىسىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 75°32′، شىمالىي كەڭلىك 39°34′ لۇق ئورۇنغا توغرا كېلىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1320 مېتىر.

## 5. بارخان قاراۋۇلخانىسى ۋە سوغۇن قاراۋۇلخانىسى

«مۇسۇلمانلار رايونىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» (回疆通志) نىڭ 7-جىلدىدا «بارخان قورۇلى قەشقەرنىڭ شەرقىي شىمالىدىن 150-چاقىرىم نېرىدا» دەپ خاتىرىلەنگەن. «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دىكى 82-خەرىتىدە «بارخان ئىچكى قورۇل، ئۇ (باقان قورۇل دەپمۇ ئاتىلىدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن. مۇشۇ خاتىرىدىن قارىغاندا، بارخان قورۇلىنىڭ ئورنى بۈگۈنكى قەشقەر-ئۈرۈمچى تاشيولىنىڭ ئاتۇش دائىرىسىدىكى يەتتە تاش دەپ ئاتىلىدىغان جايغا توغرا كېلە-

دۇ. مۇساپە ئارىلىق توغرا كېلىپلا قالماي، بۇ يەردىكى يەتتە تاش دېيىلىدىغان جاينى يەرلىك كىشىلەر باش باقان دەپ ئاتىشىدۇ. شۇ جاينىڭ غەربىي شىمالىدىن 5 چاقىرىم نېرىدا يەنە «بارخان»، يەنە بىر نامى «كونا قارۇل» دەپ ئاتىلىدىغان جاي بار. «ئاتۇش ناھىيە يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە «بۇ يەر مۇھىم قاتناش تۈگۈ-نى، بۇ جايدا چىڭ دەۋرىدىن باشلاپ قاراۋۇلخانا تەسىس قىلىنغان، شۇڭا بۇ يەرنى كىشىلەر (كونا قارۇل) دەپ ئاتىشىدۇ» دەپ ئىزاھات بېرىلگەن. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، قەشقەر - ئۇرۇمچى تاشيولىنىڭ ئاتۇش دائىرىسىدىكى يەتتە تاش دەپ ئاتىلىدىغان يېرىگە يېقىن بولغان بارخان (Baqan) دەپ ئاتىلىدىغان جاي دەل چىڭ دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان مۇھىم ئىچكى قاراۋۇلخانىنىڭ ئورنىدۇر. يېقىنقى زاماندا ئىشلەنگەن 100 مىڭدىن بىرلىك خەرىتىدە بۇ ئورۇننىڭ كوردىناتى شەرقىي مېرىدىئان '76°21، شىمالىي كەڭلىك '39°49 لۇق ئورۇندا كۆرسىتىلگەن.

بارخان قاراۋۇلخانىسىنىڭ شەرقىدە سوغۇن قاراۋۇلخانىسى (بۇ يەرنىڭ نامىنى بۈگۈنكى كۈندىمۇ كىشىلەر سوغۇن چازا دەپ ئاتىشى-دۇ) دەپ ئاتىلىدىغان يەنە بىر ئىچكى قاراۋۇلخانا بار. «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە «بارخان قاراۋۇلخانىسىنىڭ شەرقىدىن 100 چاقىرىم نېرىدا سوغۇن قاراۋۇلخانىسى بار» دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ دەل ھازىرقى قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى بىلەن قەشقەر ۋىلايىتى پەيزاۋات ناھىيىسىنىڭ چېگرىسىدىكى «سوغۇن چازا» دەپ ئاتىلىدىغان ئورۇندۇر. ستەيننىڭ خەرىتىسىدىمۇ بۇ يەرنىڭ نامى (Sughum—Karaul) دەپ خاتىرىلىنىپ، كوردىناتى شەرقىي مېرىدىئان '76°46، شىمالىي كەڭلىك '39°58 لۇق ئورۇندا دەپ كۆرسىتىل-گەن. پەيزاۋات ناھىيىسىنىڭ 200 مىڭدىن بىرلىك خەرىتىلىك تەزكىرىسىدىمۇ «بارخاننىڭ شەرقىي شىمالىدىن 40 چاقىرىملىق جايدىكى يايلاقتا «سوغۇن چازا» (苏公卡) بار دېيىلىپ، ئۇنىڭ جۇغراپىيە-لىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان '76°41، شىمالىي كەڭلىك '39°58

لوق ئورۇندا كۆرسىتىلگەن. دېمەك، بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان «بارخان» ۋە «سوغۇن چازا» دەپ ئاتىلىدىغان ئىككى ئورۇن چىڭ سۇلالىسىنىڭ داۋگۇاڭ يىللىرى (1828-يىلى) قەشقەردە تەسىس قىلىنىدى دەپ «چىڭ سۇلالىسى شۈەنزوڭ خاتىرىلىرى» (清宣宗实录) دە خاتىرىلەنگەن قاراۋۇلخانىلارنىڭ ئورنىدۇر.

## 6. يىلان قوش قاراۋۇلخانىسى

«مۇسۇلمانلار رايونلىرىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» (回疆通志) دە، «يىلان قوش قاراۋۇلخانىسى قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدىن 120 چاقىرىم نېرىدا، (بارخان) قاراۋۇلخانىسىنىڭ غەربىدىن 70 چاقىرىملىق ئورۇندىدۇر» دەپ خاتىرىلەنگەن. «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» نىڭ 86-جىلدىدا «يىلان قوش قاراۋۇلخانىسى يىلان قوش (بەزىلەر بۇ دەريانى يىلانباش، يىلانئۇاس دەپ ئاتايدۇ. ئا) دەرياسىنىڭ بويىدا. بۇ دەريانىڭ مەنبەسى تۇگۇرمەندىن باشلىنىپ يىلانباش قاراۋۇلخانىسىغا كەلگەندە ئىككى تارماققا بۆلۈنىدۇ، بىر تارماق ئېقىن ئاغۇ يېزىسىدىن بارخانغا ئېقىپ بېرىپ ئاخىرلىشىدۇ، يەنە بىر تارماق ئېقىن ئاستىن ئاتۇشقىچە ئېقىپ بېرىپ، تۆشۈكتاش دەرياسى بىلەن بىرلىشىپ كېتىدۇ[1]» دەپ خاتىرىلەنگەن. بىز بۇ خاتىرىدە تىلغا ئېلىنغان «تۇگۇرمەن»، «ئاغۇ»، «ئاستىن ئاتۇش» قاتارلىق يەر ناملىرىنى يىپ ئۇچى قىلىپ تۇرۇپ تەھلىل قىلساق، بۇ خاتىرىدە تىلغا ئېلىنغان يەر ناملىرىدا تا بۈگۈنگىچە ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىغان، ئۇنىڭدىكى مۇساپە ۋە ئورۇنلار «مۇسۇلمانلار رايونىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» دىكى بىلەن ئوخشاش. ئەمما، چىڭ سۇلالىسىنىڭ خاتىرىسىدە كۆرسىتىلگەن يىلانباش دەرياسى ھازىرقى زامان خەرىتىسىدە «بوغوز» دەرياسى دەپ كۆرسىتىلگەن. بوغوز دەرياسىنىڭ مەنبەسىمۇ

① «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ زېمىنلىرى ۋە سىياسىي مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، (خەنزۇچە) 2003-يىلى نەشرى.

ئاتۇشنىڭ تۇگۇرمەندىن باشلىنىپ، ئاغۇ يېزا دېھقانچىلىق مەيدانىدا
ئىككىگە ئايرىلىدۇ. ئېقىننىڭ بىر تارمىقى ئاغۇ تەرەپكە، يەنە بىر
تارمىقى ئاتۇش شەھىرىگە قاراپ ئاقىدۇ. ئاۋرىل ستەيىن سىزغان
خەرىتىدە بۇ دەريانىڭ بۆلۈنۈپ ئاقىدىغان يېرىنىڭ نامىنى «يىلان
قوش قاراۋۇل» (Yilan—hos—Karaul) دەپ كۆرسەتكەن. «ئاتۇش
ناھىيىسىنىڭ يەر مانلىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» ( 阿图什县地
名图志 ) دە ئىزاھلانغان خاتىرىلەر «يىلان قوش قاراۋۇلخانىسى» نىڭ
ئورنىنى، دەۋرىنى ئېنىقلاشتىكى تەتقىقاتىمىزنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈ-
رىدۇ. «ئاتۇش ناھىيىسىنىڭ يەر نامىلىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە
«دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ ئورگانلىرى قارۇلدا، بۇ يەر تۇگۇرمەن يې-
زىغا ۋە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا بارىدىغان مۇھىم يول بولغانلىق-
تىن، چىڭ دەۋرىدىن تارتىپ بۇ يەردە قاراۋۇلخانا تەسىس قىلىنىپ،
چېرىك تۇرغۇزۇلغان» دەپ ئىزاھات بېرىلگەن. مۇشۇ خاتىرىگە ئاسا-
سەن، بىز ئاتۇش ناھىيىسىنىڭ ئاغۇ يېزا دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى
«قارۇل» دەپ ئاتالغان جاينى چىڭ سۇلالىسى خاتىرىلىرىدە قەيت
قىلىنغان يىلانۋاس ( 伊兰瓦斯 ) ، ئاۋرىل ستەين سىزغان خەرىتە
كۆرسىتىلگەن يىلان قوش قاراۋۇلخانىسى دەپ ھۆكۈم قىلالايمىز
يىلان قوش قاراۋۇلخانىسىنىڭ بۈگۈنكى زامان 100 مىڭدىن بىرل-
ىك خەرىتىدە كۆرسىتىلگەن جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرى-
دىئان 76°3′ ، شىمالىي كەڭلىك 39°50′ لۇق ئورۇن بىلەن ئاۋرىل
ستەيىننىڭ خەرىتىسىدە كۆرسىتىلگەن جۇغراپىيىلىك ئورۇن گىرا-
دۇسلىرىنىڭ كوردىناتلىرى ئوخشاش.

## 7. ئىسلاق قاراۋۇلخانىسى

ئىسلاق قاراۋۇلخانىسىنىڭ ئورنىنى ھازىرقى زامان خەرىتىلىرى-
دىن تاپقىلى بولمايدۇ. ئۇ ئۇلۇغچات ناھىيىسىنىڭ تېرەك يېزىسى
تەۋەسىدىكى بىر كونا قاراۋۇلخانىنىڭ نامى بولۇپ، «مۇسۇلمانلار
رايونىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» ناملىق كىتابتا «ئىسلاق قاراۋۇلخا-

نىسنى قەشقەر شەھىرىنىڭ شىمالىدىن 150 چاقىرىم يىراقتا، يىلان قوش قاراۋۇلخانىسىنىڭ غەربىدىن 60 چاقىرىم يىراقتا، تۆشۈكتاش قاراۋۇلخانىسىنىڭ شەرقىدىن 50 چاقىرىم يىراقتا[1]» دەپ خاتىرلەنگەن. «مۇسۇلمانلار رايونىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» ناملىق كىتابتا دېيىلگەن ئورۇن بويىچە ئىزدەپ، ئۇنى ئاۋرىل ستەيىن سىزغان خەرىتىدە كۆرسىتىلگەن «ئىسلاق قاراۋۇل» (Islak — KarauL) دېگەن ئورۇن بىلەن سېلىشتۇرساق، چىڭ سۇلالىسى داۋگۇاڭنىڭ 8-يىلى تەرتىپكە سېلىنغان قاراۋۇلخانىلار قاتارىدا تىلغا ئېلىنغان، «ئىسلاق 伊斯里克 » قاراۋۇلخانىسىنىڭ ئورنىنىڭ دەل ئۇلۇغچات ناھىيىسىنىڭ تېرەك يېزىسىغا تەۋە بولغان «قارۇل» دەپ ئاتىلىدىغان كەنتكە توغرا كېلىدىغانلىقىنى كۆرىمىز. ئىسلاق قاراۋۇلخانىسىنىڭ 100 مىڭدىن بىرلىك خەرىتىدىكى جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 75°48′، شىمالىي كەڭلىك 39°50′ لۇق ئورۇنغا توغرا كېلىدۇ.

## 8. جولۇقباش قاراۋۇلخانىسى

جولۇقباش قاراۋۇلخانىسى قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ شىمالىي لىنىيىسىنىڭ پامىر ئېگىزلىكىدىن ھالقىيدىغان بۆلىكى ئۈستىدىكى مۇھىم ئىچكى قاراۋۇلخانىلارنىڭ بىرى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ خەرىتىلەر توپلىمىدا بۇ ئورۇننىڭ ئىسمى كۆرسىتىلگەن. ئۇ كونىشەھەر ناھىيىسى ئوپال يېزىسىنىڭ جەنۇبىدىكى جۇڭگو - پاكىستان تاشيولى، يەنى 314- نومۇرلۇق دۆلەت تاشيولى ئۈستىدىكى جولۇقباش(Juluk—bax) كەنتىدە بولۇپ، ھازىر بۇ جاي ئاقتۇ ناھىيە قاراكېچىك يېزىسىغا تەۋە «مۇسۇلمانلار رايونىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» ( 回疆通志 ) ناملىق قەدىمكى مەنبەدە قەيت قىلىنغان جولۇقباش قاراۋۇلخانىسىنىڭ ئورنى بىلەن ئۇنىڭ ھازىرقى زام-

---

① «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ زېمىنلىرى ۋە سىياسىي بەدەنىيىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، (خەنزۇچە) 2003- يىلى نەشرى.

ـان خەرىتىلـــىرىدە كۆرسىتىلـگــەن ئورنـى بىردەكلىككە ئىگە.
ئاۋرىل ستەيىن كىتابىـىدىـكى خـەرىتــىـدە بۇ يەرنىڭ نامى «يـ-
ـودوڭبــاش» (Yodongh—bashi) دەپ كۆرسىتىلگەن. جۇغراپىيە-
لىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 75°31′، شىمالىي كەڭلىك 39°13′ لۇق
ئورۇندا كۆرسىتىلگەن. گەرچە ئاۋرىل ستەيىن خەرىتىسىدە بۇ يەر-
نىڭ نامى «يودوڭباش» دەپ كۆرسىتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ
كۆرسىتىلگەن جۇغراپىيىلىك كوردىنات شەرقىي مېرىدىئاندا 2′ لۇق
پەرق بىلەن هازىر «چولۇكباش» ياكى «جولۇقباش» دەپ ئاتىلىدىغان
ئورۇننىڭ هازىرقى زامان خەرىتىلىرىدە كۆرسىتىلگەن ئورنىغا دەل
كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يەردە، يەنى تاش يولنىڭ غەربىي ياقىسىدا
ئېينى چاغدىكى قاراۋۇلخانىنىڭ كۆزەتخانىسى قىلىنغان پوتەينىڭ دۆ-
ۋىلىنىپ تۇرغان توپىلىرى بار. يەرلىك پېشقەدەملەرنىڭ سۆزلەپ
بېرىشىچە، بۇ يول ئوپال تەۋەسىدىكى تاشقورغان، ئاقتۇ ۋە يېڭىسار
تەرەپلەرگە بارغىلى بولىدىغان يول بولۇپ، بۇ قاراۋۇلخانىدا ئىلگىرى
ئاتلىق چارلىغۇچى ئەسكەرلەر بولغان. يولنىڭ ئۈستىگە نىشان كۆر-
سەتكۈچ بەلگىسى ئورنىتىلغان. قاراۋۇللۇق قىلىدىغان ئەسكەرلە
قەرەللىك هالدا دەرەخ شاخلىرىدىن ياسالغان شاخ سۆرەمنى ئاتا
سۆرىتىش ئارقىلىق يول ئۈستىدىكى ئىزلارنى ئۆچۈرۈپ، بۇ يولدىن
ئۆتكەن - كەچكەن ئادەم ۋە كارۋانلارنىڭ يول خەتلىرىنى تەكشۈرۈپ،
گۇمانلىق ئىزلارنى خاتىرىلەپ تۇرغان ئىكەن. «چىڭ سۇلالىسى
شۈەنزوڭ خاتىرىلىرى» دە ۋە «مۇسۇلمانلار رايونىنىڭ ئومۇمىي تەز-
كىرىسى» قاتارلىق خاتىرىلەردە كۆرسىتىلگەن بۇ قاراۋۇلخانىنىڭ
قەدىمدە ھەقىقەتەن مۇھىم بىر ئىستراتېگىيىلىك ئورۇن ئىكەنلىكى
ئۆز - ئۆزىدىن بىلىنىپ تۇرىدۇ. هازىرقى كۈندىمۇ بۇ ئورۇندىن ئاقتۇ
ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى قاتناش باشقۇرۇش چوڭ
ئەترىتى قاتناش ۋاستىلىرىنى باشقۇرۇشتا ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ
كەلمەكتە.

## 9. يۇرۇكچى قاراۋۇلخانىسى

يۇرۇكچى قاراۋۇلخانىسىنىڭ ئورنى ياكى نامىنى ھازىرقى زامان خەرىتىلىرىدىن تاپقىلى بولمايدۇ. «شىنجاڭ توغرىسىدىكى ئىزاھاتلار» ( 新疆识略 ) ناملىق كىتابتا «يۇرۇكچى قاراۋۇلخانىسى قەشقەر شەھىرىنىڭ غەربىدىن 150 چاقىرىم نېرىدا، يۇدۇڭباش يەنى جولۇقباش قاراۋۇلخانىسىنىڭ جەنۇبىدىن 50 چاقىرىملىق جايدا[1]» دەپ خاتىرىلەنگەن. «مۇسۇلمانلار رايونىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» ( 回疆通志 ) دە «يۇرۇكچى قاراۋۇلخانىسى جولۇقباش قاراۋۇلخانىسىنىڭ جەنۇبىدىن 15 چاقىرىم نېرىدا» دەپ يېزىلغان. كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ تاشمىلىق يېزىسىنىڭ گەز دەرياسى تەرەپتىكى تاغ ئېغىزىغا يېقىن كېلىدىغان جايدا «چام ئېرىق» دەپ ئاتىلىدىغان بىر كەنت بار. شۇ يەردىكى پېشقەدەملەرنىڭ دەپ بېرىشىچە، بۇ يەرنىڭ ئەسلىي نامى «يۇرۇكلۇك» (Yurukluk) بولۇپ، كېيىنچە ھازىرقى «چام ئېرىق» دىگەن نام بىلەن ئاتىلىپ قالغان. خەنزۇچە مەنبەلەردىمۇ بۇ قاراۋۇلخانىنىڭ نامىنى «يېرگېچۇ كالۇن» ( 伊尔古楚卡伦 ) دەپ خاتىرىلەنگەن. بىز ئەمەلىي تەكشۈرۈش نەتىجىسى، تارىخىي خاتىرىلەر ۋە ئۇنىڭدا كۆرسىتىلگەن مۇساپىلەر ئاساسىدا، كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ تاشمىلىق يېزىسىغا تەۋە «چام ئېرىق» ياكى «چامچى ئېرىق، چالما ئېرىق» دەپ ئاتىلىدىغان كەنتنىڭ تەۋەسىدە چىڭ سۇلالىسىنىڭ مەنبەلىرىدە تىلغا ئېلىنغان «يۇرۇكچى» ( 伊尔古楚 ) ياكى «يۇرۇقلۇق» دېيىلگەن ( 伊勒古楚 ) قاراۋۇلخانىلارنىڭ بولغانلىقىنى تەخمىن قىلالايمىز. بۇ يەرنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 75°34′، شىمالىي كەڭلىك 39°6′ قا توغرا كېلىدۇ.

## 10. تۇمشۇق قاراۋۇلخانىسى

تۇمشۇق قاراۋۇلخانىسى يېڭىسار ناھىيىسى تەۋەسىدىكى قەدىمكى

[1] «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ زېمىنلىرى ۋە سىياسىي مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، (خەنزۇچە) 2003- يىلى نەشرى.

قاراۋۇلخانىلارنىڭ بىرى. تۇمشۇق قاراۋۇلخانىسى كونىشەھەر ناھىيىسى تاشمىلىق يېزا تەۋەسىدىكى «يۇرزۇكچى» قاراۋۇلخانىسى بىلەن بىر پاراللېلغا توغرا كېلىدۇ. «شىنجاڭ توغرىسىدا ئىزاھاتلار» (新疆识略) ناملىق كىتابتا «يېڭىسار مەھكىمىسىنىڭ غەربىي شىمالىدىن 60 چاقىرىم يىراقتىكى تۇمشۇق قاراۋۇلخانىسى بىلەن كونىشەھەر ناھىيىسى تاشمىلىق يېزا تەۋەسىدىكى يۇرزۇكچى قاراۋۇلخانىسىنىڭ ئارىسىدىكى مۇساپە 110 چاقىرىم كېلىدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن. «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دىكى 58- خەرىتىدە (يېڭىسار مەھكىمىسى خەرىتىسى) تۇمشۇق قاراۋۇلخانىسىنىڭ ئېنىق ئورنى كۆرسىتىلگەن ھەم ئۇ گەز دەرياسىنىڭ بىر تارمىقىنىڭ كۆسەن دەرياسى بىلەن قوشۇلۇش نۇقتىسىنىڭ جەنۇبىدا، كۆسەن دەرياسى بىلەن يېڭىدىن چېپىلغان دەريا ئېقىن يولىنىڭ بۆلۈنۈش نۇقتىسىدا» دەپ ئىزاھاتلانغان. «تۇمشۇق» سۆزىنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى مەنىسى قۇشلارنىڭ تۇمشۇقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ يەر ناملىرى بولۇپ كەلگەندە دائىم تاغ - دەريا، ئېقىن ياكى ئېدىرلارنىڭ ئايرىلىش نۇقتىلىرىدىكى قۇشلارنىڭ تۇمشۇقىغا ئوخشايدىغان جايلارنىڭ نامىنى بىلدۈرىدۇ. يۇقىرىدىكى خاتىرىلەر ۋە خەرىتىلەردىكى ئىزاھاتلاردىن قارىغاندا، تۇمشۇق قاراۋۇلخانىسىنىڭ كونكرېت ئورنى يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ ئەگىس يېزا كامپا كەنتى ئەتراپىغا توغرا كېلىدۇ. كامپا كەنتى بىلەن يېڭىسار ناھىيە بازىرىنىڭ ئارىلىقى 30 كىلومېتىر كېلىدۇ. تۇمشۇق قاراۋۇلخانىسى كامپادىكى كۆسەن دەرياسىنىڭ تاغدىن چىقىش ئېغىزى كۆسەن دەرياسى بىلەن تېۋىز ئۆستەڭ (تېۋىز ئۆستەڭ دەپ ئاتىلىدىغان بۇ ئۆستەڭ ئازادلىقتىن كېيىن كېڭەيتىپ يېڭىدىن قېزىلغان) نىڭ ئايرىلىش نۇقتىسىدىكى تۇمشۇقسىمان (قۇش تۇمشۇقىغا ئوخشاش) جايدا بولغانلىقتىن شۇنداق ئاتالغان بولۇشى مۇمكىن. تۇمشۇق قاراۋۇلخانىسىنىڭ ئورنى توغرىسىدىكى قاراشنى تۆۋەندىكى بىرقانچە تۈرلۈك خاتىرىلەر تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ بېرىدۇ.

1. ئەنگلىيىلىك مەشھۇر ئارخېئولوگ ئاۋرېل ستەيىن سىزغان

خەرىتىدە، كۆسەن دەرياسىنىڭ بۆلۈنۈش ئېغىزى بولغان «تۈمشۇق»تا «چوڭ قاراۋۇل» (Chong—KarauL) بار دەپ كۆرسىتىلگەن. مىنگونىڭ 24- يىلى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن سىزىلغان خەرىتىدە بۇ ئورۇننى «چاڭكا» (昌卡)، يەنى مەنىسى بويىچە ئېيتقاندا «چوڭ قاراۋۇل» دەپ كۆرسىتىلگەن. بۇ ئىككى خاتىرىدە كۆرسىتىلگەن ئورۇننىڭ ھەر ئىككىلىسى ئەگۈس يېزىسىنىڭ كامپا كەنتىدە.

2. «مۇسۇلمانلار رايونىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» (回疆通志) دە «تۈمشۇق قاراۋۇلخانىسىنىڭ ئەتراپىدا (خان تېرەك) دەپ ئاتىلىدىغان يەنە بىر كىچىك قاراۋۇلخانا بار، ئىككىسىنىڭ ئارىلىقى 20 چاقىرىمچە كېلىدۇ» دەپ كۆرسىتىلگەن. ھازىرقى كامپا كەنتى تەۋەسىدىكى كۆسەن دەرياسىنىڭ ئايرىلىش بۆلىكىدىن يۇقىرىغا قاراپ 1 كىلومېتىر ئەتراپىدا ماڭغاندا دەل بۇ كىتابتا تىلغا ئېلىنغان «خان تېرەك» (Hanterek) دەپ ئاتىلىدىغان يەرگە بارغىلى بولىدۇ. بۇ يەر تۈمشۇق قاراۋۇلخانىسى ئەتراپىدىكى كىچىك قاراۋۇلخانا «خان تېرەك قاراۋۇلخانىسى» نىڭ ئورنىدۇر.

3. «مۇسۇلمانلار رايونىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» دە يەنە «يېڭىسار ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي شىمالىدىن 50 چاقىرىملىق جايدا (كامپا قاراۋۇلخانىسى) بار، مۇشۇ قاراۋۇلخانا تەۋەسىدە يەنە (خان تېرەك قاراۋۇلخانىسى) بار» دەپ يېزىلغان خاتىرىمۇ بار.

4. بىز يەنە يەر ناملىرى ئاساسىدا قارىساق، ئەگۈس يېزىسىنىڭ كامپا كەنتىنىڭ جەنۇبىدىكى چۆللۈكنىڭ نامى ھازىرقى زامان خەرىتىسىدە «تۈمشۇقيار جاڭگىلى» دەپ ئېلىنغان. بىز يۇقىرىدىكى تۆت خىل خاتىرىنى ئەمەلىيەتكە سېلىشتۇرۇپ، يېڭىسار ناھىيىسى تەۋەسىدىكى «تۈمشۇق قاراۋۇلخانىسى» نىڭ دەل يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ ئەگۈس يېزا كامپا كەنتىدە ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرەلەيمىز. تۈمشۇق قاراۋۇلخانىسىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېردىئان 75°49′،

شىمالىي پاراللېل ′58°38 لۇق ئورۇندا، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1660 مېتىر.

### 11. ئۇلۇغ قاراۋۇلخانىسى

چىڭ سۇلالىسى مەنبەلىرىدە تىلغا ئېلىنغان ئۇلۇغ قاراۋۇلخانىسىمۇ يېڭىسار ناھىيىسى تەۋەسىدىكى كونا قاراۋۇلخانىلارنىڭ بىرى. «مۇسۇلمانلار رايونىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» ناملىق كىتابتا: «ئۇلۇغ قاراۋۇلخانىسى يېڭىسار ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇبىغا 90 چاقىرىم كېلىدىغان جايدا» دەپ خاتىرىلەنگەن. «شىنجاڭ توغرىسىدىكى ئىزاھاتلار» ( 新疆识略 ) ناملىق كىتابتا: «ئۇلۇغ قاراۋۇلخانىسى» يېڭىسار ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇبىدىن 100 چاقىرىم يىراقتا» دەپ ئىزاھلىنىپ، خەرىتىدىكى ئورنى توپلۇق (يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ توپلۇق يېزىسى) تەۋەسىدىكى ھەربىي پوتەينىڭ غەربىي جەنۇبىدا كۆرسىتىلگەن. مۇشۇ خەرىتىدىكى كۆرسەتمە بويىچە ئىزدىسەك، بىز ھازىرقى زامان خەرىتىسىدە كۆرسىتىلگەن «ئېگىز يار» ياكى «ئېگىز يەر» دەپ ئاتىلىدىغان بىر مەھەللىنى تاپىمىز. بۇ مەھەللە ھازىر يېڭىسار ناھىيىسىگە قاراشلىق ئېگىز يەر يېزىسى بولۇپ، ئاشۇ يېزىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى «يىرىگباش مازار» ۋە «قارا باش تاغ» دەپ ئاتىلىدىغان ئۇزۇك تاغلارنىڭ جەنۇبىغا توغرا كېلىدىغان ئاقتۇ ناھىيىسىگە تەۋە قىزىلتاغ يېزىسىغا كىرىشتىكى تاغ ئېغىزىدا ھازىرمۇ «قارۇل» دەپ ئاتىلىدىغان بىر جاي بارلىقىنى بىلىمىز.

«مۇسۇلمانلار رايونىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى»دە «يېڭىسار مەھكىمىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا ئېگىز يار قاراۋۇلخانىسى بار» دەپ خاتىرىلەنگەن. ئەنگلىيىلىك ئارخېئولوگ ئاۋرېل ستەيىن «ئاسىيانىڭ كىندىكىدە ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيە خاتىرىسى» (INteRMostAsia) ناملىق كىتابىغا قوشۇمچە قىلىنغان خەرىتىدىمۇ بۇ يەرنىڭ نامى «ئېگىز يار» (Igiz—yar) دەپ خاتىرىلەنگەندىن

باشقا، يەنە ئېگىز يارنىڭ جەنۇبىدىن ئانچە يىراق بولمىغان جايدا «كونا قاراۋۇل» بار دەپ ئىزاھات بېرىلگەن. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان «قاراۋۇل» دېيىلىدىغان جايدىن ئۆتكەندە پامىر ئېگىزلىكىنىڭ جەنۇبىدىكى تاغ يوللىرى ئارقىلىق ئافغانىستان، كەشمىر ۋە ھازىرقى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىلىرىگە بارىدىغان يوللارغا ئۆتكىلى بولىدۇ. XX ئەسىرنىڭ 40- يىللىرىغا قەدەر گومىنداڭنىڭ بىر تۈەن ئەسكىرى «قۇرۇل» دەپ ئاتىلىدىغان مۇشۇ تاغ ئېغىزىدا تۇرغۇزۇلغان. ئاۋرېل ستەيىن تىلغا ئالغان «كونا قاراۋۇل» دېگەن جاي بۈگۈنكى كۈندىمۇ «قاراۋۇل» دەپ ئاتىلىدىغان جاينىڭ ئۆزى بولۇپ، ئۇ چىڭ سۇلالىسى مەنبەلىرىدە كۆرسىتىلگەن «ئۇلۇغ قاراۋۇلخانىسى»نىڭ ئورنى، بۈگۈنكى زامانغا تەۋە 100 مىڭدىن بىرلىك خەرىتىدىمۇ بۇ يەرنىڭ ئورنى «كونا قاراۋۇل» دەپ كۆرسىتىلگەن. بۇ ئورۇننىڭ جۇغراپىيىلىك كوردىناتى شەرقىي مېرىدىئان 76°10′، شىمالىي كەڭلىك 38°38′ لۇق ئورۇنغا توغرا كېلىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1630 مېتىر. ئاۋرېل ستەيىن كىتابىدا يەنە «كىچىك قاراۋۇل» دەپ ئاتىلىدىغان بىر جاينىڭ بارلىقىنى ئىزاھلىغان بولۇپ، ئۇ ئىزاھلاپ كۆرسەتكەن «كىچىك قاراۋۇل» توغرىسىدا چىڭ سۇلالىسى مەنبەلىرىدىمۇ ئۇلۇغ قاراۋۇلخانا تەۋەسىدە يەنە «ئوردولۇق» دەپ ئاتىلىدىغان قاراۋۇلخانا بارلىقىنى ئەسكەرتكەن. ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ قىزىل تاغ يېزىسى تەۋەسىدە بۈگۈنمۇ «ئوردولۇق» دەپ ئاتىلىدىغان يەر ۋە «ئوردولۇق كۆمۈركېنى» دەپ ئاتىلىدىغان كۆمۈر كانىمۇ بار. بۇ يەرگە قىزىل تاغ ئېغىزىدىكى ھازىرمۇ «قاراۋۇل» دەپ ئاتىلىدىغان چىڭ سۇلالىسى مەنبەلىرىدە «ئۇلۇغ قاراۋۇلخانا» دەپ خاتىرىلەنگەن جايدىن جەنۇبقا قاراپ 7 كىلومېتىر ئۆپچۆرىسىدە ماڭغاندا بارغىلى بولىدۇ. «ئوردولۇق» دەپ ئاتىلىدىغان بۇ جاي تاغ يولىنىڭ بىر ئاچىلى بولغانلىقتىن، ئېھتىمال بۇ يەرگىمۇ قاراۋۇلخانا تەسىس قىلىنغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئەمما، يېقىنقى ۋە ھازىرقى زاماندىكى

تەزكىرە»، خەرىتە قاتارلىقلاردا بۇ يەردە ئىلگىرى قاراۋۇلخانا تەسىس قىلىنغانلىقى توغرىسىدا ھېچقانداق مەلۇماتلار يوق.

## 12. تەرەكچەك قاراۋۇلخانىسى

تەرەكچەك يېڭىسار ناھىيە بازىرىنىڭ غەرب تەرىپى بىلەن چېگرىلىنىپ تۇرىدىغان، يېرىمى يېڭىسارنىڭ چولپان يېزىسىغا، يەنە بىر قىسمى يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ شەھەر يېزىسىغا تەۋە بولغان بىر يۇرتنىڭ نامى بولۇپ، ئۇ يېڭىسار ناھىيىسىگە غەرب ۋە غەربىي جەنۇب تەرەپلەردىن كىرىشتە بېسىپ ئۆتىدىغان مۇھىم ئېغىز ھېسابلىنىدۇ. چىڭ سۇلالىسى مەنبەلىرىدە تىلغا ئېلىنغان «تەرەكچەك قاراۋۇلخانىسى» توغرىسىدا «مۇسۇلمانلار رايونىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» ناملىق كىتابتا ئىزاھات بېرىلىپ، «تەرەكچەك قاراۋۇلخانىسى يېڭىسار بازىرىنىڭ غەربىي شىمالىغا 60 چاقىرىم كېلىدىغان جايدا، ئۇنىڭ تومشۇق قاراۋۇلخانىسى بىلەن بولغان ئارىلىقى 50 چاقىرىم كېلىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن. «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دىكى 58-خەرىتىدە تەرەكچەكنىڭ ئورنى تېۋىز ئۆستەڭنىڭ غەربىي جەنۇب ياقىسىدىكى بىر جاينى كۆرسەتكەن. مۇشۇنىڭدىن قارىغاندا، يېڭىسار تەۋەسىدە «تەرەكچەك» دەپ ئاتىلىدىغان جايدىن ئىككىسى بار بولغان بولىدۇ. ئۇنىڭ بىرى ناھىيە بازىرىغا تەۋە تەرەكچەك، يەنە بىرى، تېۋىز ئۆستەڭنىڭ غەربىي جەنۇب ياقىسىدىكى تەرەكچەك د ەپ كۆرسىتىلگەن جاي. يېڭىسار ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى يەر ناملىرى ئىشخانىسىدىكى يولداشلارنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، يېڭىسارنىڭ ئەگۈس يېزا شەمىل كەنتىدىكى تېۋىز ئۆستەڭنىڭ غەربىي جەنۇبىدا ئىلگىرى چوڭ بىر قاراۋۇلخانا ئورنى بولغان. ھازىرقى 100 مىڭدەمىن بىرلىك خەرىتىدە ئۇلار كۆرسەتكەن جاينىڭ نامى «قارالڭ» ياكى «قامىراڭچى» دەپ ئىزاھلانغان. مۇشۇ جايدىن غەربىي جەنۇب تەرەپكە يەنە ئازراق سۈرۈلگەندە، خەرىتە يۈزىدە «تەرەكچەك ئېغىزى» دەپ ئاتالغان يەنە بىر جاينىڭ بارلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئەگۈس يېزا

شەمىل كەنتىدىكى تېۋىز ئۆستەڭنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى «قاراڭ» ياكى «قاراڭچى» دەپ ئاتىلىدىغان جايلارنىڭ چىلىڭ سۇلالىسىنىڭ داۋ. گۇاڭ يىللىرىدىكى «چىلىڭ سۇلالىسى شۇەنزۇڭ خاتىرىلىرى» دە كۆر. ستىلگەن «تەرەكچەك قاراۋۇلخانىسى» ( 特尔克奇卡伦 ) نىڭ ئور. نى ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا «مۇسۇلمانلار رايونىنىڭ ئومۇمىي تەزكى. رىسى» ناملىق كىتابتا ئىزاھلانغان «تەرەكچەك قاراۋۇلخانىسى» نىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز.

تەرەكچەك قاراۋۇلخانىسى يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇب چېگرىسىدىكى تاغ يوللىرىغا قارىتا چىلىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان ئىچكى قاراۋۇلخانىلارنىڭ بىرى. تەرەكچەك قاراۋۇلخانىسى. نىڭ جۇغراپىيىلىك كوردىناتى شەرقىي مېرىدىئان 75°56′، شىمالىي پاراللېل 38°54′ لۇق ئورۇنغا توغرا كېلىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىز. لىكى 1380 مېتىر.

## 13. تېۋىز قاراۋۇلخانىسى

چىلىڭ سۇلالىسى مەنبەلىرىدە خاتىرىلەنگەن تېۋىز قاراۋۇلخانىسى. مۇ يېڭىسار ناھىيىسى تەۋەسىدىكى قەدىمكى تاغ يولىدىكى قاراۋۇل. خانىلارنىڭ بىرى. «مۇسۇلمانلار رايونىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» ( 回疆通志 ) دە: «تېۋىز قاراۋۇلخانىسى يېڭىسار ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىن 30 چاقىرىم يىراقتا. ئۇنىڭ غەربىدىن 80 چاقى. رىم يىراقتا تەرەكچەك قاراۋۇلخانىسى بار، شەرقىدىن 90 چاقىرىم نېرىدا ئۇلۇغ قاراۋۇلخانا بار» دەپ كۆرسىتىلگەن. دېمەك، تېۋىز قاراۋۇلخانىسىنىڭ ئورنى «تەرەكچەك قاراۋۇلخانىسى» بىلەن «ئۇلۇغ قاراۋۇلخانىسى» نىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ، ئورۇن ۋە مۇساپىلەر بويىچە ھېسابلانغاندا، ئۇنىڭ ئورنى ئوچار يېزىسىنىڭ تەسەك كەنتىدىكى تېۋىز دەپ ئاتىلىدىغان جايغا توغرا كېلىدۇ. تېۋىز دەپ ئاتىلىدىغان بۇ مەھەللە ئازادلىقتىن كېيىن يېڭىسارنىڭ شاناز، يەنى سۆگەت، قىزىل، توپلۇق قاتارلىق يېزىلىرىغا سۇ باشلاش ئۈچۈن قېزىلغان

«ئېۋىز ئۆستەك» ياكى «تاش ئۆستەڭ» دەپ ئاتىلىدىغان چوڭ ئۆس-تەڭنىڭ غەربىي جەنۇب ياقىسىدا بولۇپ، يېڭىسار ناھىيە بازىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى 15 كىلومېتىر كېلىدۇ. ھازىرمۇ ئېۋىز دەپ ئاتىلىدىغان مۇشۇ يەردە، يەنى شۇ يەردىكى قاراخانىيلار سۇلالىسىگە تەۋە بولغان «ئېۋىز مازار» دېيىلىدىغان مازارنىڭ يېنىدا پامىر ئېگىز-لىكىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە سوزۇلغان كونا يول بار. ئېۋىز قاراۋۇل-خانىسىنىڭ جۇغراپىيىلىك كوردىناتى شەرقىي مېرىدىئان 75°56′، شىمالىي كەڭلىك 38°54′ لۇق ئورۇنغا توغرا كېلىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1390 مېتىر.

## 14. ئېرەك قاراۋۇلخانىسى

«مۇسۇلمانلار رايونىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» دە «ئېرەك قارا-ۋۇلخانىسى يېڭىسار ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن 130 چاقى-رىم نېرىدا، ئۇنىڭ ئۇلۇغ قاراۋۇلخانىسى بىلەن بولغان ئارىلىقى 60 چاقىرىم كېلىدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن. «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەز-كىرىسى» ( 新疆图志 ) نىڭ 58- خەرىتىسىدە بۇ قاراۋۇلخانىنىڭ ئورنى يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ قىزىل يېزىسىغا تەۋە ئېرەك سۇ بىلەن چامۇلۇن ئەتراپىدا كۆرسىتىلگەن. يېڭىسار ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈ-مىتى يەرناملىرى ئىشخانىسىدىكىلەرنىڭ تىزىملىكىدە «قىزىل يېزى-سىنىڭ ھاسا دەپ ئاتىلىدىغان جايىدا چوڭ بىر قاراۋۇلخانا ئىزى بار» دەپ ئىزاھلانغان. قىزىل يېزىسىنىڭ ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرى چامۇ-لۇن كەنتىدە «ئېرەك قاراۋۇلخانىسى» دەپ قارالغان جاينى چامۇلۇن-دىن باشلاپ ئارىلىق، مۇساپە بويىچە ھېسابلىساق، دەل قىزىل يېزى-سىغا تاغ تەرەپتىن ئېقىپ كېلىدىغان «ئېرەك سۇ» ئېقىنىنىڭ ئۆس-تىدىكى «ھاسا» (Hasa) دەپ ئاتىلىدىغان جايدىن چىقىدۇ سۇلالىسى مەنبەلىرىدە كۆرسىتىلگەن «ئېرەك قاراۋۇلخانىسى» نىڭ ئورنىنى تا-پالايمىز. ئاشۇ يەردىكى بىر قاقاس تاغ ئۈستىدە سېپىل تاملىرىنىڭ قالدۇقى ھېلىمۇ ئاز - تولا ساقلىنىپ تۇرغان، كۆلىمى خېلى چوڭ

بىر قاراۋۇلخانا ئىزى بار. «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1993- يىللىق خەنزۇچە 3- سانىدا بۇ ئورۇننى «قورغان چاسا قاراۋۇلخانا ئىزى» دەپ كۆرسەتكەن. تېرەك قاراۋۇلخانىسىنىڭ جۇغراپىيىلىك كوردىناتى شەرقىي مېرىدىئان 76°30′، شىمالىي كەڭ- لىك 38°33′ لۇق ئورۇنغا توغرا كېلىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1720 مېتىر.

## 15. پەيىك قاراۋۇلخانىسى

پەيىك قاراۋۇلخانىسى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ دەفتەر يېزىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىن 32 كىلومېتىر يىراقلىقتا جاي- لاشقان. بۇ قاراۋۇلخانا توغرىسىدا مەيلى چەت مەنبەلەردە بولسۇن ياكى مىنگو دەۋرىدىكى تەزكىرىلەردە بولسۇن ھېچقانداق ئۇچۇر يوق. بۇ قاراۋۇلخانىنىڭ جەنۇبى ئات يايلا تېغى بىلەن، غەرب تەرىپى كىچىك سەرچىلغا بىلەن تۇتاش بولۇپ، شەرقىدىن 2 كىلومېتىر نېرىدا قاراۋۇلخانا كۆزىتىش مۇنارى بار. پەيىك قاراۋۇلخانىسىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 75°13′18″، شىمالىي كەڭ- لىك 37°10′11″ لۇق ئورۇندا. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 3880 مېتىر كېلىدۇ.

قاراۋۇلخانا قارا چۇقۇر دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى تاغ تەرەپكە جايلاشقان. قاراۋۇلخانا ئىزناسىنىڭ (سېپىل تاملىرىنىڭ) شەرقتىن شىمالغىچە بولغان قالدۇق تاملىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 25 مې- تىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 15 مېتىر بولۇپ، ئىچىدە ئالتە ئېغىز ئۆي ئىزناسى بار. پەيىك قاراۋۇلخانىسى توغرىسىدا تارىخىي مەنبەلەردە ئۇچۇر بولماسلىقى ئەجەبلىنەرلىك بىر ئىش. چۈنكى، پەيىك قاراۋۇلخانىسى دۇنياغا مەشھۇر ۋاخان كارىدورىنىڭ تاشقورغان ناھىيىسى تەرەپتىن كىرىش ئېغىزىغا جايلاشقان مۇھىم قاراۋۇلخانا. مۇشۇ قاراۋۇلخانىدىن ئۆتكەندىن كېيىن ۋاخان كارىدو- رىنى بويلاپ ئافغانىستانغا، مىنتىكە داۋىنى ئارقىلىق پاكىستانغا بار-

غىلى بولىدۇ. 1938- يىلىدىن باشلاپ بۇ قاراۋۇلخانىدا شېڭ شىسەي
مەخسۇس ئەسكەر تۇرغۇزغان. ئازادلىقتىن كېيىن ئەسلىدىكى پەيىك
قاراۋۇلخانىسىنىڭ شەرق تەرىپىگە چېگرا مۇداپىئە ساقچىخانىسى تە-
سىس قىلىنىپ، بۈگۈنگىچە پەيىك ساقچىخانىسى دەپ ئاتىلىپ كەل-
مەكتە.

يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قەشقەرنىڭ
ھەرقايسى جايلىرىدىكى مۇھىم چېگرا ۋە يول ئېغىزلىرىغا تەسىس
قىلىنغان قەدىمىي قاراۋۇلخانىلاردىن باشقا، يەنە چىڭ ھۆكۈمىتى
قەشقەر دائىرىسىدىكى مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنلار دەپ قارىغان
بۈگۈنكى قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىغا تەۋە ئۇلۇغچات، ئاقچى
قاتارلىق ناھىيىلەردىكى تاغ يوللىرىدا قار بۇلاق قاراۋۇلخانىسى،
باشياغما قاراۋۇلخانىسى، بېدىلىك قاراۋۇلخانىسى، ساتوۋ قاراۋۇلخا-
نىسى قاتارلىق مۇھىم قاراۋۇلخانىلارنىڭمۇ بولغانلىقى مەلۇم. قىسقى-
سى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى قەشقەر دەپ قارىغان ھەرقايسى
جايلاردىكى قەدىمكى كارۋان يوللىرى، قاراۋۇلخانىلار، چېگرا پاسىل-
لار توغرىسىدا يەنىمۇ ئەتراپلىق ھەم چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بېرىش-
نىڭ ئەھمىيىتى ناھايىتى چوڭ.

# تۆتىنچى بۆلۈم باشقا مەدەنىيەت مىراسلار

## يازما يادىكارلىقلار

قەشقەر بوستانلىقىدا ياشىغان ئۇيغۇرلار ئۇزاق تارىخىي زامانلاردىن بۇيان ئۆزلىرىنى ماددىي جەھەتتىن تەرەققىي قىلدۇرۇپلا قالماستىن، مەنىۋى دۇنياسىنىمۇ ئۆزلۈكسىز بېيىتىپ، تارىخنىڭ ئۈزۈلمەس ئېقىنلىرىدا ھەرقايسى دەۋرلەرگە مۇناسىۋەتلىك تۈرلۈك ژانىردىكى يازما خاتىرىلەرنى پۈتۈپ، مەنىۋى دۇنياسىنىڭ دۇردانىلىرىنى كېيىنكى ئەۋلادلار ئۈچۈن قىممەتلىك مىراس سۈپىتىدە قالدۇرغان.

قەدىمىي بوستانلىق ماكان قەشقەر تۇپرىقىدا ياشىغان ئەجدادلار يىپەك يولىدىكى تۈرلۈك ئالاقىلەر داۋامىدا ئۆزلىرىنىڭ جۇغراپىيەلىك زېمىن ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن زىچ باغلانغان چارۋىچىلىق، تېرىقچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، سودا - تىجارەت شەكلىدىكى ماددىي مەدەنىيەت فورماتسىيىلىرىنى يارىتىپ، ماددىي جەھەتتىن يۈكسىلىش بىلەن بىرگە، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، جەمئىيەتنىڭ ئۈستى قۇرۇلمىسىنى تەشكىل قىلىدىغان مول مەزمۇنلۇق مەنىۋى دۇنياسىنى قۇرۇپ چىقىشقىمۇ يۈكسەك ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ دۇنيانى بىلىش، تەبىئەتنى ئۆزگەرتىش، كىشىلەرنى ئاسايىشلىقتا ۋە توغرا ئىنسانىي تۇرمۇش يولىغا يېتەكلەشكە بولغان ئىرادىسىنى؛ ئۆزلىرى ياشاۋاتقان رېئال جەمئىيەتنى، كىشىلىك مۇناسىۋەتلەرنى، دىنىي ئېتىقادلىرىنى، ئىنسانىي ئەخلاق-

پەزىلەتلىرىنى ۋە روھىي دۇنياسىنى سۈرەتلەپ بېرىدىغان تۈرلۈك سەنئەت ژانىرلىرىنى ۋە بىقىياس مەنىۋى مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ كۆمۈلمەس ئابىدىلىرىنى ياراتقان. ئەنە شۇلارنىڭ ئىچىدە ھەر خىل تىل - يېزىق ۋاسىتىلىرىدىن پايدىلىنىپ تارىخ، تەزكىرە، قىسسە، داستان، شېئىر - قوشاق، رىۋايەت، چۆچەك، ئەپسانە شەكىللىرىدە روياپقا چىققارغان يازما يادىكارلىقلار ئەڭ قىممەتلىكتۇر.

قەشقەر دىيارىدا قەدىمدىن بۇيان مەشھۇر ئەدىب، تارىخچى، شائىر، مۇتەپەككۇر، تىلشۇناس، سىياسىئون، پۈتۈكچى، تەرجىمان، شەرھشۇناس، مۇزىكانت ۋە ئەللامە، ئۆلىما، فازىل كىشىلەر ناھايىتى كۆپ ئۆتكەن. ئۇلار ئۆز نۆۋىتىدە ئۆز زامانىسىنىڭ مەنىۋى ئىجادكارلىرى، مۇئەررىخلىرى بولۇپلا قالماستىن، ئەتراپتىكى ئەللەر خەلقلىرى ئىجاد قىلغان، يازغان تارىخ، جۇغراپىيە، جەمئىيەت، دىن، مىللەت، ئىرق، ئىقتىساد، سىياسەت، سەنئەت، مائارىپ، تىبابەت، ئەدەبىيات، چۆچەك، رىۋايەت ھەمدە داستانلارنى ئۇيغۇر تىلىغا كۆپلەپ تەرجىمە قىلىش، كۆچۈرۈپ كۆپەيتىش، ئۆزلەشتۈرۈپ ئىجاد قىلىش، شەرھلەش قاتارلىق ئۇلۇغ ئەمگەكلەر بىلەن شۇغۇللانغان. شۇ ئارقىلىق خەلقنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ، ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان كىشىلەردۇر، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئەسىرلەردىن بۇيان قەشقەردە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇخارا، سەمەرقەند، ھىرات، مەرۋى قاتارلىق قەدىمىي شەھەرلەردە يېزىلغان ئەسەرلەر ئەڭ كۆپ سالماقتا تونۇشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۇلار ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت تارىخىنى بىلىشىمىزدە ئىنتايىن مۇھىم قىممەتكە ئىگە يازما يادىكارلىقلاردۇر.

### 1. «بارچە نوملارنىڭ ئوقۇلۇشى ۋە ئىزاھاتى[1]»

بۇ ئەسەر مىلادىيە 736- يىلىدىن 820- يىللارغىچە ياشىغان،

① ۋاڭ شياڭ: «قەشقەر تارىخي ماتېرىياللىرى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1992- يىلى (خەنزۇچە) نەشرى، 55- بەت.

قەشقەردە تۇغۇلۇپ، كېيىنكى ئۆمرىنى چاڭئەندە ئۆتكۈزگەن مەشھۇر بۇددا دىنى ئالىمى پىرخۇيلان ( 裴慧林 ) سانسكرىت تىلىدىن خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، شەرھلەپ چىققان بۇددا دىنى سوترالىرىنىڭ مۇجەسسىمى بولۇپ، ئۆز دەۋرىنىڭ قولدىن قولغا ئۆتۈپ قەدىرلىنىپ ئوقۇلغان كاتتا كىتابىدۇر. «بارچە نوملارنىڭ ئوقۇلۇشى ۋە ئىزاھاتى» ( 一切经音义 ) ناملىق بۇ يىرىك ئەسەر 1737- يىلى (چيەنلوڭنىڭ 2- يىلى) بىر قېتىم تولۇق رەتلەنگەن. 1880- يىلى چىڭ ھۆكۈمىتى بۇ ئەسەرنىڭ ياغاچ ئويما باسما نۇسخىسىنى ياپونىيەدىن ئالدۇرۇپ كېلىپ، كۆپەيتىپ بېسىپ چىققان، ئەسەرنىڭ مۇئەللىپى پىرخۇيلان قەشقەردە ئەۋج ئالغان كىشىلەرنىڭ بۇددا دىنىدىن ياتلىشىپ، بارا - بارا ئىسلام دىنىغا مايىل بولۇشىدەك ئەھۋاللاردا قەشقەردىن ئايرىلىپ، چاڭئەنگە بېرىپ تاڭ سۇلالىسى ئوردىسىدا ئىشلىگەن.

## 2. «تۈركىي تىللار دىۋانى»

بۇ ئەسەرنى قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد بىننى ھۈسەيىن قەشقەرى مىلادىيە 1072- يىلىدىن 1074- يىللىرى ئارىلىقىدا ئەرەب تىلى بىلەن باغدادتا يازغان. ئەسەر تۈركىي تىللىق خەلقلەر تىللىرىنىڭ سېلىشتۇرما لۇغىتى بولۇپ، ئۇسلۇبى ئۆزگىچە، مەزمۇن جەھەتتىن نوقۇل ھالدىكى تىل لۇغىتى بولۇش قىسمىتىدىن ھالقىپ، ئەدەبىيات، تارىخ، پەلسەپە، تېبابەت، يەر ناملىرى، جۇغراپىيە، ئاسترونومىيە، جەمئىيەتشۇناسلىق، فولكلور، دىن ۋە ئېكولوگىيە قاتارلىق ساھەلەردىمۇ يۇقىرى ئىلمىي قىممەتكە ئىگە. «تۈركىي تىللار دىۋانى»غا 7500 سۆزلەم، 240 كۇپلېت شېئىر - قوشاق ۋە 100 دىن ئارتۇق ئەقلىيە سۆزلەر كىرگۈزۈلگەن. بۇ ئەسەر 1981- يىلىدىن 1984- يىلىغىچە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. 2002- يىلى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، ئۈچ

تولۇق قىلىپ نەشر قىلىنغان.

3. «قۇتادغۇبىلىك»

«قۇتادغۇبىلىك» (بەخت ئاتا قىلغۇچى بىلىم) ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا ئەسىر تارىخىغا مەنسۇپ يەنە بىر ئەبەدىيلىك يازما يادىكارلىق بولۇپ، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ مەشھۇر ئەربابى، ئۇستاز، پەيلاسوپ، مۇتەپەككۇر، شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى بىلەن يازغان شېئىر شەكلىدىكى دىداكتىك ئەسەر. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەسەرنى 1069- يىلىدىن 1070- يىللار ئارىلىقىدا قەشقەردە يېزىپ چىققان. جەمئىي 85 باب، 12 مىڭ 390 مىسرادىن تۈزۈلگەن. مەزمۇن جەھەتتىن سوتسىئولوگىيە، سىياسىي ئىقتىساد، قانۇن، يېزا ئىگىلىك، پەلسەپە، پسىخولوگىيە، ئاسترونومىيە، تېبابەت، ئەخلاق ساھەلىرىگە چېتىلىدۇ. ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ئارۇز ۋەزنىنىڭ مۇتەقارىپ بەھرىدە يېزىلغان. ھازىر بۇ ئەسەرنىڭ ياپونچە، نېمىسچە، رۇسچە، ئىنگلىزچە، ئوكرائىنچە ۋە خەنزۇچە تولۇق تەرجىمىلىرى بار. 1985- يىل 5- ئايدا مىللەتلەر نەشرىياتى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نەزمىي تەرجىمىسىنى نەشر قىلغان.

4. «ئەتەبەتۇلھەقايىق» (ھەقىقەتلەر بوسۇغىسى)

بۇ شېئىرىي شەكىلدە يېزىلغان دىداكتىك ئەسەر بولۇپ، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە قەشقەردە ياشىغان ئەما شائىر ئەھمەد بىننى مەھمۇد يۈكنەكى تەرىپىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان. ئەسەر 14 باب، 500 مىسرادىن تەركىب تاپقان. 1981- يىل 9- ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئەسەرنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمىسىنى نەشر قىلىپ تارقاتقان.

5. «شەرھى ئەل قانۇن»

بۇ تېبابەتچىلىككە ئائىت مەشھۇر ئەسەر بولۇپ، بۇ ئەسەرنى

قاراخانىيلار دەۋرىدە قەشقەردە ياشىغان داڭلىق مۇدەررىس، ئاتا سا-غۇن (تېۋىپ) ئىمادىدىن قەشقىرى دېگەن كىشىنىڭ يازغانلىقى توغ-رىسىدا ئۇچۇر بار. لېكىن، بۇ ئەسەرنىڭ قەيەردىلىكى توغرىسىدا مەلۇمات يوق.

6. «زىيائۇل قۇلۇپ» (قەلبلەر نۇرى)

بۇمۇ تېبابەتچىلىككە مۇناسىۋەتلىك ئەسەر بولۇپ، قاراخانىيلار سۇلالىسىدا ياشىغان مۇھەممەد ئىمىن يەركەندى دېگەن كىشى تەرە-پىدىن يېزىلغان دېگەن مەلۇماتلار بار. بۇ كىتاب هازىرغىچە تېپىلمىدى.

7. «قىسسەسۇل ئەنبىيا»

ئىسلام دىنىنىڭ پەيغەمبەرلىرى توغرىسىدىكى بۇ قىسسە خاراك-تېرلىك ئەسەرنى ھىجرىيە709-يىلى (مىلادىيە1309 — 1310) خا-رەزملىك بۇرھانىدىن ئوغلى نەسرىدىن رابغۇزى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا يېزىپ چىققان. ھىجرىيە 1109-يىلى (مىلادىيە 1698—1697- يىل-لار) قەشقەردە كۆچۈرۈپ كۆپەيتىلگەن. 1985- يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىسە-نى نەشر قىلغان.

8. « مەشھۇنۇل ھەقايىق» (ھەقىقەتلەر شەرھى)

بۇ ئەسەرنى مىلادىيە 1366- يىلىدىن 1465- يىلىغىچە قەشقەردە ۋە ھىداتتا ياشىغان شائىر مەۋلانە ئەبەيدۇللا لۇتفى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا شېئىرىي شەكىلدە يازغان. ھىجرىيە 1239- يىلى (مىلادىيە 1824 — 1823- يىلى) يەكەننىڭ ھۆكۈمدارى تاجى مۇھەممەد ھادى شېئىرىي شەكىلدىن نەسرىي شەكىلگە ئۆزگەرتكەن ھەمدە ئەسەرنىڭ نامىنى «دەخۇل جەنان ۋە ئەبۋاھۇل جەھان» دېگەن نامدا ئاتىغان. بۇ ئەسەرنىڭ 257 ۋاراقلىق قوليازما كۆچۈرمە نۇسخىسى شىنجاڭ

ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلانماقتا.

9. «گۇل ۋە نەۋرۇز»

بۇ ئەسەرمۇ تۆمۈرىيلەر دەۋرىدە قەشقەردە ئۆتكەن شائىر مەۋلانە ئەبەيدۇللا لۇتفى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا يازغان دوستلۇق، مېھىر - ۋاپا، ئىشق - مۇھەببەت مەزمۇن قىلىنغان يىرىك ئەسەر بولۇپ، ئەسەردە گۇل خانىش بىلەن شاھزادە نەۋرۇزنىڭ مۇھەببەت قىسسەتلىرى سۆزلەپ قىلىنغان. ئەسەر شېئىر شەكلىدە يېزىلغان، جەمئىي 2400 مىسرا.

10. «تەۋارىخى ئابدۇرەشىدخان» (ئابدۇرەشىدخان ھەققىدە تارىخ)

مەلۇماتلاردىن قارىغاندا سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئىككىنچى سۇلتانى ئابدۇرەشىدخان توغرىسىدىكى بۇ تارىخىي ئەسەر مىلادىيە 1545-يىلى يەكەندە يېزىلغان. ئەسەرنىڭ تىلى، ئاپتورى توغرىسىدا ئۇچۇر يوق. مىلادىيە 1626-يىلى يەكەنلىك مۇھەممەت نىياز ئاخۇن دېگەن خەتتات تەرىپىدىن بىر قېتىم كۆچۈرۈلگەن. لېكىن، بۇ ئەسەرنىڭ ھازىر قەيەردىلىكى توغرىسىدا ئۇچۇر يوق.

11. «دىۋان رەشىد»

سەئىدىيە خانلىقىنىڭ سۇلتانى ئابدۇرەشىدخاننىڭ «سىراتىلنامە»، «مەشۇقنامە»، «غەزەلىيات» قاتارلىق بۆلەكلەردىن تۈزۈلگەن «دىۋان رەشىد» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنىڭ بولغانلىقى توغرىسىدا مەلۇمات بار، ئەمما بۇ ئەسەر ھازىرغىچە تېپىلمىدى.

12. «دىۋان قىدىرى»

( — 1572) يىللاردا يەكەندە ياشىغان مەشھۇر شائىر، مۇزىكانت، مۇقام ئۇستازى قىدىرخان يەركەندىنىڭ «دىۋان قىدىرى»

.ناملىق ئەسەر يازغانلىقى توغرىسىدا مەلۇماتلار بار. لېكىن، بۇ زات-نىڭ ئەسىرىنىڭ قەيەردىلىكى توغرىسىدا بۇگۈنگىچە ئۇچۇر يوق.

### 13. «ئەخلاقۇل جەمىلە» (گۈزەل ئەخلاق)

يەكەن سەئىدىيە خانلىقىدا ئۆتكەن خانىش ئامانىسساخانىنىڭ نەفە-سە تەخەللۇسى بىلەن «ئەخلاقۇل جەمىلە»، (گۈزەل ئەخلاق)، «شۇ-رۇلقۇلۇپ» (قەلبلەر ئاچقۇچى) قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغانلىقى توغ-رىسىدا تارىخىي ماتېرىياللاردا ئۇچۇر بار. ئەپسۇس، بۇ پەخىرلىك ئۇستازنىڭ ئاشۇ قىممەتلىك ئەسەرلىرى تا بۇگۈنگىچە تېپىلمىدى.

### 14. «جاھاننامە»

بۇ شېئىر شەكلىدىكى تارىخىي ئەسەرنى سەئىدىيە خانلىقىنىڭ مەشھۇر سىياسىئونى، شائىر، تارىخچى مىرزا ھەيدەر كوراگان «ئاياز شىكەستى» تەخەللۇسى بىلەن ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ مەسنەۋى شەك-لىدە يازغان. جەمئىي 64 باب، 2650 مىسرا. مەزمۇن جەھەتتىن ئوتتۇرا ئاسىيا، يەكەن، قەشقەر ۋە مىرزا ئابابەكرى ھۆكۈمرانلىقىغا دائىر كۆپ تەرەپلىك ۋەقەلەرگە چېتىلىدۇ. 1985- يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى بۇ ئەسەرنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىپ تارقاتقان.

### 15. «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام»

بۇ مىلادىيە 1634- يىلىدىن 1724- يىلىغىچە قەشقەردە ياشىغان مەشھۇر شائىر مۇھەممەت ئىمىن خوجام قۇلى ھىرقەتى (يەنە بىر تەخەللۇسى «گۇمنام». ئا) ئۇيغۇر تىلىدا يازغان شېئىرىي داستان. جەمئىي 27 باب، 2000 مىسرا. مەزمۇن جەھەتتىن ئەمگەك، غايە، دوستلۇق، ئىنسانىي پەزىلەتلەرگە مەدھىيە ئوقۇلۇپ، رەزىللىك، زالىملىق قامچىلانغان.

## 16. «گۇل ۋە بۇلبۇل»

بۇ ئەسەرنى XVII ئەسىرنىڭ ئاخىرى، XVIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قەشقەردە ياشاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان مۇھەممەت ئەبەيدۇللا سالامى مىلادىيە 1740-يىلى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا يازغان ئېپىك داستان. جەمئىي 42 باب، 1500 مىسرادىن تۈزۈلگەن بۇ تراگېدىيىلىك داستاندا گۇل بىلەن بۇلبۇلنىڭ دىئالوگى ئارقىلىق، ھەققانىيەت، چىن مۇھەببەت، ساداقەتمەنلىك، ئىنسانىي پەزىلەت مەدھىيىلىنىپ، رەزىللىك قامچىلانغان. ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ مەنسەۋى شەكلىدە يېزىلغان بۇ رېئالىستىك ئەسەرنىڭ ئىلمىي قىممىتى ناھايىتى زور. ئەسەرنىڭ ئاپتورى 1759-يىلى 85 يېشىدا ۋاپات بولغان.

## 17. «سەپەرنامە»

بۇ مىلادىيە 1559-يىلىدىن 1674-يىلىغىچە يەكەن، قەشقەرلەردە ياشىغان ئوت يۈرەك شائىر مۇھەممەت سىدىق زەلىلىنىڭ شېئىرىي شەكىلدە يازغان سەپەر خاتىرىسى بولۇپ، زەلىلىنىڭ ئىنىسى دەلىلى بىلەن يۇرت ئارىلاپ سەپەر قىلىش جەريانىدا كۆرگەن-ئاڭلىغان، ھېس قىلغانلىرى جانلىق تەسۋىرلەنگەن. ئەسەردە زەلىلىنىڭ ناھەقچىلىككە، نادانلىققا قارشى ئىسيانكار روھى، گۇمانىستىك ئىلغار دۇنيا قارىشى روشەن ئەكس ئەتكەن. چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان بۇ ئەسەر زەلىلىنىڭ باشقا غەزەللىرى بىلەن قوشۇلۇپ «دىۋان زەلىلى» نامىدا 1985-يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنغان.

## 18. «دىۋان ئەرشى»

بۇ ئەسەر 1685-يىلىدىن 1756-يىلىغىچە ياشىغان، ئاقسۇ، قەشقەر، يەكەن، خوتەن قاتارلىق جايلاردا ھۆكۈمدار بولۇپ ئۆتكەن خوجا جاھان ئەرشىنىڭ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ غەزەل، مۇخەممەس،

مۇسەممەن، مۇستەھزات قاتارلىق شەكىللىرىنى قوللىنىپ يازغان رېئالىستىك ئەسىردۇر. ئەسەردە ئەرشىنىڭ ئىلغار دۇنيا قارىشى ۋە ئىدىيە دەۋردىكى رېئاللىق ئەينەن تەسۋىرلەنگەن.

19. «دىۋان مەشھۇرى»

بۇ XIX ئەسىردە يەكەندە ياشىغان شائىر ئىبراھىم مەشھۇرىنىڭ داستانى بولۇپ، مەشھۇرى ئەسەرنى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ غەزەل، مۇخەممەس، مەرسىيە، مۇسەددەس، مۇناجات قاتارلىق شەكىللىرى بىلەن يازغان. ئەسەر جەمئىي 3960 مىسرا. مەزمۇن جەھەتتىن ساداقەتمەنلىك، تىرىشچانلىق، ئەخلاق - پەزىلەتلەرگە مەدھىيە ئوقۇلۇپ، فېئودال خوجىلار ۋە دىنىي نىقابقا ئورىنىۋالغان رىياكار ئىشان، سوپىلارنىڭ جىنايەتلىرى قامچىلانغان. «دىۋان مەشھۇرى»نىڭ ساقلىنىپ قالغان 178 بەتلىك قولىيازما نۇسخىسى ئاساسىدا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنغان.

20. «ھىراتنامە»

تارىخىي مەزمۇندىكى بۇ ئەسەرنى مىرخالىددىن قازى كۆجەك يەركەندە دېگەن كىشى يازغان. ئەسەرنىڭ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى قولىيازما نۇسخىسى ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى شەرق ئاسىيا ئەللىرى ئىنستىتۇتىنىڭ كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا.

21. «ئىسلامنامە»

شېئىر شەكلىدىكى بۇ تارىخىي ئەسەرنى قەشقەرلىك موللا ئابدۇل ئالىم (شائىر ئاخۇن) مىلادىيە 1767- يىلى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا يازغان. ئەسەرنىڭ تۇنجى نەشرى XX ئەسىرنىڭ 70- يىللىرى قازاندا رۇس تىلىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىنغان. بۇ ئەسەرنىڭ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى قولىيازمىسى ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ شەرق ئەللىرى ئىنستىتۇتىدا ساقلانماقتا.

### 22. «كىتابى ئابدۇللا»

بۇ XVI ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە پوسكامدا ياشىغان ئابدۇللا ئىبنى خەتىپ مۇھەممەت سادىق ئاخۇن پوسكامى دېگەن كىشى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا يازغان دىداكتىك شېئىرىي ئەسەر. ئەسەردە ئائىلە، نىكاھ قائىدىلىرى، جەمئىيەتتىكى تەبىقىلەر، موللا، فازىل، ئىمام، قازى، مۇپتىلارنىڭ ئەخلاق ئۆلچەملىرى، مەجبۇرىيەتلىرى كۆرسىتىپ بېرىلگەن. بۇ ئەسەر كېيىنرەك بايقالغان بولغاچقا، 2001- يىلى ئابلىمىت ئەھەت ۋە ئىلھام ئابدۇللانىڭ نەشرگە تەييارلىشى بىلەن «بۇلاق» ژۇرنىلىدا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئېلان قىلىنغان. كېيىن «كىتابى ئابدۇللا» دېگەن نامدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى.

### 23. «كەلىلە ۋە دەمنە»

بۇ ھىندى كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ دۇنياۋى شۆھرەتكە ئ نامايەندىسى بولۇپ، مىلادىيە I ئەسىردە ياشىغان ھىندى يازغۇچ روشەن راي بىدى پاي يازغان ھېكايەتلەر مەجمۇئەسى. بۇ ئەس ھىجرىيە 1130- يىلى (مىلادىيە 1717- يىلى) قەشقەرلىك مەشھ تەرجىمان موللا مۇھەممەت تۆمۈرى قەشقەرنىڭ شۇ چاغدىكى ھاكىم بېگى مۇھەممەت ئىمام بەگنىڭ تەشەببۇسى بىلەن پارس تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا يۇقىرى ماھارەت بىلەن تەرجىمە قىلغان ھەمدە ئەسەرگە «ئاسارى ئىمامىيە» دەپ نام قويۇلۇپ، مۇھەممەت ئىمام بەگكە تەقدىم قىلىنغان. گەرچە بۇ ئەسەر تەرجىمە قىلغان ئەسەرلەردىن بولسىمۇ، ئەسەرنىڭ تەرجىمە سەۋىيىسى، مەزمۇنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن، خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقالغان.

### 24. «ئەسەر ئەل فۇتۇھ»

بۇ تارىخىي ئەسەرنى موللا سادىق ئەلەم، يەنى مۇھەممەد سادىق

مۇسەممەن، مۇستەھزات قاتارلىق شەكىللىرىنى قوللىنىپ يازغان رېئالىستىك ئەسىرىدۇر. ئەسەردە ئەرشىنىڭ ئىلغار دۇنيا قارىشى ۋە ئەينى دەۋردىكى رېئاللىق ئەينەن تەسۋىرلەنگەن.

19. «دىۋان مەشھۇرى»

بۇ XIX ئەسىردە يەكەندە ياشىغان شائىر ئىبراھىم مەشھۇرىنىڭ داستانى بولۇپ، مەشھۇرى ئەسەرنى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ غەزەل، مۇخەممەس، مەرسىيە، مۇسەددەس، مۇناجات قاتارلىق شەكىللىرى بىلەن يازغان. ئەسەر جەمئىي 3960 مىسرا. مەزمۇن جەھەتتىن ساداقەتمەنلىك، تىرىشچانلىق، ئەخلاق - پەزىلەتلەرگە مەدھىيە ئوقۇلۇپ، فېئودال خوجىلار ۋە دىنىي نىقابقا ئورۇنىۋالغان رىياكار ئىشان، سوپىلارنىڭ جىنايەتلىرى قامچىلانغان. «دىۋان مەشھۇرى»نىڭ ساقلىنىپ قالغان 178 بەتلىك قولىيازما نۇسخىسى ئاساسىدا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنغان.

20. «ھىراتنامە»

تارىخىي مەزمۇندىكى بۇ ئەسەرنى مىرخالىدىن قازى كۆچەك يەركەندى دېگەن كىشى يازغان. ئەسەرنىڭ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى قولىيازما نۇسخىسى ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى‌شەرق ئاسىيا ئەللىرى ئىنستىتۇتىنىڭ كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا.

21. «ئىسلامنامە»

شېئىر شەكلىدىكى بۇ تارىخىي ئەسەرنى قەشقەرلىك موللا ئابدۇل ئالىم (شائىر ئاخۇن) مىلادىيە 1767- يىلى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا يازغان. ئەسەرنىڭ تۇنجى نەشرى XX ئەسىرنىڭ 70- يىللىرى قازاندا رۇس تىلىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىنغان. بۇ ئەسەرنىڭ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى قولىيازمىسى ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ شەرق ئەللىرى ئىنستىتۇتىدا ساقلانماقتا.

### 22. «كىتابى ئابدۇللا»

بۇ XVII ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە پوسكامدا ياشىغان ئابدۇللا ئىبنى خەتىپ مۇھەممەت سادىق ئاخۇن پوسكامى دېگەن كىشى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا يازغان دىداكتىك شېئىرىي ئەسەر. ئەسەردە ئائىلە، نىكاھ قائىدىلىرى، جەمئىيەتتىكى تەبىقىلەر، موللا، فازىل، ئىمام، قازى، مۇپتىلارنىڭ ئەخلاق ئۆلچەملىرى، مەجبۇرىيەتلىرى كۆرسىتىپ بېرىلگەن. بۇ ئەسەر كېيىنرەك بايقالغان بولغاچقا، 2001- يىلى ئابلىمىت ئەھەت ۋە ئىلھام ئابدۇللانىڭ نەشرگە تەييارلىشى بىلەن «بۇلاق» ژۇرنىلىدا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئېلان قىلىنغان. كېيىن «كىتابى ئابدۇللا» دېگەن نامدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى.

### 23. «كەلىلە ۋە دەمنە»

بۇ ھىندى كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە نامايەندىسى بولۇپ، مىلادىيە II ئەسىردە ياشىغان ھىندى يازغۇچىسى روشەن راي بىدى پاي يازغان ھېكايەتلەر مەجمۇئەسى. بۇ ئەسەرنى ھىجرىيە 1130- يىلى (مىلادىيە 1717- يىلى) قەشقەرلىك مەشھۇر تەرجىمان موللا مۇھەممەت تۆمۈرى قەشقەرنىڭ شۇ چاغدىكى ھاكىم بېگى مۇھەممەت ئىمام بەگنىڭ تەشەببۇسى بىلەن پارس تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا يۇقىرى ماھارەت بىلەن تەرجىمە قىلغان ھەمدە ئەسەرگە «ئاسارى ئىمامىيە» دەپ نام قويۇلۇپ، مۇھەممەت ئىمام بەگكە تەقدىم قىلىنغان. گەرچە بۇ ئەسەر تەرجىمە قىلغان ئەسەرلەردىن بولسىمۇ، ئەسەرنىڭ تەرجىمە سەۋىيىسى، مەزمۇنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن، خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقالغان.

### 24. «ئەسەر ئەل فۇتۇھ»

بۇ تارىخىي ئەسەرنى موللا سادىق ئەلەم، يەنى مۇھەممەد سادىق

قەشقىرى مىلادىيە 1780ـ يىللاردىن1790ـ يىللار ئارىلىقىدا چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا يازغان. ئەسەردە جۇڭغارلارنىڭ قەشقەر زېمىنلىرىغا باستۇرۇپ كىرىپ، خەلق ئارىسىدا ئېلىپ بارغان قىرغىنچىلىقلىرى خاتىرىلەنگەن. ھازىر بۇ ئەسەرنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى مۇكەممەل قولـ يازما نۇسخىسى ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ شەرق ئەللىرى ئىنستىتۇتىدا ساقلانماقتا.

25. «رىسالەئى سۇتۇق تېكىن»

بۇ تەزكىرە خاراكتېرىدىكى تارىخىي ئەسەرنى مىلادىيە 1760ـ يىلىدىن 1866ـ يىلىغىچە قەشقەر ۋە يەكەنلەردە ياشىغان شائىر، تارىخچى خۇشبىدىن شاھ دېگەن كىشى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا يازغان بولۇپ، بۇ ئەسەرنى 1858ـ يىلى سودىگەر قىياپىتىدە قەشقەرگە كېلىپ چارروسىيە پادىشاھى ئۈچۈن ئاخبارات توپلىغان قازاق ئالىـ مى، ئېكسپېدىتسىيىچى چوقان ۋەلىخانوف چارروسىيىگە ئېلىپ كەتـ كەن دېگەن قاراشلار بار.

26. «نەسرى مىرزا مۇھەممەد ھۈسەيىن بەگ»

بۇ تۆمۈرىيلەر دەۋرىدە ياشىغان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مەشھۇر بايراقدارى، گۇمانىستىك شائىر، ئەدىب، تىلشۇناس غىياسىدىن كىـ چىك باخشى ئوغلى نىزامىدىن ئەلىشىر نەۋائىنىڭ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا يازغان «خەمسە نەۋائى» ناملىق مەشھۇر بەش داستانىنىڭ مىلادىيە 1812ـ يىلى موللا سىدىق يەركەندى تەرىپىدىن نەسرىي شەـ كىلگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىنكى نامى بولۇپ، ئوتتۇرا ۋە غەربىي ئاسىيانىڭ يىراق قەدىمكى زامان تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك مەشھۇر ئەـ سەر. بۇ ئەسەر نەۋائىنىڭ باشقا ئەسەرلىرى بىلەن بىرگە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنغان.

27. «دىۋان سەبۇرى»

بۇ XVIII ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا قەشقەردە ياشىغان مەشھۇر شائىر ئىمىر ھۈسەيىن سەبۇرىنىڭ بىرقانچە ئەسەرلىرىدىن تەركىب تاپقان

ئەسەرلەر توپلىمى بولۇپ، مەزمۇن دائىرىسى تولىمۇ كەڭ، ئۇسلۇبى ئۆزگىچە بولغان قىممەتلىك مىراستۇر. سەبۇرىنىڭ ئەسەرلىرىدىن «ماقالات» ناملىق ئەسىرى 1982- يىلى «بۇلاق» ژۇرنىلىدا چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ھالىتىدە ئېلان قىلىنغان.

28. «چىڭگىزنامە»

بۇ XVII ئەسىرنىڭ ئاخىرى قەشقەردە ياشىغان مەشھۇر ئۆلىما موللا مىرسالىھ قەشقىرى يازغان شېئىرىي شەكىلدىكى تارىخىي داستان بولۇپ، ئەسەردە يەكەن خانلىقىنىڭ ئەھۋالى، خانلىقنىڭ قىسمەن سۇلتانلىرىنىڭ ھاياتىي پائالىيىتى خاتىرىلەنگەن. 1985- يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى مەرھۇم تارىخچى ھاجى نۇرھاجى ساقلىغان 262 بەتلىك قولىيازما نۇسخىسىنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا قىلىنغان تەرجىمىسىنى نەشر قىلغان.

29. «شاھنامەئى تۈركىي»

بۇ ئەسەرنى يەكەنلىك شائىر، تەرجىمان موللا يۇنۇس يەركەندى 1830- يىللار ئەتراپىدا غەزنەۋىيلەر سۇلتانلىقىدا ياشىغان پارس تىلىلىق شائىر ئوبۇلقاسىم پىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» ناملىق ئەسىرىنى ئىجادىي تەرجىمە قىلىش ئاساسىدا يازغان. ئەسەر تۈرك خانلىقلىرى خاقانلىرىنىڭ ئەھۋاللىرىنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان. ھازىر بۇ ئەسەرنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى قولىيازما نۇسخىسى ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرى ئىنستىتۇتىدا ساقلانماقتا.

30. «رابىئە - سەئىدىن»

بۇ، داڭلىق شائىر ئابدۇرېھىم نىزارى (1776 — 1851) يازغان رېئالىستىك داستان بولۇپ، داستاندا ئىشچان، ۋاپادار ئۇيغۇر يىگىتى سەئىدىن بىلەن ئەخلاق - پەزىلەتلىك گۈزەل ئۇيغۇر قىزى رابىئەنىڭ مۇھەببەت تراگېدىيىسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

قەشقەرى مىلادىيە 1780- يىللاردىن1790- يىللار ئارىلىقىدا چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا يازغان. ئەسەردە جۇڭغارلارنىڭ قەشقەر زېمىنلىرىغا باستۇرۇپ كىرىپ، خەلق ئارىسىدا ئېلىپ بارغان قىرغىنچىلىقلىرى خاتىرىلەنگەن. ھازىر بۇ ئەسەرنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى مۇكەممەل قول- يازما نۇسخىسى ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ شەرق ئەللىرى ئىنستىتۇتىدا ساقلانماقتا.

## 25. «رىسالەئى سۇتۇق ئېكىن»

بۇ تەزكىرە خاراكتېرىدىكى تارىخىي ئەسەرنى مىلادىيە 1760- يىلىدىن 1866- يىلىغىچە قەشقەر ۋە يەكەنلەردە ياشىغان شائىر، تارىخچى خۇشبىدىن شاھ دېگەن كىشى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا يازغان بولۇپ، بۇ ئەسەرنى 1858- يىلى سودىگەر قىياپىتىدە قەشقەرگە كېلىپ چاررۇسىيە پادىشاھى ئۈچۈن ئاخبارات توپلىغان قازاق ئالە- مى، ئېكسپېدىتسىيىچى چوقان ۋەلىخانوف چاررۇسىيىگە ئېلىپ كەت- كەن دېگەن قاراشلار بار.

## 26. «نەسرى مىرزا مۇھەممەد ھۇسەيىن بەگ»

بۇ تۆمۈرىيلەر دەۋرىدە ياشىغان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مەشھۇر بايراقدارى، گۇمانىستىك شائىر، ئەدىب، تىلشۇناس غىياسىدىن كە- چىك باخشى ئوغلى نىزامىدىن ئەلىشىر نەۋائىنىڭ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا يازغان «خەمسە نەۋائى» ناملىق مەشھۇر بەش داستانىنىڭ مىلادىيە 1812- يىلى موللا سىدىق يەركەندى تەرىپىدىن نەسرىي شە- كىلگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىنكى نامى بولۇپ، ئوتتۇرا ۋە غەربىي ئاسىيانىڭ يىراق قەدىمكى زامان تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك مەشھۇر ئە- سەر. بۇ ئەسەر نەۋائىنىڭ باشقا ئەسەرلىرى بىلەن بىرگە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنغان.

## 27. «دىۋان سەبۇرى»

بۇ XVIII ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا قەشقەردە ياشىغان مەشھۇر شائىر ئىمىر ھۇسەيىن سەبۇرىنىڭ بىرقانچە ئەسەرلىرىدىن تەركىب تاپقان

ئەسەرلەر توپلىمى بولۇپ، مەزمۇن دائىرىسى تولىمۇ كەڭ، ئۇسلۇبى ئۆزگىچە بولغان قىممەتلىك مىراستۇر. سەبۇرىنىڭ ئەسەرلىرىدىن «ماقالات» ناملىق ئەسىرى 1982- يىلى «بۇلاق» ژۇرنىلىدا چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ھالىتىدە ئېلان قىلىنغان.

28. «چىڭگىزنامە»

بۇ XVIII ئەسىرنىڭ ئاخىرى قەشقەردە ياشىغان مەشھۇر ئۆلىما موللا مىرسالىھ قەشقىرى يازغان شېئىرىي شەكىلدىكى تارىخىي داستان بولۇپ، ئەسەردە يەكەن خانلىقىنىڭ ئەھۋالى، خانلىقنىڭ قىسمەن سۇلتانلىرىنىڭ ھاياتىي پائالىيىتى خاتىرىلەنگەن. 1985- يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى مەرھۇم تارىخچى ھاجى نۇرھاجى ساقلىغان 262 بەتلىك قولىيازما نۇسخىسىنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا قىلىنغان تەرجىمىسىنى نەشر قىلغان.

29. «شاھنامەئى تۈركىي»

بۇ ئەسەرنى يەكەنلىك شائىر، تەرجىمان موللا يۇنۇس بەركەندى 1830- يىللار ئەتراپىدا غەزنەۋىيلەر سۇلتانلىقىدا ياشىغان پارس تىللىق شائىر ئوبۇلقاسىم پىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» ناملىق ئەسىرىنى ئىجادىي تەرجىمە قىلىش ئاساسىدا يازغان. ئەسەر تۈرك خانلىقلىرى خاقانلىرىنىڭ ئەھۋاللىرىنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان. ھازىر بۇ ئەسەرنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى قولىيازما نۇسخىسى ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرى ئىنستىتۇتىدا ساقلانماقتا.

30. «رابىئە - سەئىدىن»

بۇ، داڭلىق شائىر ئابدۇرېھىم نىزارى (1776 — 1851) يازغان رېئالىستىك داستان بولۇپ، داستاندا ئىشچان، ژاپادار ئۇيغۇر يىگىتى سەئىدىن بىلەن ئەخلاق - پەزىلەتلىك گۈزەل ئۇيغۇر قىزى رابىئەنىڭ مۇھەببەت تراگېدىيىسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

31. «پەرھاد ـ شىرىن»

بۇمۇ ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ ئەلىشىر نەۋائىنىڭ «خەمسە» سىدىكى «پەرھاد ـ شىرىن» داستانى ئاساسىدا يېزىلغان يەنە بىر داستانى بولۇپ، داستاندا چىن شاھزادىسى پەرھاد بىلەن ئەرمەن مەلىكىسى شىرىننىڭ مۇھەببەت تراگېدىيىسىنىڭ ۋەقەلىكى يۇقىرى بەدىئىي ماھارەتتە سۈرەتلەنگەن. نىزارىنىڭ يەنە «لەيلى ـ مەجنۇن» ناملىق داستانىمۇ ئەلىشىر نەۋائىنىڭ «خەمسە» لىرىدىكى داستانلار ئاساسىدا يېزىلغان بولۇپ، «مۇھەببەت داستانلىرى» دەپ نام بېرىلگەن.

32. «مۇھزۇنۇل ئەھۋائىمزىن» (مۇخلۇق ۋەزلەر)

بۇ قەشقەرلىك مەشھۇر شائىر نورۇزئاخۇن كاتىپ زىيائى 1843-يىلى يازغان شېئىرىي داستان بولۇپ، جەمئىي 6 قىسىم، 4800 مىسرادىن تۈزۈلگەن. ئەسەردە ئانا يۇرت، ۋەتەن — خەلققە بولغان مېھىر-مۇھەببەت، ئىلىم-پەن، ئەخلاق ـ پەزىلەتلەرگە بولغان ئىلغار قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

33. «مەسئۇد دىلئارا»

بۇ نورۇزئاخۇن كاتىپ زىيائىنىڭ ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىغا كەڭ تارقالغان بەسىر پادىشاھى بەندىرنىڭ ئوغلى مەسئۇد بىلەن ھەرەمباغ پادىشاھى شاھپەرىنىڭ قىزى دىلئارا ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت ئەپسانىلىرى ئاساسىدا پىششىقلاپ يېزىپ چىققان مۇھەببەت داستانىدۇر.

34. «ۋامىق ئۇزرا»

بۇ ئەسەرمۇ نورۇزئاخۇن كاتىپ زىيائىنىڭ خەلق ئارىسىغا تارقالغان قىسسىلەر ئاساسىدا يېزىپ چىققان مۇھەببەت داستانى بولۇپ، ئەسەردە ئىنسانىي پەزىلەت، چىن مۇھەببەت، توغرا ئېتىقادلارغا مەدھىيە ئوقۇلۇپ، فېئودال خۇراپىي ئىدىيىلەرنىڭ ئىنسانلارغا كەلتۈر-

گەن زىيانلىرى قامچىلانغان. ئەسەر جەمئىي 2 باب، 566 مىسرادىن تۈزۈلگەن.

### 35. «كىتابى غەرىب»

بۇ مىلادىيە 1802- يىلىدىن 1862- يىلىغىچە ياشىغان قەشقەرلىك رېئالىستىك شائىر تۇردۇش ئاخۇن نازىم غېرىبىنىڭ ئەسىرى بولۇپ، ئەسەردە ئۇيغۇرلارنىڭ كۆنچىلىك، تۆمۈرچىلىك، دېھقانچىلىق، تۇگمەنچىلىك، زەرگەرلىك، ياغاچچىلىق، خالۋاپچىلىق، قەغەزچىلىك، بوياقچىلىق، جوۋازچىلىق، باققالچىلىق، پىلىچىلىك قاتارلىق 35 خىل ئەنئەنىۋى ھۈنەر، ئىگىلىك شەكىللىرىنىڭ ئۇستىكارلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇنازىرىلەر ئارقىلىق، كىشىلەرنىڭ ھۈنەردە تىرىشچان، ئادىل، دىيانەتلىك، ئىناق - ئىتتىپاق، ئىشەنچلىك، ئەخلاق - پەزىلەتلىك بولۇشىنىڭ پايدىلىرى ئۈستىدە توختالغان. بۇ ئەسەرنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمىسى نەشر قىلىنغانلىقى توغرىسىدا ئۇچۇر يوق.

### 36. «بەھرام دىلئارام»

بۇ ئەسەرمۇ تۇردۇش ئاخۇن غېرىبىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كەڭ تارقالغان «بەھرام گۆر» ھەققىدىكى رىۋايەتلەرنى ئاساسىي خام ماتېرىيال قىلىپ يازغان شېئىرىي شەكىلدىكى داستانى بولۇپ، ئەسەر 15 باب، 2033 مىسرادىن تۈزۈلگەن. ئەسەردە پارس شاھزادىسى بەھرامنىڭ چىن مەلىكىسى دىلئارامنىڭ ۋىسالىغا يېتىش ئۈچۈن ئىشق دەردىدە چۈشكۈنلىشىپ، ئۆز دۆلىتىنى مۇنقەرز قىلىشتەك ۋەقەلەر قىسسە قىلىنغان.

### 37. «دىۋان زوھۇرى»

«دىۋان زوھۇرى» جەمئىي 10 باب، 104 كۇپلېتتىن تەركىب تاپقان شېئىرىي ئەسەر بولۇپ، 1831- يىلىدىن 1847- يىلىغىچە

قەشقەرگە ھاكىم بەگ بولغان زوھۇردىن ھاكىم بەگنىڭ ئەسىرىدۇر.

38. «دىۋان ناقىس»

بۇ 1840- يىلىدىن 1920- يىلىغىچە يېكىساردا ياشىغان داڭلىق ئۆلىما، شائىر، تېۋىپ سابىر ئاخۇن بىننى ئابدۇقادىر ناقىسنىڭ شېئىرلىرى ۋە ئۇنىڭ «بەيس ھاكىم بەگ»، «بەختنامە» قاتارلىق مەخسۇس ئەسەرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەشھۇر ئەسەر. بۈگۈنگىچە ناقىسنىڭ ئەسەرلىرى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا تولۇق نەشر قىلىنمىدى.

39. «دىۋان خەستى»

بۇ 1854- يىلىدىن 1907- يىلىغىچە يەكەندە ياشىغان مەشھۇر شائىر ئەبەيدۇللا ئاخۇن شېرىپ خەستىنىڭ دېموكراتىك ئىدىيىلەر بىلەن يۇغۇرۇلغان غەزەل، مۇخەممەس، مۇرەببە، مۇسەددەس شە- كىللەردە يېزىلغان 2793 مىسرالىق شېئىرىي ئەسىرىنىڭ نامى. خەستىنىڭ ئەسەرلىرى بۈگۈنگىچە تولۇق نەشر قىلىنمىدى.

40. «بەرقى تەجەللى - سەبەق مۇجەللى»

بۇ 1850- يىلىدىن 1925- يىلىغىچە قاغىلىقتا ياشىغان مەشھۇر شائىر ئەللامە، ئەدىب، تىلشۇناس، تېۋىپ قۇتبىدىن شاھ ئوغلى مۇسەيىنخان تەجەللى يازغان شېئىرىي ئەسەرلەرنىڭ توپلىمى بولۇپ، (تەجەللىنىڭ قەلبىدىكى نۇر، تەجەللىنىڭ مۇسابىقىدە يەڭگەن شېئى- رى دېگەن مەنىدە) ئۇ يازغان ئەسەرلەرنىڭ ناھايىتى ئاز بىر قىسمى نەشر قىلىندى.

41. «ئابدۇقادىر داموللا ئەسەرلىرى»

بۇ ئابدۇقادىر داموللا بىننى ئابدۇۋارىس ئەزىزى (1924 — 1962) نىڭ «مىفتائۇل ئەدەپ» (ئەدەبىيات ئاچقۇچى)، «تەلمۇس

سەبىيان» (ئۆسمۈرلەر مائارىپى)، «جاۋاھىرئۇل ھىقات» (ھەقىقەتلەر جەۋھىرى)، «سەرف نەھۋى» (مورفولوگىيە ۋە سىنتاكسىس)، «ئەقائىد زۆرۈرىيە» (زۆرۈر قائىدىلەر)، «ئىلمى ھېساب» (ماتېماتىكا)، «ئىلمى تەجۋىد» (توغرا تەلەپپۇز) قاتارلىق ئەرەب تىلىدا يازغان قىممەتلىك ئەسەرلىرىنىڭ نامى بولۇپ، ئابدۇقادىر داموللىنىڭ بۇ قىممەتلىك تەۋەررۇكلىرى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تولۇق تەرجىمە قىلىنمىدى.

## 42. «پەتۋائى ئەلەمگىرى» (قانۇنلار قامۇسى)

بۇ ئەسەرنى ھىندىستان موغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ 6- ئەۋلاد پادىشاھى ئەبۇل مۇزەففەر مۇھەممەد ئەۋرەڭزىپ (1659- يىلىدىن 1707- يىلىغىچە تەختتە بولغان) ئۆزى باشلامچىلىق قىلىپ تۈزدۈرگەن بولۇپ، ئەرەب تىلىدا يېزىلغان. كىتاب شۇ دەۋردىن باشلاپ مۇسۇلمانلار ھاكىمىيەت ئىشلىرىدا پايدىلىنىدىغان مۇھىم دەستۇر سۈپىتىدە ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي جەنۇبىي ئاسىيا، ھەتتا ئەرەب دۇنياسىغىچە تارقالغان.

كىتاب جەمئىي 5 جىلد، 54 بابقا ئايرىلىپ يېزىلغان. ئەسەرنىڭ 20 — 30 سانتىمېتىر چوڭلۇقتىكى 1318 بەتلىك ئەرەبچە تاش باسما نۇسخىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا ساقلانماقتا. ئەسەرنىڭ بۇ نۇسخىسى 1986- يىلى ئاقسۇنىڭ ئونسۇ ناھىيىسىدىن تېپىلغان. ئەسەر ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنمىدى. مەزمۇن جەھەتتىن موغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ تارىخىنى، يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ تارىخىنى، جۈملىدىن تۈركىي خەلقلەرنىڭ قانۇن تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم قىممەتكە ئىگە.

## 43. «تەۋارىخ گۈزىدە نۇسرەتنامە» (شەيبانىخاننىڭ تارىختىكى غەلىبىلىرى)

بۇ ئۆزبېك خانى شەيبانىخانغا مۇناسىۋەتلىك تارىخىي تەزكىرە بولۇپ، ئەسەرنىڭ كىم تەرىپىدىن يېزىلغانلىقى ئېنىق ئەمەس. بەزى تەتقىقاتچىلار ئەسەرنى شەيبانىخان ئۆزى يېزىپ چىققان دەپ قارىسا، يەنە بەزىلەر ئەسەرنى شەيبانىخاننىڭ تاپشۇرۇقىغا ئاساسەن، ئۇنىڭ

ئەتراپىدىكى مىرزىلار، كاتىپلار يېزىپ چىققان دەپ قارىشىدۇ. ئە-سەردە ئاساسلىقى شەيبانىخانىنىڭ مىلادىيە 1502 ـ يىل 10ـ ئايدىن 1504ـ يىل 5ـ ئايغىچە بولغان ئارىلىقتىكى پائالىيەتلىرى خاتىرىلەن-گەن. ئەسەردە ئەينى دەۋردىكى ئۆزبېكلەرنىڭ ھەرقايسى قەبىلىلەر-نىڭ قورۇلمىسى ۋە ئەينى دەۋرنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا مۇناسى-ۋەتلىك ئۇچۇرلار، شەيبانىخانىنىڭ ھاياتى، چىڭگىزخانىنىڭ ئوغلى جۇجىنىڭ نەسەبلىرى نىسبەتەن تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن. ئەسەر ئوموـ مىي مەزمۇن جەھەتتىن تەتقىقاتچىلارنى شەيبانىخانىنىڭ ماۋارا ئۇن-نەھرنى (ئىككى دەريا، يەنى ئامۇ دەرياسى بىلەن سىر دەرياسى) بويىسۇندۇرۇش تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا قىممەتلىك بىرىنچى قول ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئەسەرنىڭ تىلى پارسچە، ئەسەرنىڭ يەنە بىر نامى «زەپەرنامە» دەپمۇ ئاتالغان. بۈگۈنگىچە ئەسەرنىڭ ئىككى پارچە قولىيازمىسى ساقلانغان بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى پېتىربورگ مۇزې-يىدا، يەنە بىرى ئەنگلىيىنىڭ لوندون مۇزېيىدا ساقلانماقتا. 1967ـ يىلى بۇ ئەسەرنىڭ ئاز بىر قىسمى تاشكەنتتە رۇس تىلىغا ئىزاھات خاراكتېرىدە تەرجىمە قىلىنىپ، «قازاق خانلىقلىرى تارىخى» دېگەن ئەسەرگە كىرگۈزۈلگەن.

## 44 . «فاتىخنامە»

بۇ ئەسەر موللا سادىق دېگەن كىشى تەرىپىدىن يېزىلغان، ئۆز-بېك خانى شەيبانىخانغا مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ئەسەر. ئاپتور موللا سادىق ئەينى دەۋردە شەيبانىخانىنىڭ قېرىندىشى مەھمۇد سۇلتانىنىڭ قول ئاستىدا مىرزىلىق قىلغان ھەمدە مەھمۇد سۇلتانىنىڭ تاپشۇرۇقىغا ئاساسەن بۇ نەزمىي شەكىلدىكى تارىخىي ئەسەرنى يېزىپ چىققان. ئاپتورنىڭ ھاياتى ۋە ئەسەرنىڭ قايسى ۋاقىتلاردا يېزىلغانلىقى نامە-لۇم. ئەسەردە شەيبانىخانىنىڭ ماۋارا ئۇننەھر ۋە خارەزملەردە ئېلىپ بارغان پائالىيەتلەردىن باشلاپ ئۇنىڭ مىلادىيە 1501ـ يىلى سەمەر-قەندنى بويسۇندۇرغۇچە بولغان تارىخى خاتىرىلەنگەن. «فاتىخنامە»

نىڭ يەنە بىر نامى «زەپەرنامە» بولۇپ، ئەسەرنىڭ پارچە، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا بولۇپ بەش خىل قوليازمىسى رۇسىيىنىڭ پېتىربورگ شەھىرىدە، ئۆزبېكىستاننىڭ تاشكەنت، تاجىكىستاننىڭ دۇشەنبە قاتارلىق شەھەرلىرىدىكى مۇزېي، كۇتۇپخانىلاردا ساقلانماقتا. ئەسەردىكى مەزمۇنلار «نۇسرەتنامە» نىڭ مەزمۇنىغا قارىغاندا تولۇقراق بولۇپ، ئۇنىڭدا يەنە ئوبۇل خەيرىخان ئۆلگەندىن كېيىن ئۆزبېك خانلىقىدا يۈز بەرگەن سىياسىي ۋەقەلەر خېلى تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن.

## 45. «شەيبانىنامە»

بۇ گۇنگچە «شەيبانىنامە» ناملىق ئەسەردىن ئىككى خىلى بار. ئەسەرنىڭ بىرىنى ھېراتلىق ئالىم كامالىدىن بىنا «1412—1512» شەيبانىخاننىڭ بۇيرۇقى بويىچە يېزىپ چىققان. ئەسەردە شەيبانىخاننىڭ ماۋارا ئۇننەھر، خارەزىم قاتارلىق جايلاردا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىگە مەدھىيە ئوقۇلغان. يەنە خارەزىمنىڭ تارىخى، XV ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن XVI ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان جەريانلاردىكى قىستاننىڭ ئەھۋالى، تارىخ، جۇغراپىيىسى تونۇشتۇرۇلغان. ئەسەر قوليازما نۇسخىسى بىرقەدەر كۆپ بولۇپ، ھەممىسى دېگۈدەك ئۆزبېكىستاننىڭ تاشكەنتتە ساقلانماقتا. ئەسەرنىڭ يەنە بىرسىنى ئافغانىستاننىڭ ھېراتلىق مۇھەممەد سەنىخ (1534 — ؟) دېگەن كىشى يازغان. مۇھەممەد سەنىخ ياش چاغلىرىدا تۆمۈرىيلەر ئىمپېرىيىسىنىڭ ھېراتتىكى سۇلتانى ھۈسەيىن بايقارانىڭ ئوردىسىدا خىزمەت قىلغان. كېيىنچە شەيبانىخان تەرەپدارلىرىغا قېتىلغان. داستان شەكلىدە يېزىلغان بۇ ئەسەرنىڭ تىلى پارسچە بولۇپ، بۇ تارىخىي ئەسەردە ئاساسلىقى ماۋارا ئۇننەھر، خارەزىم، پەرغانە، تاشكەنت قاتارلىق جايلارنىڭ سىياسىي ئەھۋالى خاتىرىلەنگەن. كىتابتا يەنە قارشى، خارەزىم قاتارلىق شەھەرلەردە شەيبانىخانغا قارشى كۆتۈرۈلگەن قوزغىلاڭلار، شەيبانىخاننىڭ خوجەند، پەرغانە قاتارلىق جايلارنى بىر-

لىككە كەلتۈرۈشى ھەمدە ئۇنىڭ كۆچمەن چارۋىچى ئۆزبېكلەرنى باشلاپ شىراز، تېرمىز، قۇندۇز، بەدەخشان، بەلخ قاتارلىق جايلارغا قىلغان يۈرۈشلىرى تەپسىلىي بايان قىلىنغان. مۇھەممەد سەنىخ يازغان بۇ كىتاب كامالىدىن بىنا يازغان كىتابقا قارىغاندا شەيبانىخانغا مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ۋەقەلەرنى ئەتراپلىق خاتىرىلىگەن بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا يۇقىرى قىممەتكە ئىگە.

## 46. «مېھماننامە بۇخارا»

بۇ تارىخىي ئەسەرنى روزى بىخان (1457 — 1521) ئىسىملىك ئىرانلىق كىشى مىلادىيە 1509-يىلى پارس تىلىدا يازغان. ئەسەردە شەيبانىخاننىڭ قازاق خاقانى بەلەندىك (1480 — 1511)، جىگىس سۇلتان ۋە تالاس سۇلتانلارغا قارىتا ئېلىپ بارغان جازا يۈرۈشلىرىنىڭ جەريانى خاتىرىلەنگەن. ئەسەر مۇقەددىمە، 34 بابلىق مەزمۇن ۋە قوشۇمچە خاتىمە قىسىملاردىن تۈزۈلگەن. كىتابنىڭ مەزمۇنىدىكى ئەڭ مۇھىم بۆلەكلەر كىرىش قىسمىدىكى شەيبانىخان دۆلىتىنىڭ ھاكىمىيەت تۈزۈمى؛ 4-باب قازاقلارغا قارشى غازاتنىڭ بايانى؛ 21-باب تۈركىستاندىكى دۆلەتلەر ۋە قازاقلار ياشايدىغان جايلارنىڭ بايانى؛ 23-باب بەلەندىك خاقان بىلەن شەيبانىخان ئوتتۇرىسىدىكى ماجىرالارنىڭ سەۋەبلىرى؛ 25-باب قازاقلارنىڭ ئېتىقادى ۋە ئۇلارغا جەڭ ئېلان قىلىشتىكى پەتىۋا؛ 29-باب شەيبانىخاننىڭ قازاقلار زېمىنىغا كېلىپ ھەرقايسى بەگ، سۇلتانلارغا جىگىس سۇلتاننىڭ زېمىنىغا ھۇجۇم قىلىشقا قوماندانلىق قىلغانلىقىنىڭ بايانى قاتارلىق مەزمۇنلار بولۇپ، بۇ ئەسەرنىڭ بۈگۈنگىچە ئىككى پارچە قوليازمىسى ساقلانغان. بىرى، ئۆزبېكىستاننىڭ تاشكەنتتە، يەنە بىرى، تۈركىيىنىڭ ئىستانبۇلدا ساقلانماقتا. 1962-يىلى ئەسەرنىڭ تۈركچە تەرجىمىسى تېھراندا نەشر قىلىنغان. 1976-يىلى تۈركچە نەشرى ئاساسىدا ئەسەرنىڭ رۇسچە تەرجىمىسى تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان.

**47. «زۇبدەتۇل ئەسەر» (تارىخ جەۋھەرلىرى)**

بۇ ئەسەرنى بەلخ ھۆكۈمرانى باقى زامان مىرزىنىڭ قول ئاستىدىكى تارىخچى ئابدۇللا نەسرۇللا ئىسىملىك كىشى شەيبانىخانىنىڭ تاشكەنتكە تەيىنلىگەن سۇلتانى مۇھەممەتخان (مىلادىيە 1533- يىلى ۋاپات بولغان) نىڭ بۇيرۇقى بويىچە يېزىپ چىققان. ئەسەرنىڭ تىلى ئەرەبچە، مىلادىيە 1525- يىللار ئەتراپىدا يېزىلغان. ئەسەردە تاكى مىلادىيە 1525- يىلىغىچە بولغان دەۋرلەردىن ئىلگىرى مۇسۇلمان دۆلەتلىرىنىڭ تارىخى ۋە شەيبانىخان خانلىقىنىڭ مىلادىيە 1525- يىللاردىن ئىلگىرى ماۋارا ئۇننەھر، خوراسان قاتارلىق جايلاردا ئېلىپ بارغان سىياسىي ھەرىكەتلىرى خاتىرىلەنگەن. ئەسەرنىڭ قولىيازمىسى بۈگۈنگىچە ئىككى پارچە ساقلىنىپ قالغان، بىر پارچىسى رۇسىيىنىڭ پېتىربورگ شەھىرىدىكى مۇزېيدا، يەنە بىر پارچىسى ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ تاشكەنت شەھىرىدە ساقلانماقتا.

**48. «ھەبىبۇسسىيەر» (دوستلارنىڭ تەرجىمىھالى)**

بۇ ئەسەرنى مىلادىيە 1475- يىلىدىن 1529- يىلىغىچە ياشىغان ھېراتلىق جىھادىدىن مۇھەممەد (يەنە بىر ئىسمى خاندەمىر) ئىسىملىك كىشى يازغان. ئەسەرنىڭ يەنە «كىتابى ھەبىب» ۋە «موغۇل خانلار تارىخى» دەپ ئېلىنغان تەرجىمىلىرىمۇ بار. ئەسەر پارس تىلىدا يېزىلغان. خاندەمىرنىڭ ئاتىسى بىر مەزگىل تۆمۈرىيلەر ئىمپېرىيەسىنىڭ سۇلتانى مۇھەممەت مىرزىنىڭ ۋەزىرى بولۇپ ئىشلىگەن. ئاپتور بۇ ئەسەرنى مىلادىيە 1521- يىلىدىن 1529- يىلىغىچە بولغان ئارلىقتا يازغان. ئەسەر مۇسۇلمانلار دۇنياسىنىڭ ئومۇمىي تارىخى بولۇپ، مۇقەددىمە، خاتىمە ۋە ئاساسىي مەزمۇندىن ئىبارەت ئۈچ قىسمىدىن تۈزۈلگەن. ئەسەرنىڭ ھەربىر بۆلىكى يەنە ئايرىم تۆت قىسىمغا بۆلۈنگەن. ئەسەر مەزمۇنىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك بۆلىكى 3-، 4- بۆلەكلىرى بولۇپ، ئەسەرنىڭ بۇ قىسمىدا ماۋارا ئۇننەھر ۋە خوراسان رايونلىرىدىكى تۆمۈرىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ بەگ ـ سۇلتانلى-

رى ئوتتۇرىسىدىكى نىزالار، شەيبانىخانىنىڭ باشلامچىلىقىدا كۆچمەن چارۋىچى ئۆزبېكلەرنىڭ ھەمدە يەنە بىر قىسىم تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ تۆمۈرلەرگە زەربە بېرىپ، ئۇنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش تارىخى تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن. يەنە ئىران قىزىل باشلار (ئىسمائىلىيە) قوزغىلىڭىنىڭ جەريانلىرى سۆزلەنگەن. ئەسەرنىڭ كۆچۈرمە نۇسخىلىرى خېلى كۆپ بولۇپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى چوڭ كۇتۇپخانىلاردا ساقلانماقتا. ئەسەرنىڭ 1857- يىلى بومباي نەشرى، 1954- يىلىدىكى تېھران نەشرى ۋە كېيىنچە نەشر قىلىنغان ئىنگلىزچە، رۇسچە تەرجىمە نەشر نۇسخىلىرى بار.

## 49. «تەۋارىخى ئوبۇلخەيرىخان» (ئوبۇلخەيرىخان توغرىسىدا تارىخ)

ئەسەرنىڭ ئاپتورى مەسئۇد بىن ئوسمان (تۇغۇلغان ۋە ۋاپات بولغان ۋاقتى نامەلۇم)، ئىلگىرى ئوبۇلخەيرىخان (1413 — 1468) نىڭ ئوغلى شۇئەييۇپ ئوردىسىدا مىرزىلىق قىلغان. شۇئەييۇپ خوجا مىلادىيە 1525- يىلى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇلەتىف خانىنىڭ ئوردىسىدا بولغان. ئەسەرنىڭ قاچان يېزىلغانلىقى توغرىسىدا ئېنىق خاتىرە يوق، ئاپتور بۇ ئەسەرنى ئابدۇلەتىف خانىنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن يېزىپ چىققانلىقىنى ئېيتقان. ئەسەرنىڭ تىلى پارسچە، ئۇنىڭدا مۇھەممەد پەيغەمبەر ۋە تۆت خەلىپىنىڭ سىياسىي ھاكىمىيەتلىرىگە مۇناسىۋەتلىك تارىخى ھەمدە ئوبۇلخەيرىخانىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن شەيبانىخان، شۇئەييۇپ خوجا، كۆھەك جاھان، ئەبۇ سەئىد مىرزا، ئابدۇلەتىف قاتارلىقلارغا مۇناسىۋەتلىك ۋەقەلەر خاتىرىلەنگەن. بۇ ئەسەر XV ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى كۆچمەن چارۋىچى ئۆزبېكلەر ھاكىمىيىتى بىلەن تۆمۈرىيلەر ئىمپېرىيىسىنىڭ مۇناسىۋەتلىرىنى، كۆچمەن ئۆزبېكلەر دۆلەتلىرىنىڭ ئىچكى تەركىبىدىكى 30 دىن ئارتۇق قەبىلىلەر ئىتتىپاقى ھەمدە تۆمۈرىيلەر ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىچكى ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىشتا بىرىنچى قول ماتېرىياللىق

قىممىتىگە ئىگە. ئەسەرنىڭ ئىككى پارچە قولىيازما نۇسخىسى ساقلانغان بولۇپ، بىر پارچىسى ئۆزبېكىستاننىڭ پايتەختى تاشكەنتتە، يەنە بىرى، رۇسىيىنىڭ پېتىربورگ شەھىرىدىكى مۇزېيدا ساقلانماقتا.

**50. «ئىھسانئەتتاۋارىخ» (تارىختىن تەرمىلەر)**

ئەسەر ئاپتورىنىڭ ئىسمى ھەسەن بولۇپ، ئىران سەپەۋىيلەر سۇلالىسىنىڭ ئوردىسىدا خىزمەت قىلغان. ئەسەرنى مىلادىيە 1572- يىلىدىن 1577- يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا پارس تىلىدا يازغان. بۇ ئەسەر ئەسلىي 12 توملۇق زور ھەجىملىك تارىخىي ئەسەر بولۇپ، ھازىر پەقەت ئۇنىڭ ئىككى تومىلا ساقلىنىپ قالغان. ئەسەرگە ئىران تارىخى ۋە مىلادىيە 1404- يىلىدىن 1577- يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا، شىمالىي ھىندىستان، تۈركىيە، ئەزەربەيجان، گرۇزىيە قاتارلىق ئەللەرنىڭ تارىخى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇ يەنە بۇخارا خانلىقى ۋە خىۋە خانلىقىنىڭ XV — XVI ئەسىرلەردە ئىران بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەرنى بىلىشىمىزدە يۇقىرى قىممەتكە ئىگە. ئەسەرنىڭ كۆچۈرمە نۇسخىلىرى نىسبەتەن كۆپ، ئەنگلىيە، تۈركىيە، ئىران، روسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ كۇتۇپخانا، مۇزېيلىرىدا ساقلانماقتا. ئەسەرنىڭ قىسمەن بۆلەكلىرى رۇس تىلىغا، نېمىس تىلىغا ۋە گرۇزىن تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان.

**51. «شەرەفنامەئى شاھ» (خاننىڭ شان - شەرەپلىرىگە ئوقۇلغان مەدھىيە)**

بۇ ئەسەرنى بۇخارالىق ھاپىز تالاس (1549 — 1588) ئىسمىلىك كىشى مىلادىيە 1584- يىلىدىن 1590- يىللارغىچە بولغان ئارىلىقتا يېزىپ چىققان. ئەسەرنىڭ يۇقىرىدىكى نامىدىن باشقا يەنە «ئابدۇللانامە»، «زەفەرنامەئى ئابدۇللاخاقان»، «فۇتۇھاتى خان»، «تۇھفەت ئەسسۇرۇر»، «سەھىپەئى خاقان» دېگەن ناملىرىمۇ بار.

ئەسەر شەيبانى ھاكىمىيىتىنىڭ ئوردا تارىخى بولۇپ، ئۇنىڭدا XVI ئەسىرلەردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا، قازاقىستان، ئىران، ئافغانىستان قاتارلىق جايلارنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت تۇرمۇش ئەھۋالىغا مۇناسىۋەتلىك مەلۇماتلار خاتىرىلەنگەن. ئەسەرنىڭ تىلى پارسچە، بۇ ئەسەر ھازىرغىچە رەسمىي نەشر قىلىنمىغان، پۈتۈن نۇسخىسى يوق، پەقەت بىرنەچچە خىل كۆچۈرمە نۇسخىسى ھىندىستان، ئەنگلىيە، ئافغانىستان، ئىران ۋە روسىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىكى كۇتۇپخانا، مۇزېيلاردا ساقلانماقتا.

## 52. «ئەكبەرنامە»

بۇ ئەسەرنى ھىندىستان موغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ ۋەزىرى ئوبۇل فەزلى (مىلادىيە 1551 — 1602) دېگەن كىشى يازغان. ئاپتور ئەسەرنى ھىندىستان موغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ قۇرغۇچىسى زەھىرىدىن مۇھەممەد بابۇرنىڭ نەۋرىسى ئەكبەر I (1556 — 1605) نىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن، مىلادىيە 1589- يىلىدىن 1602- يىللار ئارىلىقىدا يېزىپ چىققان. ئەسەر جەمئىي ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. ئەسەرنىڭ بىرىنچى قىسمى ئەكبەرنىڭ دۇنياغا كېلىشى ۋە موغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ بابۇردىن ئەكبەرگىچە بولغان دەۋردىكى (مىلادىيە 1526- يىلدىن 1572- يىلغىچە) ئافغانىستان ۋە شىمالىي ھىندىستاننىڭ ئەھۋالى؛ ئىككىنچى قىسمىدا مىلادىيە 1573- يىلىدىن 1602- يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ھىندىستان ۋە ئافغانىستانلارنىڭ ئەھۋالى؛ ئۈچىنچى قىسمىدا ئەكبەرنىڭ مىجەزى، پەزىلەتلىرى، موغۇل سەلتەنىتىنىڭ ئوردا ئەھۋالى، باج تۈزۈملىرى تونۇشتۇرۇلغان. ئەسەر ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ھىندىستان موغۇل خانلىقىنىڭ تارىخىنى بىلىشىمىزدە يۇقىرى ئىلمىي قىممەتكە ئىگە. ئەسەرنىڭ قولىيازما نۇسخىلىرى ئەنگلىيە، ھىندىستان، فرانسىيە، روسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ كۇتۇپخانا ۋە مۇزېيلىرىدا ساقلانماقتا. ئەسەرنىڭ 1872- يىلىدىن

1877- يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئەگرەدە ئىنگلىزچە نەشر قىلىنغان تاش باسما نەشرى ئەگرەدە ۋە لوندوندا ساقلانماقتا.

### 53. «مۇسەخخىر ئەلبىلاد» (دۆلەتنىڭ بويسۇندۇرغۇچىسى)

بۇ ئەسەرنى مىلادىيە 1605- يىلىدىن 1610- يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا بۇخارالىق ھاپىز تالاس ئىسىملىك ئالىم يېزىپ چىققان. ئەسەر ئاپتورنىڭ «شەرەفنامەئى شاھ» ناملىق ئەسىرىنىڭ داۋامى بولۇپ، جەمئىي ئالتە قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. 1- قىسىمدا، شاھ بوداق ۋە ئۇنىڭ نەۋرىسى شەيبانىخان؛ ئىككىنچى قىسىمدا، سەمەرقەند خانى كۆھەك جاھان ۋە ئۇنىڭ نەۋرىسى؛ ئۈچىنچى قىسىمدا، تاشكەنت خانى شۇئەيىپ مىرزا ۋە ئۇنىڭ ئوغۇل نەۋرىلىرى؛ 4- قىسىمدا، ماۋارائۇننەھر خانى خوجا مۇھەممەدىن ئابدۇللا I غىچە بولغان ئارىلىقتىكى ۋەقەلەر؛ 5- قىسىمدا، مۆمىنخان توغرىسىدا؛ 6- قىسىمدا ئۆز زامانىسىنىڭ داڭدار شەيخلىرى، شائىرلىرى، ئۆلىما - ئالىملىرى توغرىسىدا مەخسۇس توختالغان. ئەسەرنىڭ ئىككى پارچىلا قولىيازمىسى ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى رۇسىيىنىڭ پېتىربورگ شەھىرىدە، يەنە بىرى، ئۆزبېكىستاننىڭ تاشكەنت شەھىرىدىكى ئاسىيا ئەللىرى ئىنستىتۇتىدا ساقلانماقتا.

### 54. «تەۋارىخى ئەلەمگىر ئابباس» (ئاببباسىيلارنىڭ سەلتەنەت تارىخى)

ئەسەرنىڭ ئاپتورى ئىسكەندەر بەگ (مىلادىيە1561—1633)، ئاپتورنىڭ تۇغۇلغان يۇرتى نامەلۇم. ئىلگىرى ئىران سەپەۋىيلەر سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمدارى ئابباس I نىڭ (مىلادىيە 1588—1628) مىرزىلىق (كاتىپ) ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. ئەسەرنىڭ ئالدىنقى قىسمى بولغان بىرىنچى، ئىككىنچى جىلدلىرىنى ئىسكەندەر بەگ مىلادىيە 1616- يىلى تاماملىغان. ئاخىرقى قىسمى بولغان ئۈچىنچى جىلدىنى

1628- يىلى يېزىپ تاماملىغان. ئەسەر ئىران سەپەۋىيلەر سۇلالىسى-نىڭ ھۆكۈمرانى ئاباس I نىڭ دەۋرىگە مۇناسىۋەتلىك ئەڭ مۇكەم-مەل، مەزمۇن دائىرىسى كەڭ بولغان مەشھۇر تارىخىي ئەسەر. ئەسەر تەتقىقاتچىلارنى XVI ئەسىرلەردىكى خارەزم خانلىقى بىلەن ئىراننىڭ مۇناسىۋەتلىرى توغرىسىدا قىممەتلىك تارىخىي مەلۇماتلار بىلەن تە-مىنلەيدۇ. بۇ ئەسەر بىرىنچى قېتىم مىلادىيە 1896- يىلى ئىران پايتەختى تېھراندا تاش باسمىسىدا پارس تىلىدا نەشر قىلىنغان. 1956- يىلى تېھراندا يەنە تاش باسمىسىدا قايتا نەشر قىلىنغان. كېيىنچە تۈرك، رۇس تىللىرىغىمۇ تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنى-غان. ئەسەرنىڭ كۆچۈرمە نۇسخىسىنىڭ كۆپ قىسمى ئىران، رۇسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ كۇتۇپخانا، مۇزېي-لىرىدا ساقلانماقتا.

**55. «بەھرىل ئەسرار» (دېڭىز - ئوكيانلار سىرى)**

بۇ ئەسەر مىلادىيە 1634 — 1640 يىللار ئۆپچۆرىسىدە بەلخلىق مەھمۇد بىننى ۋەلى دېگەن كىشى تەرىپىدىن پارس تىلىدا يېزىلغان. ئەسەرنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇنىدىن قارىغاندا قامۇس خاراكتېر-لىك ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭغا ئاسترونومىيە، مەدەنشۇناسلىق، باغۇەن-چىلىك، جۇغراپىيە، تارىخ ۋە XVII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بول-غان مۇسۇلمانلار دۇنياسىنىڭ سىياسىي تارىخى قاتارلىق مەزمۇنلار كىرگۈزۈلگەن. ئەسەرنىڭ تارىخىي قىسمىغا بېرىلگەن سەھىپىلىرى بىرقەدەر كەڭ بولۇپ، بۇ قىسمىدا ئالتۇن ئوردا خانلىقى، شەيبانىخان خانلىقى، ئەشتەر خانلار سۇلالىسى، مەنغىتلەر سۇلالىسى ۋە XII ئەسىرلەردىن XVI ئەسىرلەرگىچە كاسپىي دېڭىزى ئەتراپلىرىدا ياشى-غان تۈرك، موڭغۇل قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئەھۋالى، مەشھۇر شەيخ، قازى - كالانلارنىڭ تەرجىمىھاللىرى تونۇشتۇرۇلغان. ئەسەرنىڭ جۇغراپىيە قىسمىدا دۇنيانىڭ ئاب (سۇ)، ئاتەش (ئوت)، باد (ھا-ۋا)، خاك (تۇپراق) قاتارلىق ئاناسىر ئىرەبە دەپ ئاتىلىدىغان تۆت

تادۇدىن تۈزۈلگەنلىكى سۆزلەنگەن ھەمدە زېمىننىڭ قۇرۇقلۇق قىس-
مىنى جەنۇبتىن شىمالغا يەتتە ئىقلىم رايونىغا بۆلگەن. بۇ ئەسەرنىڭ
جۇغراپىيە قىسمىنى 1977- يىلى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىمى
ئەخمەتوف رۇسچىغا تەرجىمە قىلىپ تاشكەنتتە نەشر قىلغان. ئەسەر-
نىڭ جۇغراپىيە قىسمى ئۇنسۇرى ئاب ۋە ئۇنسۇرى خاك دەپ ئىككى
قىسىم بويىچە يېزىلغان. سۇ قىسمىدا، مۇھىم دېڭىز - ئوكيان، دەريا-
كۆللەر، داڭلىق پرېستانلار ۋە شۇ يەردىكى ئاھالىلەر تونۇشتۇرۇل-
غان. ئەسەرنىڭ ئۇنسۇرى خاك، يەنى تۇپراق قىسمى يەنە تۆت بۆلەك-
كە ئايرىلىپ، بىرىنچى بۆلىكىدە مۇھىم شەھەرلەر، دۆلەتلەر؛ ئىك-
كىنچى بۆلىكىدە تاغلار ۋە مەدەنلەر؛ ئۈچىنچى بۆلىكىدە، قىممەتلىك
ئۈنچە - مەرۋايىت، ئالتۇنلار؛ تۆتىنچى بۆلىكىدە دەل - دەرەخلەر،
ئۆسۈملۈكلەر، ھايۋاناتلار ۋە ئۇلارنىڭ ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇت
بولۇپ تۇرۇشىدىكى ئەھمىيىتى تونۇشتۇرۇلغان. بۇ ئەسەرنىڭ
ئەسلى نۇسخىسىنىڭ قەيەردە ساقلىنىۋاتقانلىقى توغرىسىدا ئۇچۇر
يوق.

## 56. «دەستۇرۇل ئەلمۇلۇك» (پادىشاھلارنىڭ دۆلەت ئىدارە قىلىش دەستۇرى)

ئەسەرنى بۈگۈنكى ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ سەمەرقەندكە
تەۋە قەرشى دېگەن يەردە ياشىغان مەشھۇر شائىر، تارىخچى، مۇتەسەۋ-
ۋۇپ مۇھەممەد باقى خوجا (يەنە بىر ئىسمى خوجا سەمەندەر) دېگەن
كىشى مىلادىيە 1695- يىلى يازغان. ئاپتورنىڭ تۇغۇلغان، ۋاپات
بولغان ۋاقتى توغرىسىدا مەلۇمات يوق. ئەسەردە ئەشتەرخانلار سۇلا-
لىسىنىڭ خانلىرىدىن ئابدۇلئەزىزخان (مىلادىيە 1645 — 1681)
ۋە سۇبھانقۇلخان (مىلادىيە 1601 — 1681) لار ھۆكۈمرانلىق قىلغان
مەزگىلدىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تارىخى خاتىرىلەنگەن. ئەسەر پارس
تىلىدا يېزىلغان. 1971- يىلى بۇ ئەسەرنىڭ پارس تىلىدىكى ئەسلى
نۇسخىسى ۋە رۇسچە تەرجىمىسى موسكۋادا نەشر قىلىنغان. ئەسەرنىڭ

پارسچە قولیازما نۇسخىسى ھازىر ئۆزبېكىستاننىڭ تاشكەنت شەھىرىدە ساقلانماقتا.

### 57. «تەزكىرەئى مۇقىمخانى»

بۇ ئەسەرنى مىلادىيە 1704- يىلى بەلخلىق مۇھەممەد يۈسۈپ دېگەن كىشى پارسچە تىلىدا يازغان (ئاپتورنىڭ ھاياتىغا دائىر مەلۇماتلار نامەلۇم). ئەسەر مۇھاكىمە ۋە ئاساسىي مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا ئۈچ بابقا بۆلۈنۈپ يېزىلغان. ئەسەرنىڭ مۇھاكىمە قىسمىدا تۈركلەرنىڭ، موڭغۇللارنىڭ ئەجدادلىرى ۋە چىڭگىزخاننىڭ دۇنيانى بويسۇندۇرۇشىغا مۇناسىۋەتلىك ۋەقەلەر رىۋايەت قىلىنغان. بىرىنچى بابتا شەيبانىخان دەۋرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى؛ ئىككىنچى بابتا بەلخنىڭ ئەشتەرخانلار خانلىقىغا تەۋە بولۇشىدىن سۇبھانقۇلىخاننىڭ ۋاپاتى (مىلادىيە 1702- يىلى) غىچە بولغان تارىخى خاتىرىلەنگەن؛ ئۈچىنچى بابتا مىلادىيە 1702- يىلىدىن 1704- يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى بۇخارا خانلىقىنىڭ بەلخ ھۆكۈمدارلىرىدىن تىرمىز، شىراز قاتارلىق جايلارنى ئالمىش جەريانىدا يۈز بەرگەن توقۇنۇشلار بايان قىلىنغان. ئەسەر مەزمۇن جەھەتتىن يەنە ئەينى زاماندا بۇخارا خانلىقىنىڭ بەلخ، ھىندىستان، ئىران، تۈركىيە، قەشقەر قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنىمۇ خېلى كەڭ دائىرىدە خاتىرىلىگەن. بۇ ئەسەر مىلادىيە 1860- يىلى نامەلۇم تەرجىمان تەرىپىدىن چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. 1824- يىلى فرانسۇز تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. 1956- يىلى تاشكەنتتە ئۇنىڭ ئەسلىدىكى پارسچە نۇسخىسى ۋە رۇسچە تەرجىمە نۇسخىسى نەشر قىلىنغان.

### 58. «ئەبەيدۇللانامە»

بۇ ئەسەرنى بۇخارالىق مىر مۇھەممەد ئىسمىلىك تارىخچى مىلادىيە 1710- يىلى يېزىشقا باشلاپ، 1724- يىلى تاماملىغان. ئەسەرنىڭ

قايسى تىلدا يېزىلغانلىقى نامەلۇم. ئەسەردە ئاساسلىقى ئەشتەرخانلار سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانى ئەبەيدۇللاخان (1702 — 1711) زامانىدىكى بۇخارانىڭ تارىخى خاتىرىلەنگەن. بۇ ئەسەر XX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا رۇس تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. 1957- يىلى تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان. ئەسەرنىڭ ئەلا مۇكەممەل قولىيازمىسى ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ تاشكەنت شەھىرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرى كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا.

### 59. «تەۋارىخى ئەبۇلفەيزى خاقان» (ئەبۇلفەيزخاننىڭ تارىخى)

بۇ ئەسەرنى بۇخارالىق مەشھۇر تارىخچى، ئالىم، ئاسترونوم ئابدۇراخمان دوغلات ئىسىملىك كىشى يازغان (ئەسەرنىڭ يېزىلغان ۋاقتى ۋە ئاپتورنىڭ ھاياتى توغرىسىدا مەلۇماتلار يوق). ئەسەردە ئەشتەرخانلار سۇلالىسىنىڭ خاقانى ئەبۇلفەيزخان تەختتە ئولتۇرغان دەۋرنىڭ ئالدىنقى 14 يىللىق، يەنى مىلادىيە 1711- يىلدىن 1724- يىلغىچە بولغان تارىخى، سۇلالە تەركىبىدىكى قەبىلىلەر ۋە ئۇلار ياشىغان جۇغراپىيىلىك زېمىنلارنىڭ ئەھۋالى يېزىلغان. ئەسەرنىڭ قولىيازمىسىنىڭ باش - ئاخىرى تولۇق ئەمەس، جەمئىي 161 ۋاراق ساقلىنىپ قالغان. بۇ ئەسەر چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان. 1959- يىلى رۇسچىغا تەرجىمە قىلىنىپ، تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان.

### 60. «تەۋارىخى قىپچاقخان» (قىپچاقخان توغرىسىدىكى خاتىرىلەر)

بۇ ئەسەر ئاپتورىنىڭ بىر ئىسمى يېتىمقۇلخان بەگ، يەنە بىر ئىسمى قىپچاقخان بولۇپ، تۇغۇلغان، ۋاپات بولغان ۋاقتى نامەلۇم. ئەشتەرخانلار سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان. كىتابىنىڭ قاچان يېزىلغانلىقىمۇ ئېنىق ئەمەس. بۇ ئەسەر قەدىمدىن تاكى مىلادىيە 1721- يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى مۇسۇلمانلار دۇنياسىنىڭ تارىخى بو-

لۇپ، كىتابتا ئىسلام دىنىنىڭ ئەۋلىيا - ئەنبىيالىرى ۋە قەدىمكى پېرسىيە (ئىران)، قەدىمكى ئەرەب، مىسسوپوتامىيە، ماۋارا ئۇننەھر، ياۋروپا، ھىندىستان، جۇڭگو قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونلارنىڭ ھۆكۈمرانلىرى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى، خەلىپە ۋە ئىماملار، ئۇمەييە سۇلالىسى، ئابباسىيلار سۇلالىسى، تاھىرىيلەر سۇلالىسى، سامانىيلار سۇلالىسى، سەپەۋىيلەر سۇلالىسى، موغۇل سۇلالىسى، تۆمۈرلەڭنىڭ ھاياتى ۋە تۆمۈر ئىمپېرىيىسىنىڭ ئەھۋالى قاتارلىق كەڭ دائىرىلىك مەزمۇنلار خاتىرىلەنگەن. ئەسەرنىڭ ئەڭ مۇھىم قىسمى ئۇنىڭ 5- بابى بولۇپ، بۇ بابتا شەيبانىخان ۋە ئەشتەرخانلار سۇلالىسىنىڭ تارىخىي ئەھۋالى تەپسىلىي سۆزلەنگەن. ھازىر بۇ ئەسەرنىڭ بەش پارچە قوليازما نۇسخىسى رۇسىيىنىڭ پېتىربورگ شەھىرىدە ۋە ئۆزبېكىستاننىڭ تاشكەنتتە ساقلانماقتا. ئەسەرنىڭ ئاز بىر قىسمى رۇس تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، «قازاق خانلىقلىرى تارىخى» دېگەن مەجمۇئەگە كىرگۈزۈلگەن.

## 61. «سىلسىلات ئەسسالاتىن» (پادىشاھلارنىڭ نەسەبلىرى)

بۇ ئەسەرنى ئەشتەرخانلار خان جەمەت پۇشتىدىن بولغان مىرمۇھەممەد سەلىم دېگەن كىشى (ھاياتى، شۇغۇللانغان پائالىيەتلىرى نامەلۇم) ھىندىستان موغۇل ئىمپېرىيە ھۆكۈمدارلىرىدىن بىرى نەسىردىن مۇھەممەدشاھ (مىلادىيە 1719 — 1748) نىڭ بۇيرۇقى بويىچە مىلادىيە 1730- يىللار ئەتراپىدا يېزىپ چىققان. ئەسەرنىڭ دەسلەپكى نۇسخىسىنىڭ قايسى تىلدا يېزىلغانلىقى ئېنىق ئەمەس. ئەسەرنىڭ پارس تىلىدىكى كۆچۈرمە نۇسخىسى ئەنگلىيىنىڭ لوندون كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا. ئەسەر قۇرۇلما جەھەتتىن سۆز بېشى ۋە تۆت بابلىق ئاساسىي مەزمۇن قىسمى بويىچە يېزىلغان. ئەسەرنىڭ بىرىنچى بابىدا ئىسلام دىنىنىڭ ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلىرى، قەدىمكى تۈركلەر، موڭغۇللار، بارلاس قەبىلىسى، تۆمۈرلەڭ ۋە تۆمۈر ئىمپې-

رىيىسىنىڭ ئەمۋالى، زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللە-
رىنىڭ ھىندىستاندىكى ھۆكۈمرانلىق تارىخى خاتىرىلەنگەن؛ ئىككىن-
چى بابىدا تۇغلۇق تۆمۈرخان ۋە موغۇلىستان تارىخى؛ ئۈچىنچى بابىدا
شەيبانىخان سۇلالىسى، ئەشتەرخانلار سۇلالىسى ۋە ئۇلارنىڭ ئىران،
ھىندىستان، قەشقەر قاتارلىق رايونلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى؛
تۆتىنچى بابىدا ئەشتەرخانلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى (مىلادىيە1642—
1702) ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى بايان قىلىنغان. 1916 -
يىلى ئەسەرنىڭ بىر قىسىم مەزمۇنلىرى رۇس تىلىغا تەرجىمە
قىلىنغان.

### 62. «نامەئى ئەلمىرائىج نادىر» (پادىشاھ نادىرنىڭ دۇنيانى بويسۇندۇرۇشى)

بۇ ئەسەرنى بۈگۈنكى تۈركمەنىستان جۇمھۇرىيىتى تەۋەسىدىكى
مەرۋىدە، ئاقسۆڭەكلەر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن مۇھەممەد كازىم
ئىسىملىك كىشى پارس تىلىدا مىلادىيە 1747- يىلى يازغان ئەسەر.
جەمئىي ئۈچ توم بولۇپ، بىرىنچى تومىدا نادىرشاھنىڭ تۇغۇلۇپ
چوڭ بولۇشىدىن ئۇنىڭ ئىراندىكى پادىشاھلىق تەختىگە (مىلادىيە
1736- يىلى) ئولتۇرۇشى ۋە ئىراننىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي
تۇرمۇشى بايان قىلىنغان؛ ئىككىنچى بابىدا مىلادىيە 1736- يىلىدىن
1743- يىلىغىچە ئىران بىلەن ئافغانىستان، ھىندىستان، ئوتتۇرا
ئاسىيادىكى ھەرقايسى ئەللەر ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر تەپسى-
لىي خاتىرىلەنگەن؛ ئۈچىنچى بابىدا نادىرشاھنىڭ مىلادىيە 1743-
يىلىدىن 1747- يىلىغىچە ئېلىپ بارغان ھەربىي پائالىيەتلىرى خاتى-
رىلەنگەن. بۇ ئەسەرنىڭ قولىيازما نۇسخىسىدىن پەقەت بىر پارچىسىلا
بۈگۈنگىچە ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، رۇسىيىنىڭ پېتىربورگ مۇزې-
يىدا ساقلانماقتا. 1960-يىلىدىن 1966- يىلىغىچە مۇسكۋادا بۇ ئە-
سەر توملارغا بۆلۈنۈپ ئەسلىي تىلىدا نەشر قىلىنغان. ھا-
زىرغىچە بۇ ئەسەرنىڭ قىسمەن رۇسچە تەرجىمىسىدىن

باشقا ، ياۋروپا تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىن-
غانلىقى توغرىسىدا ئۇچۇر يوق.

### 63. «تۆھپەتەلخاقان» (خانلارغا بېغىشلانغان سوۋغات)

بۇ ئەسەرنى ئىككى كىشى يېزىپ تاماملىغان بولۇپ، ئاپتورنىڭ بىرىنىڭ ئىسمى قازىئى ۋەفا (مىلادىيە 1685 — 1769)، ئۇنىڭ نامى كىتابنىڭ ئالدىنقى قىسمىدا خاتىرىلەنگەن، يەنى مىلادىيە 1722- يىلىدىن 1768- يىلىغىچە بولغان تارىخىي ۋەقەلەرنى مۇشۇ ئادەم يازغان. ئاپتورنىڭ يەنە بىرىسىنىڭ ئىسمى ئالىمبېك بولۇپ، ئۇ كىتابنىڭ كېيىنكى قىسىملىرىنى يازغان. ئەسەر بۇخارا خانلىقىنىڭ مىلادىيە 1722- يىلىدىن 1782- يىلىغىچە بولغان 60 يىللىق تارىخى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۆزبېكلەرنىڭ ئولتۇراق جايلىرى، بۇخارانىڭ سى- پاھگەرلىك (ھەربىي) تۈزۈمى، بۇخارا خانلىقىنىڭ ئافغانىستان، ئىران، قوقەند، قەشقەر قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى، بۇخارا خانى مۇھەممەد راشىمخاننىڭ مىلادىيە 1744- يىلى قەشقەر خانى بىلەن بىرلىكتە قالماقلارنىڭ (جۇڭغار ئاقسۆڭەك- لىرىنىڭ) تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى تۇرغانلىقى توغرىسىدىكى ئەھۋال- لار خاتىرىلەنگەن. ئەسەر تا بۈگۈنگىچە ئەسلىدىكى چاغاتاي ئۇيغۇرتە- لىدىن باشقا تىللارغا تەرجىمە قىلىنمىغان بولۇپ، ئۇنىڭ 12 پارچە ھەر خىل قوليازما نۇسخىسى ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيە- تىنىڭ تاشكەنت شەھىرىدىكى ئاسىيا ئەللىرى ئىنىس- تىتۇتى كۆتۈپخانىسىدا ساقلانماقتا.

### 64. «فىردەۋسى ئەلئىقبال» (بەختنىڭ جەننىتى)

بۇ خىۋە خانلىقىنىڭ تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك تارىخىي تەزكىرە بولۇپ، ئەسەرنى خىۋە خانلىقىنىڭ داڭلىق تارىخچىسى، شائىرى، تەرجىمانلىرىدىن بولغان مەناس ۋە ئازاق ئىسىملىك ئىككى كىشى ئەرەب تىلىدا يېزىپ چىققان. مەناس ئەسەرنىڭ مىلادىيە 1812-

يىلىدىن ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە ئائىت قىسمىنى يازغان. ئازاق مىلا-
دىيە 1812- يىلىدىن 1825- يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى تارىخىي
ۋەقەلەر قىسمىنى مىلادىيە 1839- يىلى يېزىپ تاماملىغان. ئەسەردە
خىۋە خانلىقىنىڭ ئۈچىنچى ئەۋلاد خانى ئاللا قۇلخاننىڭ ھاياتىنى ۋە
خارەزمنىڭ ئومۇمىي تارىخى بايان قىلىنغان بولۇپ، خىۋەنىڭ XVI
ئەسىردىن XVIII ئەسىرلەرگىچە بولغان 300 يىللىق سىياسىي، ھەر-
بىي ئەھۋالىنى ۋە ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى بىلىشتە بىرىن-
چى قول ماتېرىيال بولالايدۇ. ئەسەرنىڭ قولىيازما نۇسخىسى رۇسىيە-
نىڭ پېتېربورگدا، ئۆزبېكىستاننىڭ تاشكەنتتە ساقلانماقتا. ھازىر-
غىچە نەشر قىلىنغانلىقى توغرىسىدا مەلۇمات يوق.

## 65. «مۇنتەھەببەت ۋارىخ» (تارىختىن بايان)

بۇ دۇنيانىڭ ئومۇمىي تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك ئەسەر بولۇپ،
ئەسەرنى مىلادىيە 1843- يىل 5- ئايدا بۇخارالىق خوجا مۇھەممەد
ھېكىمخان دېگەن كىشى پارس تىلىدا يازغان. ئەسەردە ئىسلام دىنى-
نىڭ ئەۋلىيا - ئەنبىيالىرى، قەدىمكى پارس (ئىران)، جۇڭگو ۋە
ياۋروپادىكى مۇھىم ھۆكۈمرانلار، ئىسلام دىنىدىكى خەلىپىلەر ھەمدە
ئۇمەييە سۇلالىسى، ئابباسىيلار سۇلالىسى، ئىران، ئوتتۇرا ئاسىيا-
لاردىكى مۇسۇلمان خانلىقلارنىڭ ئەھۋالى بايان قىلىنغان. ئاپتور
كىتابنىڭ ئالدىنقى يېرىمىنى ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئەسىرىدىن پايدىلى-
نىپ ياكى كۆچۈرۈپ يازغان. كىتابنىڭ كېيىنكى قىسمىدىكى بۇخا-
را، قوقەندلەرگە مۇناسىۋەتلىك تارىخىي بايانلارنى ئۆزى يېزىپ چىق-
قان. ئەسەرنىڭ قوقەند خانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىگە مۇناسى-
ۋەتلىك تارىخىي بايانلىرى ئىنتايىن مۇپەسسەل يېزىلغان. بۇ ئەسەر-
نىڭ تۈركچە تەرجىمە قولىيازما نۇسخىسى بىلەن پارس تىلىدا يېزىلغان
ئەسلىي قولىيازما نۇسخىسى ئۆزبېكىستاننىڭ تاشكەنتتە، تاجىكىستان-
نىڭ دۇشەنبىدە ساقلانماقتا. رۇسچە تەرجىمە نۇسخىسىنىڭ ناھايىتى
ئاز بىر قىسمى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدە «قىرغىز ۋە قىر-

ﻏﺰﻻﺭﻧﯩﯔ ﺗﺎﺭﯨﺨﻰ» ﺩﯦﮕﻪﻥ ﺗﺎﺭﯨﺦ ﺗﻮﭘﻼﻣﻠﯩﺮﯨﻐﺎ ﻛﯩﺮﮔﯜﺯﯛﻟﯜﭖ ﻧﻪﺷﺮ ﻗﯩﻠﯩﻨﻐﺎﻥ.

66. «ﺗﻪۋﺍﺭﯨﺨﻰ ﺷﺎﮬﺮۇﮬﻰ» (ﺷﺎﮬﺮۇﮬﺨﺎﻧﻨﯩﯔ ﺗﺎﺭﯨﺨﻰ)

ﺋﻪﺳﻪﺭﻧﻰ ﺋﯚﺯﺑﯧﻜﯩﺴﺘﺎﻧﻨﯩﯔ ﻗﻮﻗﻪﻧﺪﺗﻪ ﺗﯘﻏﯘﻟﻐﺎﻥ ﻧﯩﻴﺎﺯ ﻣﯘﮬﻪﻣﻤﻪﺩ ﺋﯩﺴﻤﯩﻠﯩﻚ ﺗﺎﺭﯨﺨﭽﻰ ﻣﯩﻼﺩﯨﻴﻪ 1871- ﻳﯩﻠﻰ ﻳﺎﺯﻏﺎﻥ. ﺋﺎﭘﺘﻮﺭ ﻗﻮﻗﻪﻧﺪ ﺧﺎﻧﻰ ﺧﯘﺩﺍﻳﺎﺭﺧﺎﻧﻨﯩﯔ ﺋﺎﺭﻣﯩﻴﯩﺴﯩﺪﻩ ﮬﻪﺭﺑﯩﻲ ﺧﯩﺰﻣﻪﺕ ﺋﯚﺗﯩﮕﻪﻥ ﺑﻮﻟﯘﭖ، ﺋﻪ- ﺳﻪﺭﺩﻩ ﺷﺎﮬﺮۇﮪ (ﻣﯩﻼﺩﯨﻴﻪ 1709 — 1722) ﺧﺎﻧﺪﯨﻦ ﺗﺎﺭﺗﯩﭗ ﻣﯩﻼﺩﯨﻴﻪ 1871- ﻳﯩﻠﯩﻐﯩﭽﻪ ﺑﻮﻟﻐﺎﻥ ﻗﻮﻗﻪﻧﺪ ﺧﺎﻧﻠﯩﻘﯩﻨﯩﯔ ﺗﺎﺭﯨﺨﻰ ﻳﯧﺰﯨﻠﻐﺎﻥ. ﺋﻪﺳﻪﺭ- ﺩﻩ ﻳﻪﻧﻪ ﻗﻮﻗﻪﻧﺪ ﺧﺎﻧﻠﯩﻘﯩﻨﯩﯔ ﺩﻩﺳﻠﻪﭘﻜﻰ ﻣﻪﺯﮔﯩﻠﻠﯩﺮﯨﺪﯨﻜﻰ ﺳﯩﻴﺎﺳﯩﻲ ﺋﻪﮬ- ۋﺍﻟﻰ ۋﻩ ﻗﻮﻗﻪﻧﺪ ﺷﻪﮬﯩﺮﯨﻨﯩﯔ ﻳﺎﺳﯩﻠﯩﺸﯩﻐﺎ ﻣﯘﻧﺎﺳﯩۋﻩﺗﻠﯩﻚ ﺗﺎﺭﯨﺨﯩﻲ، ﺋﯩﺠﺘﯩﻤﺎﺋﯩﻲ ۋﻩﻗﻪﻟﻪﺭﻣﯘ ﻛﯩﺮﮔﯜﺯﯛﻟﮕﻪﻥ. ﺑﯘ ﺋﻪﺳﻪﺭ ﻣﯩﻼﺩﯨﻴﻪ 1885- ﻳﯩﻠﻰ ﻗﺎﺯﺍﻧﺪﺍ ﺗﯘﻧﺠﻰ ﻗﯧﺘﯩﻢ ﻧﻪﺷﺮ ﻗﯩﻠﯩﻨﻐﺎﻥ. ﺭﯗﺱ ﺋﺎﻟﯩﻤﻠﯩﺮﯨﺪﯨﻦ ﺏ. ﺏ. ﺑﺎﺭﺗﻮﻟﺪ ﺑﯩﻠﻪﻥ ﺏ. ﺋﺎ. ﺭﻭﻣﻮﺳﯩﻦ ﻗﯩﺴﻤﻪﻥ ﺑﯚﻟﻪﻛﻠﯩﺮﯨﻨﻰ ﺭﯗﺱ ﺗﯩﻠﯩﻐﺎ ﺗﻪﺭﺟﯩﻤﻪ ﻗﯩﻠﻐﺎﻥ. ﺋﻪﺳﻪﺭﻧﯩﯔ ﻳﻪﺗﺘﻪ ﭘﺎﺭﭼﻪ ﻗﻮﻟﻴﺎﺯﻣﺎ ﻧﯘﺳﺨﯩﺴﻰ ﺳﺎﻗﻼﻧﻐﺎﻥ ﺑﻮﻟﯘﭖ، ﺭﯗﺳﯩﻴﻪﻧﯩﯔ ﭘﯧﺘﯩﺮﺑﻮﺭﮒ، ﺋﯚﺯﺑﯧﻜﯩﺴﺘﺎﻧﻨﯩﯔ ﺗﺎﺷ- ﻛﻪﻧﺖ، ﺗﺎﺟﯩﻜﯩﺴﺘﺎﻧﻨﯩﯔ ﺩﯛﺷﻪﻧﺒﻪ ﻗﺎﺗﺎﺭﻟﯩﻖ ﺷﻪﮬﻪﺭﻟﯩﺮﯨﺪﯨﻜﻰ ﻣﯘﺯﯦﻲ، ﺗﻪﺗﻘﯩﻘﺎﺕ ﺋﻮﺭﯗﻧﻠﯩﺮﯨﺪﺍ ﺳﺎﻗﻼﻧﻤﺎﻗﺘﺎ.

67. «ﺗﻪۋﺍﺭﯨﺨﻰ ﺭﻩﺷﯩﺪﻯ» (ﺋﺎﺑﺪﯗﺭﻩﺷﯩﺪﺧﺎﻥ ﺗﺎﺭﯨﺨﻰ)

ﺑﯘ ﻳﻪﻛﻪﻥ ﺳﻪﺋﯩﺪﯨﻴﻪ ﺧﺎﻧﻠﯩﻘﯩﻨﯩﯔ ﺋﯩﻜﻜﯩﻨﭽﻰ ﺧﺎﻗﺎﻧﻰ ﺳﯘﻟﺘﺎﻥ ﺋﺎﺑﺪﯗ- ﺭﻩﺷﯩﺪﺧﺎﻧﻐﺎ ﺑﯧﻐﯩﺸﻼﭖ ﻳﯧﺰﯨﻠﻐﺎﻥ ﻣﻪﺷﮭﯘﺭ ﺗﺎﺭﯨﺨﯩﻲ ﺋﻪﺳﻪﺭ ﺑﻮﻟﯘﭖ، ﺋﻪ- ﺳﻪﺭﻧﻰ ﻳﻪﻛﻪﻥ ﺳﻪﺋﯩﺪﯨﻴﻪ ﺧﺎﻧﻠﯩﻘﯩﻨﯩﯔ ﺋﻮﺭﺩﯨﺴﯩﺪﺍ ﻣﯘﮬﯩﻢ ﺳﯩﻴﺎﺳﯩﻲ ۋﻩﺯﯨﭙﻪ ﺋﯚﺗﯩﮕﻪﻥ ﻣﯩﺮﺯﺍ ﻣﯘﮬﻪﻣﻤﻪﺩ ﮬﻪﻳﺪﻩﺭ ﻛﻮﺭﺍﮔﺎﻥ (ﻣﯩﻼﺩﯨﻴﻪ 1499—1551) ﻣﯩﻼﺩﯨﻴﻪ 1541- ﻳﯩﻠﯩﺪﯨﻦ 1545- ﻳﯩﻠﯩﻐﯩﭽﻪ ﺑﻮﻟﻐﺎﻥ ﺋﺎﺭﯨﻠﯩﻘﺘﺎ ﻛﻪﺷﻤﯩﺮﺩﻩ ﭘﺎﺭﺱ ﺗﯩﻠﯩﺪﺍ ﻳﯧﺰﯨﭗ ﭼﯩﻘﻘﺎﻥ. ﺋﻪﺳﻪﺭﺩﻩ ﺗﯘﻏﻠﯘﻕ ﺗﯚﻣﯜﺭﺧﺎﻧﺪﯨﻦ ﺑﺎﺷﻼﭖ ﺋﺎﺑﺪﯗﺭﻩﺷﯩﺪﺧﺎﻥ ﺩﻩۋﺭﯨﮕﯩﭽﻪ ﺑﻮﻟﻐﺎﻥ ۋﻩﻗﻪﻟﻪﺭ، ﻳﻪﻛﻪﻥ ﺳﻪﺋﯩﺪﯨﻴﻪ ﺧﺎﻧﻠﯩﻘﻰ- ﻧﯩﯔ XIV ـ XV ﺋﻪﺳﯩﺮﻟﻪﺭﺩﯨﻜﻰ ﺗﺎﺭﯨﺨﻰ، ﺳﯩﻴﺎﺳﯩﻲ، ﺋﯩﺠﺘﯩﻤﺎﺋﯩﻲ

ئەھۋاللىرى خاتىرىلەنگەن. ئۇ شىنجاڭنىڭ مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدىن چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىگىچە ئارىلىقتىكى تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم تارىخىي ماتېرىيال. ئەسەرنى مىلادىيە 1837- يىلى موللا مۇھەممەد نىياز ئىبنى ئابدۇلغەفۇر پارس تىلىدىن چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان. مىلادىيە 1895- يىلى ئىنگلىز تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. 1972- يىلى ئىنگلىزچە نۇسخىسى قايتا نەشر قىلىنغان. قىسمەن بۆلەكلىرى رۇس تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، «قازاق خانلىقلىرى تارىخى» دېگەن كىتابقا كىرگۈزۈلگەن. 1985- يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئەسەرنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسىنى ئىككى توم قىلىپ نەشر قىلغان. 2000- يىلىنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ مۇھەررىرى مۇھەممەتتۇردى مىرزائەخمەد «تارىخى رەشىدى» نى موللا مۇھەممەد نىياز ئىبنى ئابدۇلغەفۇرنىڭ تەرجىمە قىلغان چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى نۇسخىسى ئاساسىدا هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا نەشرگە تەييارلاپ، «بۇلاق» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلماقتا. بۇ ئەسەرنىڭ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەڭ مۇكەممەل قولىيازمىسى ئەنگلىيىنىڭ لوندون مۇزېيىدا ساقلانماقتا.

**68. «شەجەرەئى تۈرك» (تۈركىي خەلقلەرنىڭ نەسەب تارىخلىرى)**

بۇ ئەسەرنى مىلادىيە 1663- يىلى خىۋە خانلىقىنىڭ مەشھۇر خاقانى ئەبۇلغازى باھادىرخان (مىلادىيە 1644- يىلىدىن 1663- يىلىغىچە تەختتە بولغان) يېزىپ قالدۇرغان. ئەسەردە ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن باشلاپ چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ۋە نەۋرىلىرى بولۇپ قۇبلەيخان، چاغاتايخان، تولۇيخان، ئوگدايخان، شەيبانىخان ۋە ماۋارائۇننەھر، خارەزم قاتارلىق جايلارغا هۆكۈمرانلىق قىلغانلارنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ تارىخى بايان قىلىنغان. ئەسەرنىڭ شەيبانىخاننىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ خارەزمگە هۆكۈمرانلىق قىلىش تارىخى، يەنى مىلادىيە

1512- يىلىدىن ئاپتور ياشىغان دەۋرگىچە بولغان ئارىلىقتىكى خا-
رەزمنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي تارىخى خېلى تەپسىلىي يېزىلغان.
ئەسەر مەزمۇن جەھەتتىن تارىخ، جۇغراپىيە خاراكتېرىدىكى ئەسەر
بولۇپ 1726- يىلى نېمىس تىلىغا، 1786- يىلى فرانسۇز تىلىغا،
1770- يىلى ئىنگلىز تىلىغا، 1906- يىلى رۇس تىلىغا، 1935-
يىلى پارس تىلىغا، 1913- يىلى تۈرك تىلىغا، 1897- يىلى تۈركمەن
تىلىغا، 1891- يىلى تاتار تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. ئەسەرنىڭ
هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نۇسخىسى 2002- يىلى شىنجاڭ
خەلق نەشرىياتىدا نەشر قىلىندى.

69. «ئەسسامى نەۋەددۇ پىرقەئى ئۆزبېك» (ئۆزبېكلەر-
نىڭ 92 قەبىلىلىرىنىڭ ناملىرى)

بۇ ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ شەرق
ئەللىرى تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا 4330- نومۇرلۇق تىزىملىك بىلەن
ساقلىنىۋاتقان ئۆزبېكچە قوليازما ئەسەر بولۇپ، ئەسەر مۇستەقىل
هالدىكى تۆت بۆلەككە بۆلۈنىدۇ. ئەسەرنىڭ بىرىنچى قىسمى «مەجمۇ-
ئول غەرايىپ» (مۆجىزاتلار) دېگەن نامدا، ئىككىنچى قىسمى «سال-
نامەئى خوجا ئابدۇلھېكىم تېرمىزى» (ئابدۇلكېرىم تېرمىزىنىڭ
هاياتى) دېگەن نامدا، ئۈچىنچى قىسمى «تەۋارىخى سامى» دېگەن
نامدا، تۆتىنچى قىسمى «ئەسسامى نەۋەددۇ پىرقەئى ئۆزبېك» (ئۆز-
بېكلەرنىڭ 92 قەبىلىلىرىنىڭ ناملىرى) دېگەن نامدا يېزىلغان. ئە-
سەرنىڭ «سالنامەئى خوجا ئابدۇلھېكىم تېرمىزى» دېگەن قىسمى
ئاسترونومىيە ۋە جۇغراپىيەگە مۇناسىۋەتلىك. باشقا بۆلەكلىرىدە ئا-
ساسلىقى ئۆزبېكلەرنىڭ 92 قەبىلىسىنىڭ ناملىرى، قىسقىچە ئەھۋال-
لىرى كۆرسىتىلگەن. ئەسەرنىڭ «مەجمۇئول غەرايىپ» دېگەن قىس-
مىنى بەلخلىق مەشھۇر ئالىم سۇلتان مۇھەممەد، شەيبانىخانىنىڭ
بەلخكە تەيىنلەنگەن ئەمىرى پىرمۇھەممەدخان (مىلادىيە 1544- يىلى-
دىن 1566- يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان) نىڭ تاپشۇرۇقى ئاساسىدا

پارس تىلىدا يازغان. ئەسەر مىلادىيە 1560- يىللار ئەتراپىدا يېزىل-
غان. ئاپتور ئەسەرنى يېزىشتا ئۆزىدىن بۇرۇنقى ئالىملار يازغان 80
پارچە تارىخ، جۇغراپىيە، دىنغا مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلەردىن ئۈنۈملۈك
پايدىلانغان. ئەسەرنىڭ كۆپ قىسمى يوقىلىپ، پەقەت ئاسترونومىيە
ۋە جۇغراپىيىگە ئائىت قىسمىلا نىسبەتەن مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغان
بولۇپ، ئەسەرنىڭ بۇ بۆلىكىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇھىم شەھەرلەر-
نىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى، تاغلار، دەريا - ئېقىنلار، كان - مەدەن-
لەر ۋە مەشھۇر شەخسلەر، ئەۋلىيالار، شائىرلارنىڭ هاياتى تونۇشتۇ-
رۇلغان. بۇ ئەسەر ئەسلىي بىر پارچە مۇستەقىل ئەسەر بولۇپ،
كېيىنچە «ئەسسامى نەۋەدۇ پىرقەئى ئۆزبېك» دېگەن ئەسەرگە قو-
شۇپ قويۇلغان. بۇ ئەسەرنىڭ «مەجمۇئول غەرايىپ» نامىدا ئاتالغان
مۇستەقىل نۇسخىسىنىڭ تولۇق بولمىغان قولىيازما نۇسخىسى 80
خىلدىن ئارتۇق بولۇپ، پەقەت رۇسىيە ۋە مۇستەقىل دۆلەتلەر بىر-
لەشمىسىدىكى ھەرقايسى كۇتۇپخانا، مۇزېيلاردا 69 پارچىسىنىڭ ساق-
لىنىۋاتقانلىقى مەلۇم.

**70. «زىكرى تەبىات پادىشاھى ئۆزبېك» (ئۆزبېك پادىشاھلارنىڭ تەرىپلىرى)**

ئەسەرنىڭ ئاپتورى، ئەسەر يېزىلغان ۋاقىت ئېنىق ئەمەس. بۇ
ئەسەردە شەيبانىخاننىڭ نەسەبلىرى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ پائالىيەت-
لىرى، باقى مۇھەممەدخاندىن ئەبەيدۇللا خانغىچە بولغان ئەشتەرخانلار
سۇلالىسى، مۇھەممەد رەھىمخاندىن نەسرۇللا خانغىچە بولغان ئارىلىق-
تىكى مەنغىت سۇلالىسىنىڭ ئەھۋالى خاتىرىلەنگەن. ئەسەرنىڭ پەقەت
بىر پارچە پارسچە قولىيازمىسى بۈگۈنگىچە ساقلىنىپ قالغان بولۇپ،
ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ تاشكەنت شەھىرىدە ساقلانماقتا.

**71. «ئايىنى ئەكبەر» (ئەكبەرنىڭ قانۇن دەستۇرلىرى)**

بۇ ئەسەرنى «ئەكبەرنامە» نىڭ ئاپتورى، بەلخلىق ئالىم ئەبۇل

فەزلى پارس تىلىدا يازغان بولۇپ، كىتابنىڭ يېزىلغان ۋاقتى ئېنىق ئەمەس. ئەسەردە بابۇرنىڭ نەۋرىسى ئەكبەرنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈپ دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتىكى سىياسىي تۈزۈم، قانۇنلىرى سۆزلەنگەن. مىلادىيە 1893- يىلى ھىندىستاندا نەشر قىلىنغان.

## 72. «ھەفتە ئىقلىم» (يەتتە ئىقلىم)

جۇغراپىيە، تارىخ، بىبلوگرافىيىگە ئائىت بۇ قامۇس ئەسەرنى مىلادىيە 1588- يىلىدىن 1594- يىلىغىچە ئىرانلىق ئاق سۆڭەك ئەمىن ئەھمەد رازى ئىسىملىك ئالىم پارس تىلىدا يازغان. ئەسەردە مىلادىيە VI ئەسىردىن XVI ئەسىرگىچە بولغان زامانلاردىكى شەرق دۆلەتلىرىنىڭ نامى، قىسقىچە ئەھۋالى ۋە ئاشۇ دۆلەتلەردىكى 1560 نەپەر مەشھۇر شەيخ، ئۆلىما، شائىر، ئەدىبلەرنىڭ نامى ۋە ئۇلارنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەھۋاللىرى تونۇشتۇرۇلغان. ئاپتور يەنە ئەرەب جۇغراپىيىسىدىكى ئەنئەنىۋى ئۇسلۇب بويىچە مۇسۇلمانلار دۇنياسىنى جۇغراپىيە جەھەتتىن يەتتە ئىقلىمغا ئايرىپ تونۇشتۇرغان. ئەسەرنىڭ قولىيازما نۇسخىسى خېلى كۆپ بولۇپ، ئىران، رۇسىيە ۋە مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى ھەرقايسى دۆلەتلەردە ساقلانماقتا. ئەسەرنىڭ تولۇق بولمىغان نۇسخىسى مىلادىيە 1913- يىلى ئەگرەدە نەشر قىلىنغان.

## 73. «ئاجايىبەتتەباقات» (زېمىندىكى ئاجايىپ تەبىقىلەر)

ئاسترونومىيە ۋە جۇغراپىيىگە مۇناسىۋەتلىك بۇ ئەسەرنى بەلخلىق مەشھۇر ئالىم مۇھەممەد تاھىر دېگەن كىشى ئەشتەرخانىلار سۇلالىسىنىڭ بەلختىكى ئەمىرى نادىر مۇھەممەد (مىلادىيە 1642- يىلىدىن 1645- يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان) نىڭ تاپشۇرۇقى ئاساسىدا 1648- يىلى يېزىپ چىققان. ئەسەر ئومۇمىي مەزمۇن جەھەتتىن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ XVI — XVII ئەسىرلەردىكى تارىخ، جۇغراپىيىسىگە

مۇناسىۋەتلىك ئەسەر بولۇپ، ئەسەرنىڭ 3- بابىدا ئاپتور بەلخ، ئەنجان، تاشكەنت، تېرمىز، شىمالىي ئافغانىستان ۋە شىنجاڭ قاتارلىق جايلاردىكى مۇھىم شەھەرلەرنى، ئۇلارنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالىنى تونۇشتۇرغان. ئەسەرنىڭ ھەر خىل تىلدىكى قولىيازما كۆچۈرمە نۇسخىلىرى خېلى كۆپ ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، پەقەت ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ تاشكەنت شەھىرىدىكى مۇزېي، كۇتۇپخانىلاردا 17 خىل قولىيازما نۇسخىسى ساقلانماقتا. ئەمما، بۇ ئەسەرنىڭ بۈگۈنگىچە رەسمىي نەشر قىلىنغانلىقى توغرىسىدا ئۇچۇر يوق ھەم ئۇنىڭ قايسى تىلدا يېزىلغانلىقىمۇ نامەلۇم.

## 74. «بابۇرنامە»

دۇنياغا مەشھۇر بۇ تارىخىي ئەسەرنى تۆمۈرىيلەر ئىمپېرىيىسىنىڭ قۇرغۇچىسى ئاقساق تۆمۈرنىڭ ئەۋلادى، ھىندىستان موغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ قۇرغۇچىسى زەھىرىدىن مۇھەممەد بابۇر (مىلادىيە 1483 — 1530) ئۆزى يازغان.

ئەسەرنىڭ يەنە بىر نامى «ۋاقىئەتى بابۇر» ياكى «تۈزۈكى بابۇر» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بابۇرنامىدىكى بىر قىسىم مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، بابۇر بۇ ئەسەرنى تۈركىي تىلدا يازغان. ئەسەرنى بابۇرنىڭ نەۋرىسى ئەكبەر بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، مەشھۇر تەرجىمان ئابدۇرېھىم خانىخانىغا پارسچىغا تەرجىمە قىلدۇرغان. مەقسەت، «ئەكبەرنامە»نى يازماقچى بولغان ئەبۇل فەزلىنىڭ ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئىدى. ئەسەرنى ئىمپېراتور بابۇرنىڭ تارىخىي ئەسلىمىلىرى دەپ قاراشقىمۇ بولىدۇ. چۈنكى، بابۇر مەشھۇر سەلتەنەت ساھىبى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئەسەردە ھەممىگە قىزىقىدىغان زېھنىلىك بىر سەيياھ، مەسئۇلىيەتچان ئالىم سۈپىتىدە ئۆزىنىڭ ئۆرۈش تارىخىنى چىنلىق بىلەن خاتىرىلەپلا قالماي، يەنە پەرغانە، سەمەرقەند، ھىرات، كابۇل، غەزنە، ھىندىستان قاتارلىق ئۆزى تۇرغان، بارغان جايلارنىڭ تارىخىنى، ئىجتىمائىي ئەھۋالىنى، جۇغراپىيىسىنى، تەبىئىي شارائىتىنى، ئىق-

لىمىنى، هايۋانات، گىياھلىرىنى، تەبىئىي بايلىقلىرىنى، ئاسارئەتە-
قىلىرىنى، گۈزەل يەرلىرىنى، مەشھۇر ئادەملىرىنى، خەلقىنىڭ ئېتە-
نىك تەركىبىنى، مەدەنىيىتىنى، ئۆرپ - ئادەتلىرىنى تەپسىلىي خاتى-
رىلەپ ماڭغان. ئەسەر ئۈچ قىسىم، يەنى «پەرغانە» قىسمى، «كا-
بۇل» قىسمى، «ھىندىستان» قىسمى دەپ ئۈچ بۆلەكتە يېزىلغان.
«بابۇرنامە» نىڭ پارسچە نۇسخىسى 1813- يىلى ئىنگلىز تىلىغا تەرجى-
مە قىلىنغان ھەمدە «بابۇر يادنامىلىرى» دېگەن نامدا 1826- يىلى
نەشر قىلىنغان. 1857- يىلى قازاندا پارسچە نۇسخىسى نەشر قىلىند-
غان. 1905- يىلى لوندوندا يەنە ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخىسى نەشر
قىلىنغان. 1921- يىلى ئۈچىنچى قېتىم لوندوندا ئىنگلىزچە نەشر
قىلىنغان. 1871- يىلى فرانسىيىدە فرانسۇز تىلىدىكى تەرجىمە نۇس-
خىسى نەشر قىلىنغان. 1943- يىلىدىن 1946- يىلىغىچە ئەنقەرەدە
تۈرك تىلى تەرجىمە نۇسخىسى نەشر قىلىنغان. 1948- يىلىدىن
1960- يىلىغىچە ئۆزبېك تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. 1958- يىلى
تاشكەنتتە رۇسچىغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنغان. 1992- يىلى
خەمىت تۆمۈر ئەپەندى «بابۇرنامە» نى پارس تىلىدىن ھازىرقى زامان
ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، مىللەتلەر نەشرىياتىدا نەشر قىلدۇر-
غان. «بابۇرنامە» نىڭ ئاننېت. س. بېۋىرىج بايقىغان، 1700- يىللار-
دا باشقىلار تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن تۈركىي تىللىق قولىيازما نۇسخى-
سى ئەسەرنىڭ قولىيازمىلىرى ئارىسىدىكى ئەڭ مۇكەممەل نۇسخىسى
بولۇپ، جەمئىي 382 ۋاراق. ھازىر ئۇ ھىندىستاننىڭ ھەيدەرئاباتتى-
كى «سەلەرجەڭ مۇزېيى» كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا.

### 75. «بەدائى ئەل ۋەقائى» (ئاجايىپ ۋەقەلەر)

بۇ ئەسەرنى ھىراتلىق مەشھۇر ئۆلىما زەجىجىدىن ۋەسپى (مىلادى-
يە 1485 — 1551) پارس تىلىدا يازغان. ئەسەر ئىككى قىسىمغا
بۆلۈنگەن. ئەسەرنىڭ باش قىسمىنى ئاپتور مىلادىيە 1517- يىلى
يېزىپ تاماملىغان. ئىككىنچى قىسمىنى مىلادىيە 1538- يىلى يېزىپ

تۈگەتكەن. ئەسەر زەجىدىن ۋەسپىنىڭ ئەسلىمىسى بولۇپ، XVI ئەسىرلەردىكى خارەزم ئوتتۇرا قاتلام كىشىلىرىنىڭ تۇرمۇش ۋە تۇرمۇش ئۇسۇللىرى توغرىسىدىكى بىردىنبىر تارىخىي ھۆججەتتۇر. ئەسەرنىڭ قىسمەن بۆلەكلىرىنىڭ رۇس، ئۆزبېك، تاجىك تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغانلىرىدىن باشقا، تولۇق تەرجىمە ياكى نەشر قىلىنغانلىقى توغرىسىدا ئۇچۇر يوق.

**76. «مۇزەككىر ئەلئەخبار» (دوستلۇق خاتىرىلىرى)**

بۇ ئەسەرنى مىلادىيە 1556- يىلى ھەسەن نىسار دېگەن كىشى ئۆ بايىدىن شەيخ مۇھەممەد ئىسلامغا بېغىشلاپ يېزىپ چىققان. ئەسەرنىڭ قايسى خىل تىلدا يېزىلغانلىقى ۋە ئاپتورنىڭ يۇرتى توغرىسىدا مەلۇمات يوق. ئەسەرنىڭ ھەر خىل تىلدىكى قولىيازما نۇسخىلىرى ساقلانغان. 1969- يىلى ھىندىستاننىڭ ھەيدەرئاباتتا پارس تىلىدا نەشر قىلىنغان. ئەسەردە XVI ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ياشىغان 261 نەپەر پارس ۋە تۈركىي تىللىق شائىرلارنىڭ ھاياتى تونۇشتۇرۇلغان بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەينى دەۋردىكى مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا زور قىممەتكە ئىگە.

**77. «كىتاب مۇترىبى» (مۇترىبى ئەسەرلىرى)**

ئەسەرنىڭ ئاپتورى سەمەرقەندلىك مەشھۇر شائىر، ئەدىب، مۇزىكانت مۇترىبى (مىلادىيە 1559 — 1627) دېگەن كىشى بولۇپ، «كىتاب مۇترىبى» دېگەن بۇ ئەسەر ئۇنىڭ ئۈچ پارچە ئەسىرىنىڭ توپلىمى. بۇ ئەسەرلەر:

1) «تەزكىرەتتۇششۇئارا» (شائىرلارنىڭ تەزكىرىسى). ئەسەرنىڭ بۇ بۆلىكىنى ئاپتور مىلادىيە 1604- يىلى يېزىپ، ئەشتەرخانىلار سۇلالىسىنىڭ خانى ۋەلى مۇھەممەدخانغا تەقدىم قىلغان. ئەسەرگە 320 نەپەر شائىرنىڭ شېئىرلىرى ۋە تەرجىمھالى كىرگۈزۈلگەن.

2) «نۇسخەئى زىبائى جاھانگىر» (جاھانگىرلارنىڭ تارىخىغا

بېغىشلانغان كىتاب). ئاپتور بۇ ئەسەرنى مىلادىيە 1625- يىلى سەمەرقەندتە يازغان. ئەسەردە ئۆزبېك سۇلتانلىرى ھەمدە ئەينى دەۋر-دە ماۋارا ئۇننەھر، بەدەخشان، بەلخ، ئىران، شىمالىي ھىندىستان قاتارلىق جايلاردا ياشىغان 292 نەپەر شائىرنىڭ ئەھۋالى يېزىپ قالدۇرۇلغان.

3) «خاتىرەتى مۇتربىي» (مۇتربىينىڭ ئەسلىمىلىرى). ئاپتور بۇ ئەسەرنى مىلادىيە 1627- يىلى يازغان. ئەسەرگە لاھور ۋە شىمالىي ھىندىستانلارنىڭ ئەھۋالى كىرگۈزۈلگەن. ئەسەرنىڭ پارس تىلىدىكى قولىيازما نۇسخىلىرى خېلى كۆپ ساقلانغان. ئايرىم بۆلەكلىرى 1972- يىلى پاكىستاننىڭ كاراچىدا نەشر قىلىنغان.

## 78. «مۇزەككىر ئەل ئەسكىخاب» (دوستلۇق ئەسلىمە-لىرى)

بۇ ئەسەرنى سەمەرقەندلىك مەشھۇر شائىر مۇھەممەد باجى مىلا-دىيە 1682- يىلدىن 1692- يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا يازغان. ئەسەر ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن بولۇپ، بىرىنچى قىسىمدا 165 نەپەر شائىرنىڭ ھاياتى، ئىجادىي پائالىيەتلىرىگە مۇناسىۋەتلىك خاتىرىلەر يېزىلغان. ئىككىنچى قىسىمدا ئەينى زاماندا كىشىلەر تېخى بىلمىگەن 35 نەپەر داڭلىق شائىرنىڭ ھاياتى تونۇشتۇرۇلغان. ئەسەرنىڭ بۆلار-دىن باشقا، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ XVII ئەسىرلەردىكى ئىجتىمائىي، ئىق-تىسادىي، مەدەنىيەت تۇرمۇشىغا ئالاقىدار مەزمۇنلىرىمۇ خېلى كۆپ بولۇپ، زور ئىلمىي تارىخىي قىممەتكە ئىگە. ئەسەر 1946- يىلى ئۆزبېك تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. ئەسەرنىڭ ئەسلىي نۇسخىسىنىڭ قايسى تىلدا يېزىلغانلىقى مەلۇم ئەمەس.

## 79. «جامىئۇل مەقامەت» (روھىيەت ئالىمىنىڭ ئۇلۇغ پەللىسى)

بۇ ئەسەرنى ئوتتۇرا ئاسىيالىق داڭلىق تەسەۋۋۇپچى مەختۇم

ئەزىمىنىڭ نەۋرىسى خوجا ئەبۇبەكرى ئىبنى باھاۋىدىن دېگەن كىشى مىلادىيە 1617- يىلى پارس تىلىدا يازغان. ئەسەرنىڭ مەزمۇنى ئۈچ قىسىمغا ئايرىلىدۇ. بىرىنچى قىسىمدا مەختۇم ئەزەم (1461 — 1542) نىڭ نەسەبلىرى؛ ئىككىنچى، ئۈچىنچى قىسىمدا مەختۇم ئەزەمنىڭ تۆھپىلىرى ۋە ئۇنىڭ مۇرىتلىرى بىلەن ئېلىپ بارغان سۆھبەتلىرى بايان قىلىنغان. ئەسەرنىڭ ئاخىرقى قىسىمغا ئاپتور مەختۇم ئەزەمنىڭ ھىجرىيە 949- يىلى مۇھەررەم ئېيىنىڭ 21- كۈنى (مىلادىيە 1542- يىل 5- ئاينىڭ 7- كۈنى) كېسەل سەۋەبىدىن ۋاپات بولغانلىق ئەھۋالىنى خاتىرىلەپ قالدۇرغان. ئەسەر ئاپتورىنىڭ ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك خاتىرىلەر يوق. بۇ ئەسەرنىڭ پەقەت نەچچە پارچە قوليازما نۇسخىسى تاشكەنتتە ساقلانغاندىن باشقا، ياۋروپا تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغانلىقى توغرىسىدا ئۇچۇر يوق. ئەسەرنى «تەرجىمە مەجمۇئەتىل مۇھەققىن» نامىدا مىلادىيە 1696- يىلى مۇھەممەد سادىق يېگىسارى پارسچىدىن چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان.

80. «رەۋزەتۇ رىزۋان ۋە ھىدكەتۇلغۇلمان» (جەننەت گۈلىستانلىرى ۋە غىلمانلارنىڭ كاتىتلىرى)

بۇ ئەسەرنى مىلادىيە 1589- يىلى كەشمىرلىك مەشھۇر تارىخچى، شائىر، ئەدەبىيات تەتقىقاتچىسى باھاۋىدىن كەشمىرى دېگەن كىشى پارس تىلىدا يازغان. ئەسەردە XVI ئەسىردىكى داڭلىق شەخسلەردىن خوجا مۇھەممەد ئىسلام (1493 — 1563)، خوجا شادى (1531 — 1590) ۋە خوجا تەجرىدىن ھەسەن قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ھاياتي پائالىيىتى خاتىرىلەنگەن. ئەسەردە يەنە بۇخارا، ئىران، شىمالىي ھىندىستان، شىنجاڭ ۋە خارەزمگە مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن تارىخىي، ئىجتىمائىي ۋەقەلەر خاتىرىلەنگەن. ئەسەر ئاپتورىنىڭ ھاياتىي پائالىيەتلىرى نامەلۇم. بۇ ئەسەرنىڭ تەرجىمە قىلىنغانلىقى ياكى نەشر قىلىنغانلىقى توغرىسىدا ئېنىق مەلۇماتلار يوق. ئۇنىڭ يېگانە

قولىيازمىسى ھازىر ئۆزبېكىستاننىڭ تاشكەنت شەھىرىدىكى ئاسىيا ئەللىرى ئىنستىتۇتىدا ساقلانماقتا.

81. «مەتلەبەتتەلىبىن» (ھەقىقەت تەلەپكارلىرىنىڭ مۇددىئاسى)

بۇ ئەسەرنى مۇھەممەد تالىپ دېگەن كىشى مىلادىيە 1663- يىلى يازغان. ئاپتورنىڭ يۇرتى، ھاياتى، ئەسەرنىڭ قايسى تىلدا يېزىلغانلىقى توغرىسىدا مەلۇمات يوق. ئەسەردە XVI ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغان مەشھۇر ئۆلىمالاردىن خوجا مۇھەممەد ئىسلام (1493 — 1563)، تەجرىدىن ھەسەن (1574 — 1646)، ئابدۇرەھمان (1575 — 1628)، ئاتىچى خوجا (1577 — 1607) ۋە مۇھەممەد يۇسۇپ خوجا (1652 — ؟) قاتارلىقلارنىڭ ھاياتىي پائالىيەتلىرى خاتىرىلەنگەن. ئەسەرنىڭ بىرقانچە خىل ئەرەبچە كۆچۈرمە نۇسخىسى تاشكەنتتە ساقلىنىۋاتقاندىن باشقا، ئۇنىڭ نەشرىي نۇسخىسى ياكى ئەسلىي قولىيازما نۇسخىسى يوق.

82. «تەۋارىخى بەناكاتى»

بۇ ئەسەر مىلادىيە 1317- يىلى سۇلايمان مۇھەممەد ئەلى بىننى ئەبۇلفازىل داۋۇت مۇھەممەد بىننى مۇھەممەدۇل بىناكاتى دېگەن كىشى تەرىپىدىن پارس تىلىدا يېزىلغان، ئەسەرنىڭ يەنە بىر نامى «رەۋزەتۇلئۇلباب فى تەۋەرىخى ۋەلئەخساپ». ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭنىڭ تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك بۇ تارىخىي ئەسەر ھىجرىيە 1118- يىلى (مىلادىيە 1706- يىلى) يەكەن ھاكىمى ئەمىن قۇربانبەگ خەزانچىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن نامەلۇم بىر ئاپتور تەرىپىدىن چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. تەرجىمە قىلغۇچى ئەسەرنىڭ ئۇيغۇرچە نامىنى «تەۋارىخى خەزانچى» («ئەمىر قۇربانبەگ خەزىنىچىنىڭ تارىخى») دەپ ئاتىغان.

### 83. «زەپەرنامە» (غالىبىيەت قىسسىسى)

«زەپەرنامە» تېمىسىدا يېزىلغان ئەسەرلەر بىرقەدەر كۆپ، ھەممىسى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭنىڭ تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەمىر تۆمۈرنىڭ تارىخچىسى مەۋلانە شەرىفىدىن ئەلى يەزدى پارسچە يازغان «زەپەرنامە» ئەڭ قەدىمىيسى بولۇپ، نەسرىي شەكىلدىكى بۇ ئەسەرنى مەۋلانە ئەبەيدۇللا لۇتفى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغا 20 مىڭ مىسرالىق نەزمە شەكلىدە تەرجىمە قىلغان؛ يەنە بىرى، ئوتتۇرا ئاسىيالىق نىزامىددىن شەمئى يازغان «زەپەرنامە» ناملىق ئەسەر؛ يەنە بىرى، ئاقسۇلۇق موللا شاكىر دەسلەپتە پارس تىلىدا يېزىپ، كېيىن مىلادىيە 1866- يىلى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا قايتا يازغان شېئىرىي شەكىلدىكى تارىخىي داستان «زەپەرنامە» دۇر. موللا شاكىرنىڭ بۇ ئەسىرى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1980- يىللىق سانلىرىدا ئېلان قىلىنغان. ئەسەر 1864- يىلى كۆتۈرۈلگەن كۇچا دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ ئەينەن خاتىرىسىدۇر. بۇلاردىن سىرت، «زەپەرنامە» ناملىق ئەسەردىن يەنە بىرقانچىسى بارلىقى مەلۇم.

### 84. «تەزكىرەئى پىرى ياران»

شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا زېمىنلىرىدا ئۆتكەن سوپى، ئاشىقلارغا مۇناسىۋەتلىك بۇ تارىخىي ئەسەرنى مىلادىيە 1811- يىلى موللا ھۈسەيىن كۇچارى دېگەن كىشى بىلەن موللا توختى خەلپەت دېگەن كىشى بىرلىكتە چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا يازغان. ئەسەرنىڭ ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنغانلىقى توغرىسىدا مەلۇمات يوق. ساقلانغان ئورنى نامەلۇم.

### 85. «تەۋارىخى شاھ مەھمۇد جوراس»

بۇ ئەسەرنى يەكەن سەئىدىيە خانىدانلىقى دەۋرىدە ياشىغان مەشھۇر تارىخچى مىرزا شاھ مەھمۇد بىننى فازىل جوراس مىلادىيە

1672ـ يىلىدىن 1676ـ يىللىرى ئارىلىقىدا ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن داڭلىق تارىخچى، ھەربىي قوماندان مىرزا ھەيدەرنىڭ «تەۋارىخى رەشىد» ناملىق ئەسىرىنىڭ داۋامى سۈپىتىدە پارس تىلىدا يازغان. بۇ ئەسەرنىڭ نامى «تارىخ»، «تارىخى رەشىد زەيلى» (تارىخى رەشىدىنىڭ داۋامى) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئەسەر ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭنىڭ XVII ئەسىرلەردىكى تارىخىي ئەھۋاللىرىنى مەزمۇن قىلغان. بۇ ئەسەرنىڭ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى بىرقانچە خىل تەرجىمە نۇسخىسىنىڭ بولغانلىقى توغرىسىدا ئۇچۇرلار بار. بۇ ئەسەرنىڭ XIX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ قەشقەر شىۋىسىدە تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىسى ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئەبۇرەيھان بىرۇنىي ناملىق شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا ساقلانماقتا.

## 86. «تەزكىرەئى ھىدايەت»

بۇ ئەسەرنىڭ يەنە بىر نامى «تەزكىرەئى خوجە ئاپپاق». ئەسەرنى يەكەنلىك تارىخچى مىرخالىدىن كاتىپ شاھ كىچىك دېگەن كىشى مىلادىيە 1730ـ يىلى پارس تىلىدا يازغان بولۇپ، ئاپپاق خوجا ۋە ئۇنىڭ مۇرىتلىرى توغرىسىدىكى تارىخىي ئەسەردۇر. بۇ ئەسەرنىڭ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغانلىقى توغرىسىدىمۇ ئۇچۇر بار. ئەمما، ئۇنىڭ قەيەردە ساقلىنىۋاتقانلىقى نامەلۇم.

## 87. «تەزكىرەئى بۇغراخان»

بۇ ئەسەرنى مۇھەممەد گودا ئىبنى مۇھەممەد ئىبراھىم (خوجا گودا) ھىجرىيە 1193ـ يىلى (مىلادىيە 1769ـ يىلى) چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا يازغان بولۇپ، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخانغا مۇناسىۋەتلىك تەزكىرە. ئۇ يەنە خوجا مۇھەممەد شېرىپ يەركەندى پارس تىلى بىلەن يازغان «نەسەبنامەئى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان غازى» ناملىق تەزكىرىنىمۇ پارس تىلىدىن چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان. بۇ ئەسەرلەر نامەلۇم خەتتات تەرىپىدىن مىلادىيە 1829ـ يىلى «تەزكىرە

لى بۇغراخان» نامى بىلەن قايتا كۆچۈرۈلگەن. موللا ھاجى يازغان «بۇغراخانلار تەزكىرىسى» دېگەن ئەسەر ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنغان بولسىمۇ، مۇھەممەد گودا ئىبنى مۇھەممەد ئىبىرا- ھىمنىڭ بۇ ئەسىرىنىڭ قەيەردە ساقلىنىۋاتقانلىقى توغرىسىدا ئۇچۇر يوق.

## 88. «تەزكىرەئى خوجاكان»

بۇ ئەسەرنى مەشھۇر تارىخچى، شائىر، تەرجىمان مۇھەممەد سادىق قەشقەرى (1725 — 1850) ھىجرىيە 1182- يىلى (مىلادىيە 1770- يىلى) چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا يازغان. مىلادىيە 1817- يىلى ئاپتور ئەسەرنى قايتا تۈزىتىپ يېزىپ، داستان شەكلىگە كەلتۈرگەن. «تەزكىرەئى خوجاكان» ناملىق ئەسەرنى ئەسلىدىكى «تەزكىرەئى ئەزى- زان» ناملىق ئەسىرى ئاساسىدا يېزىپ چىققان بولۇپ، ئەسەردە شىنى- جاڭدا ئۆتكەن «ئاق تاغلىق» ، «قارا تاغلىق» خوجىلارنىڭ تارىخى ۋە ئۇلارنىڭ ئەسلى نەسەب-جەمەتلىرى، قەشقەرنىڭ خوجىلار دەۋرىدىكى سىياسى، ئىجتىمائىي ئەھۋالى خاتىرىلەنگەن. ئاپتورنىڭ بۇ ئەسىرى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، قەشقەر ئۇيغۇر نەش- رىياتىدا «تەزكىرەئى ئەزىزان» نامىدا نەشر قىلىنغان.

## 89. «ئۇۋەيسنامە»

«ئۇۋەيسنامە» ناملىق بۇ تارىخىي ئەسەرنى يەكەن سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە ياشىغان (1470 — 1565) خوجا مۇھەممەد شېرىپ پارس تىلىدا يېزىپ چىققان. سۇلتان ئۇۋەيسخان ئەسلى تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ تۆتىنچى ئەۋلادى، چىڭگىزخاننىڭ 11- ئەۋلادى بولۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ تۇرپان، قۇمۇل قاتارلىق جايلاردا تارقىلىشىغا زور تۆھپە قوشقان تارىخىي شەخس. خوجا مۇھەممەد شېرىپ بۇ ئۇۋەيس- خاننى ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكۈچىلەرنى مەزھەپلەشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئە- قىدىلىرىگە مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ۋەقەلەرنى يېزىپ قالدۇرغان. ئە-

سەرنىڭ قولىيازمىسىنىڭ قەيەردە ساقلىنىۋاتقانلىقى نامەلۇم.

**90. «تەۋارىخى مۇسقىيۇن» (مۇزىكانتلار تارىخى)**

بۇ ئەسەرنى خوتەنلىك موللا ئىسمەتۇللا بىننى نىمەتۇللا مۆجىزى مىلادىيە 1854 ـ، 1855ـ يىلللىرى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا يازغان. ئەسەردە XIV ئەسىردىن XVIII ئەسىرلەرگىچە بولغان ئارىلىقتا ياشىغان نىزامىددىن ئەلىشىر نەۋائى، مەۋلانە ئەبەيدۇللا لۇتفى، يۇسۇپ سەككاكى، قىدىرخان يەركەندى، خانىش ئامانىساخان قاتارلىق مەشھۇر مۇزىكانتلار ۋە ئۇلاردىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئەبۇناسىر فارابى، مۇھەممەد خارەزمى، فىساغورۇس، مەۋلانە نۇردىن ئابدۇرەھمان جامى قاتارلىق ئوتتۇرا ئەسىرلەرگە تەئەللۇق مۇزىكانتلار توغرىسىدىمۇ خاتىرىلەر يېزىلغان. ئەسەردە ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسىم چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ پەيدا بولۇش تارىخى تونۇشتۇرۇلغان. بۇ ئەسەر ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنغان.

**91. «مەلۇماتى ئاپاق» (دۇنيا توغرىسىدا بىلىملەر)**

بۇ ئەسەرنى XVI ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۆتكەن ئەبۇلھەسەن ھەراۋى پارس تىلىدا يازغان (ئاپتورنىڭ يۇرتى، تۇغۇلغان، ۋاپات بولغان ۋاقتى نامەلۇم). ئەسەردە جۇڭگو، ھىندىستان توغرىسىدا تارىخىي مەلۇماتلار، تۆمۈرىيلەر ئىمپېرىيىسى بىلەن جۇڭگونىڭ دىپلوماتىيە مۇناسىۋەتلىرى خاتىرىلەنگەن. بۇ ئەسەرنى لۈكچۈنلۈك مۇھەممەد سىيىتنىياز (1843—1931) XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان. ئەسەرنىڭ ئەسلي نۇسخىسىنىڭ ياكى تەرجىمە نۇسخىسىنىڭ قەيەردە ساقلىنىۋاتقانلىقى نامەلۇم.

**92. «ئانىست تالىبىن» (بىلىم تەلەپكارلىرىنىڭ دوستى)**

بۇ مەشھۇر تارىخچى مىرزاشاھ مەھمۇد بىننى فازىل جۇراسنىڭ

پارس تىلىدا يازغان تارىخىي ئەسىرى بولۇپ، ئەسىرنىڭ يەنە بىر نامى «رەفىقۇتتالىبىن» . ئەسەر مەزمۇن جەھەتتىن تۆت خىلىپە، ئىمام-لار، نەقشىبەندىيە سۇلۇكىدىكى ئاساسچىلىرى ۋە شىنجاڭدىكى خو-جىلارنىڭ پائالىيەتلىرى مەركەزلىك سۆزلەنگەن تەزكىرە — تارىخ خاراكتېرىدىكى ئەسەر بولۇپ، ئەبۇ مەنسۇر دېگەن تەرجىمان پارسچە-دىن چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان. 1864- يىلى موللا ئەھمەد ئىبنى موللا مۇھەممەد سوپى ئىبىن قۇربان تەرىپىدىن كۆچۈ-رۈلگەن. ھازىر 96 بەتلىك بۇ كۆچۈرمە نۇسخا ئۆزبېكىستان ئاسىيا ئەللىرى ئىنستىتۇتىدا ساقلانماقتا.

### 93. «شاھنامە»

بۇ ئەسەرنىڭ ئاپتورى ئوتتۇرا ئاسىياغا مەنسۇپ كىشى ئەمەس، لېكىن ئەسەرنىڭ مەزمۇنى ئوتتۇرا ئاسىيا، يەنى قەدىمكى تۇران بىلەن پارس، يەنى قەدىمكى ئىران دۆلەتلىرىنىڭ تارىخلىرىغا مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقى سەۋەبلىك كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈر. تۈركىي خەلقلەر قۇرغان غەزنەۋىيلەر سۇلالىسىدە ياشىغان ئىرانلىق مەشھۇر شائىر ئوبۇلقاسىم پىردەۋسىنىڭ شېئىرىي شەكىلدە يازغان بۇ ئەسىرى ئەدە-بىي جەھەتتىنلا ئەمەس، بەلكى تارىخىي جەھەتتىكى قىممىتى بىلەنمۇ ئۆز دەۋرىدىن تا بۈگۈنگىچە مەشھۇر ئەسەر بولۇپ كەلمەكتە. بۇ ئەسەرنى مىلادىيە 1682- يىلى موللا خامۇش يەركەندى «شاھنامەئى تۈركىي» (تۈركىي خەلقلەر پادىشاھلىرى) دېگەن نامدا نەسرىي ئۇس-لۇبتا چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان. مىلادىيە 1751-، 1752- يىللىرى يەكەندە ياشىغان شاھ ھىجران (شاھ مۇھەممەد ئىمىن ئىبنى خوجا نىزامىدىن) ناملىق تەرجىمان خوجا جاھان ئەرشى-نىڭ تەشەببۇسى بىلەن يەنە بىر قېتىم تەرجىمە قىلغان. مىلادىيە 1837- يىلى يەنە بىر قېتىم ئىجادىي تەرجىمە قىلىنغانلىقى توغرىسىدا ئۇچۇر بار. پىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» دېگەن بۇ ئەسىرى مەرھۇم ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن تەرىپىدىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر

تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنغان. شاھ ھىجران ئىجادىي ئۇسلۇبىدا يازغان «شاھنامەئى تۈركىي» ناملىق ئەسەرنى مۇھەممەتتۇر- دى مىرزا ئەھمەدىنىڭ نەشرگە تەييارلىشى بىلەن 1992- يىلىدىن باشلاپ «بۇلاق» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان.

## 94. «مۇلھاقاتۇسسۇرراھ» (سۇرراھ لۇغىتىگە تولۇقلىما)

ئەسەرنىڭ ئاپتورى جامال قارشى موغۇلىستان خانلىقىنىڭ پاي- تەختى ئالمالىقتا تۇغۇلغان. 1230- يىلىدىن 1315- يىلىغىچە ياشى- غان. بۇ ئۇنىڭ مىلادىيە 1302-، 1303- يىللىرى جەۋھىرىنىڭ «سۇرراھ» لۇغىتىگە ئىزاھات ۋە تولۇقلىما يېزىش مەقسىتىدە يازغان تەزكىرە خاراكتېرلىك ئەرەبچە ئەسىرى. ئەسەردە ئوتتۇرا ئاسىيا، جۈملىدىن شىنجاڭ تەۋەسىدىكى بىر قىسىم خانلىقلارنىڭ تارىخىدىن ئۈچىبىر كلار ۋە ھەرقايسى جايلاردىكى داڭلىق شەيخلەرنىڭ ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلار، بىر قىسىم قەدىمىي شەھەرلەرنىڭ يول مۇساپىلىرى ۋە ئۇ يەرلەرنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرى توغرىسىدا ئۇ- چۇرلار بار. جامال قارشى بۇ ئەسەرنى قەشقەردىكى مەشھۇر مۇدەر- رىس، ئالىملارنىڭ تەكلىپى ئاساسىدا يېزىپ چىققان. ئەسەرنىڭ قەيەردە ساقلىنىۋاتقانلىقى نامەلۇم.

## 95. «تارىخى خاۋەندىشاھ»

بۇ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تۈركىي خەلقلەر تارىخىغا دائىر زور ھەجىم- لىك تارىخىي يازما يادىكارلىق بولۇپ، بۇ ئەسەرنى ئەلىشىر نەۋائىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن مەشھۇر تارىخچى مىرخاند XV ئەسىرنىڭ ئاخىرلى- رى يېزىپ چىققان. ئەسەرنىڭ ئەسلىي نامى «رەۋزەتتۇسسەفا» (سا- پالىق باغ تارىخى). بۇ ئەسەرنى مىلادىيە 1737-، 1738- يىللاردا ئۆمەر قۇربانبەك ئىبىن نىيازبەكنىڭ تەشەببۇسى بىلەن مىرفازىل موللا كىچىك ساقى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان ھەمدە

كىتابنىڭ نامىنى «تەۋارىخى خاۋەندشاھ» دەپ قويغان.

### 96. «بەدەۋلەتنامە»

بۇ ئەسەرنى مۇھەممەد ئۆمەر مەرغىنانى 1890- يىلى يازغان. ياقۇپبەگ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى شىنجاڭ تارىخىغا بېغىشلاپ شېئىرىي شەكىلدە يېزىلغان تارىخ. بۇ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەسەرنىڭ 61 بەتلىك قولىيازما نۇسخىسى ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاسىيا ئەللىرى ئىنستىتۇتىدا ساقلانماقتا.

### 97. «تارىخى كاشغەر»

ئاپتورى نامەلۇم. بۇ ئەسەردە شىنجاڭنىڭ XVIII ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان تارىخى بايان قىلىنغان. كىتابنىڭ يېزىلغان ئېنىق ۋاقتى نامەلۇم. ئەسەرنىڭ چاغاتاي تىلىدىكى 105 بەتلىك قولىيازما نۇسخىسى ئۆزبېكىستاندىكى ئاسىيا ئەللىرى ئىنستىتۇتىدا ساقلانماقتا.

### 98. «تارىخى كاشغەر»

بو ئەسەرنى 1894- يىلى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا قەشقەرلىك مۇھەممەد ئەلەم ئاخۇن يازغان. بۇ ئەسەردە شىنجاڭنىڭ 1864- يىلىدىن 1894- يىلىغىچە بولغان ئەھۋالى خاتىرىلەنگەن. بۇ ئەسەرنىڭ 61 بەتلىك قولىيازما نۇسخىسى ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىدىكى ئاسىيا ئەللىرى ئىنستىتۇتىدا ساقلانماقتا.

### 99. «تارىخنامە ياقۇپخان»

ئەسەر ئاپتورى مۇھەممەد ۋەلىد مىرئەھمەد شەرق غەرب. 1898- يىلى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا يازغان. ئەسەر ياقۇپبەگنىڭ شىنجاڭدىكى پائالىيەتلىرىنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان بولۇپ، ئەسەرنىڭ 73 بەتلىك قولىيازما نۇسخىسى ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىدىكى ئاسىيا ئەللىرى ئىنستىتۇتىدا ساقلانماقتا.

**100. «جامىئۇتتە ۋارىخ»**

ئاپتورى هاجى يۈسۈپ. ياقۇپبەگنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىدىن تا-كى ئۆلۈشىگىچە بولغان ۋەقەلەر سۆزلەنگەن ئىككى توملۇق ئەسەر. ئەسەر چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا قەشقەرلىك هاجى مۇهەممەد يۈسۈپ تەرىپىدىن 1908- يىلى يېزىلغان. 352 بەتلىك قولىيازما نۇسخىسى ئۆزبېكىستان جۇمهۇرىيىتىدىكى ئاسىيا ئەللىرى ئىنستىتۇ-تىدا ساقلانماقتا.

**101. «قىسسەسۇل غەرايىب»**

ئاپتورى موللا مۇهەممەد نىياز ئىبنى ئابدۇغوپۇر بەگ. ئەسەر چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان. ئەسەردە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭ تارىخىدا يۈز بەرگەن ئاجايىپ - غارايىپ ۋەقەلەر، تارىخىي هادىسىلەر خاتىرىلەنگەن. 1851- يىلى يەكەندە خوتەن ۋالىيى مۇهەممەد ئەزىز ۋاڭنىڭ تەشەببۇسى بىلەن يېزىلغان ئەسەر. بۇ ئەسەرنىڭ 129 بەتلىك قولىيازما نۇسخىسى ئۆزبېكىستان جۇمهۇرىيىتىدىكى ئاسىيا ئەللىرى ئىنستىتۇتىدا ساقلانماقتا.

**102. «رىسالەئى خاقان ئىچىدە تۇڭگانلارنىڭ قىلغان ئىشى»**

ئاپتورى نامەلۇم. 1863- يىلدىن 1877- يىلغىچە شىنجاڭدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر بايان قىلىنغان. ئەسەرنىڭ هىجرىيە 1294- يىلى يېزىلغان 32 بەتلىك قولىيازما نۇسخىسى ئۆزبېكىستان جۇمهۇرىيىتى ئاسىيا ئەللىرى ئىنستىتۇتىدا ساقلانماقتا.

**103. «ئەمىر ئالى»**

ئاپتورى هوشۇرئاخۇن ئىبنى ئىسمائىل ئىبنى مۇهەممەد غەر-بىي. ئەسەرنىڭ يېزىلغان ۋاقتى نامەلۇم. ئەسەردە ياقۇپبەگنىڭ ۋە

ئۆتكەن قوزغىلاڭچىلارنىڭ رەھبىرى داۋۇد خەلىپە توغرىسىدىكى تارىخىي ۋەقەلەر شېئىرىي شەكىلدە يېزىلغان. بۇ ئەسەر 1863- يىلى خوتەن ھۆكۈمدارى نىيازبەگ دادىخاھنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن يېزىلغان. 106 بەتلىك قولىيازما نۇسخىسى ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىدىكى ئاسىيا ئەللىرى ئىنستىتۇتىدا ساقلانماقتا.

### 104. «ياقۇپبەگدىن ئىلگىرى قەشقەرنى ئىشغال قىلغان سىدىقبەگ ھەققىدە رىۋايەت»

ئاپتورى قەشقەرلىك مىرزا خېلىل ھادىن ئاخۇن. مىلادىيە 1863- يىل 10- ئايدا چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان. جەمئىي 28 بەت. ئەسەردە قىرغىز قىپچاق قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى سىدىقبەگنىڭ ئەسكەر باشلاپ مەنچىڭ ھۆكۈمىتىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش جەريانى يېزىلغان بولۇپ، تارىخىي ھۆججەت خاراكتېرلىك ئەسەر. بۇ ئەسەر 1894- يىلى بۈيۈك برىتانىيە كۇتۇپخانىسىغا قويۇلغان. 1983- يىلى ياپونىيىلىك خامارا ماسامى ياپونىيىدە چىقىدىغان «شەرق ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 1983- يىللىق 55- سانىدا ئېلان قىلغان.

### 105. «تەۋارىخى ھەمىدىيە»

ئاپتورى موللا مۇسا بىننى ئەيسا سايرامى «1836—1917». تۈنجى قېتىم چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا يازغان. ئەسەرنىڭ تۈنجى قولىيازمىسى 1903- يىلى قازاندا تاتارچە نەشر قىلىنغان. بۇ ئەسەرنىڭ ئەسلىي نامى «تەۋارىخى ئەمىنىيە» (ئەمىنلىك تارىخى) دەپ ئاتالغان. ئەسەردە دۇنيانىڭ يارىتىلىشى، تۈركلەرنىڭ نەسەبلىرى ۋە 1221- يىلى چىڭگىزخان تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنىپ، قارا بالغاسۇنغا سۈرگۈن قىلىنغان بۇخارالىق مەشھۇر ئىسلام ئۆلىماسى ئىمام ھەسەن بۇخارانىڭ نەسەبلىرى، ئۇنىڭ ئوغلى جالالىدىننىڭ تارىخى ۋە 1867- يىل 6- ئايدا كۇچالىق ئەرشىدىنخان خوجىنىڭ ياقۇپبەگ تەرىپىدىن

ئۆلتۈرۈلۈشى قاتارلىق تارىخىي ۋەقەلەر بايان قىلىنغان، يەنە ئۇچتۇر- پان، كۇچا، قۇمۇل، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق يۇرتلارنىڭ شەكىللە- نىش جەريانىدىن مەلۇمات قالدۇرۇلغان. بۇ ئەسەر 1986- يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنغان.

### 106. «ناقسابنامە»

ئاپتورى ئابدۇل ئەلا بىن سەئىد. تىلى پارسچە. ئاپتور قەشقەردە ياقۇپبەگنىڭ قوشۇنىدا فرونت قوماندانى بولۇپ ئىشلىگەن جەرياندا كۆرگەنلىرىنى چىنلىق بىلەن خاتىرە قالدۇرغان. بۇ ئەسەر ھازىر بۈيۈك برىتانىيە كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا.

### 107. «غازاتدەر مۇسلىمىن» (مۇسۇلمانلارنىڭ غازاتلىرى)

ئەسەرنىڭ ئاپتورى نامەلۇم. بۇ ئەسەردە ئۆزىنى ئالتە شەھەر ھۆكۈمرانى دەپ ئاتىۋالغان ياقۇپبەگنىڭ ئەنگلىيىنىڭ لوندون ۋە توركىيىنىڭ ئىستانبۇل شەھەرلىرىگە ئەلچى ئەۋەتكەنلىكى، ئەنگلىيە ئەلچىسى فورسىس (Forsth) ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ قەشقەرگە كې- لىش جەريانى تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن. بۇ ئەسەرنى ئەنگلىيىلىك لوئىس ئىسىملىك ئالىم 1908- يىلى لاھوردا نەشر قىلدۇرغان (ئە- سەرنىڭ تىلى نامەلۇم). ئەسەرنىڭ ئەسلىي قوليازما نۇسخىسى بۈيۈك برىتانىيە مۇزېيىدا ساقلانماقتا.

### 108. «قىسسەئى ئەلى ئارسلانخان»

بۇ ئەسەرنى موللا ئەيد دېگەن كىشى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا يازغان. ئەسەرنىڭ يېزىلغان ۋاقتى نامەلۇم. ئەسەرنىڭ 85 بەتلىك قوليازما نۇسخىسىنىڭ جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ شۆبىسىدە ساقلىنىۋاتقانلىقى توغرىسىدا ئۇچۇر بار.

ئەسەردە سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ نەۋرىسى، قاراخانىيلار سۇ-لالىسىنىڭ سانغۇنى سەئىد ئەلى ئارسلانخاننىڭ خوتەن بۇددىستلىرى بىلەن ئېلىپ بارغان غازات ئۇرۇشلىرىنىڭ جەريانى خاتىرىلەنگەن. ئەسەر بۇگۈنگىچە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا نەشرقىلىنمىدى.

### 109. «تەزكىرەئى مەۋلانە ئەرشىدىن ۋەلى»

ئەسەرنىڭ ئاپتورى، يېزىلغان ۋاقتى نامەلۇم. ئەسەرنىڭ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى جەمئىي 236 بەتلىك قولىيازما نۇسخىسى جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ شۆبىسى كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىپ كەلمەكتە. ئەسەر بۇخارالىق مەشھۇر دىنىي ئالىم جالالە-دىن بۇخارانىڭ ئوغلى مەۋلانە ئەرشىدىن ۋەلىنىڭ تۇغلۇق تۆمۈرخاننى ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن ئاقسۇدىن ئىلىغا بېرىپ، تۇغلۇق تۆمۈرخاننى ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلدۇرغانلىقى، تۇغلۇق تۆمۈرخان-نىڭ مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، جۇڭغارىيە، تۇرپان، قۇمۇل قاتارلىق جايلاردىكى ئاھالىنى مۇسۇلمان قىلىشى قاتارلىق ۋەقەلەر بايان قىلىنغان. ئەسەر بۇگۈنگىچە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنمىدى.

### 110. «تەزكىرەئى ھىدايەت»

بۇ ئەسەرنى موللا ياقۇپ ئىبنى روزى ئىسمىلىك كىشى قەشقەردە چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا يازغان بولۇپ، ئەسەرنىڭ يېزىلغان ۋاقتى نامەلۇم. ھىجرىيە 1300- يىلى (مىلادىيە 1882-، 1883- يىللىرى) مەكتىلىك موللا رەھىم ئىسىملىك خەتتات تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن. ئەسەرنىڭ 144 بەتلىك قولىيازمىسى جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادې-مىيىسى مىللەتلەر تەتقىقاتى ئورنىدا ساقلىنىۋاتقانلىقى مەلۇم.

بۇ ئەسەردە مەخدۇم ئەزەمنىڭ نەسەبنامىسى ۋە ئۇنىڭ پائالىيەت-لىرى، ئۇنىڭ ئوغۇللىرى بولغان ئىشان كالان (چوڭ ئىشان، يەنى ئاپپاق خوجىنىڭ دادىسى خوجا مۇھەممەد ئىمىن) ۋە خوجا ئىسھاق

ۋەلىنىڭ بىر - بىرى بىلەن دۈشمەنلىشىشى، خوجا مۇھەممەدئىمىن-
نىڭ قۇمۇلنىڭ چىقتىم دېگەن جايغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىشى، ئۇ-
نىڭ ئوغلى ئاپپاق خوجا (ھىدايىتۇللا ئىشان) نىڭ تۇغۇلۇشى، ئۇنىڭ
پائالىيەتلىرى ۋە ئۇنىڭ ئوغلى خوجا ھەسەن (ساھىب قىران پادى-
شاھ) نىڭ شۆھرەت قازىنىشى قاتارلىق ۋەقەلەر خاتىرىلەنگەن. بۇ
ئەسەرمۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنمىدى.

## 111. «تەزكىرەئى ھىدايەت»

ئەسەرنى باھاۋۇدىن ئىبنى تاھىر دېگەن كىشى چاغاتاي ئۇيغۇر
تىلىدا يازغان. بۇ ئەسەر ھىجرىيە 1334- يىلى (مىلادىيە 1915-،
1916- يىلى) كۆچۈرۈلگەن. بۇ ئەسەرمۇ جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر
ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنىدا ساقلانماقتا.

بۇ ئەسەردە ئاپپاق خوجا، يەنى ھىدايىتۇللا ئىشان ئاپپاق خوجى-
نىڭ تەرجىمىھالى ۋە ئۇنىڭ 30 ياش ۋاقتىدا چىلڭ خاندانلىقىنىڭ
پايتەختى بېيجىڭغا بارغانلىقى، سەپەر ئۈستىدىكى سەرگۈزەشتلىرى،
«قارا تاغلىق»، «ئاق تاغلىق» خوجىلارنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئۇلار-
نىڭ جۇڭغارلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى خاتىرىلەنگەن. بۇ ئەسەر
ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنمىدى.

## 112. «سىراجۇلئىسا»

ئەسەرنىڭ ئاپتورى نامەلۇم. شىنجاڭ مۇزېيىدا تولۇق بولمىغان
قولىيازما نۇسخىسى ساقلانماقتا. ئەسەر چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا يېزىل-
غان. ئەسەردە سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ چوڭ قىزى نۇرئەلانۇرخې-
نىمنىڭ كەچۈرمىشلىرى، دىنىي پائالىيەتلىرى ۋە ئاياللارنىڭ دىققەت
قىلىشقا تېگىشلىك ئەخلاق - قائىدىلىرى بايان قىلىنغان. نۇرئەلا
نۇرخېنىمنىڭ قەبرىسى ھازىر قەشقەر شەھىرى دۆلەتباغ يېزا تەۋەسى-
دىكى سەئىد ئەلى ئارسلانخان (ئوغلى) نىڭ مازىرىنىڭ يېنى-
دا. بۇ ئەسەر ھازىرغىچە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا
نەشر قىلىنمىدى.

## 113. «تەزكىرەئى چىلتەن» (قىرىق تەن)

بۇ ئەسەر XVI ئەسىردە ياشىغان مەشھۇر ئۇيغۇر كلاسسىك شائىرلىرىنىڭ بىرى بولغان مۇھەممەد سىدىق زەلىلىنىڭ «تەزكىرەئى چىلتەن» ناملىق داستانىنىڭ مەزمۇنى بىلەن ئوخشاش بولغان يەنە بىر ئەسەر بولۇپ، پارسچە يېزىلغان. ئەسەر ئاپتورىنىڭ ئىسمى مۇھەممەد ئەلى مۇھەممەد ئىمىن يەركەندى. مىلادىيە 1828- يىلى يەكەندە يېزىلغان.

يەكەن كونا شەھەر رايونىدا «چىلتەنلىرىم ياكى ھەفتە مۇھەممەدان» دەپ ئاتىلىدىغان مەشھۇر مازار بار. بۇ كىتابتا دەل ئاشۇ مازارغا دەپنە قىلىنغان يەتتە نەپەر ئۇلۇغ كىشىنىڭ تارىخى، مىرزا ئابابەكرى ھاكىمىيىتىنىڭ ئەھۋالى ۋە يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشىغىچە بولغان ۋەقەلەر سۆزلەنگەن. بۇ ئەسەر پەقەت 16 بەتلا بولۇپ، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا.

## 114. «تەزكىرەئى خوجا ئىسھاق ۋەلى»

ئەسەرنىڭ يېزىلغان ۋاقتى نامەلۇم، ئاپتورى موللا ئىۋەز. بۇ ئەسەرنىڭ ئۇيغۇرچە قولىيازما نۇسخىسى جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنىدا ساقلانماقتا.

ئەسەردە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ دەھبىد دېگەن يېرىدە دۇنياغا كەلگەن خوجا ئەھمەد كاسانىنىڭ ئوغلى خوجا ئىسھاق ۋەلىنىڭ تارىخى، يەنى قارا تاغلىق خوجىلارنىڭ مۇرىتلىرى، قارا تاغلىقلارنىڭ يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى، خوجىلارنىڭ تەسىر دائىرىسىگە مۇناسىۋەتلىك تارىخلار بايان قىلىنغان.

## 115. «تەزكىرەئى مەۋلانە جالالىدىن بۇخارى»

ئەسەرنىڭ ئاپتورى، يېزىلغان ۋاقتى ئېنىق ئەمەس. ئەسەرنىڭ

جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنىنىڭ كۇتۇپخانىسىدا ساقلانغان قولىيازما نۇسخىسى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا.

بۇ ئەسەردە چىڭگىزخاننىڭ نەۋرىسى ھۇلاكۇ بۇخاراغا تاجاۋۇز قىلغاندا، بۇخارادىن سۈرگۈن قىلىنغان مەشھۇر دىنىي شەخس، شەيخ جامالىدىن (كېيىنكى ئىسمى جالالىدىن) ۋە شاھىدىنلارنىڭ شىنجاڭ-نىڭ تەكلىماكاندىكى شەھىرى كېتمىككە كېلىپ ئىسلام دىنىنى كېڭەي-تىش بىلەن شۇغۇللانغانلىقى، شەھىرى كېتمىكنى قۇم بېسىپ كەتكەن-دە، ئاقسۇنىڭ ئايكۆل دېگەن يېرىگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقانلىقى، ئۇلارنىڭ موغۇلىستان خانى تۇغلۇق تۆمۈرخاننى ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلدۇرغانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك تارىخلار خاتىرىلەنگەن.

## 116. «تەزكىرەئى خوجا مۇھەممەد شېرىپ بۇزرۇكۋار»

بۇ ئەسەرنى خوجىلار دەۋرىدە يەكەندە ياشىغان داڭلىق شائىر مۇھەممەد سىدىق زەلىلى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى بىلەن داستان شەكلىدە مىلادىيە 1751- يىللار ئۆپچۆرىسىدە يېزىپ چىققان. ھازىر بۇ ئەسەر-نىڭ ھەر خىل كۆچۈرمە نۇسخىلىرىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلاردا ۋە خەلق ئارىسىدا ساقلىنىۋاتقانلىرىدىن باشقا، ئاپتورنىڭ بۇ تەزكىرىسى ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندى تەرىپىدىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، باشقا ئەسەرلىرى بىلەن بىرگە «دىۋان زەلىلى» نامىدا نەشر قىلىنغان.

ئەسەردە خوجا مۇھەممەد شېرىپ (بۇ كىشىنىڭ قەبرىسى يەكەن كونا شەھەر رايونىدىكى «ئالتۇنلۇقۇم مازىرى» نىڭ ئىچىدە) نىڭ يە-كەنگە كېلىشى، ئۇنىڭ ئابدۇرەشىدخان بىلەن ئۇچرىشىشى ۋە ئابدۇ-رەشىدخاننىڭ ئوغلى ئابدۇلەتىفخان (قەشقەر ھۆكۈمدارى) نىڭ قىر-غىزلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكى، خوجا مۇھەممەد شېرىپ بۇز-رۇكۋارنىڭ يەكەن خانلىقىدىكى تەسىرى قاتارلىق ۋەقەلەر بايان قىلىن-غان.

### 117. «تەزكىرەتۇل ئىرشاد»

بۇ ئەسەر موللا مۇھەممەد تۆمۈر قاراقاشى دېگەن كىشى تەرىپى-دىن مىلادىيە 1819- يىللىرى خوتەن قارىقاشتا چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان. ساقلىنىۋاتقان ئورنى نامەلۇم.

ئەسەردە تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ مۇسۇلمان بولۇشى، ئۇنىڭ كې-يىن تۇرپان، قۇمۇل، جۇڭغارىيىلەردىكى ئاھالىلەرنى ئىسلامغا دە-ۋەت قىلغانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك تارىخ بايان قىلىنغان.

### 118. «تەزكىرەئى تۆرت ئىمام زەبىھۇللاھ»

ئەسەرنىڭ ئاپتورى خوتەنلىك مەشھۇر تەرجىمان، تارىخچى موللا مۇھەممەد نىياز بىننى ئابدۇلغەپۇر. ئاپتور بۇ ئەسەرنى مىلادىيە 1797- يىلى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا يازغان. ئەسەردە قاراخانىيلاردىن يۈسۈپ قادىرخان غازى دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ماۋارا ئۇننەھردىن قەشقەرگە كېلىپ، قەشقەردىن خوتەنگە بېرىپ بۇددىست ئۇيغۇرلار بىلەن جەڭ قىلىپ شېھىت بولغان ئىمام نەسرۇددىن، ئىمام زوھۇر-دىن، ئىمام مەئىيىدىن ۋە ئىمام قىۋامىددىن قاتارلىق تۆت ئىمامنىڭ نەسەبنامىسى ۋە ئۇلارنىڭ خوتەندە ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرى، خوتەن بۇددىستلىرىدىن چۆكتى رەشىد ۋە نۇقتى رەشىدلەرنىڭ ھەرىكەتلە-رى، ۋەقەلەرنىڭ ھىجرىيە 390- يىلى (مىلادىيە 999- يىللىرى) بولۇپ ئۆتكەنلىكى، ئىسلام دىنىنىڭ خوتەندە ئومۇملىشىش جەريانىغا مۇناسىۋەتلىك ۋەقەلەر داستان شەكلىدە بايان قىلىنغان.

ئەسەرنىڭ 2340 مىسرا، 130 بەتلىك قولىيازما نۇسخىسى شىن-جاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلانماقتا. موللا مۇھەممەد نىياز بىننى ئابدۇلغەپۇرنىڭ بۇ ئەسىرىنىڭ يەنە بىر نامى «تەزكىرەئى ھەزرىتى ئىماملار» دەپ ئاتىلىدۇ.

### 119. «تەزكىرەئى بۇغراخان»

بۇ سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان توغرىسىدا يېزىلغان يەنە بىر پارچە

تارىخىي ئەسەر بولۇپ، ئەسەرنى كىمنىڭ قاچان، قەيەردە يازغانلىقى ئېنىق ئەمەس. بۇ ئەسەرنى مىلادىيە 1830- يىلى ئاتۇشلۇق موللا ئابدۇرېھىم ۋە مەھمۇد سادىق قاتارلىقلار پارس تىلىدىن چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەرجىمە نۇسخىسى هازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلانماقتا.

ئەسەردە قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ تۇنجى مۇسۇلمان خاقانى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ هاياتى ۋە ئۇنىڭ 52 نەپەر ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ تارىخى، تەرجىمىهالى بايان قىلىنغان.

## 120. «تەزكىرەئى ئەسهابۇلكەهف» (ساهابىلەر ئۆيىنىڭ تەزكىرىسى)

بۇ ئەسەرنى مەشهۇر تارىخچى، تەرجىمان، شائىر مۇهەممەد سادىق قەشقەرى هىجرىيە 1264- يىلى (مىلادىيە 1847-، 1848- يىللىرى) قەشقەردە چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا يازغان.

ئەسەردە «قۇرئان كەرىم» دىكى «كەهف سۈرىسى» دە تىلغا ئېلىنغان «ئەسهابۇلكەهف» نىڭ پەيدا بولۇشىغا ئائىت بىرقانچە تۈرلۈك رىۋايەت ۋە ئەسهابۇلكەهفنىڭ تۆرپاندىكى ئۆزىنى «خۇدا» دەپ ئېلان قىلغان دەقيانۇس بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، دەقيانۇس دېگەن بۇ شەخسنىڭ هاياتىي پائالىيەتلىرى بايان قىلىنغان. بۇ ئەسەرنىڭ خەلق ئارىسىدا ساقلىنىۋاتقان هەر خىل كۆچۈرمە نۇسخىلىرى بارلىقى مەلۇم.

## 121. «غازاتدەر مۇلكىچىن» (چىن مەملىكىتىدىكى غازات ئۇرۇشى)

بۇ تارىخىي داستاننى داڭلىق شائىر موللا بىلال بىننى موللا نازىم (1825 — 1902) مىلادىيە 1864- يىلى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا يازغان.

ئەسەردە ئاپتور 1864- يىلى ئىلىدا قوزغالغان دېهقانلار قوزغى-

لىگىنىڭ سەۋەبلىرىنى، جەريانلىرىنى، ئاساسلىق شەخسلەرنى ۋە قوزغىلاڭنىڭ نەتىجىلىرىنى شېئىرىي شەكىلدە يېزىپ قالدۇرغان. بۇ ئەسەر ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنغان. ئۇ XVIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى ئىلى رايونىنىڭ ئىجتىمائىي، تارىخىي ئەھۋالىنى بىلىشىمىزدىكى قىممەتلىك ماتېرىيال.

### 122. «مۇجالىسۇن نەفائىس» (گۈزەل سۆھبەتلەر)

بۇ ئەلىشىر نەۋائى ھەزرەتنىڭ تۈركىي تىلىدا يازغان تەزكىرە خاراكتېرىدىكى ئەسىرى بولۇپ، نەۋائى بۇ ئەسەردە ئۆزىدىن ئىلگىرى ياشىغان ئوتتۇرا ئاسىيا، شىنجاڭ ۋە غەربىي ئاسىيالاردىكى 459 نەپەر شائىرنىڭ ئىجادىيىتىگە، نەسەبلىرىگە، يۇرتلىرىغا، ھاياتىغا ۋە ئۇلارنىڭ ۋاپاتىغا بېغىشلاپ يېزىپ، قىممەتلىك تارىخىي ئۇچۇرلارنى قالدۇرغان. نەۋائى ھەزرەتنىڭ بۇ ئەسىرى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭدا ئۆزىدىن كېيىن بارلىققا كەلگەن شەخسلەر تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك تەزكىرىلەرنىڭ نەمۇنىسىدۇر. بۇ ئەسەر ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغاندىن باشقا، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىمۇ تولۇق نەشر قىلىنغان.

### 123. «تەۋارىخى جاھانكۇشاي» (جاھاننى بويسۇندۇرغۇچىنىڭ تارىخى)

بۇ ئەسەرنى ئىرانلىق مەشھۇر تارىخچى جۇۋەينى پارس تىلىدا يازغان. ئاپتورنىڭ ھاياتى، ئەسەرنى قاچان يازغانلىقى توغرىسىدا ئېنىق مەلۇمات يوق. بۇ ئەسەرمۇ خۇددى پىردەۋسىنىڭ «شاھنامە»سىگە ئوخشاشلا مەزمۇن جەھەتتىن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك ئەسەردۇر. ئاپتور ئەسەردە چىڭگىزخاننىڭ دۇنياغا كېلىشى، ئۇنىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرى، ئۇ بويسۇندۇرغان زېمىنلار ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا قىممەتلىك تارىخىي ئۇچۇرلارنى قالدۇرغان. بۇ ئەسەر پارس تىلىدىن خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىن-

نىپ، 1981- يىلى ئۈچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. بۇ ئەسەر ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنمىدى.

يۇقىرىدا نامى ۋە قىسقىچە مەزمۇنى تونۇشتۇرۇلغان ئەسەرلەر پەقەت قەشقەر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تارىخ، جۇغراپىيە، ئەدەبىيات-سەنئەتلىرىگە مۇناسىۋەتلىك يازما يادىكارلىقلارنىڭ ناھايىتى ئاز قىسمىدىنلا ئىبارەت، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر قىسىم ئەسەرلەر بۈگۈنگىچە يېتىپ كەلمىگەن، خەلق ئارىسىدا ياكى چەت ئەللەردە ساقلىنىۋاتقان ئەسەرلەردۇر.

قەشقەر خەلقى ئارىسىدا ساقلانغان كۆپ قىسىم قەدىمكى ئەسەرلەر ناھايىتى تارقاق، ئۇنىڭ ئۈستىگە XIX ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن XX ئەسىرنىڭ 30- يىللىرىغا قەدەر قەشقەردە ساقلانغان قەدىمكى ئەسەرلەرنىڭ كۆپ قىسمى چاررۇسىيە، فرانسىيە، گېرمانىيە، ئەنگلىيە، ياپونىيە، شۋېتسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئارخېئولوگ، ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەن بولسا، ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 70- يىللىرىدىكى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا كۆپ قىسىملىرى كۆيدۈرۈپ تاشلانغان. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قېرىنداش مىللەتلەر ئىجاد قىلغان، يازغان ئەسەرلەرمۇ كۆپلەپ چەت ئەللەرگە ئېقىپ كەتكەن ياكى ئىز-دېرەكسىز يوقالغان. يەنە «تەزكىرەئى 12 مۇقام»، «تەزكىرەئى ئىمام جەفرى سادىق»، «تەزكىرەئى ئىمام ئەفتە ۋە ئىمام قاسىم»، «تەزكىرەئى جانباز خوجام»، «تەزكىرەئى سۇلتان قىرمىش ئاتام»، «تەزكىرەئى شەيخ خوجا باھاۋىدىن»، «تەزكىرەئى ھەزرىتى موللام»، «نەسەبنامەئى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان»، «شەجەرەئى مەنىۋى قۇتبۇلئەختاپ ھەزرەت ئىشان خوجا ئىسھاق ۋەلى»، «تەزكىرەئى ھاكىم ئاتا»، «تەزكىرەئى ھەزرەت فاتىمە»... قاتارلىق ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان ياكى بىۋاسىتە ئۇيغۇر تىلى (چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى) دا يېزىلغان ئەسەرلەرنىڭ قولىيازمىلىرىنىڭ چەت ئەللەردىكى ھەرقايسى مۇزېي، كۇتۇپخانىلاردا ساقلى-

نىۋاتقانلىقى توغرىسىدا ئۇچۇرلار بار.

ئومۇمەن، قەشقەر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغان خەلقلەر تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان، يېزىلغان تارىخ، جۇغراپىيە ۋە ئەدەبىيات - سەنئەتلەرگە مۇناسىۋەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەرنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىش، رەتلەش ئىنتايىن مۇھىم خىزمەتلەرنىڭ بىرىدۇر.

## قەشقەر شەھىرى

قەشقەر 2000 يىلدىن ئارتۇق تارىختا ئىگە قەدىمىي شەھەر. ئۇ تارىختا ئوتتۇرا ئاسىيا جۇغراپىيىسىدىكى مەشھۇر مەدەنىيەت ئوچاقلىرىنىڭ بىرى، شۇنداقلا شىنجاڭ تەۋەسىدىكى مۇھىم مەركىزىي شەھەرلەردىن بولغان. ئۇ قەشقەر بوستانلىقىغا جايلاشقان بولۇپ، قەشقەر بوستانلىقى تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبى، تەكلىماكان چۆل قۇملۇقىنىڭ غەربىي گىرۋىكىگە تۇتىشىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ جەنۇبىنى قارا قۇرۇم تاغ تىزمىسى، غەربىنى پامىر ئېگىزلىكى، شىمالىنى تەڭرىتاغ تىزمىسى ئوراپ تۇرىدۇ. قەشقەر شەھىرى ئەنە شۇ دائىرىنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىمدۇر.

قەشقەر قەدىمدىن بۇيان ئۆزىنىڭ گۈللەنگەن سودا، تىجارەت ئىشلىرى، ھۈنەر - كەسىپلىرى، ئۆزگىچە مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى بىلەن نام چىقارغان. شەھەرنىڭ سۈيى مول، يېرى مۇنبەت، خەلقلەرى باياشات بولغان. يازما خاتىرىلەردىن قارىغاندا، بۇ شەھەر «قەلئەسى، بازىرى بار، غەربىي يۇرت بويىچە ھەممە دۆلەتلەردىن چوڭراق» ھەمدە «شەھەرلەرنىڭ كوچىلىرى گىرەلەشكەن، بازارلىرى تۇتاشقان»، «بازىرىدا رەڭگارەڭ ئۈنچە - مەرۋايىتلار ھەمىشە تېپىلىدىغان، چارۋا، مېۋە - چېۋىلىرى ئەلۋەك[1]» ئاۋات جاي بولۇپ، ھەرقايسى ئەللەردىن كەلگەن سودا كارۋانلىرى ئۆز ئارا ئۇچرىشىدىغان،

---

① نىياز كېرىم: «شىنجاڭدىكى كارۋان يوللىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000-يىلى نەشرى (ئۇيغۇرچە) 58-بەت.

ئىقتىساد تەرەققىي قىلغان قاتناش تۈگۈنى بولغان، بولۇپمۇ قەشقەر ئىستراتېگىيىلىك ئورۇن جەھەتتىن قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ شىنجاڭ چېگرىسىدىكى جەنۇبىي، شىمالىي ۋە ئوتتۇرا يول لىنىيىلىرى ئۆزئارا تۇتاشقان تۈگۈن بولۇشتەك ئۈستۈنلۈكى بىلەن غەرب بىلەن شەرق ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتا ناھايىتى زور رولىنى جارى قىلدۇرغان.

قەشقەرنىڭ ئەڭ قەدىمكى نامى ئېلىمىزنىڭ خەن دەۋرىدە (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 206-يىلىدىن مىلادىيە 220-يىللارغىچە) يېزىلغان تارىخىي ھۆججەتلەردىن «كېيىنكى خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا «سۇلى» سۇللۇغ (疏勒) دەپ خاتىرىلەنگەن①. ئۇنىڭدىن كېيىنكى بىر قىسىم ھۆججەت ۋە تارىخىي ماتېرىياللاردا قەشقەرنىڭ قەدىمكى نامى تاكى Ⅷ ئەسىرلەرگىچە مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان دېيىلگەن. بىراق، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان قەشقەرنىڭ قەدىمكى نامى توغرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلارنىڭ چوڭقۇرلىشىشى بىلەن «سۇلى» دېگەن نام ۋە ئۇنىڭ ئېتىمولوگىيەسى ھەققىدە بىر قاتار يېڭى تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلىپ، بىر قىسىم يېڭى قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى②، بولۇپمۇ «سۇلى» نامىنىڭ كېيىنكى قوللىنىلغان يىل- دەۋرى ۋەياكى ئۇنىڭ ئورنىنى باسقان، دەپ قارالغان بۇگۈنكى «قەشقەر» دېگەن نامىنىڭ بارلىققا كەلگەن يىل-دەۋرى مەسىلىسىدە ئىلگىرى شەكىللەنگەن «مىلادىيە Ⅷ ئەسىر» دېيىلگەن قاراشقا نىسبەتەن يېڭىچە بىر تونۇش، يەنى مىلادىيە 970-يىلى ئۇدۇن ساك تىلىدا يېزىلغان بىر پارچە مەكتۇپنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئىگە بولغان ئىلمىي يەكۈن ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئۇنىڭدىن مەلۇم بولۇشچە، مىلادىيە 727-يىلى ھىندىستان تەرەپتىكى بەش ئەلگە زىيارەتكە بېرىشتا قەشقەر شەھىرىدىن ئۆتكەن چاۋشىيەن مىللىتىدىن

① «كېيىنكى خەننامە» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998- يىلى نەشرى (ئۇيغۇرچە) 882- بەت.
② ئادىل تۇران: «قەدىمكى قەشقەرنىڭ تارىخ، جۇغراپىيىسى» قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2001- يىلى نەشرى، 5- بەت.

بولغان مەشھۇر جۇڭگولۇق سەيياھ خۇي چاۋ يازغان «گەنەتكەكتمكى
بەش ئەلگە زىيارەت» ناملىق خاتىرىسىدە«سۇلى» (سۇللۇغ)، بۇ شە-
ھەرنى يەرلىك خەلقلەرنىڭ «قاشقارا» (伽师祇篱国) جيا شىجە-
لىگو ياكى «قەشقەر» دەپ ئاتايدىغانلىقى ئالاھىدە تەكىتلىگەن. بۇ
«قەشقەر» دېگەن نامنىڭ خەنزۇچە مۇجەجەتلەردە «سۇلى» (سۇللۇغ)
دەپ خاتىرىلەنگەن دەۋرلەردىمۇ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.
ئۇنىڭدىن باشقا، خۇي چاۋ بىلەن زاماندا بولغان قەشقەرلىك مەشھۇر
بۇددا ئالىمى، تەرجىمان، شەرھىيشۇناس پىرخۇيلان (裴慧林)
تەرجىمە قىلىپ ئىزاھلىغان «بارچە نوملارنىڭ ئوقۇلۇشى ۋە شەرھى»
(一切经音义) ناملىق ئەسەردىمۇ «كاشغەر» (迦师佶黎)
دېگەن نام تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇنىڭدىن بۈگۈنكى «قەشقەر» دېگەن بۇ
نامنىڭ مىلادىيە V — VIII ئەسىرلەردىلا يەرلىك خەلق تىلىدا «قاشقا-
را» ياكى «قەشقەر» شەكلىدە ئومۇملىشىپ بولغان ئاتالغۇ ئىكەنلىكى-
نى بىلىشكە بولىدۇ[1]. قاراخانىيلار دەۋرى (مىلادىيە 850- يىلىدىن
مىلادىيە 1212- يىلىغىچە) گە كەلگەندە «قەشقەر» دېگەن بۇ نام شۇ
ۋاقىتتىكى قەشقەر شەھىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەتراپتىكى بىر
قىسىم جايلارنىڭ نامىغىمۇ ۋەكىللىك قىلغان. قاراخانىيلار سۇلالىسى
ئوتتۇرا ئاسىيادا سامانىيلار خانلىقىغا قارشى ئۇرۇشتا مەغلۇپ بو-
لۇپ، ئوغۇلچاق قادىرخان سۇلالە پايتەختىنى بالاسىتىن قەشقەرگە
كۆچۈرۈپ كېلىشكە مەجبۇر بولغان دەۋرلەردە بولسا شەھەر نامى
«ئوردا كەند»[2] دەپ ئاتىلىپ، «قەشقەر»، «كاشغەر» دېگەن نام بە-
لەن تەڭ مەۋجۇت بولغان. ئومۇمەن، قەشقەردىن ئىبارەت بۇ قە-
دىمىي شەھەرنىڭ نامى قەدىمدىن بۇيان «سۇلى»، «قاشقارا»،
«كاشغەر»، «ئوردا كەند» دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن.
ئەمما، مۇشۇ ناملارنىڭ ئىچىدە«قەشقەر» دېگەن ھازىرقى نامى زامانلا-

---

① قۇربان نىياز: «ئۇزۇن سالاق تىلىدىكى بىر پارچە ھەكىتىۋپ ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار مەسىلە-
لەر»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1997- يىللىق 2- سان (ئۇيغۇرچە).
② مەھمۇد قەشقىرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980- يىلى نەشرى،
(ئۇيغۇرچە) 1- توم 168- بەت.

ردىن بۇيان يوقالماي ساقلىنىپ كېلىۋاتقان نام سۈپىتىدە هازىرقى قەشقەر شەھىرىنى ۋە قەشقەر زېمىنىنىڭ شەرقىي مېرىدىئان 73° 26′ — 79° 57′، شىمالىي پاراللېل 21° 18′ — 35° 20′ لۇق ئارىلىقتىكى مەمۇرىي زېمىنلارنىمۇ كۆرسىتىدىغان نام بولۇپ كەلمەكتە. مەيلى «قەشقەر» ياكى «سۇلى» دېگەن ناملار بولسۇن، بۇ ئاتالغۇلارنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ئۈستىدىكى قاراشلاردا كىشىنى قايىل قىلغۇدەك ئىلمىي نەتىجىلەر تېخىچە مەيدانغا كەلمىدى. شۇڭا، بۇ يەردە بۇ ناملارنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ئۈستىدە مۇھاكىمە قىلىنمايدۇ.

قەشقەر شەھىرى تارىختا هازىرقى ئاتۇشنىڭ جەنۇبىي چېگرىسىنى قەشقەر شەھىرىنىڭ شىمالىي چېگرىسىغا تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان چاقماق دەرياسىنى مەركەز قىلغان هالدا، بىرقانچە قېتىم ئورۇن يۆتكەپ قۇرۇلغان شەھەر. مىلادىيە I ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بۇددا دىنى ئۇدۇن دۆلىتى (بۈگۈنكى خوتەن) ئارقىلىق سۇلى دۆلىتى (بۈگۈنكى قەشقەر دائىرىسى)گە تارقالغان بۇددا [1] دىنى قەشقەردە ئومۇملاشقان دەۋرلەردە قەشقەر شەھىرى تارىختا خاتىرىلەنگەن غەربىي يۇرتتىكى 36 بەگلىكنىڭ بىرى بولغان سۇلى دۆلىتىنىڭ ئاساسىي شەھىرى بولۇپ، ئۇنىڭ شۇ ۋاقىتلاردىكى ئورنى بۈگۈنكى قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىدىن 25 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئورۇندا، يەنى هازىر قەشقەر شەھىرىگە قوشۇپ بېرىلگەن بەشكېرەم يېزىسىنىڭ شەرقىدە تا بۈگۈنگىچە مەۋجۇت بولۇۋاتقان ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى (بۇ ئورۇن 1957- يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق هۆكۈمەت تەرىپىدىن ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى، دەپ ئېلان قىلىنغان) «خانئۆي قەدىمىي شەھىرى»دە بولغان[2]. بۇ نۇقتىنى ئازادلىقتىن بۇيان قەشقەر دائىرىسىدە ئېلىپ

---

① ئادىل تۇران: «قەدىمكى قەشقەرنىڭ تارىخ، جۇغراپىيىسى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2001- يىلى نەشرى، (ئۇيغۇرچە) 28- بەت.

② ۋېي لياڭتاۋ: «قاراخانىيلار سۇلالىسىگە دائىر ماقالىلەر»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2000- يىلى نەشرى، 201- بەت.

بېرىلگەن كۆپ قىممەتلىك ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ۋە ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ، قەشقەرنىڭ بۇددىزم دەۋرىگە تەئەللۇق قەدىمكى ئىز - خارابىلىرىنىڭ دەل بۈگۈنكى قەشقەر شەھىرى بىلەن ئاتۇشنى ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان چاقماق دەرياسىنى بويلاپ تارقالغانلىقىدەك ئىلمىي پاكىتلار ئارقىلىق كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە بولىدۇ. ھازىرغىچە مەۋجۇت بولۇۋاتقان بەشكېرەم يېزىسىدىكى «كەپتەرخانا بۇتخانا ئىزى» دەپ ئاتىلىدىغان بۇتخانا ئىمارەت قالدۇقى، «خانئۆي قەدىمىي شەھىرى» نىڭ جەنۇبىغا 5 كىلومېتىر كېلىدىغان ئورۇندىكى قۇمالتاغ باغرىغا ياسالغان «مورا بۇتخانا مۇنارى» (مورا بۇددا مۇنارى 2002- يىلى گوۋۇيۈەن تەرىپىدىن دۆلەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى دەپ ئېلان قىلىنغان) ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى قەدىمكى كارىزلارنىڭ ئىزنالىرى، يەنە ھازىر قەشقەر شەھىرىگە قوشۇۋېتىلگەن، ئىلگىرى كونىشەھەر قوغان يېزىسىغا تەۋە بولغان يۇقىرىقى قازئېرىق كەنتىدىكى ئۆتۈرگە دېگەن جايدىكى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى بولغان «ياۋۇلۇق بۇددىزم ئىزى» خارابىسى؛ قەشقەر شەھىرىنىڭ شىمالىي چېگرىسى، يەنى «ياۋۇلۇق ئىزى» نىڭ غەربىگە جايلاشقان «دەقيانۇس بۇتخانا ئىزى»، يەنە شۇ چاقماق دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىدىكى ھازىر قەشقەر شەھىرىگە قاراشلىق خانئۆي يېزىسىغا جايلاشقان «ئۈچ بۇرخان تاشكېمىر غارى» (توققۇزمۇجرا مىڭئۆيى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) قاتارلىق مۇھىم ئىزلار ۋە ئاشۇ ئىز - خارابىلەردە ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشلاردا ئېرىشكەن قەدىمكى پۇل، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، براھمان يېزىقى، براھمان بۇيۇم، ياغاچ بۇيۇم، نەپىس ئىشلەنگەن ساپال كوزا، جەسەت كۆلى خۇمرىسى قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىق تېپىندىلىرىمۇ بۇ خىل قاراشنى تەستىقلايدۇ. چاقماق دەرياسى دېيىلىدىغان، ھازىر ئاساسەن قۇرۇپ كەتكەن بۇ دەريا شۇ دەۋرلەردە سۇلى دۆلىتىنىڭ مەركىزىي شەھىرى بولغان «قەشقەر» نى ۋە ئۇنىڭ ئەترا-

پىدىكى مەھەللىلەرنى سۇ بىلەن تەمىنلەيدىغان ئاساسىي ئېقىن بول. غان. قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە قەشقەرنى مەركىزىي شەھەر قىلىش جەريانىدىكى تارىخىي جەريانلاردىن قارىغاندا، قەشقەر شەھىرىنىڭ قەدىمكى ئورنى بولغان «خانئۆي قەدىمىي شەھىرى» تاكى تاڭ سۇلالىسىنىڭ (مىلادىيە 618 ـ يىلىدىن 907- يىلىغىچە) ئاخىر. قى مەزگىلى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىگە قەدەر شەھەر سۈپىتىدە ئىشلىتىپ كېلىنگەن. ئىسلام دىنى قەشقەرگە تار- قىلىپ كىرىپ، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ دۆلەت دىنى قىلىنغان يىللاردا، ئىسلام دىنى ئېتىقادچىلىرى بىلەن بۇددا دىنى مۇخلىسلىرى ئوتتۇرىسىدىكى دىنىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي زىددىيەتلەر ئۆتكۈرلە. شىپ، شەھەر تەۋەسىدىكى بۇتخانا، راھىبخانا، بۇددا دىنى تۇسىگە ئىگە بولغان شەھەر ئەسلىھەلىرى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان، بۇددا نوم، بىتىكلىرى كۆيدۈرۈلگەن. نەچچە ئەسىرلەردىن بۇيان ئاتا - بوۋىلىرىدىن تارتىپ بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ كېلىۋاتقان بۇددا مۇخلىسلىرى شەھەر، يۇرتلىرىنى تاشلاپ چەت - ياقا يۇرتلارغا (ئا. ساسلىقى تېخىچە بۇددا دىنى ئېتىقادىدا تۇرۇۋاتقان ئىدىقۇت ۋە ئۇدۇن قاتارلىق ئەللەرگە) بېرىپ پاناھلىنىشقا مەجبۇر بولغان. نەتىجىدە بۇ خىل ئىجتىمائىي كرىزىس قەشقەر شەھىرىنىڭ ئەسلىي ئورنى بولغان «خانئۆي قەدىمىي شەھىرى» نى ۋە چاقماق دەرياسىنىڭ ئىككى قاسنە. قىدىكى ئاۋات مەھەللىلەرنى ئادەمسىز قالدۇرۇپ، بارا - بارا سۇنئىي ۋە تەبىئىي ئاپەتلەر تۈپەيلىدىن خارابىلىككە ئايلىنىپ كەتكەن. ئىسلام دىنىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى تۇنجى قوبۇل قىلغۇچىسى دەپ قارىلە. ۋاتقان قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ خاقانلىرىدىن سۇلتان سۇتۇق بۇغ. راخان مىلادىيە 955- يىلى ۋاپات بولۇپ، ئورنىغا ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى بايتاش بۇغراخان (مۇسا ئارسلانخان) تەختكە ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن، چاقماق دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى «خانئۆي قەدىمىي شەھىرى» نى ۋە ئاتۇشنىڭ جەنۇبىدىكى بىر قىسىم شەھەر، يۇرتلارنى تاشلاپ، شەھەر ئەسلىھەلىرىنى ھازىرقى قەشقەر شەھىرىگە، يەنى

تۈمەن دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى تۆپىلىككە كۆچۈرۈپ كەل-
گەن. بۇ خىل قاراش مەيلى جۇغراپىيىلىك شارائىت ياكى ئىستراتې-
گىيىلىك ئورۇن نۇقتىسىدىن بولسۇن تامامەن رېئاللىققا ئۇيغۇندۇر.
ئۇنىڭ ئۈستىگە مازىرىقى قەشقەر شەھىرى تەۋەسىدە ئالىم مەھمۇد
قەشقەرى بىلىم تەھسىل قىلغان، دەپ قارىلىۋاتقان قاراخانىيلار دەۋ-
رىگە مەنسۇپ «ساچىيە مەدرىسەسى» نىڭ خارابىسىنىڭ بولۇشى؛ يۇ-
سۇپ خاس ھاجىپنىڭ مازىرىنىڭ بولۇشى؛ قاراخانىيلار سۇلالىسى
يۈسۈپ قادىرخان غازى زامانىسىدا ياسالغان، دەپ قارىلىۋاتقان قەشقەر
شەھىرىدىكى «ئوردا ئىشىك مەدرىسەسى» نىڭ بولۇشى؛ يىل تارىخى
قاراخانىيلار سۇلالىسى خوتەن بۇددىست ئۇيغۇرلىرىغا قارشى غازات
ئۇرۇشى ئېلىپ بارغان زامانلارغا توغرا كېلىدۇ، دەپ قارىلىۋاتقان
«ئەسكىھىسار قەدىمىي شەھىرى» خارابىسىنىڭ قەشقەر شەھىرىدە
بولۇشى؛ سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ نەۋرىسى، سۇلالىنىڭ ھەربىي
سانغۇنى سەئىد ئەلى ئارسلانخان ۋە ئۇنىڭ ئانىسى تۇركان خاتۇن
نۇرئەلانۇرخاننىڭ قەبرىسىنىڭ قەشقەر شەھىرى تەۋەسىدە بولۇشى؛
ئۇلاردىن باشقا، يەنە ئىمام زاھىت ھۈسىيىن پەيزۇللا (بۇ ئادەم
مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئۇستازى، دەپ قارالماقتا)، خوجا ياقۇپ، ئىمام
زاھىت خەلەپ، ئىمام زاھىت قۇتبىدىن، مۇسا بۇغراخان، ئوسمان
بۇغراخان[①] قاتارلىق قاراخانىيلار سۇلالىسىگە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم
تارىخىي شەخسلەر مازارلىرىنىڭ بۈگۈنكى قەشقەر شەھىرى تەۋەسىدە
بولۇشى بۇ خىل قاراشنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا چۈشەندۈرۈپ
بېرىدۇ. شۇڭا، بۈگۈنكى قەشقەر شەھىرىنى ئىسلام دىنىنىڭ قەشقەر-
گە تارقىلىپ كىرىشىنىڭ مەھسۇلى، دەپ قاراشقا بولىدۇ.

قاراخانىيلار سۇلالىسى ھالاك بولغاندىن كېيىن، قەشقەر شەھە-
رى ئىسلام دىنىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى بولغان كۈچلۈكنىڭ ئېغىر
دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچراپ خارابلاشقان. موڭغۇللار باش كۆتۈ-

① ئەمەت دەرۋىش: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغا دائىر ئىزاھاتلار»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2002- يىلى نەشرى، 226- بەت.

رۇپ، مىلادىيە 1218- يىلى چىڭگىزخان 20 مىڭ كىشىلىك سەرخىل قوشۇنغا جەبە نايانىنى باش قىلىپ قەشقەر بوستانلىقىدا زورلۇق-زومبۇلۇق قىلىۋاتقان كۈچلۈككە جازا يۈرۈشكە ئەۋەتىدۇ[①]. نايمانلار قەشقەردىن قوغلاپ چىقىرىلغاندىن كېيىن، چاغاتاي تەرىپىدىن ئۇيغۇرلار رايونىغا، يەنى بۇخارا، سەمەرقەند، ئۈرگەنچ، خوتەن، قەشقەر قاتارلىق جايلارنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشقا قويغان مۇسۇلمان سىياسىئون مەسئۇد يالىۋاچ، قەشقەر شەھىرىنىڭ نايمانلارنىڭ بۇلاڭ-تالاڭلىرىدا ۋەيران قىلىنغان شەھەر ئەسلىھەلىرىنى قايتا رېمونت قىلدۇرغان. ئۇ ئۆز زامانىدا شەھەر تەۋەسىدىكى كۆيدۈرۈۋېتىلگەن «ساچىيە مەدرىسەسى»نى رېمونت قىلدۇرغان، مەدرىسەنىڭ نامى «مەدرىسەئى مەسئۇدىيە» دەپ ئاتالغان. مەدرىسەنىڭ يېنىغا «سائادەت» ناملىق كۇتۇپخانا سالدۇرغان. قىسقىسى، مەسئۇد يالىۋاچ مىلادىيە 1268- يىلى ۋاپات بولغانغا قەدەر ئىجتىھات قىلىپ، قەشقەرنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت، ئىلىم - پەن، يېزا ئىگىلىك، سودا - تىجارەت ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن قوللاپ، شەھەرنىڭ هاياتىي كۈچىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن. قەشقەر ئەينى زاماندا ئوتتۇرا ئاسىيا تەۋەسىدىكى ئەڭ گۈللەنگەن، ئاۋات، يۇقىرى مەنىۋى مۇھىتقا ئىگە شەھەرلەرنىڭ بىرى بولغانلىقتىن، «سانى بۇخارا» (ئىككىنچى بۇخارا) دەپ تەرىپلەنگەن. شەرقىي چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدىمۇ قەشقەر شەھىرى ئۆزىنىڭ يىپەك يولىدىكى مۇھىم تۈگۈن بولۇشتەك ئالاھىدە ئىستراتېگىيىلىك ئورنى ۋە يىراق - يېقىنلارغا داڭلىق مەشھۇر شەھەر بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن داۋاملىق تەرەققىي قىلىپ بارغان. يەكەن سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە (1514 — 1678) خانلىقىنىڭ سىياسىي مەركىزى دەسلەپتە قەشقەر شەھىرىدە بولۇپ، كېيىنچە يەكەنگە يۆتكەلگەن بولسىمۇ، ئەمما قەشقەر شەھىرى ئوخشاشلا خانلىقنىڭ مەدەنىيەت، ئىقتىساد مەركىزى بولۇپ كەلگەن. سەئىدىيە

---

① ھاجى نۇرھاجى: «شىنجاڭ ئىسلام تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2002- يىلى نەشرى (ئۇيغۇرچە)، 105 — 110- بەتلەر.

خانلىقىنىڭ سۇلتانى ئابدۇللاخان زامانىسىدا بىر قىسىم مۇھىم ئىسلاھەلەر رېمونت قىلىنغان. ھىجرىيە 1255- يىلى (مىلادىيە 1839- يىلى) قەشقەرگە ھۆكۈمران بولغان زوھۇردىن ھاكىم بەگ قەشقەر شەھىرىنى زور كۆلەمدە كېڭەيتىش قۇرۇلۇشىنى تاماملىغان. تاشقارقى شەھەرگىمۇ سېپىل سوقتۇرۇپ، 400 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت شەھەر سىرتىدا بولۇپ كەلگەن مەشھۇر «ھېيتگاھ جامەسى»نى ۋە شەھەر سىرتىدىكى بىر قىسىم مەھەللىلەرنى شەھەر تەۋەسىگە كىرگۈزگەن. قەشقەردە ھۆكۈمران بولغان 20 يىللىق ھاياتىدا شەھەر كۆلىمىنى كېڭەيتىش، مەكتەپ، مەدرىسە سېلىش، ئۆستەڭ چاپتۇرۇش قاتارلىق چوڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي قۇرۇلۇشلارغا ئۆزى باشلامچىلىق قىلىپ، قەشقەرنىڭ ماددىي، مەنىۋى ھاياتىنى زور دەرىجىدە يۈكسەلدۈرگەن. ئۇنىڭ قەشقەر شەھىرىنى كېڭەيتىش ھەققىدە شۇ دەۋرنىڭ مەشھۇر شائىرلىرىدىن كاتىپ نورۇز ئاخۇن زىيائى:

«شاھ زوھۇردىن سۇلۇي ئامبال قىلىپ شەھرى بىنا،
ھىممەت ئالغان ئۇ شاھقا بارىكاللا، مەرھابا[1]».

دەپ يازسا، شائىر ئابدۇرەھىم نىزارى زوھۇردىن ھاكىم بەگنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن، شەھەر سېپىلىنىڭ پۈتۈش مۇراسىمىدا سېپىل دەرۋازىسىنىڭ ئۈستىدىكى لەۋھەگە:

«كى بىر مىڭ ئىككى يۈز تارىخى پەيغەمبەر،
بىنا ئەتتى شەھەرنى شاھ زوھرىدىن بىلەن ئەختەر.
رىئا خەلقىنىڭ ھالىغا رەھمەت ئەيلەپ ھىدايەتنى،
قىلىپ قەلئەنى مەھكەم گوياكى سەددى ئىسكەندەر».

[1] «بۇلاق» ژۇرنىلى 1982- يىللىق 1- سان، 312- بەت.

دېگەن شېئىرىي خاتىرىنى يېزىپ بەرگەن. بۇنىڭدىن قارىغاندا، قەشقەر شەھىرىنىڭ كۆلىمى XIX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بىر قېتىم كېڭەيتىلىپ، بىر قىسىم جايلار سېپىل ئىچىگە ئېلىنغان. شەھەرنىڭ ھازىرقى كۆلىمى زوھۇردىن ھاكىم بەگ دەۋرىدە كېڭەيتىپ قۇرۇلغان شەھەرنى ئاساس قىلىپ كېڭىيىش جەريانىدا بۈگۈنكى كۆلەمنى شەكىللەندۈرگەن. 1952- يىل 9- ئايدا قەشقەر شەھىرى ناھىيە دەرىجىلىك شەھەر قىلىنىپ، شەھەرلىك ھۆكۈمەتكە شامالباغ، نەزەرباغ، دۆلەتباغ ۋە شەھەر تەۋەسىدىكى يارباغ كوچا باشقارمىسى، چاسا كوچا باشقارمىسى، ئۆستەڭبويى كوچا باشقارمىسى، قۇمدەرۋازا كوچا باشقارمىسى قاتارلىق يېزا - رايونلار تەۋە بولغان. يېقىندا قەشقەر شەھىرىگە يەنە كونىشەھەر ناھىيىسىگە تەۋە بولغان قوغان يېزىسى، بەشكېرەم يېزىسى، خاڭدى يېزىسى، پاختەكلى يېزىسى، سەمەن يېزىسى قاتارلىق يېزىلار قوشۇۋېتىلدى.

ئىسلام دىنىنىڭ قەشقەرگە تارقىلىپ كىرگەن ۋاقتىدىن ھېسابلىغاندىمۇ بۈگۈنگىچە 1000 يىلدىن ئارتۇق تارىخىي دەۋرلەردە ئىزچىل ھالدا مۇھىم شەھەر، بازار بولۇشتەك ئالاھىدە مەدەنىيەت ھالىتىنى ساقلاپ كەلگەن بۈگۈنكى قەشقەر شەھىرى ئۆز بېشىدىن ۋەيران قىلىنىش، يېڭىلىنىش، رېمونت قىلىنىش، كېڭەيتىلىش دېگەندەك ئىسسىق - سوغۇقلارنى ئۆتكۈزگەن. زامانلاردىن بۇيان شەھەر ئاھالىلىرى قول ھۈنەرۋەنچىلىك، ئۇششاق سودا-تىجارەت قاتارلىق ئالاھىدە ئىگىلىك شەكلىنى ئۆزلىرىنىڭ ئاساسلىق تىرىكچىلىك يولى قىلىپ كەلگەن. تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب، شىمالى، ھەتتا ئوتتۇرا - غەربىي ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن سودىگەرلەر، ھۈنەرۋەنلەر بۇ شەھەرگە مەركەزلىشىپ مەخسۇس ھۈنەر- كەسپلەرنى، تاۋار، مەھسۇلاتلارنى ئاساس قىلغان مۇقىم بازار - رەستىلەرنى شەكىللەندۈرگەن. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ شەھەردە ھۈنەرۋەن، ئۇستىكارلار ياكى ئۇلار شۇغۇللىنىدىغان مەلۇم خىل ئىش، ئوقەتلەرنىڭ ناملىرى بىلەن ئاتالغان تۈرلۈك ئالاھىدە يەر - جاي ناملىرى شەكىللەنگەن.

قەشقەردە ئۇزاق زامان داۋام قىلغان ئەنئەنىۋى تىرىكچىلىك شەكلى ئالاھىدە بىر خىل ئېتنوگرافىك مەنزىرىنى، يەنى يەرلىك ئالاھىدە مىللىي، دىنىي پۇراق، ئولتۇراق ئۆي مۇھىتى، ئۆرپ - ئادەت، قائىدە - يوسۇن، يېمەك - ئىچمەك قاتارلىق يەرلىك ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتلەرنى، شەھەر ئاھالىسىنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان سىلىق - سىپايە، ھۈنەرگە پۇختا، سودا - سېتىققا ماھىر، تىرىشچان، ئېھتىياتچان خاراكتېرىنى، شەھەر پۇقرالىرىغا خاس بولغان پسىخىكىسىنى، رىقابەت ئېڭىنى، قىممەت قارىشىنى شەكىللەندۈرگەن.

ۋەھالەنكى، قەشقەردىن ئىبارەت بۇ قەدىمىي ماكان باغرىنىڭ ئىللىقلىقى، ئىلىم - مەرىپەتكە ئىنتىلىدىغان ئۆلىما، فازىل كىشىلەرنىڭ كۆپلۈكى، خەلقىنىڭ ئاق كۆڭۈل، ئىشچانلىقى، يەرلىرىنىڭ مۇنبەت، سۈيىنىڭ مول بولۇشىدەك خاسىيىتى بىلەن ئىزچىل كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ كەلگەن. شائىرلارنىڭ قەلەملىرىدە مەدھىيىلەنگەن. خەلقنىڭ قەلبىدە ئەزىزلىنىپ، «ئەزىزانە قەشقەر» دېگەنناملار بىلەن ئاتالغان. مەسىلەن، فېئودال خوجىلار دەۋرىدە يەكەن، قەشقەرلەردە ياشىغان مەشھۇر شائىر خوجام قۇلى مۇھەممەد ئىمىن خىرقەتى (گۇمنام) ئۆزىنىڭ «كاشىغەر» ناملىق غەزىلىدە

«مەرزەئى لۇتفى ئىلاھىدۇر دىيارى كاشىغەر،
ئىشق ئىلىنىڭ قىبلىگاھىدۇر مازارى كاشىغەر.
ئىشق ئۇلپەت چەشمىسىدىن دەردۇ، مېھنەت جۇش ئېتەر،
تۇپراقى ھەسرەت بىلەن بىتكەن ھىسارى كاشىغەر.
ئۇد، ئەنبەر تۇپراقىدۇر، ئابى كەۋسەردۇر سۈيى،
دۇررى مارجان تاشلارىدۇر كوھسارى كاشىغەر.
يا پەرى، يا ھۇرى، يا باغى ئىرەم ياد ئەيلەمەس،
شەھرىنى ئۇنتار بولۇر ھەركىم دۇچارى كاشىغەر...»

دەپ يېزىپ، قەشقەرنىڭ گۈزەللىكىگە، باياشاتلىقىغا مەدھىيە ئوقۇ-

ما، يەنە بىر پارچە شېئىرىدا:

«ئەماجەت ھەججى ئەكبەر كاشغەر ئىچرە مازارىم بار①»، دەپ يېزىش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ قەشقەردىن ئىبارەت ئانا يۇرتىغا بولغان چوڭقۇر مېھىر - مۇھەببىتىنى ئىپادىلىگەن. ئانا يۇرتى قەشقەرنى مەككىدىنمۇ ئۇلۇغ بىلگەن.

قەشقەر شەھىرى تەۋەسىدىكى شۇنچە كۆپ يەر ناملىرىنىڭ بىرەر ھۈنەر، كەسىپ، بازار ياكى مەلۇم شەخسلەرنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىپ، قەشقەر شەھىرىنى شىنجاڭدىكى باشقا شەھەر - بازارلاردىن ئالاھىدە پەرققە ئىگە قىلىشى ھەرگىز تاسادىپىي ئەمەس، بەلكى مۇشۇ شەھەر تەۋەسىدە ياشاۋاتقان ئاھالىلەرنىڭ ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى ئىگىلىك قۇرۇلمىسى، ئالاھىدە ئىجتىمائىي تۇرمۇش مۇناسىۋەتلىرى ۋە ئادەتلىنىپ كەتكەن ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تىل شەكىللىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. قەشقەر شەھىرى كونىشەھەر رايونلىرىنىڭ بۈگۈنكى رېئاللىقىدىن قارىغاندىمۇ، بۇ شەھەردىكى ھەربىر كوچا، مەھەللىنىڭ بىر بازار ياكى بىر مىخ، بىر ئائىلىنىڭ، بىر بەن ياكى بىر گۇرۇپپا، ئاز دېگەندىمۇ شەھەر تەۋەسىدىكى ھەر بەش ئائىلىنىڭ ئۈچىنىڭ ھۈنەرۋەن، ئىككىسىنىڭ ئۇششاق ئوقەتچى ياكى باشقا كەسىپ ساھىبى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ شەھەردە كىشىلەر پەرزەنتلىرىنىڭ ھۈنەرسىز، بىكار تەلەپلەردىن بولۇپ قېلىشىنى خالىمايدۇ. بالىلىرىغا كىچىكىدىن باشلاپلا ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۇستىلاردىن بىرەر كەسىپنى ئۆگىتىپ، ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆزى قامدىيالايدىغان ئىقتىدارنى ئىگىلىتىشنىڭ كويىدا بولىدۇ. بەزى ئاتا - ئانىلار ئۆزلىرى ئۇستاز بولۇپ، پەرزەنتلىرىنى «ئاتا كەسىپ»لىرىنىڭ چىرىغىنى ئۆچۈرمەيدىغان قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىدۇ. بۇ شەھەردە ياشاپ بىرەر ھۈنەر-كەسىپنى بىلمەيدىغان، بىرەر ئىش - ئوقەتنىڭ پېشىنى تۇتمىغان

① «دىۋان گۇمنام»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2004- يىلى نەشرى.

كىشىلەر ھۆرمەتلەنمەيدۇ. قىسقىسى، ھۈنەر ـ كەسىپ ئۆگىنىشتە قەشقەر كىشىلىرىنىڭ قەلبىگە «ھۈنەرى يوق ئەر — يانتاق ئۆسكەن يەر»، «ئەر ھۈنەر بىلەن كۆكلەيدۇ، يەر سۇ بىلەن» دەپ قارايدىغان كىشىلىك تورمۇش قارىشى چوڭقۇر ئورناپ كەتكەن. بۇ خىل ئىدىيەنىڭ تەسرىدە قەشقەرنىڭ بازارلىرى ئاۋاتلىشىپ، خۇددى كاتېرىن ماكارتىنى «قەشقەرنى ئەسلەيمەن» ناملىق ئەسىرىدە خاتىرىلەپ، «ئادەتتىكى كىچىكرەك كوچىلاردا كۆپىنچە ئالاھىدە مەھسۇلاتلار بازىرى بولىدۇ. شۇڭا، سىز پاختا بازىرى، خام ـ ماتا بازارلىرىغا بارسىڭىز، ئۇ يەرلەردە رۇسىيىنىڭ گۈللۈك ماتالىرى سېتىلىدۇ. يەنە تۆمۈرچىلىك بازىرى، زەرگەرلىك بازىرى، ئوتۇن، گۆرۈچ بازىرى قاتارلىق بازارلار بار[1]» دەپ يازغاندەك، دائىرىسى ئانچە چوڭ بولمىسىمۇ، لېكىن تارىخى نىسبەتەن ئۇزاق بۇ قەدىمىي شەھەرنىڭ كوچا ـ مەھەللىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ھەر خىل بازارلار نامى بىلەن ئاتالغان. تۆۋەندە قەشقەر شەھىرىنىڭ يارباغ، چاسا، قۇمدەرۋازا، ئۆستەڭبويى قاتارلىق كوچا باشقارمىسى تەۋەسىدىكى ۋە ئۇنىڭ سىرتىدىكى بىر قىسىم ئالاھىدە يەر ناملىرىنى مىسال ئېلىپ كۆرسىتىپ ئۆتىمەن:

1. ئەبرىشىم (يىپەك) كاركوچىسى: بۇ كوچىغا شايى ـ ئەتلەس قاتارلىقلارنى توقۇيدىغان توقۇغۇچى ئۇستاملار كۆپرەك يىغىلغانلىقتىن شۇنداق ئاتالغان.

2. ئەلگەكچى كوچىسى: بۇ كوچا ئىلگىرى ئۇن تاسقايدىغان ئەلگەك ۋە ئۆتكەمە، غەلۋىر قاتارلىق بۇيۇملارنى ياسايدىغان ھۈنەرۋەنلەر يىغىلغانلىقى سەۋەبلىك شۇنداق ئاتالغان.

3. شامچى كوچىسى: بۇ كوچا شام ياساپ، پارچە، توپ ساتىدىغانلار كۆپرەك يىغىلغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

4. قازانچى ياربېشى كوچىسى: بۇ ئاساسەن تۆمۈر، چويۇن قاتارلىق مېتاللاردىن پايدىلىنىپ قازان، چۆمۈچ، مەش، كاناي،

---

[1] كاتېرىن ماكارتىنى: «قەشقەرنى ئەسلەيمەن» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000- يىلى نەشرى، (ئۇيغۇرچە) 75 ـ، 76- بەتلەر.

چۆگۈن، چەينەك قاتارلىق تۈرمۈش بۇيۇملىرىنى ياسايدىغان ئۇستاملار يىغىلىپ ئولتۇراقلاشقان كوچا بولۇپ، ھۈنەر نامىدا ئاتالغان.

5. چەكمەنچى كوچىسى: بۇ كوچا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى چەكمەن چاپانلىرىنى تىكىپ ساتىدىغانلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقانلىقتىن شۇنداق ئاتالغان.

6. گودالڭ كوچىسى: بۇ كوچا خام، ماتا قاتارلىق پاختا رەختلەرنى توقۇيدىغان ياكى شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك دۇكان جابدۇقلىرىنى ياساپ ساتىدىغان كىشىلەر يىغىلغان بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان.

7. موفالڭ كوچىسى: بۇ تۈگمەنچىلەر مەھەللىسى دېگەننىڭ خەنزۇچە ئاتىلىشى ( 磨坊 ) موفالڭ بولۇپ، بۇ كوچا تۈگمەنچىلەر، رەۋەندىلەر ۋە كىچىك تاش يارغۇنچاقلار بىلەن ماش، پۇرچاق، قوناق، بۇغداي قاتارلىق دانلىق زىرائەتلەرنى ئېزىپ ساتىدىغانلار كۆپرەك يىغىلغان بولغاچقا مۇشۇ نامدا ئاتالغان.

8. كوزىچى ياربېشى: بۇ بىر مەھەللە نامى بولۇپ، قەشقەر شەھىرى تەۋەسىدىكى قەدىمكى جايلارنىڭ بىرى سۈپىتىدە ھازىرغا قەدەر مەۋجۇت ھەم قەدىمي ھالەتتە تۇرۇپ كەلمەكتە. بۇ يەردە كوزا، تەشتەك، ئۇزرىق، كۈپ، ساپال قاچا، خۇمرا، ھېجىر قاتارلىق ساپال بۇيۇملارنى ياساپ پىشۇرىدىغان كۇلالچىلار ۋە شۇ خىل مەھسۇلاتلارنى ساتىدىغان تىجارەتچىلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان.

9. دوپپا ـ تۇماق بازىرى: بۇ قەشقەر شەھىرىدىكى ئەڭ قەدىمي بىر بازارنىڭ نامى بولۇپ، بۇگۈنكى كۈندىمۇ قەشقەردىكى داڭلىق دوپپا، تۇماق ئۇستىلىرىنىڭ ئەڭ سۈپەتلىك باش كىيىملىرى مۇشۇ بازاردا سېتىلىدۇ.

10. قوناق بازىرى: بۇ قەشقەر شەھىرىدىكى ئەڭ قەدىمي بىر بازارنىڭ نامى بولۇپ، بۇ بازاردا ھازىرمۇ قوناق، بۇغداي، ئارپا، پۇرچاق، تېرىق، گۈرۈچ قاتارلىق مەھسۇلاتلار سېتىلىدۇ.

11. قاسقان بازىرى: بۇ شەھەر تەۋەسىدىكى كونا بازارنىڭ بىرى بولۇپ، ھازىرمۇ مەخسۇس قاسقان، تۇۋاق، چويلا، ياغاچ چۆمۈچ،

ئەگىنە ۋە ھەر خىل ياغاچتىن قىرىپ ياسىلىدىغان تۇرمۇش بۇيۇملىرى
ياساپ سېتىلىدۇ.
12. ياغ بازىرى: بۇ بازاردا ھەرخىل ئۆسۈملۈك ياغلىرى سېتىلـ-
ىدۇ. ياغ تىجارىتى قىلىنىدىغان جاي بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان.
13. كېپەك بازىرى: بۇ ئورۇندا كېپەك، كۇنجۈرە قاتارلىق يەم-
خەشەكلەر سېتىلىدۇ.
14. ئۆرۈك بازىرى: بۇ قەشقەر شەھىرىنىڭ «تۆشۈكدەرۋازا»
سىنىڭ شەرقىدىكى ناھايىتى كونا بىر يەر نامى ۋە بازار نامى. شەھەر
ئەتراپىدىكى دېھقانلار ھەرخىل مېۋە-چېۋىلەرنى مۇشۇ يەردە توپ،
پارچە سېتىپ، بۇ يەر نامىنى شەكىللەندۈرگەن.
15. پاختا بازىرى: بۇ بازارنىڭ بىر قىسىم كوچىلىرى ھازىر
چېقىۋېتىلدى، شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ نامى يەنىلا ئۆزگەرگىنى يوق. بۇ
يەردە ئىلگىرى مەخسۇس پاختا، يۇڭ، تىۋىت قاتارلىق مەھسۇلاتلار
سېتىلغان.
16. تاش بازىرى: بۇ قەشقەر شەھىرىدىكى قەدىمكى بازار نامى
ۋە يەر نامى. «تاش بازىرى» نامىدا ئاتىلىدىغان جايلار قەشقەر شەھە-
رىدىن باشقا، يەكەن، خوتەن، يېڭىسار قاتارلىق جايلاردىمۇ بار.
چۈنكى، تاش كېسىش ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزاق تارىخقا ئىگە بىر تۈرلۈك
كەسپى بولۇپ، بۇ بازارلارنى ئاساسلىقى تاغدىن تۈگمەن تېشى،
يارغۇنچاق، تۈلۈق تاش قاتارلىقلارنى كېسىپ ئەكېلىپ ساتىدىغانلار
شەكىللەندۈرگەن.
17. كەتمەن بازىرى: بۇ قەشقەر شەھىرىنىڭ «قارا قىردەرۋازا»
ئەرىپىگە جايلاشقان قەدىمكى بازار نامى ۋە يەر نامى. بۇ يەردە ھازىرمۇ
كەتمەن، گۈرجەك، ئوتىغۇچ، ئورغاق، ئارا، كەكە، پالتا، ئەندۈۋا
قاتارلىق بۇيۇملار سېتىلىدۇ.
18. خام بازىرى: بۇ جايدا ئىلگىرى خام، بۆز، ئەنئەنىۋى
يەرلىك توقۇلما مەھسۇلاتلار ئىشلىنىپ سېتىلغان. بۈگۈنكى كۈندىمۇ
يەنىلا ئەڭ چوڭ گەزمال بازىرىدۇر. ھازىرمۇ يەنىلا «خام بازىرى»

چۆگۈن، چەينەك قاتارلىق تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ياسايدىغان ئۇستام-
لار يىغىلىپ ئولتۇراقلاشقان كوچا بولۇپ، ھۈنەر نامىدا ئاتالغان.

5. چەكمەنچى كوچىسى: بۇ كوچا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى چەك-
مەن چاپانلىرىنى تىكىپ ساتىدىغانلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقانلىقتىن
شۇنداق ئاتالغان.

6. گودالڭ كوچىسى: بۇ كوچا خام، ماتا قاتارلىق پاختا رەختە-
لەرنى توقۇيدىغان ياكى شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك دۇكان جابدۇقلىرىنى
ياساپ ساتىدىغان كىشىلەر يىغىلغان بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان.

7. موفاڭ كوچىسى: بۇ تۈگمەنچىلەر مەھەللىسى دېگەننىڭ
خەنزۇچە ئاتىلىشى ( 磨坊 ) موفاڭ بولۇپ، بۇ كوچا تۈگمەنچىلەر، قو-
رۇۋەندىلەر ۋە كىچىك تاش يارغۇنچاقلار بىلەن ماش، پۇرچاق، قو-
ناق، بۇغداي قاتارلىق دانلىق زىرائەتلەرنى ئېزىپ ساتىدىغانلار كۆپ-
رەك يىغىلغان بولغاچقا مۇشۇ نامدا ئاتالغان.

8. كوزىچى يارىبېشى: بۇ بىر مەھەللە نامى بولۇپ، قەشقەر
شەھىرى تەۋەسىدىكى قەدىمكى جايلارنىڭ بىرى سۈپىتىدە ھازىرغا
قەدەر مەۋجۇت ھەم قەدىمىي ھالەتتە تۇرۇپ كەلمەكتە. بۇ يەردە
كوزا، تەشتەك، ئىۋرىق، كۈپ، ساپال قاچا، خۇمرا، ھېجىر قاتار-
لىق ساپال بۇيۇملارنى ياساپ پىشۇرىدىغان كۇلالچىلار ۋە شۇ خىل
مەھسۇلاتلارنى ساتىدىغان تىجارەتچىلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان.

9. دوپپا - تۇماق بازىرى: بۇ قەشقەر شەھىرىدىكى ئەڭ قەدىمىي
بىر بازارنىڭ نامى بولۇپ، بۈگۈنكى كۈندىمۇ قەشقەردىكى داڭلىق
دوپپا، تۇماق ئۇستىلىرىنىڭ ئەڭ سۈپەتلىك باش كىيىملىرى مۇشۇ
بازاردا سېتىلىدۇ.

10. قوناق بازىرى: بۇ قەشقەر شەھىرىدىكى ئەڭ قەدىمىي بىر
بازارنىڭ نامى بولۇپ، بۇ بازاردا ھازىرمۇ قوناق، بۇغداي، ئارپا،
پۇرچاق، تېرىق، گۈرۈچ قاتارلىق مەھسۇلاتلار سېتىلىدۇ.

11. قاسقان بازىرى: بۇ شەھەر تەۋەسىدىكى كونا بازارنىڭ بىرى
بولۇپ، ھازىرمۇ مەخسۇس قاسقان، تۇۋاق، چويلا، ياغاچ چۆمۈچ،

ئەتىنە ۋە ھەر خىل ياغاچتىن قىرىپ ياسىلىدىغان تۇرمۇش بۇيۇملىرى ياساپ سېتىلىدۇ.

12. ياغ بازىرى: بۇ بازاردا ھەرخىل ئۆسۈملۈك ياغلىرى سېتىلىدۇ. ياغ تىجارىتى قىلىنىدىغان جاي بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان.

13. كېپەك بازىرى: بۇ ئورۇندا كېپەك، كۈنجۈرە قاتارلىق يەمخەشەكلەر سېتىلىدۇ.

14. ئۆرۈك بازىرى: بۇ قەشقەر شەھىرىنىڭ «تۆشۈكدەرۋازا» سىنىڭ شەرقىدىكى ناھايىتى كونا بىر يەر نامى ۋە بازار نامى. شەھەر ئەتراپىدىكى دېھقانلار ھەرخىل مېۋە - چېۋىلەرنى مۇشۇ يەردە توپ، پارچە سېتىپ، بۇ يەر نامىنى شەكىللەندۈرگەن.

15. پاختا بازىرى: بۇ بازارنىڭ بىر قىسىم كوچىلىرى ھازىر چېقىۋېتىلدى، شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ نامى يەنىلا ئۆزگەرگىنى يوق. بۇ يەردە ئىلگىرى مەخسۇس پاختا، يۇڭ، تىۋىت قاتارلىق مەھسۇلاتلار سېتىلغان.

16. تاش بازىرى: بۇ قەشقەر شەھىرىدىكى قەدىمكى بازار نامى ۋە يەر نامى. «تاش بازىرى» نامىدا ئاتىلىدىغان جايلار قەشقەر شەھىرىدىن باشقا، يەكەن، خوتەن، يېڭىسار قاتارلىق جايلاردىمۇ بار. چۈنكى، تاش كېسىش ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزاق تارىخقا ئىگە بىر تۇرلۇك كەسپى بولۇپ، بۇ بازارلارنى ئاساسلىقى تاغدىن تۈگمەن تېشى، يارغۇنچاق، تولۇق تاش قاتارلىقلارنى كېسىپ ئەكېلىپ ساتىدىغانلار شەكىللەندۈرگەن.

17. كەتمەن بازىرى: بۇ قەشقەر شەھىرىنىڭ «قارا قىردەرۋازا» ئەرىپىگە جايلاشقان قەدىمكى بازار نامى ۋە يەر نامى. بۇ يەردە ھازىرمۇ كەتمەن، گۈرجەك، ئوتىغۇچ، ئورغاق، ئارا، كەكە، پالتا، ئەندىۋا قاتارلىق بۇيۇملار سېتىلىدۇ.

18. خام بازىرى: بۇ جايدا ئىلگىرى خام، بۆز، ئەنئەنىۋى يەرلىك توقۇلما مەھسۇلاتلار ئىشلىنىپ سېتىلغان. بۈگۈنكى كۈندىمۇ يەنىلا ئۇلاڭ چوڭ گەزمال بازىرىدۇر. ھازىرمۇ يەنىلا «خام بازىرى»

دېگەن نام بىلەن ئاتىلىپ كەلمەكتە.

19. زەرگەرلەر كوچىسى: بۇ كوچىغا ئالتۇن ـ كۈمۈش، ياقۇت، ھېقىق قاتارلىقلاردىن زىننەت بۇيۇملىرىنى ياسايدىغان ھۈنەرۋەن، سېتىقچىلار ئولتۇراقلاشقان.

20. زىلچا كوچىسى: بۇ كوچا زىلچا ـ گىلەملەرنى، كىگىز ـ شىرداقلارنى، پالاس ـ ئەديالالارنى توقۇيدىغان ۋە ساتىدىغانلار ئولتۇراقلاشقانلىقتىن شۇنداق ئاتالغان.

21. سۈت ـ قايماق بازىرى: بۇ جاي سۈت ـ قايماق، دوغاپ، مۇز قاتارلىقلارنى ساتىدىغانلار سودا قىلغانلىقتىن شۇنداق ئاتالغان.

مانا شۇنىڭغا ئوخشاش بىر-بىر ھۈنەر- كەسىپ ياكى سودا ـ تىجارەت ناملىرى بىلەن ئاتالغان ھەر خىل ئالاھىدەناملار قەشقەردىن ئىبارەت بۇ قەدىمىي شەھەرنىڭ ئەنئەنىۋى ئىگىلىك شەكلىنى، ھۈنەر-كەسىپ قۇرۇلمىسىنى، مىللىي قول ھۈنەرۋەنچىلىك تۈرلىرىنى گەۋدىلەندۈرگەن ئاساستا شەكىللەنگەن يەر ناملىرى بولۇپ، بۇلاردىن باشقا، يەنە تارىخىي ۋەقەلەرگە، مەشھۇر شەخسلەرگە، ئالاھىدە تەبىئىي مۇھىتقا باغلىنىپ شەكىللەنگەن كونا ئوردا، ئارقا ئوردا، ئوردا ئالدى، كونا دەرۋازا، قاراقىر دەرۋازا، تۆشۈكدەرۋازا، قۇمدەرۋازا، سېپىل تۈۋى، يومىلاق شەھەر، ئۆستەڭبويى، نورىبىشى، بۇلاق بېشى، ئىگىز ئېرىق، قۇرۇق تېرەك، تومەن بويى، بەشئېرىق، قۇرۇق كۆل، كۆل بېشى، يارباغ، چىنەباغ، دۆلەتباغ، نەزەرباغ، شامالباغ، چاھارباغ، گۆرباغ ۋە يەنە ئارق ھاجىم كوچىسى، چۆگۈنچى ھاجىم كوچىسى، خەزىنىچى بەگ كوچىسى، جالا مەھەللىسى، داموللام كوچىسى، ئىمىن خەلىپىتىم كوچىسى، خوجا گۆزىرى، ئەنجان كوچىسى، ئەنجان رەستىسى، ئاتۇش مەھەللىسى، ئەلچىخانا كوچىسى، جانان كوچىسى قاتارلىق قەشقەر شەھىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئەنئەنىۋى ناملار بىلەن ئاتىلىپ كېلىۋاتقان كوچا، مەھەللە، رايونلار مۇ بار.

شەھەر تەۋەسىدىكى قەدىمىي كوچا ـ مەھەللىلەرنىڭ تۈزۈلۈشى

ئىنتايىن مۇرەككەپ، ئۆمۈچۈك تورىدەك گىرەلىشىپ كەتكەن. ئەما-
رەتلەر بىر - بىرىگە قىستاپ سېلىنغان. مەلۇم ھۇنەر - كەسىپ ياكى
نەرسە نامى بىلەن ئاتىلىپ كېلىۋاتقان بۇ قەدىمىي كوچىلارنىڭ يوللى-
رى تار، قىستاڭچىلىق، كىشىلەرنىڭ ياشاش مۇھىتى ياخشى ئەمەس
كۆلىمى ئەڭ چوڭ بولغان بازارلارنىڭ ئۇزۇنلۇقى نەچچە 100 مېتىر،
كېڭىكلىرىنىڭ نەچچە ئون مېتىر ئەتراپىدا. كونا شەھەر قۇرۇلۇشلى-
رىنىڭ كۆپ قىسمى كاكىل، خام كېسەك، ياغاچ، گەج قاتارلىق
ئەنئەنىۋى قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى بىلەن ياسالغان. شەھەر سېپىلى-
نى پاسىل قىلىپ سېلىنغان بۇ كوچىلاردىن قويۇق مىللىي پۇراق،
يەرلىك ئالاھىدىلىك، دىنىي تۈس، ئەنئەنىۋى خاسلىق تۆكۈلۈپ تۇرى-
دۇ. شەھەر رايونىنىڭ ئۆزگىچە قىياپىتى كىشىگە خۇددى ئوتتۇرا
ئەسىردىكى شەھەر كوچىلىرىنى كۆرۈۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرىدۇ. شەھەر
تۇرمۇشىدىن كىشىلەرنىڭ يەرلىك ئۆرپ - ئادەت، قائىدە - يوسۇن،
مىللىي كىيىم - كېچەك، زىبۇزىننەت، يېمەك - ئىچمەك ئادەتلىرى،
تۇرمۇش شەكلى قاتارلىق قىممەتلىك مىللىي مەدەنىيەتنى كۆرگىلى
بولىدۇ. گەرچە ئىقتىساد ۋە پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگە-
شىپ قەشقەر شەھىرىنىڭ قىياپىتىدە زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كې-
لىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما قەشقەر شەھىرىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئېڭىدا
ئەنئەنىۋى ئىقتىساد، مەدەنىيەت قارىشى يەنىلا ئاساسىي ئورۇندا تۇ-
رۇپ كەلمەكتە. شۇڭا، بۈگۈنكى كۈندە بۇ قەدىمىي شەھەردىن دۇنيا-
دىكى ئىلغار پەن - تېخنىكا مەھسۇلاتلىرىنى، زامانىۋى مەدەنىيەت
ئېڭىنى تاپقىلى بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەڭ ساپ تاشقى مەدەنىيەت-
لەرنىڭ تەسىرىدىن خالىي بولغان مىللىي مەدەنىيەت نەمۇنىلىرىنى،
ئەنئەنىۋى ئۆرپ - ئادەتلەرنىمۇ ھەم كۆرگىلى بولىدۇ. ئۇيغۇر جەمئى-
يىتىنىڭ ئومۇمىي قىياپىتىنى، ماددىي، مەنىۋى تەرەققىياتىنى ۋە
تارىخىنى قەشقەر شەھىرىنىڭ ئېتنوگرافىيىلىك مەنزىرىسى ئارقىلىق
نىسبەتەن توغرا چۈشىنىۋېلىشقا بولىدۇ.

جۇڭگودا 1982- يىلىدىن باشلاپ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى-

نىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش قانۇنى» ئېلان قىلىنىپ
ئىجرا قىلىنىشقا باشلىغان، شۇ يىلدىن باشلاپ گوۋۇيۈەن ھەرقايسى
ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەر تەۋەسىدىكى
99 قەدىمىي شەھەر، كوچا، مەھەللىلەرنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش،
تارىخنى دەلىللەش ئارقىلىق، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ۋە «تارىخىي
مەدەنىيەتلىك مەشھۇر كوچىلار» ، «تارىخىي مەدەنىيەتلىك مەشھۇر
بازارلار» ، «تارىخىي مەدەنىيەتلىك مەشھۇر شەھەرلەر» دەپ قىممەت-
لىك مەدەنىيەت مىراسلىرى دەپ قاراپ، قانۇن بويىچە قوغدايدىغانلى-
قىنى ئېلان قىلغان. 2000- يىلىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇلۇش مىنىستىر-
لىقى بىلەن دۆلەت مەدەنىيەت يادىكارلىق ئىدارىسى بىرلىكتە دۆلەت-
مىزنىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى تارىخىي مەدەنىيەتلىك مەشھۇر
كوچا، بازار، مەھەللە، شەھەرلەرنى قوغداش نىزامى» نى يولغا قوي-
دى. بۇنىڭ بىلەن دۆلىتىمىزدە بۇزۇلۇپ، چېقىپ تاشلىنىش خەۋپە-
گە دۇچ كەلگەن نۇرغۇن قەدىمىي شەھەر، بازارلار قانۇن جەھەتتىن
تېخىمۇ چوڭ كاپالەتكە ئېرىشتى. جۇڭگودا «تارىخىي مەدەنىيەتلىك
مەشھۇر شەھەرلەر» تۆۋەندىكى تۆت چوڭ شەرتلەرنى ھازىرلىغان بو-
لۇشى كېرەك: بىرىنچى، ئۇزاق تارىختا ئىگە ياكى زور تارىخىي
ۋەقەلەر (ئىنقىلاب ياكى باشقا تارىخىي ۋەقەلەر) بولغان بولۇش؛
ئىككىنچى، نىسبەتەن زور مىقداردا تارىخىي مەدەنىيەت مىراسلارغا،
يەنى مەزمۇنى مول بولغان قەدىمكى ئىز، خارابىلەر، ئىنقىلاب ئىزنا-
لىرى ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بولغان بولۇش؛ ئۈچىنچى، تەسە-
ۋۋۇرى نىسبەتەن زور دەرىجىدىكى ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت مەزمۇنىغا، يەنى
شېئىرىيەت، ئەلنەغمە، مۇزىكا، تىياتىر، نەپىس ھۈنەر - سەنئەت،
گۈزەل سەنئەت، يەرلىك ئالاھىدە داڭلىق مەھسۇلات، ئۆزگىچە مىل-
لىي يېمەك - ئىچمەك، تەبىئىي مەنزىرە، مىللىي ئۆرپ - ئادەت،
تارىختا تەسىرى بار مەشھۇر شەخسلەر قاتارلىقلار بولغان بولۇش؛
تۆتىنچى، تارىختىن بۇيان مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان، تەرەققىي
قىلىۋاتقان، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ داۋاملىق تەرەققىي قىلىدىغان شەھەر

بولۇش①. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى تەۋەسىدە نۇرغۇن قەدىمىي شەھەرلەرنىڭ ئىزى، خارابىلىرى بار بولسىمۇ، ئەمما يۇقىرىدىكى شەرتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان قەدىمىي شەھەردىن پەقەت قەشقەر شەھىرىلا بولغانلىقتىن، 1986- يىل 12- ئايدا گوۋۇيۈەن مەخسۇس ھۆججەت چىقىرىپ قەشقەر شەھىرىنى ئىككىنچى تۈركۈمدە ئېلان قىلىنغان 38 تارىخىي مەدەنىيەتلىك مەشھۇر شەھەرلەر قاتارىدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى تەۋەسىدىكى بىردىنبىر «تارىخىي مەدەنىيەتلىك مەشھۇر شەھەر» دەپ ئېلان قىلىنغان.

قەشقەر شەھىرى مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ موللىقى، ئالاھىدە ئېتنوگرافىيىلىك مەنزىرىسى بىلەن خۇددى بىر جانلىق ئۆرپ - ئادەت مەدەنىيەت «مۇزېيى»غا ئوخشاپ كېتىدۇ. قەشقەر بوستانلىقىدا كۆمۈلۈپ ياتقان تىلسىملار ئىنتايىن كۆپ، نۇرغۇنلىرىنىڭ سىرى تېخى يېشىلمىدى. شىنجاڭدا تا بۈگۈنگە قەدەر «قەشقەرشۇناسلىق ئىلمى»نىڭ ۋۇجۇدقا كەلمەسلىكى كىشىنى تولىمۇ ئەپسۇسلاندۇرىدۇ. چۈنكى، قەشقەردىن ئىبارەت بۇ غايەت زور مەدەنىيەت جاۋاھىراتلىرى كانىنى پارچە - پۇرات تېمىلار ئاستىدىكى تەتقىقاتلار بىلەن يورۇتۇپ چىقىش مۇمكىن ئەمەس. غەربىي رايونلارنى ئېچىش ئىستراتېگىيىسىدە شىنجاڭنىڭ يەرلىك مىللىي مەدەنىيەتلىرىنىمۇ ئېچىش تەكىتلەنگەن. گەرچە يېقىنقى يىللاردىن بېرى خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ «يىپەك يولىدىكى مەرۋايىت — قەشقەر شەھىرى» ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت، تارىخ، جۇغراپىيىلىك ئورۇن جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇپ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ساياھەتچىلەر، مەبلەغ سالغۇچىلار تەلپۈنىدىغان مەشھۇر ساياھەت ۋە تەرەققىيات شەھىرىگە ئايلىنىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما قەشقەرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان مەخسۇس ياكى ئۇنىۋېرسال ئىلمىي تەتقىقاتلار ناھايىتى يېتەرسىز. بۇ خىل ئەھۋال قەشقەرنى

① «جۇڭگو مەدەنىيەت يادىكارلىق گېزىتى» 2000- يىللىق، 30 - ئىيۇن سانى.

تەشۋىق قىلىشقا، دۇنياغا تونۇتۇشقا، ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا، قەشقەرنىڭ ئالاھىدە ئېتنوگرافىيىلىك مەدەنىيەت بايلىقىنى، ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈشنىڭ رېزىسسورىغا ئايلاندۇرۇشقا پايدىسىز بولۇپ كەلمەكتە. قەشقەر ئىنتايىن ئۇلۇغ ۋە مۇقەددەس ماكان. ئۇ بىرلەشكەن دۆلەتلەر پەن، مائارىپ تەشكىلاتى تەرىپىدىن 2005- يىل 11- ئاينىڭ 25- كۈنى «ئىنسانىيەتنىڭ ئاغزاكى ۋە شەكىلسىز مەدەنىيەتلىرىنىڭ ۋەكىللىك ئەسىرى» قاتارىغا كىرگۈزۈپ ئېلان قىلىنغان ئۇيغۇر مەدەنىيەت سەنئىتىنىڭ سەرۋى دەرىخى بولغان «ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتى» نىڭ كۆكلىگەن تۇپرىقى، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دەك ئۆلمەس ئەسەرنى يازغان ئۇلۇغ تىلشۇناس ئالىم مەھمۇد قەشقەرى ۋە شەرقتىكى يېگانە ئەسەر «قۇتادغۇبىلىك» نى يازغان پەخرىلىك بۇۋىمىز، پەيلاسوپ، مۇتەپەككۇر يۈسۈپ خاس ھاجىپنى ئۆستۈرگەن قەدىمىي تۇپراق. كەمىنە قەلەم ئىگىسى مەيلى مەخسۇس مەدەنىيەت، تارىخ - تەتقىقات ئورۇنلىرى بولسۇن ياكى جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە خالىس تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان قەلەم ساھىبلىرى بولسۇن، ئۇلارنىڭ «قەشقەر» تېمىسى ئۈستىدە كۆپرەك ئىزدىنىپ بېقىشىنى تەۋسىيە قىلىمەن.

## قەشقەر قول ھۈنەرۋەنچىلىكى

قەشقەر رايونى خەن سۇلالىسى دەۋرلىرىدىن باشلاپلا غەربىي يۇرتتىكى ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت نىسبەتەن تەرەققىي قىلغان جايلارنىڭ بىرى بولغان. ئۇ پەقەت ئۇزاق تارىخقا ۋە مەدەنىيەتكە ئىگە مەشھۇر ناخشا - ئۇسسۇل ماكانى، مېۋە - چېۋە ماكانى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە قول ھۈنەر - سەنئەت ماكانىدۇر. قەشقەرنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىك سەنئىتىنىڭ تارىخى ئۇزاق، بۇ ماكاندا، سانسىزلىغان ماھىر ئۇستىكارلار بارلىققا كەلگەن. ئۇلار ئۇزاق مەزگىللىك تارىخىي تەرەققىياتلاردا ئۆزلىرى ياراتقان قول ھۈنەرۋەنچىلىك سەنئەتلىرىنى تا بۈگۈنگە قەدەر داۋاملاشتۇرۇپ، ئەۋلادتىن ئەۋلادقا

ئۇلاپ، بۇ مۇنبەت تۇپراقنى ئۇيغۇرلارنىڭ ھۈنەر - سەنئەت دۇنياسىغا ئايلاندۇرغان.

قەشقەر خەلقىنىڭ قول ھۈنەر - سەنئىتى باشقا رايون ۋە دۆلەتلەردىكى ھەر مىللەت خەلقلىرى ياراتقان قول ھۈنەرۋەنچىلىك سەنئىتىگە ئوخشاش، ئۇنىڭ شەكلى ۋە ئالاھىدىلىكلىرى ئۆزى تۇرۇۋاتقان زېمىننىڭ جۇغراپىيىلىك مۇھىتى، تەبىئىي بايلىق مەنبەسى، خەلقىنىڭ ئۆرپ - ئادىتى، دىنىي ئېتىقاد ۋە ئېتىنىك قىزىقىشلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئۇ باشتىن - ئاخىرغىچە خەلق تۇرمۇشىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە يىلتىز تارتقان بولۇپ، بەجايىكى بىر يورۇق ئەينەككە ئوخشاش خەلقنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ ئەڭ ماھىيەتلىك تەرەپلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ تۇرىدۇ. ئۇ يەرلىكتىكى خەلقلەرنىڭ ئۆز تۇپرىقىدىن ماتېرىيال ئېلىپ، ئۆزلىرى ئىشلەپ، ئۆزلىرى سېتىپ، ئېتنىك مەدەنىيەت سۈپىتىدە ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملىشىپ، ئۇزاق تارىخىي زامانلار داۋامىدىكى تەبىئەت بىلەن ئېلىپ بارغان كۆرەشلەر داۋامىدا قەدەممۇقەدەم ئالاھىدە بولغان مىللىي ئۇسلۇب ۋە يەرلىك خۇسۇسىيەتلەرنى شەكىللەندۈرگەن.

قەشقەرنىڭ پايانسىز تاغ - دەريا، زېمىنلىرىنىڭ قوينىدا مول تەبىئىي بايلىق مەنبەلىرى بار. ئاشۇ تەبىئىي بايلىقلار تۈركۈملەپ ماھىر ئۇستىلارنى ۋۇجۇدقا چىقارغان. ئۇستىكارلار ئاشۇ تەبىئىي بايلىق مەنبەلىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، قول ھۈنەرۋەنچىلىكنى مۇھىم ئەنئەنىۋى ئىگىلىك شەكلىگە ئايلاندۇرغان. قول ھۈنەر - سەنئىتىنىڭ دائىرىسى كىشىلەرنىڭ كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەك، ئولتۇراق ئۆي قاتارلىق تەرەپلەرگىچە چېتىلىپ، تۇرمۇشنى گۈزەللەشتۈرۈپ، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشقا بولغان ھېس - تۇيغۇلىرىنى زور دەرىجىدە بېيىتقان.

قەشقەر خەلقىنىڭ قول ھۈنەر - سەنئىتىنى شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار قول ھۈنەر - سەنئىتىنىڭ جەۋھىرى دېيىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭ ئالاھىدە خۇسۇسىيىتى ۋە ئۇسلۇبى نەچچە مىڭ يىللارنىڭ ئىسسىق-

سوغۇقلىرىنى باشتىن ئۆتكۈزۈپ، ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىپ، تەرەققىي قىلىپ ۋۇجۇدقا چىققان، بولۇپمۇ X ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئىسلام دىنىنىڭ قەشقەرگە تارقىلىپ كىرىشى بىلەن، بۇ يەرنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرىدە زور دەرىجىدىكى ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كېلىپ، ئىسلاملىشىشقا قاراپ يۈزلەندى. ئىسلام دىنى ئەھ-كاملىرىدا ھارامدىن ساقلىنىش، جانلىق نەرسىلەرنىڭ سۈرەتلىرىنى سىزماسلىق، بىر ئاللادىن باشقا مەبۇدقا چوقۇنماسلىق دېگەنلەرگە ئوخشاش پەرھىز، چەكلىمىلەرنىڭ بولۇشى سەۋەبلىك، كىشىلەرنىڭ ئېستېتىك دائىرىسى گۈل - گىياھ، مېۋە - چېۋە قاتارلىق گېئومېتىـ-رىيىلىك، سىممېترىك شەكىلدىكى سىزىقسىمان نۇسخىلارغا يۈزلەن-گەن. ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، قەشقەر بوستانلى-قى جۇغراپىيىلىك ئورۇن جەھەتتىن قەدىمكى يىپەك يولىدىكى ئوتتۇ-را - غەربىي ئاسىيا ئىچكى چوڭ قۇرۇقلۇق سودا كارۋانلىرىنى تۇتاش-تۇرىدىغان تۈگۈن. بۇ خىل ئالاھىدە ئىستراتېگىيىلىك ئەۋزەللىك يەرلىكنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى ئۈچۈن ئازا-دە مۇھىت ھازىرلاپ بېرىپلا قالماستىن، ھۈنەرۋەن - ئۇستىكارلارنى سەنئەت ئەندىزىسى جەھەتتىن ئەتراپتىكى ئەللەرنىڭ سەنئەت ئۆرنەك-لىرىنى مۇۋاپىق قوبۇل قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ھۈنەر - سەنئەت تۈرلى-رىنى بېيىتىش ۋە ئالاھىدە ئۇسلۇبلارنى شەكىللەندۈرۈش پۇرسىتى بىلەنمۇ تەمىن ئەتكەن.

قەشقەردە قەدىمدىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان قول ھۈنەر-سەنئەت بۇيۇملىرىدىن دوپپا، تۇماق، زىلچا، يىپەك توقۇمىچىلىق، مىللىي چالغۇ ئەسۋاب، كىگىز، پالاس - شىرداق، كۇلالچىلىق، مىس بۇيۇملار، كىيىم - كېچەك بېزەكلىرى، رەشلىيە، پىچاق، تۆمۈر بۇيۇملار، زەرگەرلىك، بوياقچىلىق، ئەتلەسچىلىك، ياغاچ قوشۇق، ياغاچ تاۋاق، ياغاچ ئويما، مېمارچىلىق تېخنىكىسى، گەج ئويمىچە-لىق ۋە خاراكتېرى، سەنئەت ئۇسلۇبى ئوخشاش بولمىغان ھەرخىل غىلاپ، ئات جابدۇقلىرى، ياغاچ ئويۇنچۇقلار، پاختا يىپ توقۇمىچە-

لىقلاردىن ئىبارەت مول ھەم رەڭدار تۈرلەر قەشقەر تەۋەسىدىكى ھەرقايسى ناھىيە، شەھەر (بازار)، يېزا- قىشلاقلارغىچە كەڭ تارقالغان بولسا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئوخشاش تۈرلەر ئوخشىمىغان رايونلاردا ئوخشاش بولمىغان ئۇسلۇب ۋە ئىچكى پەرقلەرنى ھاسىل قىلغان. مەسىلەن، قەشقەر زىلچىلىرىنىڭ گۈل سىزىقچىلىرى ئىنچىكە، رەڭلىرى سۇزۇك، ماسلىشىشچان. ئەمما، يەكەن زىلچىلىرى بولسا قوپالراق، رەڭلىرى قېنىق، ئەندىزىسى ئاددىي. يېڭىسار پىچىقىنىڭ ئىشلىنىشى ئىنچىكە ھەم نەپىس، مىللىي پۇراق قويۇق، ئەمما مارالبېشى ۋە يەكەن پىچاقلىرىنىڭ ئىشلىنىشى سادىدا، قەدىمىيرەك؛ قەشقەردە تىكىلگەن دوپپىلارنىڭ ھۈنەر - سەنئىتى نەپىس، تۈرلىرى تولۇق، ئەمما يەكەن، يېڭىساردا تىكىلگەن دوپپىلارنىڭ تۈرى ئاز، ئۇسلۇبى قەدىمىي، قەشقەرنىڭ ساپال بۇيۇملىرى نىسبەتەن قوپال، پارقىراقلىقى تۆۋەن؛ لېكىن يېڭىسارنىڭ ساپال بۇيۇملىرى ئىنتايىن نەپىس، رەڭلىرى ئوچۇق، تۈرى كۆپ، يېڭىساردا گۈ بېسىلغان سىرگەزلەرنىڭ گۈل قېلىپى ئاددىي، قوپال، ئەمما يېڭىشەھەرنىڭ سىرگەزلىرىنىڭ رەڭلىرى روشەن، گۈل قېلىپلىرى مۇرەككەپ، قۇرۇلمىسى كۆپ خىل، ئاساسلىقى زەدىۋال نۇسخىدىكى رەختىلەر. قىسقىسى، ھەرقايسى جايلارنىڭ ئوخشاش تۈردىكى ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرى ئۆز تەۋەلىكىدىكى خەلقلەرنىڭ ئېستېتىك ھەۋىسى ۋە يەرلىك ئۆرپ - ئادەت قاراشلىرىنى ئىپادىلەپ چىققان بولۇپ، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشقا بولغان قىزغىن مۇھەببىتى ۋە غايىلىرى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق. ئىشلەنگەن بۇيۇملار ئۇسلۇب جەھەتتىن ئوخشاشلا مىللەت تۈپىدا ئورتاق مەۋجۇت بولۇۋاتقان ئىدېئولوگىيە فورمىسى قوبۇل قىلالايدىغان قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىك ۋە يەرلىك خۇسۇسىيەتنى ئورگانىك بىرلەشتۈرگەن.

قول ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرى پەيدا بولغاندىن تارتىپلا خەلق تۇرمۇشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇ ئەمەلىي ئىشلىتىلىش، ئېستېتىك زوق بېرىش ۋە ئىقتىسادىي قىممەت يارىتىشتىن ئىبارەت

كۆپ خىل ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئۇيغۇر خەلق قول ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرىمۇ ئوخشاشلا خەلق تۇرمۇشىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان بولۇپ، مىللەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش، ئۆرپ - ئادەت ۋە پسىخىك غايىسىگە ياندىشقان ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. مىللەتنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى دۇنياسىدىكى چوڭقۇر ئامىمىۋى ئاساسقا ئىگە تىپىك شەكىلدىكى قۇرغاق رايوننى نامايان قىلىپ تۇرىدۇ.

ئۇزاق يىللاردىن بىرى قەشقەر خەلقىنىڭ مول ھەم كۆپ خىل شەكىلدىكى قول ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرى ئەمگەكچى خەلقنىڭ تۇرمۇش ھەپىلىسىنى بېيىتىپ، بازارلارنى ئاۋاتلاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار يولۇققان ئوڭۇشسىزلىقلارمۇ ئاز بولمىدى. زامانىۋى تېخنىكىلارنىڭ ئومۇملىشىشى، زامانىۋىلىشىش ۋە ئاۋار ئىقتىسادىي دولقۇنىنىڭ تېزلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئۇلار ئالغا ئىلگىرىلەش ياكى يوقىلىشتىن ئىبارەت خىرىسلارغا دۇچ كەلدى. زامانىۋى كارخانىلارنىڭ ئورۇن ئېلىشى بىلەن بىر قىسىم ئەنئەنىۋى ھۈنەر - سەنئەت شەكىللىرى رىقابەت جەريانىدا شاللىنىپ، يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالدى. مەسىلەن، كۈلالچىلىق، ياغاچ.قوشۇق، ياغاچ قاچا، ئەتلەس توقۇش، زىلچا توقۇمىچىلىقلىرى، كەشتىچىلىك، ئالتۇن - كۈمۈش زىبۇزىنەت ھۈنەرلىرى، بىناكارلىق، رەڭلىك سىزمىچىلىق قاتارلىقلارنىڭ بازىرى باردەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ئۇلار تەرەققىي قىلالماي بىر ئىزدا توختاپ قالدى. بىر قىسىم قول ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرى بولسا مىللىي، ئەنئەنىۋى سەنئەت ئالاھىدىلىكلىرىدىن ئايرىلىپ، ھەقىقىي مەنىدىكى قىممىتىنى يوقىتىپ قويدى. ئەلۋەتتە، بازاردىن چېكىنگەن قول ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرىنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق نۇقسانلىرىمۇ يوق ئەمەس. مەسىلەن، ئۇلارنىڭ ئىش تەرتىپى مۇرەككەپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى تۆۋەن، ھۈنەر-سەنئىتى قالاق دېگەندەك. مۇشۇ سەۋەبتىن، قىسمەن ھۈنەر - سەنئەت ئۇستىلىرى كەسپىنى ئۆزگەرتىشكە ياكى تىجارىتىنى توختىتىشقا

مەجبۇر بولماقتا، ھەتتا بىر قىسىم كەسپلەرگە ۋارىسلىق قىلىدىغان ئادەملەرمۇ قالمىدى. بۇ بىزنىڭ ئىزدىنىپ بېقىشىمىزغا ئەرزىيدىغان مۇھىم بىر مەسىلە. چۈنكى، قەشقەر خەلقى ياراتقان قول ھۈنەرۋەنچىلىك سەنئەتلىرىنىڭ مەيلى تەرەققىي قىلىنىۋاتقانلىرى ياكى كونىراپ بازاردىن قېلىنىۋاتقانلىرى بولسۇن، ئۇلارغا ھەرگىزمۇ بىپەرۋا قاراشقا بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئوخشاشلا سەنئەت قىممىتى ۋە تەتقىقات قىممىتى بار. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاشلا مىللەتنىڭ قىممەتلىك مەدەنىيەت مىراسلىرىغا مەنسۇپ. ئۇلار ئوخشاش بولمىغان تارىخىي باسقۇچ ۋە ئوخشاش بولمىغان مۇھىتلاردا شەكىللەنگەن بولۇپ، ئوخشاش بولمىغان جەمئىيەت تۈزۈلمىسىنىڭ تەسىرى ئاستىدا ۋۇجۇدقا چىققان، ئەمما ئوخشاش مىللىي روھنى ئەكس ئەتتۈرۈپ تۇرىدۇ. جۇڭگودا ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش چوڭقۇرلىشىۋاتقان، دۇنيادا ئىقتىساد ۋە بىر گەۋدىلىشىش، يەر شارىلىشىش قەدىمى تېزلىشىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە قەشقەردىن ئىبارەت بۇ «يىپەك يولىدىن مەرۋايىت» سانسىزلىغان جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك مېھمانلارنى ئۆز جەلپ قىلماقتا. بۇنىڭدا قەشقەر خەلقى ياراتقان ھۈنەر - سەنئەت مىللىي فولكلور بايلىقلىرىنىڭ سەل قاراشقا بولمايدىغان تۆھپىسى بار، ئۇ دېڭىز - ئوكيانلاردىن ئۆتەلەيدۇ، كىشىلەرنىڭ گۈزەل ئەسلىمىلىرىنى ئويغىتالايدۇ. پەقەت شۇنىڭ ئۆزىلا قەشقەردىن ئىبارەت مۇشۇ ئەزىزانە تۇپراقتا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن. ئۇنىڭغا قەشقەرلىكلەرنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ چوڭقۇر مۇھەببىتى ۋە ئەقىل - پاراسەتلىرى مۇجەسسەملەشكەن. بۇ قىممەتلىك شەكىلسىز مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قۇتقۇزۇۋېلىش، قېزىش، رەتلەش ھەمدە ئۇنى نۆۋەتتىكى يەر شارىلىشىش، بازار ئىقتىسادى دولقۇنلىرىدا قايتىدىن جانلاندۇرۇش تەخىرسىز خىزمەتلەرنىڭ بىرى. يەرلىك ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈشتە قەشقەردىكى يوقىلىش گىرداۋىغا بېرىپ قالغان بىر قىسىم قول ھۈنەرۋەنچىلىك كەسىپلىرىنى قۇتقۇزۇش، تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىقتىسادنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى مۇ-

ھەم تەدبىرنىڭ بىرىدۇر.

## قەشقەر زىلچىلىرى

يۇڭ توقۇمىچىلىق كەسپى ئۇيغۇرلاردا ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا
ئىگە. قەدىمدە تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئەتراپىدىكى ھەرقايسى بوستانلىق-
لاردا ياشىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى خې-
لى بۇرۇنقى زامانلاردىلا مۇقىم ئولتۇراق ھالەتتىكى تېرىم مەدەنىيە-
تىنى شەكىللەندۈرگەن، شۇنداقلا ئۆزلىرىنىڭ ئىلگىرىكى ئوۋچى-
لىق، چارۋىچىلىق مەدەنىيىتى بىلەن تېرىم مەدەنىيىتىنىڭ ئالاھىدى-
لىكلىرىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ، غەربىي يۇرتنىڭ ئۆزىگە خاس
بولغان يەرلىك مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىنى ۋۇجۇدقا چىقارغان. ئۇلار
تېرىقچىلىق قىلىشقا ماس كېلىدىغان جايلاردا مۇقىم ئولتۇراقلى-
شىپ، دېھقانچىلىق قىلىش ئارقىلىق، دانلىق زىرائەتلەرنى تېرىپ
ئۆستۈرۈشنى پائال كېڭەيتىش بىلەن بىرگە، يەنە ئۆز تەۋەلىكىدىكى
چارۋا بېقىشقا ماس كېلىدىغان رايونلاردا داۋاملىق تورۇق، قوي، كالا،
قوتاز، ئات، تۆگە، ئۆچكە قاتارلىق ئىقتىسادىي قىممىتى نىسبەتەن
يۇقىرى ھايۋانلارنى كۆپلەپ بېقىپ، ئۇلارنىڭ تېرىلىرىدىن پايدىلى-
نىپ كۆنچىلىك كەسپىنى، يۇڭلىرىدىن پايدىلىنىپ يۇڭ توقۇمىچى-
لىق كەسپلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرغان. ئۇلار يىپەك يولىنىڭ تارىم
ئويمانلىقىدىن ئۆتۈشتەك ئەۋزەل شارائىتىدىن پايدىلىنىپ، ئىشلەپ-
چىقارغان پاختا، يىپەك، كۆن - خۇرۇم ۋە يۇڭ توقۇلما مەھسۇلاتلى-
رىنى قوشنا ئەللەرگە يۆتكەپ سودا - سېتىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇل-
لانغان. جۇڭگونىڭ قەدىمكى مەنبەلىرىدىن خەن دەۋرىدە ياشىغان
شۇي شىن يازغان «ئىزاھنامە» دە تارىم دەرياسى ۋە قارا قۇرۇم تېغى
ئەتراپىدا ياشىغان قەدىمكى قوۋملارنىڭ يۇڭ توقۇمىچىلىق، گىلەمچى-
لىك كەسپلىرى توغرىسىدا خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان. 1980- يىلى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئارخېئولوگىيە ئەترىتىنىڭ خادىم-لىرى كۆنچى دەرياسىنىڭ بويىدىكى كروران قەدىمىي شەھىرىگە تەۋە قەدىمكى قەبرىستانلىقلاردا ئېلىپ بارغان ئارخېئولوگىيىلىك قې-زىشتا $M_8$ نومۇرلۇق لەھەت ئىچىدىن چىققان قورۇق جەسەت يۆگەلگەن يۇڭ ئەدىيال ۋە باشقا (1995- يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسىدىكى يېڭى ئۇتۇقلۇقلار» ناملىق كىتابقا قارالسۇن.) يۇڭدىن توقۇلغان كىيىم- كېچەك قاتارلىق ھەمدەپنە بۇيۇملارنىڭ $C_{14}$ ئەكسىد بىلەن تەكشۈرگەندىكى يىل تارىخىنىڭ 100 ± 3480 يىل چىقىشىدەك ئىلمىي پاكىتلار تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىدىكى ئوخشاش مەدەنىيەت بەلۋېغىغا تەۋە بولغان بوستانلىقلاردا يۇڭ توقۇمىچىلىق كەسپىنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تا-رىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. گەرچە بۈگۈنگە قەدەر قەشقەر تەۋەسىدە ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك خىزمەتلەردە قەشقەر تەۋەسىدىكى قەدىمىي قەبرە، قەدىمىي شەھەر ۋە باشقا قەدىمكى خارابە، ئىزلاردىن زىلچا تۈرىگە مۇناسىۋەتلىك يۇڭ توقۇلما بۇيۇملار-نىڭ قالدۇقلىرى تېپىلمىغان بولسىمۇ، ئەمما قەشقەرنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا زىلچا توقۇش، كىگىزچىلىك قاتارلىق ھۈنەرلەر يەرلىك ئەنئەنىۋى قول ھۈنەرۋەنچىلىك كەسپى سۈپىتىدە ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان كەسپلەردۇر. قەشقەرنىڭ قەدىمدىن بۇيان داڭلىق زىلچا- گىلەم ماكانى بولغان خوتەن بىلەن چېگرىداش بولۇ-شى، غەربىي شىمال، غەربىي جەنۇب تەرەپلەردىكى تاغ يوللىرى ئارقىلىق ئافغانىستان، ئىران قاتارلىق قوشنا ئەللەرگە بارغىلى بو-لۇشتەك ئالاھىدىلىك قەشقەردە يىپەك، پاختا ۋە يۇڭ توقۇمىچىلىق، جۈملىدىن زىلچا توقۇش كەسپىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا تەسىر كۆر-سەتكەن مۇھىم ئامىللاردۇر، بولۇپمۇ قەشقەرلىك ھۈنەرۋەنلەر خوتەن گىلەملىرىنىڭ ئۆزگىچە گۈل نۇسخىلىرى بىلەن ئىران گىلەملىرى-نىڭ گۈل نۇسخىلىرىنى ئۆزئارا بىرىكتۈرۈش، ئىجادىي ئىسلاھ قى-لىش ئارقىلىق قەشقەرنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان «شەرق ئۇسلۇبى»

دىكى زىلچا - گىلەم نۇسخىلىرىنى ۋۇجۇدقا چىقارغان.

قەشقەر زىلچىلىرى قەشقەرنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى يايلاقلار، تۈزلەڭلىك، جاڭگاللاردا بىقىلىدىغان قوي يۇڭى، تۆگە يۇڭى ۋە پاختا يىپلارنى ئاساسىي خام ئەشيا قىلىدۇ. قەشقەر زىلچىلىرى ئەنئەنىۋى ياغاچ دۇكانلاردا قول بىلەن توقۇلىدۇ. ئالاھىدىلىك جەھەتتىن خوتەن ۋە باشقا جايلاردا توقۇلغان ئۇيغۇر زىلچىلىرىغا قارىغاندا رەڭلىرى سۈزۈك، گۈل سىزىقچىلىرى روشەن، يۇمشاق ھەم سىلىق، نۇسخىلىرى كۆركەم، چىدامىلىق، لايىھىلىنىشى ئۆزگىچە، يەرلىك خۇسۇسىيىتى قويۇق، ئەمەلىي ئىشلىتىش قىممىتى ۋە ئىقتىسادىي قىممىتى ئۈستۈن.

رەڭ، بوياقچىلىق جەھەتلەردە قەشقەر زىلچىلىرىنىڭ ئازادلىقتىن ئىلگىرى، يەنى XX ئەسىرنىڭ دەسلەپكى باسقۇچلىرىغىچە بولغان دەۋرلەردە توقۇلغانلىرىنىڭ كۆپ قىسمىغا ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى يەرلىك ئۇسۇلدا تەبىئىي ئۆسۈملۈكلەردىن پايدىلىنىپ ياساپ چىققان بوياق ئىشلىتىلگەن ياكى يۇڭلارنىڭ ئەسلىي رەڭگى ھالىتىدە توقۇلغان. يەرلىك بوياقچى ئۇستىلار زاراڭزا چېچىكى، كاۋا چېچىكى، يۇلغۇن چېچىكى، لەيلىگۈل بەرگى، ئۆرۈك قوۋزىقى، بور توپىسى، خام ياڭاق پوستى، جىگدە قوۋزىقى، سۆگەت دەرىخىنىڭ پورى، ئانار پوستى، كۆمۈر داشقىلى، تۇخۇمەك گۈلى، كۆك تاش، گۈلسۈرۈخ، زاك، قىزىل تۆمۈر رودىسى، كۆك مىس دېتى قاتارلىق بويۇملاردىن پايدىلىنىپ، تەڭشەپ چىققان قىزىل، سېرىق، بېغىر رەڭ، كۆك، يېشىل، قارا، شاپتۇل چېچىكى، زەيتۇن رەڭلەر بىلەن يۇڭ يىپلارنى بويىغان. بۇ خىل ئەنئەنىۋى ئۇسۇلدا تەڭشەپ چىققان رەڭلەردە بويالغان يۇڭ يىپلار خام ئەشيا قىلىنىپ توقۇلغان زىلچىلارنىڭ رەڭلىرى ئاسان ئۆچمەيدۇ، زىلچىلار يۇقىرى تېمپېراتۇرىلىق قايناق سۇدا يۇيۇلغاندا ئۇنىڭدىكى رەڭلەر سەل تارقىلىپ كەتكەندىن باشقا، زىلچىلارنىڭ گۈل سىزىقچىلىرى تاكى زىلچا يىرتىلىپ، مويلىرى تۈكۈلۈپ بولسىمۇ، ئىزنالىرى روشەن ساقلىنىپ قالىدۇ. قەشقەرنىڭ بۇ خىل

زىلچىلىرى ھازىر «كونا رەڭ زىلچا» دەپ ئاتىلىپ، بازارلاردىكى قەدىمكى بۇيۇملارنى يىغىپ ساتقۇچىلارنىڭ ۋە گىلەم سودىگەرلىرىنىڭ دۇكانلىرىدا يۇقىرى باھادا سېتىلماقتا.

قەشقەر تەۋەسىدىكى زىلچا - گىلەم توقۇش ھۈنىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ھۈنەرۋەن - كاسىپلار ئاساسەن قەشقەر رايونىنىڭ قەشقەر شەھىرىگە، يەكەن ناھىيە بازىرىغا، قاغىلىق ناھىيە بازىرىغا كۆپرەك مەركەزلەشكەن. 1980- يىلىدىن كېيىنكى ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش دولقۇنىدىن بۇيان، بولۇپمۇ 1990- يىلىدىن باشلاپ يولغا قويۇلغان بازار ئىقتىسادى دولقۇنىدا قەشقەرنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا كوللېكتىپ ۋە شەخسلەر ئىگىدارچىلىقىدىكى گىلەمچىلىك كارخانىلىرى ئارقا - ئارقىدىن بارلىققا كەلدى. توقۇش تېخنىكىلىرىمۇ زامانىۋىلاشتى. زىلچىلارنىڭ توقۇش ئۇسۇلىدا، نۇسخىلىرىدا، رەڭ، بوياقچىلىق تېخنىكىلىرىدا زور ئىلگىرىلەشلەر بارلىققا كېلىپ، ئىش ئۈنۈمى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ئەمما، گىلەمچىلىك كارخانىلىرىنىڭ زامانىۋىلىشىشقا ئەگىشىپ زىلچا - گىلەملەرنىڭ يۇڭلىرىنى بوياشتا ئىشلىتىدىغان رەڭ قاتارلىق مۇھىم تەرەپلەردە پەقەت ئىقتىسادىي ئۈنۈمگىلا ئېتىبار بېرىپ، سۈپەتكە، ئەنئەنىگە، خاسلىققا سەل قارايدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلدى. بازارلارنى ئۇيغۇر زىلچىلىرىنىڭ ھەرخىل نۇسخىلىرىنى دوراپ، كىشىلەرنىڭ سالامەتلىكىگە ئېغىر زىيان يەتكۈزىدىغان سۈنئىي تالالار خام ئەشيا قىلىنىپ، زەھەرلىك خىمىيەلىك بوياقلار بىلەن بوياپ توقۇغان ئەرزان باھالىق گىلەملەر ئىگىلەپ، ئەنئەنىۋى ياغاچ دۇكانلاردا ساپ قوي يۇڭى بىلەن پاختا يىپنى خام ئەشيا قىلىپ زىلچا توقۇيدىغان ھۈنەرۋەنلەرنىڭ بازىرىغا ئېغىر تەسىر كۆرسەتتى. قەشقەردە توقۇلغان ياكى خوتەن قاتارلىق جايلاردىن كەلتۈرۈلگەن «كونا رەڭ زىلچا»لارنى بولسا بىر مەھەل بازارمۇبازار، يۇرتمۇيۇرت ئارىلاپ يۈرۈپ ئۇيغۇرلارنىڭ خاسلىقى، سەنئەت ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئەنئەنىۋى ئۆرپ - ئادەت بۇيۇملىرىنى يىغىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۇنى چەت ئەللەردىكى مۇزېي ياكى قەدىمكى

بويۇملارنى يىغىپ ساقلاش ئورۇنلىرىغا، ھەتتا كۆلەملەشكەن داڭلىق گىلەم توقۇش كارخانىلىرىنىڭ پاتىنتلىقىغا سېتىپ بېرىش بىلەن باي بولغان پاكىستانلىق، ھىندىستانلىق ئەتكەسچىلەر سىيرىپ- سۈپۈرۈپ تۈگەتتى.

بۈگۈنكى كۈندە قەشقەرنىڭ ئەنئەنىۋى زىلچىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەرقايسى جايلاردا توقۇلغان ئەنئەنىۋى نۇسخىدىكى ئۇيغۇر زىلچىلىرىنى ئەتراپلىق تەكشۈرۈپ، ئۇلارنى تۈرگە ئايرىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ مۇھىم فولكلور بايلىقى سۈپىتىدە مەخسۇس ماركا تۇرغۇزۇپ تىزىمغا ئالدۇرۇپ، ئۇلارنى قانۇن بويىچە قوغداش تولىمۇ زۆرۈر. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە بىر مىللەتنىڭ، بىر رايوننىڭ قىممەتلىك شەكىلسىز مەدەنىيەت بايلىقىنى قوغداپ قالغانلىق بولۇپلا قالماستىن، ئەڭ مۇھىمى ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلارنىڭ ئۆز ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى مىللىي مەدەنىيەت مۇھىتىنى قوغدىغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

قەشقەر رايونلىرىدىكى ئۇيغۇر ھۈنەرۋەنلەر كۆپرەك توقۇيدىغان ئەنئەنىۋى زىلچىلارنىڭ ئەڭ ئاساسلىق نۇسخىلىرى ئاساسەن ئۇيغۇرلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا، ئۆرپ - ئادەتلىرىگە، دىنىي ئېتىقادىغا، ئىشلەپچىقىرىش شەكىللىرىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان گۈل- گىياھ، تەبىئىي مەنزىرە، يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلات، ئۆي - ئىمارەت، ئۇچار قۇش ۋە باشقا جانسىز، جانلىق شەيئىلەرنى نەقىشلەشنى مەزمۇن مەنبەسى قىلغان ئالاھىدە، كومپوزىتسىيىلىك نۇسخىلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئەڭ ئاساسلىق نۇسخىلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

## 1. ئانارگۈل نۇسخىلىق زىلچا

ئانارگۈل نۇسخىلىق زىلچا ئۆز ئىچىدىن يەنە چۈلۈك ئانارگۈل نۇسخا، شاخ ئانار نۇسخا دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ. بۇ ئىككى خىل

نۇسخىنىڭ گۈل نۇسخىسىنىڭ پەرقىدىن باشقا، ئۇلار ئىپادە قىلغان مەزمۇن ئوخشاش بولۇپ، ھەر ئىككىلىسىدە قەدىمدىن بۇيان «ئانار ماكانى» دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان قەشقەرنىڭ ئالاھىدە يەرلىك مەھسۇلاتى بولغان ئانار ۋە ئانارگۈلىنى نەقىشلەشنى ئاساس قىلغان.

ئانارنى گۈل سۈپىتىدە نەقىشلەپ توقۇلغان زىلچا نەقىش شەكلى ئىككى تەرەپكە داۋاملاشقان نەقىش شەكلى بىلەن قۇراشتۇرۇلغان قانۇنىيەتلىك، رەتلىك، كەڭ ـ كۇشادە نۇسخا بولۇپ، ئۇنىڭدىكى نەقىش ئۇزۇنىسىغا ۋە توغرىسىغا كېڭىيىلەيدۇ. قەشقەرنىڭ بۇ خىل زىلچىسى ئادەمگە قەدىمىي ھەم يەرلىك پۇراق تۇيغۇسى بەخش ئېتىدۇ.

## 2. چاچما گۈل نۇسخا

چاچما گۈل نۇسخىلىق زىلچا قەشقەردە توقۇلغان زىلچىلار ئارىسىدا نەقىش تۈرى بىرقەدەر كۆپ بولغان نۇسخىلارنىڭ بىرى. چاچما گۈل نۇسخىلىق زىلچىلارغا ھەرخىل گۈل شەكىللىرى خالىغان جايغا ئەركىن چۈشۈرۈلۈپ توقۇلغانلىقتىن، بۇخىل توقۇش ئۇسۇلى زىلچىلارنىڭ نەقىش شەكلىنىڭ كۆپلۈكىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

چاچما گۈللۈك زىلچا نۇسخىلىرى مەركىزى ماسلاشقان نەقىش، تەكچىلىك مۇستەقىل نەقىش، بۇرجەك نەقىش ۋە قىرغاق نەقىشلەردىن ئىبارەت بىرقانچە خىل نەقىش شەكلىدىن تۈزۈلگەن. بۇ خىل گىلەملەرنىڭ ئىچى گۈل قىسمىغا بەش ياكى يەتتە دانە ماسلاشقان نەقىش ئوتتۇرا ۋە ئەتراپىغا چاچما ھالەتتە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. بەزىلىرى چاچما ئايگۈل شەكلىدە ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، مەركىزىدىكى يۇملاق رامكا ئىچىگە چۈشۈرۈلگەن، بەزى زىلچىلارنىڭ مەركىزىگە تەكچىلىك مەستەقىل نەقىش شەكلى چۈشۈرۈلگەن. ئومۇمەن، قەشقەردە توقۇلغان چاچما نۇسخىلىق زىلچا ـ گىلەملەرنىڭ نەقىش ئۆزگىرىشى كۆپ، ئەركىن بولۇپ، تۈز ۋە ئەگرى ھالەتتىكى سىزىقلار ئۆزئارا گىرەلەشتۈرۈلگەن. چاچما نۇسخىلىق زىلچا كىشىلەرگە روھىي كۆتۈ-

رەڭگۆلۈك، خۇشاللىق ۋە ئازادلىك تۇيغۇسى بەخش ئېتىدۇ.

### 3. كەلكۇن نۇسخا

كەلكۇن نۇسخىلىق زىلچا قەشقەردە توقۇلىدىغان زىلچىلارنىڭ، جۈملىدىن شەرق ئۇسلۇبىدىكى ئۇيغۇر زىلچىلىرىنىڭ ئەڭ قەدىمىي ھەم ئەڭ كۆركەم نۇسخىسىدۇر.

كەلكۇن نۇسخىلىق گىلەملەرنىڭ گۈل نەقىشلىرىدە تەكلىماكان ئەتراپىدىكى ھاۋاسى قۇرغاق، سۈيى كەمچىل رايونلاردا ياشايدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتلىق مەنبەسى بولغان سۇنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا بولغان تونۇشى، سۇنى قەدىرلەش، سۇنى ئىسراپ قىلماسلىق جەھەتلەردىكى ئەخلاقىي تونۇشى ۋە سۇغا بولغان چەكسىز ھۆرمىتى مەزمۇن قىلىنغان.

كەلكۇن نۇسخىلىق زىلچىدا ئاساسلىقى ئېقىۋاتقان سۇنىڭ ئۇر-كىشىدىن ھاسىل بولغان دولقۇن شەكلى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. بۇخىل زىلچا نەقىش شەكلى ۋە كومپوزىتسىيە جەھەتتە ئاساسلىقى تۆت تەرەپ-كە داۋاملاشقان نەقىش شەكلى بىلەن ئىككى تەرەپكە داۋاملاشقان نەقىش شەكلىدىن پايدىلىنىپ، توسۇق رامكا ھالەتتىكى نەقىش ئىچىگە رومبا شەكلىدە ياكى كۋادرات شەكلىدە مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ توقۇپ چىقىلغان. كەلكۇن نۇسخىلىق گىلەملەردىكى نەقىشلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى رەتلىك، قانۇنىيەتلىك، ئوچۇق، جانلىق بولۇپ، ئادەمگە بىرخىل ھەرىكەتچان تۇيغۇ بېرىدۇ.

### 4. شام نۇسخا

شام نۇسخا دەپ ئاتىلىدىغان زىلچىنى بەزىلەر ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى قەدىمكى شەھەرلەرنىڭ بىرى بولغان شام شەھىرىدە توقۇلۇپ داڭق چىقارغان زىلچا نۇسخىسى، ئۇيغۇرلار ئاشۇ زىلچىلارنىڭ نەقىش-لىرىنى ئاساس قىلىپ توقۇغان زىلچا - گىلەملەرنى شام نۇسخىلىق گىلەم دەپ ئاتاشقان، دەپ قارايدۇ. يەنە بەزىلەر شام نۇسخىلىق زىلچا

قانداقتۇر شام شەھىرىنىڭ نامى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۇ چىراغقا سىمۋول قىلىنغان. ئۇ ئايۋان - سارايلارنى بېزەش، يورۇتۇش، كۆركەملەشتۈرۈش مەنىسىدىكى زىلچا - گىلەملەرنىڭ نۇسخىسى بولغانلىقتىن، شۇڭا شام نۇسخا دەپ ئاتالغان، دەپ قارايدۇ. مەيلى قانداق چۈشەندۈرۈلسۇن، شام نۇسخا دەپ ئاتىلىدىغان بۇخىل زىلچا نۇسخىسى قەشقەردە كۆپرەك توقۇلىدىغان ئەنئەنىۋى زىلچىلار ئارىسىدىكى نىسبەتەن كۆركەم ھەم ئومۇملاشقان نۇسخىلارنىڭ بىرىدۇر.

شام نۇسخىلىق زىلچىلارنىڭ گۈل نەقىشلىرى رەتلىك، قانۇنىيەتلىك، ماسلىشىشچان ۋە بىر - بىرىگە باغلانغان، سىممېترىك ھالەتتە قۇراشتۇرۇلۇپ توقۇلىدىغان زىلچىلاردىن بولۇپ، گىلەمنىڭ يۈزىدىكى گۈل نەقىشلەر ئادەمگە جانلىق تۇيغۇ بېرىدۇ.

### 5. ئىران نۇسخا

ئىران نۇسخىلىق زىلچىلار بۈگۈنكى ئىراننىڭ شىراز، تېھران، كېرمانشاھ قاتارلىق شەھەرلىرىدە توقۇلىدىغان شەرق ئۇسلۇبىدىكى تۈركمەن زىلچىلىرىنىڭ نەقىشلىرى بىلەن ئۇيغۇر زىلچىلىرىنىڭ نەقىشلىرىنىڭ ئىجابىي بىرلەشتۈرۈلۈشى ئاساسىدا شەكىللەنگەن داڭلىق نۇسخىلارنىڭ بىرىدۇر.

ئىران نۇسخىلىق زىلچىلارنىڭ گۈل نەقىشلىرى ئىككى توچكىلىق، تۆت تەرەپكە داۋاملاشقان مۇستەقىل نەقىش شەكلى بويىچە توقۇپ چىقىلىدۇ. قىرغاق نەقىشلىرى بىلەن ئىچ گۈل نۇسخىلىرى گېئومېتىرىيىلىك شەكىلدە قۇراشتۇرۇپ توقۇلىدۇ.

### 6. لوڭقا نۇسخا

لوڭقا نۇسخا دەپ ئاتىلىدىغان ئۇيغۇر زىلچىلىرىنىڭ نۇسخىسى قەشقەردە كەڭ ئومۇملاشقان. ئۇ قەشقەردىكى گىلەمچى ئۇستىلار خوتەننىڭ ئەنئەنىۋى لوڭقا گۈللۈك زىلچىسىنىڭ ئەندىزىسى ئاساسىدا توقۇپ چىققان بىرخىل تام گىلىمى بولۇپ، بۇ خىل زىلچا - گىلەملەر

مېھمانخانا، ئايۋان - سارايلارنىڭ تاملىرىنى زىننەتلەشكە مۇۋاپىقلاشتۇرۇلغان. زىلچا سەتھىسىگە لوڭقا، لوڭقا ئىچىدىكى گۈل ۋە گۈللەرنىڭ شاخ، يوپۇرماقلىرىنىڭ شەكلىنى چۈشۈرۈش ئاساس قىلىنغانلىقتىن شۇنداق ئاتالغان.

لوڭقا نۇسخىلىق زىلچىلارنىڭ گۈللىرى قىرغاق نەقىشلىرىنىڭ ئىچىگە ئەركىن، مۇستەقىل ھالەتتە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. گۈل نەقىشلىرىنىڭ ئاز - كۆپلۈكى، چوڭ - كىچىكلىكى توقۇماقچى بولغان گىلەم - زىلچىلارنىڭ كۆلىمىگە ئاساسەن ئالدىن بەلگىلىنىدۇ. بۇخىل زىلچا ئادەمگە كۆتۈرەڭگۈ، جۇشقۇن تۇيغۇ بەخش ئېتىدۇ.

## 7. ئەدىيال نۇسخا

ئەدىيال نۇسخىلىق زىلچا قەشقەرنىڭ ئەنئەنىۋى زىلچا نۇسخىلىرى ئارىسىدىكى كېيىنرەك شەكىللەنگەن نۇسخىلارنىڭ بىرى. ئەدىيال نۇسخىلىق زىلچا - گىلەملەرنىڭ گۈل - نەقىشلىرى ئۇيغۇرلار ئەدىيال دەپ ئاتايدىغان بىرخىل يۇڭ ياكى پاختا يىپتىن توقۇلىدىغان يوپۇق شەكىللىك توقۇلمىنىڭ نەقىش نۇسخىلىرىنى دوراش ئاساسىدا توقۇپ چىقىلغانلىقتىن شۇنداق ئاتالغان.

ئەدىيال نۇسخىلىق زىلچىلارغا قىزىلگۈل، ئەتىرگۈل، مودەنگۈل قاتارلىق گۈللەرنىڭ شەكلى، گۈل غۇنچىلىرى، گۈل يوپۇرماقلىرى يۆگەلمە ياكى تۈز ھالەتتە ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ توقۇپ چىقىلىدۇ. ئەدىيال نۇسخىلىق زىلچىلارنىڭ مەركىزىي قىسمىدىكى گۈل ۋە گۈللەرنىڭ ئاستى رەڭگى ناھايىتى روشەن گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ. بۇخىل زىلچىلارنىڭ گۈل نەقىشلىرىنىڭ ئەتراپىدا قورشاۋ رامكا بولمايدۇ، پەقەت گىرۋەكلىرىگە كىچىك قىرغاق نەقىشلا چۈشۈرۈلگەن بولىدۇ.

ئەدىيال نۇسخىلىق زىلچىلارنىڭ رەڭلىرى ناھايىتى ئوچۇق، ئازادە، شوخ بولۇپ، قارىماققا باراقسان ئۆسكەن گۈلزارلىق مەنزىرىسىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. ئەدىيال نۇسخىلىق زىلچىلار مەيلى قايسى خىل ئەدىيال نۇسخىلىرىنى ئەندىزە قىلىپ توقۇلۇشىدىن قەتئىينە-

زەر، ئۇلار ئادەمگە قىزغىنلىق، مەردلىك، خۇشاللىق تۇيغۇسى بەخش ئېتىدۇ. بۇخىل زىلچىلار ئازادە زال، ئايۋانلارنىڭ ئىچىگە سېلىنسا ئاجايىپ ھەيۋەتلىك ھەم پاكىز كۆرۈنىدۇ.

## 8. يولتۇز نۇسخا

يولتۇز نۇسخىلىق زىلچا ئانچە ئومۇملاشمىغان نۇسخىلارنىڭ بىرى. ئۇ تۈندىكى يولتۇزلۇق ئاسمانغا سىمۋول قىلىپ توقۇپ چىقىلغان بىرخىل زىلچا نۇسخىسى. ئۇنىڭدا دۇنيادىكى شەكىللەرنىڭ بىرخىل بولمايدىغانلىقى، ئەبەدىيلىك بولمايدىغانلىقى مەزمۇن قىلىنغان. يولتۇز نۇسخىلىق زىلچىلار قەشقەردە توقۇلىسمۇ، لېكىن بۇخىل زىلچىلارنىڭ ئەڭ سەرخىللىرى، ئەڭ ئوبرازلىقلىرى يەنىلا خوتەندە كۆپرەك.

يولتۇز نۇسخىلىق زىلچا نەقىشلەردە ئىككى تەرەپكە داۋاملاشقان نەقىشنى قىرغاق نۇسخا قىلىپ، تەكرارلاشقان نەقىش شەكلىنى قوللىنىپ، چوڭ چاقماق كاتەكچىلەر ئۈستىگە ئالتە توچكىلىق چاچما چېكىت شەكلى بىلەن چوڭ-كىچىكلىكى ئوخشاش بولمىغان ئۈچ خىل نەقىشنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئاشۇ چېكىتلەرنى تەكرارلاش ئارقىلىق تۆت تەرەپكە داۋاملاشتۇرۇش بىلەن كومپوزىتسىيىلەنگەن. ئۇ ئادەمگە بىرخىل جىمجىتلىق، سۈكۈت تۇيغۇسى بېرىدىغان زىلچىدۇر.

## 9. چارشاپ نۇسخا

چارشاپ نۇسخىلىق زىلچىلار كۆپىنچە جايناماز قىلىش، كاردور، يوللارغا پاياندار قىلىش ياكى ئايۋان - سارايلارنىڭ تاملىرىغا ئېسىلىدىغان چارشاپلارنىڭ ئورنىدا تاملارغا ئېسىلىش ئۈچۈن توقۇلىدىغان زىلچىلاردۇر. بۇخىل نۇسخىدىكى زىلچىلارنى بەزى جايلاردا «جايناماز» نۇسخا دەپ ئاتايدۇ. چارشاپ نۇسخىلىق زىلچىلارنىڭ نەقىش شەكلىدىكى ئىسلام دىنى مەدەنىيەت تۈسى ئىنتايىن قويۇق بولۇپ، مېھراب، ئويۇقچە ۋە مۇنار شەكىللىك نەقىشلەر ئاساس قىلىنىدۇ. زىلچىلارنىڭ نەقىشلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى تامغا

باسما بوياقچىلىق ئۇسۇلىدا بوياپ ئىشلەپ چىققان زەدىۋال نۇسخىلىرىغىمۇ ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇخىل زىلچىلارنىڭ سەتھىسىگە نەقىشلەپ چىقىلغان مېھراب، ئويۇقچىلارنىڭ ئەتراپلىرىغا يەنە ئۆزئارا تۇتاش ياكى ئەركىن ھالەتتىكى گۈل - گىياھلارمۇ نەقىشلەنگەن بولۇپ، مېھراب سىرتىدىكى گۈللەر ئۈستىگە قارىتىپ كەشتىلىنىدۇ.

## 10. ھال نۇسخا

قەشقەردە توقۇلىدىغان گىلەم - زىلچىلار ئارىسىدا ھال نۇسخا ياكى مەنزىرە نۇسخىلىق زىلچىلار ئانچە كۆپ ئەمەس، ئۇ كېيىنرەك پەيدا بولغان زىلچا نۇسخىلىرىنىڭ بىرى. ئىسلام دىنىدا جانلىق نەرسىلەرنى سىزىش، نەقىشلەش چەكلەنگەنلىكتىن، بۇ خىلدىكى زىلچىلارنى توقۇش ئۇيغۇر زىلچا توقۇمىچىلىقىدا ئانچە ئومۇملىشالمىغان. ھال نۇسخىلىق زىلچىلارنىڭ سەتھىسىگە چۈشۈرۈلىدىغان نەقىشلەر مەلۇم بىر تەبىئىي مەنزىرىنى، دەريا، تاغ، كۆل، شارقىراتما، باھار مەنزىرىسى، ياز مەنزىرىسى، كۈز مەنزىرىسى، قىش مەنزىرىسى قاتارلىق تەبىئەت دۇنياسىنىڭ مۇئەييەن ۋاقىتتىكى ھالىتىنى تەسۋىرىي سەنئەت ۋاستىلىرى ئارقىلىق بەدىئىي ماھارەتتە نەقىشلەپ چىقىشنى ئاساس قىلىدۇ. ئۇنىڭ نەقىشلىرىدە كۆپىنچە جانسىز نەرسىلەر كۆپرەك سالماقنى ئىگىلەپ، جانلىق نەرسىلەر ناھايىتى ئاز نەقىشلىنىدۇ. ھال نۇسخىلىق زىلچىلار كۆپىنچە مېھمانسارايلارنىڭ تاملىرىغا ئېسىلىدۇ. بۇخىل زىلچا ئادەمگە خۇددى گىلەم سەتھىسىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن مەنزىرىنىڭ ئىچىدە تۇرۇۋاتقاندەك ئېستېتىك تۇيغۇ بەخش ئېتىدۇ.

## 11. بادام نۇسخا

بادام نۇسخىلىق زىلچىلار قەشقەرنىڭ ئەنئەنىۋى زىلچىلىرىنىڭ ئارىسىدىكى يەرلىك پۇرىقى قويۇق زىلچىلارنىڭ بىرى. بادام نۇسخىلىق زىلچىلارغا ئۇيغۇرلار قەدىمدىن بۇيان كۆپ خىل كېسەلگە شىپا-

لىق دەپ قاراپ، ئەتىۋارلاپ كېلىۋاتقان بادام دەرىخىنىڭ گۈلى، بادام
مېغىزى، بادام دەرىخىنىڭ يوپۇرماقلىرى كۆپرەك نەقىشلەنگەنلىكتىن
شۇنداق ئاتالغان.

بادام نۇسخىلىق زىلچىلارنىڭ تۈت ئەتراپىنى كۋادرات ياكى پارال-
لېل تۈت تەرەپلىك شەكىلدىكى نەقىش سىزىقچىلار قورشاپ تۇرىدۇ.
گىرۋەكتىكى قورشاۋ سىزىقلار ئىچىگە ۋە زىلچا مەركىزىگە تۈز،
ئەگرى ھالەتتە قانۇنىيەتلىك ئورۇنلاشتۇرۇلغان بادام گۈلى، يوپۇر-
مىقى، بادام دەرىخى قاتارلىقلار نەقىشلىنىدۇ.

يۇقىرىدا قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەنلىرىمىزدىن باشقا، يەنە
«رومان نۇسخا» دەپ ئاتىلىدىغان، لايىھىلىنىشى ئالاھىدە ئۇسلۇبقا
ئىگە بولغان زىلچا نۇسخىسى ۋە خوتەننىڭ ئەڭ قەدىمىي زىلچىلىرىنى
ئەندىزە قىلىپ توقۇپ چىققان «بەش چېچەك نۇسخا» دەپ ئاتىلىدىغان
زىلچا نۇسخىلىرىمۇ بار. بۇلاردىن باشقا، يەنە ئوبراز سەنئىتى ئاساس
نەقىش شەكلى قىلىنغان، سوۋغات ياكى خاتىرە ئۈچۈن توقۇپ چىقىل-
غان زىلچىلارمۇ بار. مەسىلەن، ھازىر قەشقەر مۇزېيىدا ساقلىنىۋات-
قان، جۇڭخۇا مىنگونىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە بوگۈنكى تاشقى
موڭغۇلىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ زېمىنلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھال
توقۇپ چىقىلغان، «جۇڭگونىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرى خەرىتىسى»
نى ئاساسىي مەزمۇن قىلىپ، شۇ دەۋردە جۇڭگوغا قاراشلىق ھەرقاي-
سى ئۆلكىلەرنىڭ يەر شەكلى ھەمدە ئۇلاردىن چىقىدىغان ئالاھىدە
مەھسۇلات، ئاشۇ ئۆلكىلەردە ياشايدىغان ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ئوبرازى
نەقىشلىنىپ توقۇپ چىقىلغان ئىككى پارچە زىلچا بۇنى ئىسپاتلايدۇ.

قەشقەردە توقۇلغان ئۇيغۇر زىلچىلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى نۇسخىلىرى
ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخىي رېئاللىقلىرى جەريانىدا
شەكىللەندۈرگەن، كۈچلۈك مىللىي خاسلىققا، يەرلىك ئالاھىدىلىككە،
ئۆزگىچە مىللىي سەنئەت ئۇسلۇبىغا ئىگە قىممەتلىك مەدەنىيەت مىرا-
سىدۇر. ئۇنىڭ نۇسخىلىرى، گۈل - نەقىشلىرى ۋە ئۇنىڭدىكى ھەربىر
ئۇششاق ئېلېمېنتلارغىچە ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەقىل - پاراسىتى، يۇ-

رەك قېنى سىڭگەن. ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ پەخىرلىنىشكە تېگىشلىك قول
ھۇنەرۋەنچىلىك سەنئەت مەھسۇلاتى ۋەئۇنىڭ داۋاملىشىشىدۇر.

## يېڭىسار پىچىقى

ئۇيغۇرلار قەدىمكى مەدەنىيەتلىك مىللەتلەرنىڭ بىرى بولۇش
سۈپىتى بىلەن، ئۇلاردا پىچاقنىڭ تارىخى ناھايىتى ئۇزاق. ئۇيغۇرلار
تاش قورال مەدەنىيىتى باسقۇچىدىلا تاشتىن ھەر خىل پىچاقلارنى
ياساپ، ئۆز تۇرمۇشلىرىدا ئىشلىتىشنى بىلگەن. يېڭى تاش قورال
مەدەنىيىتى دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى
جايلىرىدا ياشىغان ئەجدادلىرىمىز برونزىنى بايقاپ، مېتاللۇرگىيە
كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، برونزىدىن ھەر خىل پىچاق، شەم-
شەر، قىلىچ، ئومۇت، ساۋۇت، دۇبۇلغا، قالقان، نەيزە، ئات جاب-
دۇقلىرى ۋە تۇرلۇك زىننەت بۇيۇملىرىنى ياساپ، تۇرمۇشنىڭ ھەر-
قايسى تەرەپلىرىدە ئىشلەتكەن. تۆمۈر رودىسىنى بايقىغاندىن كېيىن
تېخىمۇ كەڭ دەرىجىدە ئومۇملاشتۇرغان. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم
رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى قەدىمكى مەدەنىيەت يادىكارلىق
ئىز. خارابىلىرىدىن تېپىلغان بۇيۇملارنىڭ ئارىسىدىمۇ پىچاق تۇرىدە-
كى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ.
قەشقەر تاشقورغان ناھىيىسىدىكى شامبابا قەدىمىي قەبرىستانلى-
قى، كونشەھەر دەقيانۇس بۇتخانا ئىزى، ئاقدالا برونزا مەدەنىيەت
ئىزى قاتارلىق خارابە، ئىزلاردىن برونزا ۋە تۆمۈردىن ياسالغان
پىچاق، ئوقيا بېشى قاتارلىقلارنىڭ تېپىلىشىدىن باشقا، جىرغال،
خوجا قونار، سۇلتانباغ قاتارلىق تاش قورال مەدەنىيەت دەۋرىگە
مەنسۇپ ئىپتىدائىي ئىزلاردىنمۇ كۆپ مىقداردا ھەرخىل تاش پىچاقلار
تېپىلغان. بۇلار قەشقەر بوستانلىقىدا بۇنىڭدىن تەخمىنەن نەچچە
1000 يىل ئىلگىرىكى دەۋرلەردىلا پىچاقنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى چۈ-

شەندۇرۇپ بېرىدىغان پاكىت. بۈگۈنكى كۈندە نەپىس ھۈنەر - سەنئە-
تى، سۈپىتىنىڭ ياخشىلىقى، تۈرىنىڭ كۆپلۈكى، قويۇق مىللىي
ئالاھىدىلىكى بىلەن دۇنياغا مەشھۇر بولۇپ كېلىۋاتقان يېڭىسار پىچى-
قى ئەنە شۇ ئۇزاق تارىخنىڭ داۋامىدۇر.

يېڭىسار پىچىقىدىن ئىبارەت ئىستېمال قىممىتىگە، ھۈنەر -
سەنئەت قىممىتىگە، ئىقتىسادىي قىممەتكە ئىگە، قويۇق يەرلىك ئالا-
ھىدىلىك بىلەن سۇغىرىلغان ماددىي فولكلور بۇيۇمىنىڭ تارىخى ناھا-
يىتى ئۇزاق. ئۇنىڭ تەرەققىياتى يېڭىسارنىڭ قەدىمكى يىپەك يولىدىكى
ئىستراتېگىيىلىك ئورنىنىڭ مۇھىملىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.
چۈنكى، يېڭىسار قەدىمدە يەكەن، قاغىلىق، خوتەن بوستانلىقلىرىنى
تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان كارۋان يولىدىكى مۇھىم ئۆتەڭ بولۇپلا قال-
ماي، يەنە پاكىستان، ھىندىستان، ئافغانىستان، كەشمىر قاتارلىق
دۆلەت ۋە رايونلارغا بارىدىغان سەيياھ - سودىگەرلەر بېسىپ ئۆتمىسە
بولمايدىغان مۇھىم چېگرا ئېغىزىغا جايلاشقان يۇرت. بۇ خىل جۇغرا-
پىيىلىك ئورۇن جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈك يېڭىساردا پىچاقچىلىقنى
ئىبارەت قول ھۈنەرۋەنچىلىك كەسپىنىڭ تەرەققىي قىلىپ، كىشىلەر-
نىڭ تىرىكچىلىك قىلىشتىكى مۇھىم ئىگىلىك شەكىللىرىنىڭ بىرى
بولۇپ شەكىللىنىشىگە تۈرتكە بولغان. ئەڭ مۇھىمى، X ئەسىرلەردە
ئىسلام دىنى قەشقەرگە تارقىلىپ كىرگەن دەۋرلەردىمۇ قاراخانىيلار
سۇلالىسىنىڭ قەشقەرنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارغا قارىتا ئېلىپ بارغان
مۇسۇلمانلاشتۇرۇش ئۇرۇشلىرىدا يېڭىسار رايونى مۇسۇلمان قوشۇن-
لارنىڭ خوتەن بۇددىست ئۇيغۇرلىرىغا قارشى تۇرۇشتىكى ئالدىنقى
مۇداپىئە بازىسى بولغان. قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى ئۇ-
رۇشتا ئىشلىتىدىغان قىلىچ، شەمشەر، نەيزە، ئوقيا، قالقان، ئۇ-
مۇت - توقماق، ئات - ھارۋا جابدۇقلىرى ۋە تۈرلۈك قورال -
سايمانلارنىڭ كۆپ قىسمى يېڭىساردىكى ھۈنەرۋەن ئۇستىكارلارنىڭ
قولىدىن چىققان. يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدىكى ئېگىز يار يېنىدى-
سىنىڭ ئۈستى قىسمىدىكى «قورۇل» دېگەن جايدا تا بۈگۈنگىچە

ساقلىنىپ قالغان قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىگە تەئەللۇق دەپ قارال-
غان مېتاللۇرگىيە ئىزلىرى، يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ قىزىل يېزا
قورغان كەنتىدە تارىخنىڭ گۇۋاھچىسى سۈپىتىدە دۆۋىلىنىپ ياتقان
رۇدا داشقاللىرى ۋە يېڭىسار ناھىيىسى تەۋەسىدىكى قاراخانىيلارنىڭ
سەركەردە، شاھزادىلىرىگە مۇناسىۋەتلىك مەشھۇر تارىخىي شەخسلەر-
نىڭ قەبرىگاھلىرى بۇ قاراشنى تەستىقلايدۇ. قەشقەر رايونىدا يېڭى-
ساردىن باشقا، يەنە يەكەن، مارالبېشى قاتارلىق جايلاردىمۇ مەخسۇس
پىچاقچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ھۈنەرۋەنلەر بار، لېكىن
بۇ جايلاردا ياسالغان پىچاقلارنىڭ ھۈنەر - سەنئىتى، سۈپىتى، تۈرى
يەنىلا يېڭىسار پىچىقىنىڭكىگە يەتمەيدۇ.

80-يىللاردىن بۇيان، بولۇپمۇ دۆلىتىمىزدە سوتسىيالىستىك با-
زار ئىگىلىكى تۈزۈمى يولغا قويۇلغان 10نەچچە يىلدىن بۇيان يېڭىسار
پىچىقىدىن ئىبارەت بۇ ئالاھىدە يەرلىك ھۈنەر - سەنئەت مەھسۇلاتى
بازارغا تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە يۈزلىنىپ، كىشىلەر ئەتىۋارلاپ سېتى-
ۋالىدىغان ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇمىغا ئايلاندى. سۈپىتى، ھۈنەر -
سەنئىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، تۈرى كۆپەيدى. يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ
كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى پىچاق ياساش كارخانىسىدىن باشقا، بۇ
ناھىيىنىڭ ماڭشىن يېزىسى ۋە بازار ئىچىدە 300دىن ئارتۇق مەخ-
سۇس پىچاقچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان قول ھۈنەرۋەنچە-
لىك ئائىلىسى بارلىققا كەلدى. ئۇلار ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدىكى
چوڭ - كىچىك بازارلاردىلا ئەمەس، ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ، ھەتتا
ياپونىيە، سىنگاپور، ئەرەبىستان، ئۆزبېكىستان، ئامېرىكا، شياڭ-
گاڭ، ئاۋمېن قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونلارنىڭ بازارلىرىدىمۇ يېڭىسار
پىچىقىنىڭ شۆھرىتىنى نامايان قىلىپ، نەپىس مىللىي ھۈنەر -
سەنئەت بۇيۇملىرى قاتارىدا ئالاھىدە ئالقىشقا ئېرىشتى.

يېڭىسار پىچىقىنىڭ تۈرى كۆپ، ھۈنەر - سەنئىتى ئىنچىكە،
سۈپىتى ياخشى، ياسىلىشى نەپىس. ھازىر يېڭىسار پىچىقىنىڭ ئا-
ساسلىق نۇسخىلىرىدىن قوشقاچ باش نۇسخا، ئات باش نۇسخا، خان

تاجى نۇسخا، تاق بىسلىق شەمشەر نۇسخا، قوش بىسلىق خەنجەر نۇسخا، تۈز دەستىلىك قازاقچە نۇسخا، قىلىچ شەكىللىك تىبەتچە نۇسخا، جادۇ شەكىللىك خەنزۇچە نۇسخا، ئۈستىرا شەكىللىك چولڭ - كىچىك قەلەمتىراچ نۇسخا، ئائىلىدە ئىشلىتىدىغان قىڭراق نۇسخا قاتارلىق ئاساسلىق تۈرلىرى بار. يېڭىسار پىچىقىنىڭ بىسى قاتتىقلىق دەرىجىسى ۋە پارقىراقلىقى يۇقىرى بولغان پولات شارك، داتلاشماس پولات قاتارلىق ماتېرىياللارنى خام ئەشيا قىلىدۇ. پىچاق دەستىسىگە قوتاز مۈڭگۈزى، كېيىك مۈڭگۈزى، چىلان ياغىچى، ياڭاق ياغىچى، ئۈجمە ياغىچى قاتارلىق يەرلىك ئەنئەنىۋى ماتېرىياللاردىن باشقا، ئاق تۈچ، سېرىق مىس، سەدەپ قاتارلىق نەرسىلەر قاپلىنىپ، كۈمۈش، قەلەي، قوغۇشۇن، سېرىق مىس ۋە ھەر خىل رەڭدىكى ئورگانىك ئەينەكلەردىن نەپىس گۈل - نەقىشلەر چىقىرىلىدۇ. گۈل- گىياھلارنىڭ شەكىللىرى ئويۇلىدۇ. پىچاقلارنىڭ غىلاپلىرىمۇ ئالاھىدە سۈپەتلىك بولۇپ، قوڭۇر، قارا، ئاچ سېرىق رەڭدىكى سۈپەتلىك خۇرۇملاردىن تىكىلىپ، غىلاپ ئۈستىگە نەقىشلەر قاپارتىلىدۇ. رەڭلىك پىستان، قاش تېشى، كۈمۈش ۋە پارقىراقلىقى يۇقىرى بويۇملا كۆز قويۇلۇپ، يەتتە ئال غىلاپ چۈچىسى چىقىرىلىدۇ. بىر قىسىم غىلاپلار سېرىق مىس ياكى قەلەيدىن سوقۇپ چىقىرىلىدۇ. ئۈستىگە رەڭلىك كۆزلەر قويۇلىدۇ.

ئۇيغۇر ئەرلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمدىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان چارۋىچىلىق مەدەنىيىتى تۈپەيلى تەۋە پىچاق قىسىش ئەنئەنىسىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان بولۇپ، بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئۇلار يېڭىسار ياكى باشقا جايلاردا ئىشلەنگەن پىچاقلارنى يېنىغا (سول تەرەپ يان يېنىغا ياكى بەلۋاغلىرىنىڭ سول تەرىپىگە) قىسىپ يۈرۈشىدۇ. پىچاق ئۇيغۇر ئەرلىرىگە نىسبەتەن كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم قورال ھېسابلىنىدۇ.

ھازىر يېڭىسار پىچىقى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مىللىي قول ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرى ئىچىدە ئاۋار ماركىسى تۇرغۇزغان قەشقەر-

ساقلىنىپ قالغان قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىگە تەئەللۇق دەپ قارال-
غان مېتاللۇرگىيە ئىزلىرى، يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ قىزىل يېزا
قورغان كەنتىدە تارىخنىڭ گۇۋاھچىسى سۈپىتىدە دۆۋىلىنىپ ياتقان
رودا داشقاللىرى ۋە يېڭىسار ناھىيىسى تەۋەسىدىكى قاراخانىيلارنىڭ
سەركەردە، شاھزادىلىرىگە مۇناسىۋەتلىك مەشھۇر تارىخىي شەخسلەر-
نىڭ قەبرىگاھلىرى بۇ قاراشنى تەستىقلايدۇ. قەشقەر رايونىدا يېڭى-
ساردىن باشقا، يەنە يەكەن، مارالبېشى قاتارلىق جايلاردىمۇ مەخسۇس
پىچاقچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ھۈنەرۋەنلەر بار، لېكىن
بۇ جايلاردا ياسالغان پىچاقلارنىڭ ھۈنەر - سەنئىتى، سۈپىتى، تۈرى
يەنىلا يېڭىسار پىچىقىنىڭكىگە يەتمەيدۇ.

80-يىللاردىن بۇيان، بولۇپمۇ دۆلىتىمىزدە سوتسىيالىستىك با-
زار ئىگىلىكى تۈزۈمى يولغا قويۇلغان 10نەچچە يىلدىن بۇيان يېڭىسار
پىچىقىدىن ئىبارەت بۇ ئالاھىدە يەرلىك ھۈنەر - سەنئەت مەھسۇلاتى
بازارغا تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە يۈزلىنىپ، كىشىلەر ئەتىۋارلاپ سېتى-
ۋالىدىغان ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇمىغا ئايلاندى. سۈپىتى، ھۈنەر -
سەنئىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، تۈرى كۆپەيدى. يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ
كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى پىچاق ياساش كارخانىسىدىن باشقا، بۇ
ناھىيىنىڭ ماڭشىن يېزىسى ۋە بازار ئىچىدە 300دىن ئارتۇق مەخ-
سۇس پىچاقچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان قول ھۈنەرۋەنچە-
لىك ئائىلىسى بارلىققا كەلدى. ئۇلار ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدىكى
چوڭ - كىچىك بازارلاردىلا ئەمەس، ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ، ھەتتا
ياپونىيە، سىنگاپور، ئەرەبىستان، ئۆزبېكىستان، ئامېرىكا، شياڭ-
گاڭ، ئاۋمېن قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونلارنىڭ بازارلىرىدىمۇ يېڭىسار
پىچىقىنىڭ شۆھرىتىنى نامايان قىلىپ، نەپىس مىللىي ھۈنەر -
سەنئەت بۇيۇملىرى قاتارىدا ئالاھىدە ئالقىشقا ئېرىشتى.

يېڭىسار پىچىقىنىڭ تۈرى كۆپ، ھۈنەر - سەنئىتى ئىنچىكە،
سۈپىتى ياخشى، ياسىلىشى نەپىس. ھازىر يېڭىسار پىچىقىنىڭ ئا-
ساسلىق نۇسخىلىرىدىن قوشقاچ باش نۇسخا، ئات باش نۇسخا، خان

تاجى نۇسخا، تاق بىسلىق شەمشەر نۇسخا، قوش بىسلىق خەنجەر نۇسخا، تۇز دەستىلىك قازاقچە نۇسخا، قىلىچ شەكىللىك تىبەتچە نۇسخا، جادۇ شەكىللىك خەنزۇچە نۇسخا، ئۇستىرا شەكىللىك چولڭ - كىچىك قەلەمتىراچ نۇسخا، ئائىلىدە ئىشلىتىلىدىغان قىڭراق نۇسخا قاتارلىق ئاساسلىق تۈرلىرى بار. يېڭىسار پىچىقىنىڭ بىسى قاتتىقلىق دەرىجىسى ۋە پارقىراقلىقى يۇقىرى بولغان پولات شارك، داتلاشماس پولات قاتارلىق ماتېرىياللارنى خام ئەشيا قىلىدۇ. پىچاق دەستىسىگە قوتاز مۈڭگۈزى، كىيىك مۈڭگۈزى، چىلان ياغىچى، ياڭاق ياغىچى، ئۈجمە ياغىچى قاتارلىق يەرلىك ئەنئەنىۋى ماتېرىياللاردىن باشقا، ئاق تۈچ، سېرىق مىس، سەدەپ قاتارلىق نەرسىلەر قاپلىنىپ، كۈمۈش، قەلەي، قوغۇشۇن، سېرىق مىس ۋە ھەر خىل رەڭدىكى ئورگانىك ئەينەكلەردىن نەپىس گۈل - نەقىشلەر چىقىرىلىدۇ. گۈل- گىياھلارنىڭ شەكىللىرى ئويۇلىدۇ. پىچاقلارنىڭ غىلاپلىرىمۇ ئالاھىدە سۈپەتلىك بولۇپ، قوڭۇر، قارا، ئاچ سېرىق رەڭدىكى سۈپەتلىك خۇرۇملاردىن تىكىلىپ، غىلاپ ئۈستىگە نەقىشلەر قاپارتىلىدۇ. رەڭلىك پىستان، قاش تېشى، كۈمۈش ۋە پارقىراقلىقى يۇقىرى بۇيۇملاردىن كۆز قويۇلۇپ، يەتتە تال غىلاپ چۈچىسى چىقىرىلىدۇ. بىر قىسىم غىلاپلار سېرىق مىس ياكى قەلەيدىن سوقۇپ چىقىرىلىدۇ. ئۈستىگە رەڭلىك كۆزلەر قويۇلىدۇ.

ئۇيغۇر ئەرلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمدىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان چارۋىچىلىق مەدەنىيىتى تىپىغا تەۋە پىچاق قىستۇرۇش ئەنئەنىسىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان بولۇپ، بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئۇلار يېڭىسار ياكى باشقا جايلاردا ئىشلەنگەن پىچاقلارنى يېنىغا (سول تەرەپ يان پېشىغا ياكى بەلۋاغلىرىنىڭ سول تەرىپىگە) قىسىپ يۈرۈشىدۇ. پىچاق ئۇيغۇر ئەرلىرىگە نىسبەتەن كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم قورال ھېسابلىنىدۇ.

ھازىر يېڭىسار پىچىقى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مىللىي قول ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرى ئىچىدە تاۋار ماركىسى تۇرغۇزغان قەشقەر-

نىڭ ئالاھىدە يەرلىك مەھسۇلاتى بولۇپ، «مىسران»، «ئۆتكۈر»، «ئانارگۈلى»، «بادامگۈلى» قاتارلىق ماركا ناملىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىلماقتا.

يېڭىسار پىچىقىدىن ئىبارەت ئۇزاق تارىختا، قويۇق يەرلىك ئالاھىدىلىككە، مىللىي پۇراققا ئىگە فولكلور بايلىقى ھۈنەر - سەنئەتكە ھېرىسمەن، ئەمگەكچان، ئەقىل - پاراسەتلىك ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى پىچاق مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ تىپىك شەكلىدۇر.

## قەشقەر ئەتلىسى

مىللىي ئالاھىدىلىكى ۋە يەرلىك مەدەنىيەت تۈسى قويۇق بولغان ئەتلەس ئۇيغۇرلارنىڭ خوتۇن - قىزلىرى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئەنئەنىۋى مىللىي قول ھۈنەرۋەنچىلىك توقۇلما مەھسۇلاتلىرىنىڭ بىرى. پىلە يىپەك مەشۇت چىقىرىش ۋە ئۇنىڭدىن ھەرخىل رەڭلەردىكى يىپەك رەخت، ئەتلەسلەرنى توقۇش ئۇيغۇرلاردا ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولغان ئەنئەنىۋى ئىگىلىك شەكىللىرىنىڭ بىرى. ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا ئەتلەس توقۇش كەڭ ئومۇملاشقان، بولۇپمۇ قەشقەر ۋە يەكەن تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى قەدىمىي شەھەر بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇ يەرلەردە توقۇلغان ئەتلەسلەر ناھايىتى داڭلىق بولۇپ، مەھسۇلاتلىرى شىنجاڭدىكى چوڭ - كىچىك بازارلاردىلا ئەمەس، بەلكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى دۆلەت ۋە رايونلارنىڭ بازارلىرىدىمۇ سېتىلىدۇ.

ئەتلەستىن ئىبارەت ئادەم بەدىنىگە زىيانسىز يىپەك توقۇلما بۇيۇم رەڭ ۋە ئالاھىدىلىك جەھەتتىن ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان تەبىئىي جۇغراپىيىلىك مۇھىت بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇنىڭ ئەڭ سۈپەتلىك قەدىمىي نۇسخىلىرى يەرلىك بوياقچىلار تەبىئىي

ئەشيالارنى ئارىلاشتۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن ياساپ چىققان بوياقلار بىلەن بويىلىدۇ. رەڭ ۋە نۇسخا جەھەتتىن مىللەتنىڭ تەپەككۇر قۇرۇلمىسىنى؛ ئېستېتىك گۈزەللىك قارىشىنى، پىسخىك ئالاھىدىلىكىنى، دىنىي ئېتىقاد قارىشىنى، مەدەنىيەت تىپىنى ۋە مەدەنىيەت مەزمۇنىنى رەڭلەر سىمۋولى ئارقىلىق مۇئەييەن دەرىجىدە چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇنى دىيارىمىزنىڭ پايانسىز قۇم بارخانلىرى، گۈزەل تاغ، باغۇ بوستانلىقلىرى، كۆكۈش لىپىلدەك سوزۇلۇپ ئېقىۋاتقان دەريا - ئېقىنلار ۋە ياپيېشىل ئېكىنزارلارنىڭ تۈرلۈك رەڭلەرنىڭ گىرەلەشمىسى بىلەن ئەتلەسكە سىڭدۈرۈۋېتىلگەن گۈزەل سەنئەت خەرىتىسى دېيىشكە بولىدۇ.

ئەتلەس توقۇلۇشىنىڭ نەپىسلىكى، يۇمشاقلىقى، ھۈنەر - سەنئىتىنىڭ ئۆزگىچىلىكى، كۆركەم ۋە رەڭدارلىقى بىلەن تا بۈگۈنگە قەدەر مىللىي كىيىم - كېچەكلىرىمىزنىڭ گۈلتاجىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا ھەمراھ بولۇپ كېلىۋاتقان ئالاھىدە مىللىي فولكلور بايلىقىدۇر.

قەشقەردە ئەتلەس بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئەنئەنىۋى ياغاچ دۇكاندا توقۇلىدۇ. ئەتلەس توقۇش جەريانى تۆۋەندىكى ھالقىلار بويىچە بولىدۇ: يىپەك تارتىش، دۆرە قىلىش، ئاقارتىش، تاختا قىلىش، بىر كىيىملىكنى بىر قاتلاش، گۈل ئورنىنى پىلانلاپ بەلگە سىپىلىش، بوغۇش، بوياش، توقۇش، توقۇپ بولغاندىن كېيىن يۇيۇش، پەردازلاش قاتارلىق ئىش ھالقىلىرى بىلەن تاماملىنىدۇ. توقۇلغان ئەتلەسلەر تۈر جەھەتتىن خان ئەتلىسى، دارى ئەتلىسى، خوجەند ئەتلىسى (بۇ خىل ئەتلەس ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ پەرغانە ۋىلايىتىدە كۆپ توقۇلغانلىقتىن شۇنداق ئاتالغان. ئا)، بەقەسەم ئەتلەس، شايى ئەتلەس، يەكەن ئەتلىسى قاتارلىق تۈرلەرگە ئايرىلىدۇ. ھەربىر تۈرنىڭ ئۆز ئالاھىدىلىكى سىمۋوللۇق مەنىسى بولىدۇ. رەڭ ئالاھىدىلىكى جەھەتتىن ئارىلاشما رەڭلىك ئەتلەس، قىزىل رەڭلىك ئەتلەس، قارا رەڭلىك ئەتلەس، كۆك رەڭلىك ئەتلەس قاتارلىق ئاساسلىق

رەڭلەرنىڭ تۈرى بويىچە ئايرىلىدۇ.

قەشقەردە ئەتلەس توقۇش بۇگۈنگىچە داۋاملاشماقتا. قەشقەر ئەتلەسچىلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يەكەن ۋە خوتەن ئەتلەسچىلىكى ئۇيغۇرلارنىڭ يوقىتىپ قويۇشقا بولمايدىغان مۇھىم مەدەنىيەت بايلىقى. چۈنكى، كىيىم - كېچەك بىر مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ ھالقىلىق بەلگىلىرىنىڭ بىرى. ئۇزاق تارىخقا، ئەنئەنىۋى مىللىي مەدەنىيەتكە ئىگە بىر مىللەتنىڭ خاسلىقى پەقەت ئۇلارنىڭ مىللىي تىل - يېزىقى، ئىرق ئالاھىدىلىكى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى يەنە شۇ مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ رېئال تۇرمۇشتىكى جانلىق كۆرۈنۈشى بولغان مىللەتكە خاس كىيىم - كېچەكلىرىنىڭ تۈرى، شەكلى، رەڭگى، پاسونلىرى ئارقىلىقمۇ روشەن پەرقلەرگە ئىگە بولىدۇ.

ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80- يىللىرىدىن باشلاپ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆزبېكىستان، قازاقىستان جۇمھۇرىيەتلىرىدە ئەتلەسلەر زامانىۋى فابرىكىلاردا توقۇلۇپ شىنجاڭ بازارلىرىنى ئىگىلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئەڭ قەدىمىي ھەم ئۆزگىچە خاسلىققا ئىگە قەشقەر ئەتلىسى يەنىلا ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ساقلاپ، بۈگۈنكى كۈندە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ كەلمەكتە.

## دوپپا - تۇماقلار

دۇنيادىكى مىللەتلەرنىڭ ياشاۋاتقان جۇغراپىيىلىك ئورۇن، ھاۋا كىلىمات، مەدەنىيەت تەرەققىياتى، مەدەنىيلىشىش دەرىجىسى، مەدەنىيەت تىپى، دىنىي ئېتىقادى، ئۆرپ - ئادەتلىرى، شۇنىڭدەك ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تەبىئەتنى چۈشىنىش جەھەتتىكى پەرقلەر تۈپەيلىدىن، تەبىئىي ھالدا دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىدە زور دەرىجىدە پەرقلەر شەكىللىنىپ، ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆز ئېھتىياجلىرى ۋە تونۇشى ئاساسىدا ئۆزلىرىگە خاس بولغان ئالاھىدە مىللىي كىيىم - كېچەكلەرنى شەكىللەندۈرگەن. ئىنسانلار-

نىڭ ماددىي، مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، بولۇپمۇ بۈگۈن-
كى كۈندىكى مەدەنىيەتلەرنىڭ يەر شارىلىشىشى ياكى بىر گەۋدىلە-
شىش دولقۇنى ئاستىدا مىللەتلەرنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىدىكى بىر
قىسىم ئىچكى پەرقلەر يوقىلىشقا قاراپ يۈز تۇتۇۋاتقان بولسىمۇ،
ئەمما ئۇلاردىكى ماھىيەتلىك پەرق بارغانسېرى روشەنلىشىپ بارماقتا.
بۇنىڭدىن باشقا، كىيىم - كېچەكلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى مىللەتلەرنىڭ
ئېستېتىك زوقلىنىش ئېڭىنىڭ تەسىرى بىلەن نوقۇل ھالدىكى ئۈست-
ۋاشنى بۆگەپ، ئىسسىق - سوغۇقتىن ساقلاپ تۇرىدىغان ئاددىي
ئىستېمال بۇيۇمىلىق ھالەتتىن كىشىلەرگە يەنە ئالاھىدە گۈزەللىك
تۇيغۇسى بەخش ئېتىدىغان، ئۆزلىرىگە خاس سەنئەتلىككە ئىگە ئىكەن-
لىكىدە. مىللەتلەرنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىدىكى بۇخىل ئالاھىدىلىك-
لەرنىڭ پەيدا بولۇپ، تەرەققىي قىلىشى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆز-
لىرى ياشاۋاتقان تەبىئىي مۇھىت، تۇرمۇش شەكلى، دىنىي ئېتىقادى،
ئۆرپ - ئادەتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇشنى سۆيۈش، گۈزەللىككە
تەلپۈنۈش، تەبىئەتنى چۈشىنىش، تەبىئەت دۇنياسىدىكى قىسمەن
نەرسىلەرنى ئۇلۇغلاش قاتارلىق ئوبيېكتىپ، سۇبيېكتىپ ئامىللارنىڭ
تەسىرىدىن ئايرىلغان ھالدا پەيدا بولغان ئەمەس. ئۇلار ئۆزلىرى
ياخشى كۆرىدىغان تۈرلۈك رەڭ، شەكىللەرنى، قۇت نىشانى دەپ
قارىغان نەرسىلەرنى ھەمدە بىر قىسىم گۈل - گىياھ، جان - جانىۋار-
لارنىڭ شەكىللىرىنى كىيىم - كېچەكلىرىگە، بولۇپمۇ باش كىيىملى-
رى ئۈستىگە چىرايلىق نەقىشلەپ، ئۇلار بىلەن بولغان ئالاھىدە
باغلىنىش مۇناسىۋەتلىرىنى ئىپادىلىگەن. تۈرلۈك مۇراسىملاردا، پا-
ئالىيەتلەردە قانداق كىيىنىش كېرەكلىكىگە ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن
قارىغان. دەل ئىنسانلارنىڭ كىيىنىش جەھەتتىكى ئاشۇ خىل ئوخ-
شاش بولمىغان قاراشلىرى سەۋەبىدىن، مىللەتلەرنىڭ، ھەتتا ئوخ-
شاش مەدەنىيەت ۋە تىل چەمبىرىكى ئىچىدە ياشايدىغان مىللەتلەرنىڭ-
مۇ كىيىم - كېچەكلىرىدە پەرقلەر مەۋجۇتتۇر.

مىللەتلەرنىڭ باش كىيىملىرىدىمۇ ئوخشاشلا زور پەرقلەر مەۋ-

جۈت. باش ئادەم تېنىنىڭ ئەڭ ئۈستۈنكى قىسمى. ئادەم بەدىنىدىكى ئەڭ مۇھىم ئەزالار باشقا ئورۇنلاشقان. شۇ سەۋەبتىن، دۇنيادىكى مىللەتلەر باش ئۈستىگە كىيىدىغان كىيىملىرىنىڭ گۈزەللىكىگە، خاسلىقىغا ئىنتايىن ئېتىبار بىلەن قارىغان. مەركىزىي ئاسىيا مەدەنىيەت بەلۋېغىدا ياشايدىغان قەدىمكى مىللەتلەردىن ئۇيغۇرلار بۈگۈنكى كۈندە كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتى، بولۇپمۇ باش كىيىم مەدەنىيىتى جەھەتتە تولىمۇ روشەن بولغان ئۆزگىچە ئالاھىدە خاسلىق بىلەن گەۋدىلىنىپ تۇرىدىغان مىللەتلەرنىڭ بىرىدۇر.

ئۇيغۇرلارنىڭ باش كىيىملىرىنىڭ تۈرى ھەقىقەتەن كۆپ ھەم كۆركەم. دۇنيادا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى باش كىيىملىرىدەك تۈرى كۆپ، كۆركەم، سىمۋوللۇق مەنىسى روشەن يەنە بىر مىللەت بولماسلىقى مۇمكىن. بۇ ھەقتە 1898- يىلىدىن 1911- يىللارغىچە ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردىكى باش كونسۇلخانىسىدا ۋەكىل ۋە باش كونسۇل بولۇپ تۇرغان گېئورگى ماكارتېنىنىڭ ئايالى كاتېرىن ماكارتېنى خانىم «قەشقەرنى ئەسلەيمەن» ناملىق كىتابىدا قەشقەر بازارلىرىدىكى ئۇيغۇر باش كىيىملىرىنى تەسۋىرلەپ مۇنداق يازغان: «... دوپپا بازىرىغا كىرىپ قالىدىغان بولسىڭىز رەڭگا - رەڭ، ھەر خىل دوپپىلاردىن كۆزىڭىز ئالىچەكمەن بولۇپ كېتىدۇ. دوپپىلار شۇنداق چىرايلىقكى، يىراقتىن قارىسىڭىز بەئەينى رەڭمۇرەڭ گۈللەر تەڭلا ئېچىلىپ كەتكەن چىمەنزارغىلا ئوخشايدۇ. بۇ يەردە قىشتا كىيىدىغان ھەر خىل پاسوندىكى قۇلاقچا، تۇماق؛ يازدا كىيىدىغان ھەر خىل تاۋار، دۇخاۋا، مەخمەللەردىن تىكىلگەن ئەرەنچە، ئايالچە نۇسخىدىكى دوپپىلار؛ چوڭ مۇراسىملاردا كىيىدىغان، ئۈستىگە سەللە ئورىغىلى بولىدىغان يۇمىلاق دوپپىلار، ئاق ۋە سېرىق كالۋۇتۇن يىپتا ھەر خىل شەكىللەر چىقىرىلىپ تىكىلگەن دوپپىلار بار. ئەنگلىيىنىڭ يېزا - بازارلىرىدا كىشىلەر كىيىدىغان كىيىملەرگە سېلىشتۇرغاندا، قەشقەر خەلقىنىڭ بازار كۈنلىرى كىيىدىغان كىيىملىرى ئاجايىپ رەڭدار، خىلمۇخىل، چىرايلىق. ئۇلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇخىل رەڭدار-

لىق ئۆزلىرىگە تەۋە ئەتراپتىكى مۇھىتقا ماس كېلىدۇ①» . دېمىسىمۇ،
XIX ئەسىردىلا ئەمەس، بۈگۈنكى كۈندىمۇ خوددى ئەنگلىيىلىك ئايال
ئەسلەپ ئۆتكىنىگە ئوخشاش، قەشقەردىكى دوپپا - تۇماق بازارلىرىدىن
ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي باش كىيىمى بولغان دوپپا - تۇماقلار-
نىڭ ئەڭ ئېسىللىرىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ
غەربىي جەنۇب گىرۋىكىگە جايلاشقان بوستانلىقتىكى بۇ قەدىمىي شە-
ھەردە قەدىمدىن بۇيان قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىنتايىن تەرەققىي قىل-
غان. ئۇيغۇرلارنىڭ دوپپا - تۇماقلىرىنى تىكىدىغان ھۈنەرۋەنلەرنىڭ
ئەڭ ماھىرلىرىمۇ قەشقەرگە توپلاشقان.

ئۇيغۇرلارنىڭ دوپپا - تۇماقلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى مىل-
لىي كىيىم - كېچەكلىرى ئارىسىدىكى تۈرى كۆپ، خاسلىقى روشەن،
تارىخى ئۇزاق، نەپىس ھەم كۆركەم بولغان ماددىي فولكلور بايلىقلى-
رىنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراق-
لاشقان جايلاردىن ئۇلارنىڭ ھەرخىل تۈرلىرىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ.
ئۇلار يەنە ئىشلىتىش ئوبيېكتى، جىنس پەرقى، ياش پەرقى، پەسىل
پەرقى، تۈرلۈك مۇراسىم، پائالىيەتلىرىنىڭ مەزمۇنىدىكى پەرق،
رايون پەرقى، گۈل - نەقىش، ھۈنەر - سەنئەت ئالاھىدىلىكى جەھەت-
تىكى پەرقلەر بويىچە نەچچە ئون خىلدىن ئارتۇق ئىچكى پەرقلەرگە
ئىگە. ئۇ ئەمەلىي ئىشلىتىلىدىغان ئەنئەنىۋى مىللىي كىيىم - كېچەك
بولۇپلا قالماستىن، ئالاھىدىلىك جەھەتتىن ئالاھىدە بىرخىل كومپو-
زىتسىيە بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ پسىخىكىسىنى، ئۇلارنىڭ تەبىئەتنى
سۆيۈش، گۈزەللىككە تەلپۈنۈش، پاكىزلىقنى قەدىرلەش، ئىنسانىي
ئەدەپ - ئەخلاقنى تەكىتلەش جەھەتتىكى چۈشەنچىلىرىنى سەنئەت ئۇ-
سۇلى، سىمۋوللىستىك شەكىللەر بىلەن ئىپادە قىلىپ بېرىشتەك
بەرلىك خۇسۇسىيەتكە، مىللىي خاسلىققا ئىگە قىممەتلىك مەدەنىيەت
مىراسىدۇر.

① كاتېرىن ماكارتنى: «قەشقەرنى ئەسلەيمەن» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى. (ئۇيغۇرچە) 2000-يىلى نەشرى.

ئومۇمەن، بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ دوپپا - تۇماقلىرىنىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ، شەكلى ھەر خىل، ھەرقايسى رايونلاردا تىكىلگەنلىرىدە ئىچكى پەرقلەر مەۋجۇت. ئەمما، شىنجاڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا ئۇيغۇر دوپپا - تۇماقلىرىنىڭ ئەڭ كۆركەملىرى قەشقەردە تىكىلىپ، باشقا جايلارغا تارقايدۇ. شۇڭا، قەشقەر بازارلىرىدىكى ئۇيغۇر دوپپا - تۇماقلىرىنىڭ تۈرى بۈگۈنكى كۈندىمۇ باشقا جايلاردىن كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئاساسلىقلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

## 1. چىمەندوپپا

چىمەندوپپا تۆت تالالىق تىكىلىدۇ. بۇخىل دوپپىنى قاتلاشقا بولىدۇ. گۈل نۇسخىلىرى سەل ساددىراق تىكىلگەنلىرى چىمەن تاشكەنتدوپپا دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇخىل دوپپىنىڭ رەختىنىڭ، يەنى تەگلىكىنىڭ رەڭگى كۆپىنچە ئاچ يېشىل رەڭلەردىكى سۆپەتلىك يىپەك رەختلەردىن تاللىنىدۇ (ئاياللار ياكى باللار ئۈچۈن تىكىلگەنلىرىنىڭ تەگلىكى قېنىق يېشىل رەڭدە بولىدۇ، گۈل نۇسخىلىرىمۇ سەل پەرقلىنىدۇ). دوپپىنىڭ ئۈستى ئىنچىكە سۇس ئاق ياكى سۇس يېشىل يىپەك يىپ بىلەن قويۇق سىيرىلىدۇ، ئاندىن دوپپا ئۈستىگە ئاق، كۆل رەڭ يىپەك يىپلار بىلەن ئىنچىكە، مۇرەككەپ ستىرېئولۇق ھالەتتىكى گۈللەر، بۇغداي مايسىسىغا ئوخشاش ۋە چىڭگىلىك گۈللەرنىڭ يوپۇرماقلىرىغا ئوخشاش گۈللەرنىڭ نۇسخىلىرى بەلگىلىك قانۇنىيەت بويىچە دوپپىنىڭ گىرۋىكىدىن ئۈستىگىچە تىكىلىدۇ. بۇخىل دوپپا قارىماققا ئادەمگە چىمەنزارنى ئەسلىتىدۇ. دوپپىنىڭ جىيىكى تۆم قارا رەخت بىلەن تىكىلىدۇ. دوپپىنىڭ ئەستىرى قىزىل رەڭدە بولىدۇ. چىمەندوپپىنىڭ گۈل نۇسخىلىرى ھەرقايسى جايلارنىڭ ئاساسەن ئوخشاش، ئەمما ئۇنىڭ ئەڭ كۆركەملىرى قەشقەردە تىكىلىدۇ.

## 2. بادامدوپپا

بادامدوپپا ئۇيغۇرلارنىڭ نىسبەتەن قەدىمىي ھەم تۈرى بىر قەدەر كۆپ بولغان دوپپىلىرىنىڭ بىرى. بادامدوپپا تۆت تالالىق تىكىلىدۇ. دوپپىنىڭ پەتلىسى قاتتىقراق بولىدۇ، دوپپا رەختى تۇم قارا رەڭ، پارقىراق يېشىل رەڭلىك سۇپەتلىك يىپەك رەختتىن تاللىنىپ، دوپپا ئەگلىكى بىلەن ئوخشاش رەڭدىكى ئىنچىكە يىپەك رەختلەردە قويۇق سىيرىلىدۇ. دوپپىنىڭ ئۈستىگە ئاق رەڭلىك يىپەك يىپ بىلەن ئۇيغۇرلار كۆپ خىل كېسەلگە شىپا بولىدۇ، دەپ ئەتىۋارلايدىغان بادام مېغىزى ياكى چېقىلمىغان ھالەتتىكى بادام ئوبرازلىق ھالدا چېكىلىدۇ. ئادەتتە دوپپىنىڭ ئۈستىدىكى گۈلدىن 1 سانتىمېتىر ئارىلىق تاشلىنىپ، دوپپا جىيەكىنىڭ ئۈستىگە يېرىم چەمبەر ياكى يېرىم ئېللىپس شەكلىدىكى گۈللەر ئاق رەڭلىك يىپەك يىپ بىلەن چۆرىدەپ (قىسمەنلىرىدە مەلۇم ئارىلىق قالدۇرۇپ) تىكىلىدۇ. ئۇلار بىر قارىماققا تۈن ئاسمىنىدىكى ھىلال ئايغا ئوخشاپ قالىدۇ. شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تىكىلىدىغان بادامدوپپىلارنىڭ گۈل نۇسخىلىرى ئومۇمەن بادامگۈلنى ئاساس قىلىدۇ، ئەمما دوپپىغا تىكىلگەن گۈللەرنىڭ نەقىشلىنىش ئۇسۇلى، گۈللەرنىڭ سانى، تىكىلىشى، دوپپىلارنىڭ ئېگىز - پەسلىكى مەلۇم دەرىجىدە پەرقلەرگە ئىگە.

بادامدوپپىنىڭ ئايالچە نۇسخىلىرىنىڭ بىر قىسىملىرى بادامگۈللۈك مارجان دوپپىلار بولۇپ، دوپپىلارنىڭ ئەگلىكى جىگەررەڭ ياكى شاپتۇل چېچىكى رەڭدىكى مەخمەلدىن تاللىنىپ، دوپپا ئۈستىگە دوپپا رەڭگىگە ماس كېلىدىغان ئۇششاق مارجانلار بىلەن بادام شەكلى نەقىشلىنىدۇ. دوپپىنىڭ جىيەكى قارا رەڭلىك دۇخاۋىدىن تىكىلىپ، جىيەك ئۈستىگە زەر رەڭ يىپ ياكى مارجانلار بىلەن ئەرەنچە پاسوندىكى بادامدوپپىنىڭ چۆرىسىدىكىگە ئوخشاش ۋە ئۇنىڭدىن پەرقلىق ھالدىكى زەر رەڭ گۈللەر كەشتىلىنىدۇ. ئۇيغۇر يىگىت - قىزلىرى بۇ خىل دوپپىلارنىڭ ئۆزلىرىگە ماس كېلىدىغان نۇسخىلىرىنى تاللاپ كىيىدۇ. بادامدوپپىنىڭ ئەستىرى قىزىل بولىدۇ. بۇ خىل دوپپا

كىشىگە قەدىمىي ھەم كۆركەم تۇيغۇ بېرىدۇ.

بادامدوپپىنىڭ ئەڭ كۆركەملىرى قەشقەر، يەكەن قاتارلىق جاي-لاردا تىكىلىدۇ. بۇخىل دوپپا شىنجاڭدا ئەڭ كەڭ ئومۇملاشقان.

### 3. زەر قاداق گۈلدوپپا

زەر قاداق گۈلدوپپا دۈگىلەك شەكىلدە تىكىلىدۇ. دوپپىنىڭ تەگلىكى زەر رەڭ گۈل قويۇشقا ماس كېلىدىغان رەڭلەردىكى ئالىي سۈپەتلىك يىپەك رەختلەردىن تاللىنىدۇ. دوپپىنىڭ گىرۋەكلىرىگە ۋە ئۈستىگە ياپىلاقلاپ ھەر خىل شەكىلگە كەلتۈرۈلگەن ئالتۇن نە-قىشلەر زەر رەڭ يىپ بىلەن تىكىلىدۇ. بىر قىسىم دوپپىلاردا ئالتۇن گۈللەرنىڭ ئۈستىگە يېشىل، كۆك، قىزغۇچ، قوڭۇر رەڭلىك قىم-مەت باھالىق ياقۇتلاردىن ئۇششاق گۈللەر تىكىلىپ، دوپپىنى تېخىمۇ چىرايلىق تۈسكە كىرگۈزىۋېتىدۇ. ئالتۇن گۈل قاداقلار ئادەتتە قارا رەڭلىك رەختتىن چۆرىدەپ تىكىلگەن دوپپا جىيەكىگە تۇتاشتۇرۇ-لۇپ، دوپپىنىڭ يان تەرىپىگە 1 سانتىمېتىر كەڭلىكتە چۆرىدەپ تىكىلىدۇ. دوپپا ئۈستىنىڭ تۆت تەرىپىگىمۇ ھەر خىل گۈل - چېچەك نۇسخىسىدىكى ئالتۇن گۈللەر زەر يىپتا تىكىلىدۇ. بىر قىسىم زەر قاداق گۈللۈكدوپپىنىڭ يان ۋە ئۈستى قىسمىغا چىرايلىق يىپەك يىپلار بىلەن ھەر خىل گۈل - چېچەك نۇسخىلىرى چېكىلىپ، گۈل يوپۇرماقلىرىنىڭ مۇۋاپىق جايلىرىغا ئالتۇن قاداقلار تىكىلىدۇ.

«زەر» دېگەن سۆز پارسچە ئاتالغۇ بولۇپ، «ئالتۇن» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇخىل دوپپىنىڭ سىرتى ئالتۇندىن بېزەلگەنلىك-تىن، شۇڭا ئۇيغۇرلار بۇخىل دوپپىنى «زەرقاداق دوپپا» ياكى «جە-يەك قاداق دوپپا» دەپ ئاتاشقان. زەرقاداق گۈلدوپپىنى قەشقەر ئۇستىلىرى ئەڭ كۆركەم تىكىدۇ. ئۇ ئاياللارغىلا خاس باش كىيىم بولۇپ، ياشانغان، ئوتتۇرا ياش ئۇيغۇر ئاياللىرى توي - تۆكۈن، بەزمە - مەشرەپ قاتارلىق خۇشاللىق مۇراسىم سورۇنلىرىدا كۆپرەك كىيىدۇ. زەر قاداق گۈلدوپپىنىڭ باھاسى نىسبەتەن يۇقىرى (ئادەتتە

نەچچە مىلڭ يۈەندىن تۈۋەن بولمايدۇ) بولغانلىقتىن، بۇخىل دوپپىنى كىيدىغانلار ئاز. ئۇنى كىيدىغانلارمۇ بۇخىل دوپپىنى ئائىلىنىڭ مۇقىم مۈلكى سۈپىتىدە ئەتىۋارلاپ ساقلايدۇ. دوپپا ئىگىسى كىيىش-نى خالىمىغاندا ياكى ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرى ئۇنى ئاشۇ ئائىلىنىڭ قىزلىرىنىڭ بىرەرسىگە ۋە ياكى كېلىنلىرىگە سوۋغا، مىراس سۈپە-تىدە بېرىدۇ.

## 4. مەنپۇ دوپپا

مەنپۇ دوپپا دۇگىلەك شەكىلدە تىكىلىدۇ. دوپپا تەگلىكى توق يېشىل، كۆك، قوڭۇر، قارا، قىزغۇچ، جىگەر رەڭلەردىكى رەختە-لەردىن تاللىنىدۇ. دوپپىنىڭ يان تەرىپىگە دوپپا تەگلىكىگە ماس كېلىدىغان يىپەك يىپلار بىلەن يۇمىلاق ياكى باشقا شەكىلدە گۈللەر تىكىلىدۇ. دوپپىنىڭ ئۈستى قىسمىدىكى گۈلمۇ يان تەرىپىگە تىكىل-گەن گۈللەر بىلەن بىردەك بولىدۇ. مەنپۇ دوپپا شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر-لار ئارىسىغا كەڭ تارقالغان. دوپپىنىڭ جىيىكى قارا رەڭلىك يىپەك رەختتە چۆرىدەپ تىكىلىدۇ، دوپپا ئەستىرى قىزىل رەختتىن تىكىلە-دۇ. بۇخىل دوپپىنى كۇچا، توقسۇن، تورپان، قۇمۇل، ئىلى قاتار-لىق جايلاردا ئوخشىمىغان شەكىلدە تىكىدۇ. بۇخىل دوپپىنى ياشان-غان، مويسىپىت كىشىلەر كۆپرەك كىيىدۇ. ئۇنىڭ ئەڭ كۆركەملە-رىنى قەشقەرلىك ئۇستىلار تىكىدۇ.

## 5. گىلەم دوپپا

گىلەم دوپپا گىلەم گۈلى نۇسخىسىدىكى دوپپا بولۇپ، بۇ خىل دوپپا تۆت تالالىق تىكىلىدۇ. ئۇ ئۇيغۇر دوپپىلىرى ئارىسىدىكى ئەڭ قەدىمىي نۇسخىلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇيغۇر قىز - چوكانلىرىغا خاس دوپپىدۇر. بۇ خىل دوپپىنىڭ تەگلىكى ئاچ قارا، توق يېشىل ياكى سۆس كۆكۈش يىپ رەختلەردىن تاللىنىدۇ. دوپپىنىڭ يان تەرەپلىرى-

گە دوپپا تەگلىكىگە ماس كېلىدىغان ئاق، يېشىل، قىزىل، قارا، گۈل رەڭ يىپلار بىلەن ستېرېئولوق ھالەتتىكى ئىنتايىن چىرايلىق گۈللەر نەپىس تىكىلىدۇ. دوپپىنىڭ گىرۋىكى بىلەن ئۈستى قىسمىنى ئايرىپ تۇرىدىغان قىرىغا ئاق ۋە كۆكۈش يىپلار بىلەن ئۇششاق ھەرە چىشسىمان گۈللەر تىكىلىدۇ. دوپپىنىڭ ئۈستىنكى تۆت تالاسىغىمۇ دوپپا گىرۋىكىگە ئوخشاش ھەر خىل رەڭلىك يىپلاردىن گۈللەر كەشتىلىنىدۇ. دوپپىنىڭ ھەربىر تالاسىنىڭ چېتىلىدىغان يېرىدىن دوپپا تەگلىكىنىڭ قانداق رەختتىن تاللانغانلىقىنى بىلىشكە بولىدۇ.

گىلەم دوپپا ناھايىتى چىرايلىق ھەم نەپىس باش كىيىم بولۇپ، بىر قارىماققا خۇددى قىز - چوكانلارنىڭ بېشىغا گۈل بەرگىلىرىنى چېچىپ قويغاندەك يېقىملىق كۆرۈنىدۇ. بۇ خىل دوپپىنىڭ گۈل نۇسخىلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ رەڭدار گىلەم - زىلچىلىرىنىڭ نۇسخىلىرىغا ئوخشاپ قالغانلىقتىن گىلەم دوپپا دەپ ئاتالغان. دوپپىنىڭ جىيەكى قارا رەڭلىك رەختتىن چۆرىدەپ تىكىلىدۇ. ئەستىرى قىزىل رەڭلىك رەختتىن تىكىلىدۇ.

گىلەم دوپپىنىڭ ئەڭ چىرايلىقلىرىنى قەشقەرلىك ئۇستىلار تىكىدۇ. بۇ خىل دوپپىنى ئوتتۇرا ياش، ياش ئۇيغۇر ئاياللىرى ۋە توي قىلمىغان كىچىك قىزلار ئۈچىسىغا دوپپا رەڭگىگە ماس ئەتلەستىن تىكىلگەن كۆڭلەكلەرنى كىيىپ، تال - تال ئۆرۈۋالغان چاچلىرى ئۈستىگە كىيىۋالسا ئاجايىپ نازاكەتلىك كۆرۈنىدۇ. قەشقەردىن باشقا، گىلەم دوپپىلارنىڭ تۇرپان، پىچان، توقسۇن، قارا قاش قاتارلىق جايلاردا ئەرلەرگە لايىق كېلىدىغان رەڭلەردە تىكىلگەنلىرىمۇ ئاز ساندا ئۇچرايدۇ.

## 6. مارجانگۈللۈك دوپپا

مارجانگۈللۈك دوپپا تۆت تالالىق ۋە دۈگىلەك شەكىللەردە تىكىلىدۇ. ئۇ ئۇيغۇر ئاياللىرىغا خاس بولغان سۈپەتلىك باش كىيىم. بۇ خىل دوپپىنىڭ تەگلىكى ئاچ قىزىل، بېغىر رەڭ، سۆس يېشىل

ۋە قارا رەڭلەردىكى يىپەك رەختلەردىن تاللىنىدۇ. دوپپىنىڭ گىرۋىكىگە ۋە ئۈستىگە دوپپا تەگلىكىنىڭ رەڭگىگە ماس كېلىدىغان رەڭلەردىكى ئۇششاق مارجانلار يىپەك يىپلار بىلەن كەشتىلىنىپ، ھەرخىل گۈللەرنىڭ شەكلىدە تىزىلىدۇ. دوپپىنىڭ جىيىكى قارا رەڭلىك يىپەك رەختتە چۆرىدەپ تىكىلىدۇ. ئەستىرى قىزىل بولىدۇ. مارجانگۈللۈك دوپپىلارنىڭ ئۈستىگە تىكىلگەن ئۈنچە ياكى سەدەپلەرنىڭ سۈپىتى گۈل نەقىشلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقى ئاساسىدا، دوپپىنىڭ شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا نەچچە ئون خىل نۇسخىسى بار.

مارجانگۈللۈك دوپپىنى قەشقەر، يەكەن، قاغىلىق قاتارلىق جايلاردا ئەڭ كۆپ ھەم سۈپەتلىك تىكىدۇ، شۇنداقلا قەشقەر تەۋەسىدىكى قىز- چوكانلار ئەڭ كۆپ كىيىدۇ.

## 7. ئاي - يۇلتۇز گۈللۈك دوپپا

ئاي - يۇلتۇز گۈللۈك دوپپا تۆت تالالىق شەكىلدە ياكى دۈگىلەك شەكىلدە تىكىلىدۇ. دوپپىنىڭ تەگلىكى تۇم قارا رەڭلىك ياكى ماش رەڭلىك يىپەك رەختتىن تاللىنىدۇ. دوپپىنىڭ ئۈستى قىسمى قىزىل رەڭلىك ئەستىرى بىلەن قوشۇلۇپ، دوپپا تەگلىكىگە ماس ھالدىكى ئىنچىكە يىپەك يىپ بىلەن سىيرىلىپ پەتلىنىدۇ. دوپپىنىڭ چۆرىدەپ تىكىلگەن قارا رەڭلىك جىيىكى ئۈستىگە يېرىم چەمبەر ياكى يېرىم ئېللىپس شەكلىدە ئاق رەڭلىك يىپەك يىپلار بىلەن رەت - رەت نەقىشلەر تىكىلىدۇ. دوپپىنىڭ ئۈستۈنكى تالاسىغا تۆت دانە ھىلال ئاي ئاق رەڭلىك يىپتا نەقىشلىنىپ، ھىلال ئايلارنىڭ ئىچىگە ئۈچ تالدىن يۇلتۇز شەكىللىك گۈل ئاق يىپ بىلەن ئۇششاق چېكىلىدۇ. ئۇ ئادەمگە خۇددى تۈن ئاسمىنىدا چاقناپ تۇرغان ئاي-يۇلتۇزلارنى ئەسلىتىدۇ. بۇ خىل دوپپىنىڭ گۈل - نەقىش شەكلى بادامگۈللۈك دوپپىلارغا ئوخشاپ قالغانلىق سەۋەبتىن، بەزىلەر ئۇنى «چۆچۈرە بادامگۈللۈك دوپپا» دەپ ئاتىشىدۇ.

ئاي - يۇلتۇز گۈللۈك دوپپىنى يېقىنقى يىللاردا

قەشقەر ئۈستىلىرى بادامگۈللۈك دوپپا ئاساسىدا ئۆزگەرتىپ تىكىپ چىققان. ئۇنى كۆپىنچە قەشقەر، يەكەنلەردىكى ئۇيغۇر يىگىتلىرى كۆپرەك كىيىدۇ.

## 8. بادامگۈللۈك مەنپۇ دوپپا

بۇ خىل دوپپا ئادەتتىكى مەنپۇ دوپپىلارغا ئوخشاش يۇمىلاق شەكىلدە ئەمەس، بەلكى تۆت تالالىق شەكىلدە تىكىلىدۇ. دوپپىنىڭ تەگلىكى قېنىق زىغىر رەڭ ياكى بېغىر رەڭ رەختتىن تىكىلىدۇ. دوپپىنىڭ ئۈستىگە چېكىلگەن گۈللەر (ئاق يىپەك يىپ بىلەن چېكىلىدۇ) ناھايىتى كۆركەم بولۇپ، دۈگىلەك ھالەتتىكى مونچاق - مونچاق غۇنچىلارغا ئوخشايدۇ. گۈل غۇنچىلىرىنىڭ ئىچى توق يېشىل يىپەك يىپ ياكى مارجانلار بىلەن كەشتىلىنىپ تولۇقلىنىدۇ. بۇخىل دوپپىنىڭ ئەستىرى قىزىل بولىدۇ. جىيەكى قارا رەڭلىك يىپەك رەختتە چۆرىدەپ تىكىلىدۇ.

بادامگۈللۈك مەنپۇ دوپپىنى رەڭگى ۋە پاسونى بويىچە ئەرلەر، ئاياللار ئۆزلىرىگە ماس كېلىدىغانلىرىنى تاللاپ كىيسە بولىدۇ. بۇخىل دوپپىنى قەشقەر ئۈستىلىرى ئەڭ كۆركەم تىكىدۇ.

## 9. بادامگۈللۈك چەكمە دوپپا

بۇ خىل دوپپا دۈگىلەك شەكىلدە تىكىلىدۇ. دوپپىنىڭ تەگلىكى كۆك رەڭلىك يىپەك رەختتىن تاللىنىدۇ. دوپپىنىڭ ئۈستىدىكى گۈل ناھايىتى يىغىنچاق كەشتىلىنىدۇ، گۈلنىڭ تېگى ئىككى تەرەپكە يېيىلىپ تۇرغان بادام ۋە ئۇنىڭ گۈللىرىگە ئوخشايدۇ.

گۈلنىڭ ئوتتۇرىسىغا چېچەك ۋە غۇنچىلار چېكىلىدۇ، گۈلنىڭ ئۈستىگە گۈل غۇنچىلىرى چېكىلىدۇ. دوپپىنىڭ جىيەكى قارا رەڭدە بولىدۇ. دوپپا ئەستىرى قىزىل بولىدۇ. بۇ خىل دوپپىنى كۆپىنچە ياشانغان ئەرلەر كۆپرەك كىيىدۇ. قەشقەرلىك ئۈستىلار ئەڭ كۆپ تىكىدۇ.

## 10. زەر گۈللۈك چەكمە دوپپا

زەر گۈللۈك چەكمە دوپپا، يەنى ئالتۇن رەڭلىك گۈل چېكىلىدىغان دوپپا دۈگىلەك شەكىلدە تىكىلىدۇ. تەگلىكى بىغىر رەڭ يىپەك رەختتىن تاللىنىدۇ. دوپپىنىڭ ئۈستىدىكى گۈللىرى ۋە گۈل يوپۇرماقلىرى زەر رەڭ يىپەك يىپ بىلەن چېكىلىپ، يوپۇرماقلار ئۈستىدىكى ئىككى تال گۈل ھاۋا رەڭ يىپتا بېزىلىدۇ. گۈللەرنىڭ يوپۇرماقلىرى ۋە چېچەكلىرى زەر رەڭ يىپتا چۆرىدەپ تىكىلىپ، مونچاق چېكىتلەر بىلەن بېزىلىدۇ. دوپپىنىڭ گىرۋەك قىسمىغا تىكىلگەن گۈلمۇ دوپپىنىڭ ئۈستىگە تىكىلگەن گۈلنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، قارا رەڭلىك يىپەكتىن تىكىلگەن دوپپا جىيەكى ئۈستىدىن ئىككى قاتار سىزىق زەر رەڭ يىپتا تىكىلىپ، سىزىقلارنىڭ ئوتتۇرىسى يول-يول زەر رەڭ يىپتا بېزىلىدۇ. بۇ خىل دوپپىنى ياشانغان ئۇيغۇر ئاياللىرى ئاق رەڭلىك رومallىرى ئۈستىدىن كىيىشىدۇ. بۇ خىل دوپپا قەشقەردىكى دوپپا بازارلىرىدا ئەڭ كۆپ ئۇچرايدۇ.

يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان دوپپىلاردىن باشقا، ئۇيغۇر دوپپىلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئاياللىرىغا خاس بولغان «مارجانگۈللۈك دوپپا»لىرى ئەڭ كۆپ. «مارجانگۈللۈك دوپپا»لارغا ئادەتتە ئۇششاق ئۈنچە مارجان، سەدەپ ۋە ئۈنچىدىن باشقا پارقىراق مېتال ياكى خىمىيىلىك بىرىكمىلەردىن ھەر خىل رەڭلەردىكى ياقۇت، كەھرىۋا، قاشتاشلاردىن ناھايىتى كۆركەم بولغان گۈل - غۇنچە نۇسخىلىرى كەشتىلىنىپ تىكىلىدۇ. «مارجانگۈللۈك دوپپا»لارنى ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان جايلارنىڭ ھەممىسىدىن ئۇچراتقىلى بولىدۇ. قەشقەر بازارلىرىدىمۇ بۇخىل دوپپىلارنىڭ تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ.

## 11. گۈللۈك مارجان دوپپا

گۈللۈك مارجان دوپپا دۈگىلەك شەكىلدە تىكىلىدۇ. دوپپىنىڭ تەگلىكى سۆس زىغىر رەڭ رەختتىن تاللىنىدۇ. بۇ خىل دوپپىنىڭ

ئالاھىدىلىكى شۇكى، دوپپىنىڭ گۈلى دوپپىنىڭ گىرۋىكىدىن باشلاپ ئۈستىگىچە تولۇق چېكىلىدۇ. گۈلنىڭ ئاستىدىكى چوڭ - كىچىك تارام - تارام يوپۇرماقلارنىڭ ئىچى توق قىزىل يىپەك يىپتا چېكىلىپ، ئەتراپى ئاق سەدەپ مارجانلار بىلەن خۇددى يۇلتۇزلاردەك بېزىلىدۇ. گۈلنىڭ بىخى ئوچۇق، توق سېرىق مارجاندا تۈۋىدىن يۇقىرىسىغىچە تىزىلىپ، بىخ چۆرىسىمۇ ئاق سەدەپ مارجانلار بىلەن كۆركەم چېكىلىدۇ. ئۈستىدىكى گۈل ھەم ھەربىر تالاسىنىڭ ئوتتۇرىسى توق سېرىق مارجاندا تىكىلىپ، چۆرىسى ئاق سەدەپلەر بىلەن بېزىلىدۇ. يوپۇرماقلارنىڭ ئىچىدىكى غۇنچىلار قىزىل يىپەك يىپتا چېكىلىدۇ. دوپپىنىڭ جىيىكى قارا رەڭلىك رەختتە چۆرىدەپ تىكىلىدۇ. بۇ خىل دوپپىنى قەشقەر ئۈستىلىرى ۋە كۇچا ئۈستىلىرى ئەڭ ياخشى تىكىدۇ.

## 12. سەدەپ بادامگۈللۈك قاداق دوپپا

بۇ خىل دوپپا دۈگىلەك شەكىلدە تىكىلىدۇ. دوپپا تەگلىكى بېغىر رەڭ رەختتىن تاللىنىدۇ. دوپپىنىڭ تۆپىسىگە تىكىلگەن چوڭ گۈللۈك كەشتە كىشىگە خۇددى بىر بىختىن ئېچىلىپ تۇرغان بادامگۈلنى ئەسلىتىدۇ. دوپپىنىڭ گۈللىرى ئوتتۇرىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بادام دانچىلىرىنىڭ ئىچى قىزىل، ھاۋا رەڭ ۋە توق يېشىل رەڭلىك مارجانلار بىلەن چېكىلىپ، چۆرىسى ۋە ئارىلىقلىرى ئاق سەدەپلەر بىلەن بېزىلىدۇ. گۈلنىڭ ئۈستىنى چۆرىدەپ زەر رەڭ يىپ بىلەن ئەگرى سىزىقلار تىكىلىدۇ.

سەدەپ بادامگۈللۈك قاداق دوپپا ئۇيغۇر قىز - چوكانلىرىغا خاس باش كىيىم. كۇچا ۋە قەشقەر قاتارلىق جايلاردا كۆپرەك تىكىلىدۇ. دوپپىنىڭ جىيىكى قارا، ئەستىرى قىزىل بولىدۇ.

## 13. ياڭاقگۈللۈك ئۈنچە سەدەپ دوپپا

بۇ خىل دوپپا دۈگىلەك شەكىلدە بولىدۇ. دوپپا تەگلىكى ئوچۇق

سارغۇچقا مايىلراق قىزىل رەڭلىك رەختتىن تاللىنىدۇ. دوپپىنىڭ ئاق رەڭلىك ئۇششاق ئۈنچە سەدەپ بىلەن تىكىلگەن گۈللىرى كىشىگە ياڭاقنى، يەنى يېرىلغان ياڭاق ئىچىدە كۆرۈنۈپ تۇرغان ياڭاق مېغىزىنى ئەسلىتىدۇ. ياڭاقلارنىڭ تېگى سۇس هاۋا رەڭ يىپتا چېكىلىپ، ئۈستى ئاق ئۈنچە - مارجانلار بىلەن چىرايلىق بېزىلىدۇ، ياڭاق مېغىزىنىڭ ئىچى قىزىل، سېرىق مارجانلار بىلەن تولۇقلىنىپ تىكىلىدۇ. ياڭاق ئەتراپىنى چۆرىدەپ ئاق، سېرىق، شاپتۇل چېچىكى رەڭلىك مارجانلار بىلەن چۆرىدەپ زىننەتلىنىدۇ. دوپپىنىڭ جىيەكى قارا رەڭدە بولىدۇ. بۇ خىل دوپپا ئوتتۇرا ياشلىق ئاياللارنىڭ كىيىشىگە ماس كېلىدۇ، ئۇنى قەشقەرلىك ئۇستىلار ئەڭ كۆركەم تىكىدۇ.

### 14. گۈل ئۈنچە دوپپا

بۇ خىل دوپپا تۆت تالالىق تىكىلىدۇ. دوپپىنىڭ رەختى قېنىق كۆك رەڭدە بولىدۇ. بىر پۈتۈن گۈل شەكلى چېكىلىدۇ. گۈللەرنىڭ تېگى (غول قىسمى) كۆك رەڭلىك يىپتا تىكىلىدۇ. ئۈستى رەڭلىك ئۇششاق ئۈنچە - مارجان بىلەن چىرايلىق چۆرىدەپ چېكىلىدۇ. ئوتتۇرىسىدا ئېچىلغان گۈل، گۈل تېگىدە كەڭ سوزۇلۇپ يېيىلىپ تۇرغان گۈل يوپۇرمىقى ناهايىتى ئىخچام هالدا تىكىلىدۇ. دوپپىنىڭ جىيەكى قارا رەڭلىك رەختتە چۆرىدەپ تىكىلىدۇ. ئەستىرى قىزىل بولىدۇ.

### 15. كىچىك مارجان دوپپا

كىچىك مارجان دوپپا كىچىك ئوغۇل باللارغا ۋە نارەسىدە قىزلارغا خاس دوپپا بولۇپ، دۈگىلەك شەكىلدە تىكىلىدۇ. بېغىر رەڭلىك رەخت دوپپا تەگلىكى قىلىنىدۇ. دوپپا گۈللىرى گېئومېتىرىك شەكىلدە قىزىل، شاپتۇل چېچىكى، ئوچۇق يېشىل، توق سېرىق مارجانلار ۋە سەدەپلەر بىلەن بېزىلىدۇ. دوپپىنىڭ گىرۋىكى

ۋە ئۈستى تەرىپىگە تىكىلگەن گۈل ئوخشاش بولىدۇ، گۈلنىڭ ئىچى تەرىپى ئوچۇق قىزىل، چۆرىسى شاپتۇل چېچىكى رەڭگىدىكى مارجانلار بىلەن بېزىلىدۇ. دوپپا جىيىكى قارا رەڭلىك مەخمەلدە چۆرىدىلىدۇ، ئەستىرى قىزىل بولىدۇ.

كىچىك مارجان دوپپىنى قەشقەرلىك ئۈستىلار ئەڭ كۆپ ھەم كۆركەم تىكىدۇ، ئۇنى كىيىدىغانلارمۇ قەشقەردە ئەڭ كۆپ.

## 16. گۈل - غۇنچە مارجان دوپپا

بۇ خىل دوپپا دۈگىلەك شەكىلدە تىكىلىدۇ. دوپپا تەگلىكى بېغىر رەڭ يىپەك رەختتىن تاللىنىدۇ. دوپپا گۈللىرى بىر ئاز ئاددىي بولۇپ، غۇددى قار ئۇچقۇندىلىرىغا ئوخشايدۇ. دوپپىنىڭ ئۈستىگە تىكىلگەن ئوتتۇرىسىدىكى چوڭ گۈلنىڭ ئىچى كۆك رەڭلىك مارجان بىلەن، ئەتراپىدىكى سىزىقلىرى ئاق سەدەپ بىلەن بېزىلىدۇ. قارا رەڭلىك رەختتە چۆرىدەپ تىكىلگەن دوپپا جىيىكىنىڭ ئۈستى قىسمىغا گۈلنىڭ بىر پارچە ئېلىمېنتى ۋە بىخ سۇرۇۋاتقان گۈل - غۇنچىسى تىكىلىدۇ. جىيەككە ئۇلاپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان گۈللەر ئاق، كۆك ۋە توق سېرىق سەدەپ مارجانلار بىلەن بېزىلىدۇ.

## 17. سەدەپگۈللۈك مارجان دوپپا

بۇ خىل دوپپا دۈگىلەك شەكىلدە تىكىلىدۇ. دوپپا تەگلىكى قېنىق قىزىل يىپەك رەختتە تىكىلىدۇ. دوپپا گۈللىرىنىڭ تېگى كۆل رەڭ يىپەك رەختتە چېكىلىپ، ئۈستىگە گۈل يوپۇرماقلىرى ۋە گۈللەرنىڭ ئېلىمېنتلىرى ئاق رەڭلىك سەدەپ مارجانلار تىزىلىپ بېزىلىدۇ. دوپپىنىڭ گۈللىرى قارىسا، ئېچىلىپ تۇرغان كېۋەز غوزىكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇ خىل دوپپىنى يەنە كۆك، بېغىر رەڭ، قارا، قېنىق يېشىل مەخمەل رەختلەرنى تەگلىك قىلىپ تىكىشكىمۇ بولىدۇ. دوپپا جىيىكى قارا رەڭلىك يىپەك ياكى مەخمەل رەختتىن چۆرىدەپ تىكىلىدۇ، ئەستىرى قىزىل بولىدۇ.

سەدەپگۈللۈك مارجان دوپپا ئوتتۇرا ياش ۋە ياشانغان ئاياللارغا
خاس دوپپا بولۇپ، بۇ خىل دوپپا قەشقەر بازارلىرىدا ئەڭ كۆپ.

## 18. ئانارگۈللۈك مارجان دوپپا

ئانارگۈللۈك مارجان دوپپا دۈگىلەك شەكىلدە تىكىلىدۇ. دوپپا
تەگلىكى قېنىق كۆك رەڭلىك مەخمەلدىن تىكىلىدۇ. دوپپىنىڭ ئۈس-
تىدىكى گۈلى سۈس كۆل رەڭ يىپ بىلەن چىكىلىپ، ئاق سەدەپ
مارجان بىلەن بېزىلىدۇ، دوپپىنىڭ ئۈستىگە تىكىلگەن گۈل - غۇنچە-
لار ئوراپ تۇرغان ئوتتۇرىسىدىكى ئانار ۋە ئۇنىڭ ئاستىدىكى ئىككى
تەرەپكە يېيىلغان گۈل يوپۇرماقلىرى دوپپىنى ئاجايىپ كۆركەم قى-
لىپ تۇرىدۇ. دوپپىنىڭ گۈلى بىر پۈتۈن شەكىلدە تولۇق چىكىلىدۇ.
ئانارگۈللۈك مارجان دوپپىنىڭ باشقا دوپپىلاردىن پەرقى شۇكى،
دوپپىنىڭ جىيەكى ئۈستىگە3سانتىمېتىر كەڭلىكتە كۆمۈش رەڭلىك
رەختتىن چۆرىدەپ زىننەت بېرىلىدۇ. بۇ خىل دوپپىنى ئەرلەر كىيە-
سىمۇ بولىدۇ. دوپپىنىڭ جىيەكى قارا رەڭلىك مەخمەلدىن چۆرىدەپ
تىكىلىدۇ، ئۇ قەشقەر ۋە يەكەن ئۈستىلىرىنىڭ مەھسۇلاتىدۇر.

## 19. مودەنگۈللۈك مارجان دوپپا

مودەنگۈللۈك مارجان دوپپا دۈگىلەك شەكىلدە تىكىلىد.
پىنىڭ تەگلىكى قېنىق بىغىر رەڭلىك رەختتىن تاللىنىدۇ.
ئۈستىگە چىكىلگەن مودەنگۈل كەشتىلىرى دوپپىنى بېزەپ تۇر،
گۈللەرنىڭ تېگى توق سېرىق رەڭلىك يىپتا تىكىلىپ، ئۈستى گۈمبەز
شەكىلدە ئورىلىدۇ. گۈللەرنىڭ چۆرىسى ئاق سەدەپ بىلەن، ئوتتۇر-
سىدىكى چاقماق سىزىقلار توق يېشىل، قىزىل مارجانلار بىلەن
بېزىلىدۇ. مودەنگۈللۈك مارجان دوپپا قىز - چوكانلارغا، ئوتتۇرا
ياش ئاياللارغا خاس دوپپىدۇر. دوپپىنىڭ جىيەكى باشقا دوپپىلارنىڭ-
كىگە ئوخشاش قارا رەڭلىك مەخمەل رەختتىن چۆرىدەپ تىكىلىدۇ.
مودەنگۈللۈك مارجان دوپپا گەرچە كۆچا، شايار قاتارلىق جايلاردا

ۋە ئۈستى تەرىپىگە تىكىلگەن گۈل ئوخشاش بولىدۇ. گۈلنىڭ ئىچى تەرىپى ئوچۇق قىزىل، چۆرىسى شاپتۇل چېچىكى رەڭگىدىكى مارجانلار بىلەن بېزىلىدۇ. دوپپا جىيىكى قارا رەڭلىك مەخمەلدە چۆرىدىلىدۇ، ئەستىرى قىزىل بولىدۇ.

كىچىك مارجان دوپپىنى قەشقەرلىك ئۇستىلار ئەڭ كۆپ ھەم كۆركەم تىكىدۇ، ئۇنى كىيىدىغانلارمۇ قەشقەردە ئەڭ كۆپ.

## 16. گۈل ـ غۇنچە مارجان دوپپا

بۇ خىل دوپپا دۈگىلەك شەكىلدە تىكىلىدۇ. دوپپا تەگلىكى بېغىر رەڭ يىپەك رەختتىن تاللىنىدۇ. دوپپا گۈللىرى بىر ئاز ئاددىي بولۇپ، خۇددى قار ئۇچقۇندىلىرىغا ئوخشايدۇ. دوپپىنىڭ ئۈستىگە تىكىلگەن ئوتتۇرىسىدىكى چوڭ گۈلنىڭ ئىچى كۆك رەڭلىك مارجان بىلەن، ئەتراپىدىكى سىزىقلىرى ئاق سەدەپ بىلەن بېزىلىدۇ. قارا رەڭلىك رەختتە چۆرىدەپ تىكىلگەن دوپپا جىيىكىنىڭ ئۈستى قىسمىغا گۈلنىڭ بىر پارچە ئېلىمبىتى ۋە بىخ سۇرۇۋاتقان گۈل ـ غۇنچىسى تىكىلىدۇ. جىيەككە ئۇلاپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان گۈللەر ئاق، كۆك ۋە توق سېرىق سەدەپ مارجانلار بىلەن بېزىلىدۇ.

## 17. سەدەپگۈللۈك مارجان دوپپا

بۇ خىل دوپپا دۈگىلەك شەكىلدە تىكىلىدۇ. دوپپا تەگلىكى قېنىق قىزىل يىپەك رەختتە تىكىلىدۇ. دوپپا گۈللىرىنىڭ تېگى كۆل رەڭ يىپەك رەختتە چېكىلىپ، ئۈستىگە گۈل يوپۇرماقلىرى ۋە گۈللەرنىڭ ئېلىمبىتلىرى ئاق رەڭلىك سەدەپ مارجانلار تىزىلىپ بېزىلىدۇ. دوپپىنىڭ گۈللىرى قارىسا، ئېچىلىپ تۇرغان كېۋەز غوزىكىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇ خىل دوپپىنى يەنە كۆك، بېغىر رەڭ، قارا، قېنىق يېشىل مەخمەل رەختلەرنى تەگلىك قىلىپ تىكىشكىمۇ بولىدۇ. دوپپا جىيىكى قارا رەڭلىك يىپەك ياكى مەخمەل رەختتىن چۆرىدەپ تىكىلىدۇ، ئەستىرى قىزىل بولىدۇ.

سەدەپگۈللۈك مارجان دوپپا ئوتتۇرا ياش ۋە ياشانغان ئاياللارغا خاس دوپپا بولۇپ، بۇ خىل دوپپا قەشقەر بازارلىرىدا ئەڭ كۆپ.

### 18. ئانارگۈللۈك مارجان دوپپا

ئانارگۈللۈك مارجان دوپپا دۈگىلەك شەكىلدە تىكىلىدۇ. دوپپا تەگلىكى قېنىق كۆك رەڭلىك مەخمەلدىن تىكىلىدۇ. دوپپىنىڭ ئۈستىدىكى گۈلى سۇس كۆل رەڭ يىپ بىلەن چېكىلىپ، ئاق سەدەپ مارجان بىلەن بېزىلىدۇ، دوپپىنىڭ ئۈستىگە تىكىلگەن گۈل - غۇنچىلار ئوراپ تۇرغان ئوتتۇرىسىدىكى ئانار ۋە ئۇنىڭ ئاستىدىكى ئىككى تەرەپكە يېيىلغان گۈل يوپۇرماقلىرى دوپپىنى ئاجايىپ كۆركەم قىلىپ تۇرىدۇ. دوپپىنىڭ گۈلى بىر پۈتۈن شەكىلدە تولۇق چېكىلىدۇ. ئانارگۈللۈك مارجان دوپپىنىڭ باشقا دوپپىلاردىن پەرقى شۇكى، دوپپىنىڭ جىيىكى ئۈستىگە3سانتىمېتىر كەڭلىكتە كۈمۈش رەڭلىك رەختتىن چۆرىدەپ زىننەت بېرىلىدۇ. بۇ خىل دوپپىنى ئەرلەر كىيىسىمۇ بولىدۇ. دوپپىنىڭ جىيىكى قارا رەڭلىك مەخمەلدىن چۆرىدەپ تىكىلىدۇ، ئۇ قەشقەر ۋە يەكەن ئۈستىلىرىنىڭ مەھسۇلاتىدۇر.

### 19. مودەنگۈللۈك مارجان دوپپا

مودەنگۈللۈك مارجان دوپپا دۈگىلەك شەكىلدە تىكىلىدۇ. دوپپىنىڭ تەگلىكى قېنىق بېغىر رەڭلىك رەختتىن تاللىنىدۇ. دوپپا ئۈستىگە چېكىلگەن مودەنگۈل كەشتىلىرى دوپپىنى بېزەپ تۇرىدۇ. گۈللەرنىڭ تېگى توق سېرىق رەڭلىك يىپتا تىكىلىپ، ئۈستى گۈمبەز شەكلىدە ئورىلىدۇ. گۈللەرنىڭ چۆرىسى ئاق سەدەپ بىلەن، ئوتتۇرىسىدىكى چاقماق سىزىقلار توق يېشىل، قىزىل مارجانلار بىلەن بېزىلىدۇ. مودەنگۈللۈك مارجان دوپپا قىز - چوكانلارغا، ئوتتۇرا ياش ئاياللارغا خاس دوپپىدۇر. دوپپىنىڭ جىيىكى باشقا دوپپىلارنىڭكىگە ئوخشاش قارا رەڭلىك مەخمەل رەختتىن چۆرىدەپ تىكىلىدۇ. مودەنگۈللۈك مارجان دوپپا گەرچە كۆپ، شايار قاتارلىق جايلاردا

كۆپرەك تىكىلىسىمۇ، لېكىن قەشقەر بازارلىرىدىمۇ كۆپ سېتىلىدۇ.

## 20. تاشگۈللۈك سەدەپ دوپپا

بۇ خىل دوپپا دۈگىلەك شەكىلدە تىكىلىدۇ. دوپپا تەگلىكىگە قېنىق بېغىر رەڭلىك رەخت تاللىنىدۇ. دوپپىنىڭ ئۈستىدىكى گۈللىرى ئوچۇق سىرىق زەر يىپتا تىكىلىدۇ. زەر يىپ ئۈستىگە ئاق سەدەپلەر تىزىلىپ، زىننەتلىنىدۇ. گۈللەرنىڭ ئاستىغا گۈل تەشتىكىگە سىمۋول قىلىنغان چاسا نۇسخىلار كەشتىلىنىدۇ، تەشتەك نۇسخىلىرىنىڭ ئەتراپىمۇ ئاق رەڭدىكى سەدەپتىن بېزىلىپ، ئوتتۇرىسىغا ئىككى تالدىن توق يېشىل مارجان قويۇلۇپ، تېخىمۇ كۆركەم تۈسكە كەلتۈرۈلىدۇ. دوپپا ئۈستىگە تىكىلگەن ئېچىلىپ تۇرغان تاشگۈل ۋە ئۇنىڭ تەشتىكى بىر گەۋدە ھالەتتە كىشىگە ناھايىتى ئوبرازلىق تۇيغۇ بېرىدۇ.

تاشگۈللۈك سەدەپ دوپپىنىڭ جىيىكى قارا رەڭلىك مەخمەلدىن چۆرىدەپ تىكىلىدۇ. تاشگۈللۈك سەدەپ دوپپىنى كۇچالىق، شايارلىق، ئاۋاتلىق، قەشقەرلىك دوپپىچىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تىكىدۇ. ئۇ ئاياللارغا خاس بولغان دوپپىدۇر.

## 21. شاپاق دوپپا

شاپاق دوپپا ئۇيغۇر ئەرلىرىنىڭ ئەڭ ئاددىي يازلىق باش كىيىملىرىنىڭ بىرى. ئۇنىڭ يىپەك يىپلار بىلەن تور ھالەتتە توقۇپ تىكىلگەنلىرىمۇ بار. شاپاق دوپپىلارنىڭ ئادەتتىكىلىرى نېپىز ئاق رەختتىن تىكىلىپ، ئۈستى ئاق رەڭلىك ئىنچىكە يىپەك يىپ بىلەن سىلىق سىيرىلىدۇ. دوپپا يۇمىلاق شەكىلدە تىكىلىدۇ. بەزىلىرىنىڭ يان تەرىپىگە توق يېشىل، تۇم قارا، توق كۆك رەڭلىك يىپلار بىلەن رومبا شەكىلدىكى، يۇلتۇز شەكىلدىكى، يۇمىلاق چېچەك شەكىلدىكى گۈللەر تىكىلىدۇ. تور ھالەتتە توقۇپ تىكىلگەن شاپاق دوپپىلارنىڭ ئۈستىدىكى گۈل نۇسخىلىرىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر،

ئۈنىڭ گۈللىرى، نەقىشلىرى توقۇش جەريانىدا چىقىرىلغان بولىدۇ.
شاپاق دوپپىنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەرلىرى ياز كۈنلىرى كىيگەندىن باش-
قا، يەنە باشقا خىلدىكى باش كىيىملىرىنىڭ ئەستەر قىسمىنىڭ كىر-
لىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەقسىتىدە، قىسمەن قىشلىق
ياكى يازلىق باش كىيىملىرىنىڭ ئىچىگە قاپلاپ كىيىشىدۇ.

شاپاق دوپپا جەنۇبىي شىنجاڭ تەۋەسىگە، بولۇپمۇ قەشقەر رايونى-
غا كەڭ تارقالغان بولۇپ، ئۇنى يېزا - قىشلاقلاردىكى ئۇيغۇر ئەرلە-
رى، كىچىك ئوغۇل بالىلار ئەڭ كۆپ كىيىدۇ.

## 22. كۆرپە تۇماق

كۆرپە تۇماق ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىمىي ھەم ئەڭ كۆركەم
قىشلىق باش كىيىملىرىنىڭ بىرى. كۆرپە تۇماقنىڭ ماتېرىيالى قوي
تېرىسىدىن تاللىنىدۇ. ئۇنىڭ سىرتقى قىسمى قوزىلارنىڭ بۇدۇر ھا-
لەتتىكى يۇمران تېرىلىرىدىن (قوزىلارنىڭ تېرىلىرى كۆرپە دەپ
ئاتىلىدۇ) تىكىلىدۇ. تۇماقنىڭ ئەستىرىمۇ يۇڭى قىرقىلمىغان ھالەت-
تىكى ئەيلەنگەن تېرىلەردىن تاللىنىدۇ، تۇماق يۇمىلاق ھالەتتە تىكى-
لىدۇ. ئادەتتە ئېگىزلىكى 25 سانتىمېتىردىن 40 سانتىمېتىرغىچە
بولىدۇ. كۆرپە تۇماقلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ ئۈستى سەل ياپىلاقراق ياكى
سەل قىستۇرۇلغان ھالەتتە بولىدۇ. بەزىلىرىنىڭ ئۈستى قىسمىدىكى
كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاق رەڭلىك تېرىلەرنى يېپىپ تۇرۇش مەقسىتىدە
ئۈستىگە چىرايلىق رەختلەر قىستۇرۇپ قويۇلىدۇ.

كۆرپە تۇماقنىڭ رەڭگى قارا بولىدۇ. كۆرپە تۇماقنىڭ ئەڭ سۈ-
پەتلىكلىرىنى يېڭىسارلىق تۇماقچىلار يېڭىدىن تاللىغان ياكى كۆچادىن
كەلتۈرگەن قوزا كۆرپىسىدە تىكىپ ساتىدۇ. كۆرپە تۇماقنىڭ باشقا
خىللىرىنى ئوتتۇرا ۋە غەربىي ئاسىيادىكى بىر قىسىم مىللەتلەر،
مەسىلەن ئۆزبېك، تاتار، ئافغان قاتارلىق مىللەتلەرمۇ كىيىدۇ.

كۆرپە تۇماق جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىغا، بولۇپمۇ
قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جايلارغا كەڭ تارقالغان. ھازىر قەشقەر

بازارلىرىدىكى كۆرپە تۇماقلارنىڭ ئەڭ سۈپەتلىكلىرىنى يېڭىسار،
يەكەن قاتارلىق جايلاردا تىكىپ ساتىدۇ، يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ بىر
قىسىم يېزىلىرىدا كۆرپە تۇماقنىڭ ئاياللار كىيىدىغان نۇسخىلىرىمۇ
بار. ھازىرمۇ يېڭىسارنىڭ ساغان يېزىسى، يېڭىيەر يېزىسى قاتارلىق
يېزىلاردا باشلىرىغا ئاق رومال ياكى باشقا نىپىز رومال، ياغلىقلارنى
ئارتىپ، ئۈستىگە ئېگىز كۆرپە تۇماقلارنى كىيىدىغان ئاياللار بار
ھەمدە قىزلار تويلۇقىغا كۆرپە تۇماق ئالىدىغان ئادەتلىرىمۇ بار.

كۆرپە تۇماق ئۇيغۇرلارنىڭ باش كىيىملىرى ئارىسىدىكى ھەقىقە-
تەنمۇ قەدىرلەپ ساقلاشقا، تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تېگىشلىك ئالاھىدە
باش كىيىم. ئۇيغۇر ئەرلىرى باشلىرىغا سۈپەتلىك تىكىلگەن كۆرپە
تۇماقلارنى كىيسە ناھايىتى سۈرلۈك ھەم قاۋۇل كۆرۈنىدۇ. بۇ خىل
باش كىيىم كىشىلەرگە ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغان قەدىمكى مىللەتلەر-
دىن بولغان ساكلارنى ئەسلىتىدۇ.

## 23. سەرپۇش تۇماق

شەرپۇش تۇماق ئۇيغۇرلارنىڭ قىشلىق باش كىيىمى. بۇ خىل
تۇماقنىڭ ئەرەنچە، ئايالچە نۇسخىلىرى بولۇپ، ئىشلەتكەن ماتېرى-
يال، تىكىلىش ئۇسلۇبى بويىچە بىر نەچچە خىلغا بۆلۈنىدۇ. سەرپۇش
تۇماقنىڭ ئەرەنچە نۇسخىلىرى سەل ئېگىزرەك، چېچىكى كىچىكرەك
تىكىلىدۇ. تۇماقنىڭ سىرتى قارا رەڭلىك مەخمەل رەخت بىلەن
تىكىلىدۇ. تۇماقنىڭ چېچەك گىرۋەكلىرىگە سۇغۇر، قاما، تۈلكە
ياكى يۇڭلىرى ئۇزۇن، ئىنچىكىرەك قوي تېرىسىدىن گىرۋەك تىكى-
لىدۇ. تۇماقنىڭ ئۈستى قىسمى ئۇچلۇقراق ھالەتتە بولىدۇ.

سەرپۇش تۇماقنىڭ ئايالچە نۇسخىلىرى ئىنتايىن كۆركەم بولى-
دۇ. ئايالچە سەرپۇش تۇماقلارنىڭ سىرتىمۇ قارا رەڭلىك مەخمەل
رەختتىن تاللىنىدۇ. ئەمما، تىكىلىشى ئېگىز بولمايدۇ، تۇماقنىڭ
ئۈستى يۇمىلاق بولىدۇ. تۇماققا تىكىلگەن چېچەك ئەرەنچە تۇماقنىڭ-
كىدىن تومراق بولىدۇ، تۇماقنىڭ ئەستىرى ئەر - ئاياللارنىڭ ئوخ-

شاشلا قىرقىلمىغان پاكىز قوي تېرىسىدىن تىكىلىدۇ. ئايالچە سەر-پۇش تۇماقلارنىڭ گىرۋەكلىرىگە نوركا، سۇسەر، قاما قاتارلىق يۇڭ-لىرى پارقىراق جانلىقلارنىڭ تېرىلىرى تىكىلگەنلىكتىن، شۇ ئاساستا ئايالچە سەرپۇش تۇماقلارنىڭ بەزىلىرى «قاما تۇماق»، «سۇسەر تۇ-ماق»، «نوركا تۇماق» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ھازىر بۇخىل تۇماقلارنىڭ گىرۋەكلىرىگە سۈنئىي تالالاردىن ئىشلەنگەن تېرىلەر قويۇلىدىغان ئەھۋاللار كۆپ.

سەرپۇش تۇماقنىڭ ئەرەنچىلىرىنى ئۇيغۇر دېھقانلىرى ۋە بىر قىسىم ھۈنەرۋەن - كاسىپلار ھەمدە ياشانغان ئەرلەر كۆپرەك كىيە-دۇ. ئۇنىڭ ئايالچە نۇسخىسىنى ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئوتتۇرا ياش ۋە ياشانغانلىرى ئۆلۈم - يىتىم، توي - تۆكۈنلەردە باشلىرىغا چىراي-لىق روماللارنى ئارتىپ، رومال ئۈستىگە كىيىشىدۇ.

24. سالۋار تۇمىق

سالۋار تۇماق ئۇيغۇرلارنىڭ قىشلىق باش كىيىمى بولۇپ، ئەر-لەر ئۈچۈن تىكىلىدۇ. سالۋار تۇماقنىڭ تىكىلىشى بويىچە بىرقانچە خىل شەكىللىرى بار. بۇ خىل تۇماقنىڭ بىر قىسىملىرىنىڭ ئۈستى قىسمى ئەيلەنگەن ئاق تېرىدىن تىكىلىدۇ، بەزىلىرىدە تېرە ئۈستىگە بىر قەۋەت رەخت قاپلىنىدۇ. سالۋار تۇماقنىڭ ئادەتتىكىلىرى يۇڭلى-رى قىرقىلمىغان ئاق، بوز ياكى قارا قويلارنىڭ تېرىلىرىدىن تىكىلە-دۇ. تۇماقنىڭ گىرۋەكلىرىدىكى ئۇزۇن يۇڭلار كىيگۈچىنىڭ قۇلاق، گەدەنلىرىنى يېپىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ سوپەتلىك ھەم ئالىيراقلىرى تۈلكە، بۆرە قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ قويرۇق قىسىم تېرىلىرىدىن تال-لىنىپ تىكىلىدۇ.

سالۋار تۇماق ئاساسەن تاغلىق رايونلاردىكى ياكى تاغلىق رايون-لارغا يېقىن بولغان ھاۋاسى نىسبەتەن سوغۇق جايلاردا ياشايدىغان ئۇيغۇر ئۇۋچىلىرى، پادىچىلىرى كۆپرەك كىيىدىغان تۇماق. بۇ خىل تۇماقلارنى يەنە قازاق، قىرغىز موڭغۇل قاتارلىق چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مىللەتلەرنىڭ ئەرلىرىمۇ كىيىشىدۇ.

### 25 . ئاق تېرە تۇماق

ئاق تېرە تۇماق ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ ئاددىي قىشلىق باش كىيىملىرىنىڭ بىرى. بۇ خىل تۇماق چىرايلىق ئېيىلىنىپ ئاقارتىلغان قوي تېرىسىدىن تىكىلىدۇ. تېرىنىڭ يۇڭى بار تەرىپى تۇماقنىڭ ئەستىرى قىلىنىدۇ، ئەت قىسمى تۇماقنىڭ سىرتى قىلىنىدۇ. تۇماق ئادەتتە 25 — 30 سانتىمېتىر ئېگىزلىكتە ئۇچلۇقراق ھالەتتە تىكىلىدۇ، تۇماقنىڭ تىكىلىشى يۇمىلاق بولىدۇ. تۇماقنىڭ جىيىكىگە يۇڭى قارا ياكى قوڭۇر رەڭدىكى قوي تېرىسىدىن چۆرىدەپ جىيەك قويۇلىدۇ. ئاق تېرە تۇماقنىڭ بەزىلىرىنىڭ سىرتىغا قېلىپ ئارقىلىق قاپارتىلغان ياكى چۈكتۈرۈلگەن ئەگرى، يۇمىلاق گۈل - نەقىشلىرى چىقىرىلغاندىن باشقا، ھېچقانداق ئالاھىدە گۈل - نەقىشلىرى بولمايدۇ. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ھازىر بۇ خىل تۇماقنى كىيىدىغانلار ناھايىتى ئاز.

يۇقىرىدا قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەنلىرىمىز پەقەت ئۇيغۇرلارنىڭ قەشقەردىن ئىبارەت بۇ قەدىمىي شەھەرنىڭ دوپپا - تۇماق بازارلىرىدا سېتىلىدىغان ياكى ئۇچراتقىلى بولىدىغان بىر قىسىم باش كىيىملىرى. بۇ ھەرگىزمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ باش كىيىمى پەقەت مۇشۇنىڭدىنلا ئىبارەت دېگەنلىك ئەمەس. مىللەتلەرنىڭ ئارىلىشىپ ئولتۇراقلىشىشى، رايون پەرقى، تاشقى مەدەنىيەتلەرنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي كىيىم - كېچەكلىرىدە، بولۇپمۇ باش كىيىملىرىدە ئالاھىدە ئىنچىكە پەرقلەر مەۋجۇت. ھازىرچە ئۇيغۇر باش كىيىملىرىنىڭ، بولۇپمۇ ئۇيغۇر دوپپىلىرىنىڭ مۇقىم تۈرىنى تۇرغۇزۇشقا بولمايدۇ.

## تامغا بوياقچىلىق

تامغا بوياقچىلىق ئۇيغۇرلاردا خېلى كەڭ دەرىجىدە ئومۇملاشقان

يەرلىك ئۇسلۇلدىكى سىزمىچىلىق سەنئىتىگە تەۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك كەسپلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، قەشقەر بوستانلىقىدا كەڭ تەرەققىي قىلغان. قەشقەر شەھىرى، يېڭىشەھەر ناھىيىسى، يېڭىسار ناھىيە-سى، كونىشەھەر ناھىيىسى، يەكەن ناھىيىسى قاتارلىق ناھىيە - بازارلارنىڭ يېزا - قىشلاقلىرىدا بۇ خىل ھۈنەر يېقىنقى زامانلارغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن.

ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80- يىللىرىدا ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش سى-ياسىتى يولغا قويۇلغاندىن باشلاپ، توقۇمىچىلىق، بوياقچىلىق كە-سىپلىرىنىڭ زامانىۋىلىشىشىغا ئەگىشىپ، بۇ خىل كەسىپ ئاستا - ئاستا بازاردىن شاللىنىپ، يوقىلىشقا قاراپ يۈزلەنگەن. بۈگۈنكى كۈندە قەشقەرنىڭ چەت - ياقا جايلىرىدىكى يېزىلاردا ياشايدىغان بىر قىسىم ئۇيغۇر دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئۆيلىرىدىن گۈل تامغىلار ئارقىلىق نەقىشلىنىپ ئىشلەنگەن زەدىۋال، چارشاپ، شەتلەڭگە، داستىخان قاتارلىق تۇرمۇش بۇيۇملىرىنىڭ كونا نۇسخىلىرىنى ناھايە-تى ئاز ساندا ئۇچراتقىلى بولىدۇ. ئەمما، ھازىر تامغا بوياقچىلىقىنى مەخسۇس كەسىپ قىلغان ھۈنەرۋەنلەرنى تاپقىلى بولمايدۇ.

تامغا بوياقچىلىقى بىر خىل ئىپتىدائىي ئۇسلۇلدىكى نەققاشلىق ھۈنىرى. ئۇ بابكارلار ياغاچ دۇكانلاردا پاختا يىپ بىلەن توقۇپ چىققان سىدام بۆز، ماتالارغا ئامۇت ياغىچى، ئۈجمە ياغىچى، توخۇمەك ياغىچى قاتار-لىق قاتتىقلىق دەرىجىسى يۇقىرى، ئاپتاپتا ۋە سۇدا شەكلى ئاساز ئۆزگىرىپ كەتمەيدىغان سۈپەتلىك ياغاچلاردىن ئويۇلغان ھەر خىل گۈل تامغىلار بىلەن گۈل بېسىش جەريانى بولۇپ، مەشغۇلات جەريانى خىلى مۇرەككەپ، تېخنىكا تەلىپى نىسبەتەن يۇقىرى ئەنئەنىۋى ھۈ-نەردۇر.

تامغا بوياقچىلىقىدا سەرگەزچىلىك بىرقەدەر ئومۇملاشقان. سەر-گەز ئادەتتە ھۆشتە قىلىنىغان (ھۆشتىگەر دەپ ئاتىلىدىغان ھۈنەرۋەن-لەر تەرىپىدىن سىلىقلانغان، سۈپەتلەنگەن ماتانى كۆرسىتىدۇ. ئا) ماتا، خاملارنى گۈل بېسىش ئۈچۈنكى قىلىدۇ. تامغىلاردا بېسىلىدە-

غان رەڭلەر قارا، جىگەر رەڭ، قىزىل رەڭلەرنى ئاساس قىلىدۇ. سەرگەز گۈللىرى چوڭ جەھەتتىن ئۈچ چېكىت نۇسخا، چىمەن نۇسخا، چارچىن نۇسخا، شاخچە نۇسخا قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ. بوياق مەھسۇلاتىغا ئاساسەن، ئاق سەرگەز ۋە قىزىل سەرگەز دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ. سەرگەز گۈللىرىنىڭ تۈرلىرى 25 خىلدىن، زەدىۋال تۈرىدىكىلەرنىڭ گۈل نۇسخىلىرى 60 خىلدىن ئارتۇق.

تامغا بوياقچىلىقى قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىككە، يەرلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئەنئەنىۋى ھۈنەر - سەنئەت تۈرى بولۇپ، تامغا نەقىشلىرى قۇرۇلما، شەكىل، ئۇسلۇب، خاراكتېر جەھەتتىن ئۇيغۇرلارنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەدەنىيەت باسقۇچىغا تەۋە بولغان مەدەنىيەت گېنېئولوگىيىسىنى ئەكس ئەتتۈرسە، رەڭ ۋە نۇسخا جەھەتتىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقاد، دۇنيا قارىشى، رەڭ چۈشەنچىسى، ئېستېتىك گۈزەللىك قارىشى ۋە ئۇلار ياشاۋاتقان تەبىئىي مۇھىتلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن بولۇپ، خەلقنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشقا بولغان قىزغىنلىقىنى، تەبىئەتنى ئۆزگەرتىشكە بولغان ئىرادىسىنى يارقىن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان ئۆرپ - ئادەت مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىدۇر.

قەشقەرنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئىشلەنگەن تامغا بوياقچىلىق قېلىپلىرىنىڭ مەزمۇنى ئاساسلىقى چېچەكسىمان گۈللەر، يۇلتۇز شەكىللىك گۈللەر، چىنە - چەينەك، لوڭقا - پەتنۇس، ئۈۋرىق - چۆگۈن، ئاپتۇۋا - چىلاپچا ۋە ھەرخىل گۈل - گىياھ، مېھراب - ئويۇقچە، ئۆي - ئىمارەت، ئېرىق - ئۆستەڭ، ئاي - يۇلتۇز قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ شەكىللىرىنى ئويۇشنى ئاساس قىلىدۇ. ئادەتتە بۇ خىل نەرسىلەردە جانلىق نەرسىلەرنىڭ ئوبرازلىرى ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. قەشقەر شەھىرى، يېڭىسار ناھىيىسى، يەكەن ناھىيىسى، كونىشەھەر ناھىيىلىرىدە ئىشلىتىلگەن تامغا بوياقچىلىق قېلىپلىرىنىڭ ئەندىزىسىنىڭ نەچچە يۈز خىلدىن ئاشىدىغانلىقى مەلۇم.

# لوك

قۇلۇپ ئىنسانلارنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى مۇھىم بىر مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيىتى. ئۇ بىخەتەرلىك بۇيۇمى بولۇش سۈپىتى بىلەن دۇنيادا ئەڭ كەڭ ئومۇملاشقان بولۇپ، ئومۇمەن مەدەنىيەتلىك ئىنسانلار ياشاۋاتقان دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدىن مەيلى ئىلغار ياكى قالاق بولسۇن ھەرخىل شەكىلدىكى قۇلۇپلارنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئىنسانلار يەنىلا قۇلۇپتىن ئىبارەت تۇرمۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان بىخەتەرلىك ئەسۋابىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا تىرىشىپ، مال-مۈلۈكلەرنىڭ بىخەتەرلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈپ كەلمەكتە.

ھازىرغا قەدەر دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئارخېئولوگىيەلىك بايقاشلاردىن قەدىمكى ئىنسانلار تۇرمۇشىنىڭ باشقا تەرەپلىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلار خېلى كۆپ بايقالغان بولسىمۇ، لېكىن قۇلۇپقا مۇناسىۋەتلىك مەلۇمات يوق. شۇڭا، بىز ئەڭ دەسلەپكى ئىپتىدائىي قۇلۇپنىڭ قاچان، قەيەردە پەيدا بولغانلىقىنى كېسىپ ئېيتالمايمىز. ئەمما، شۇنى قىياس قىلىشقا بولىدۇكى، قۇلۇپنىڭ رولىدىن ئېيتقاندا، ئۇ ئوغرىلىققا قارشى ياسالغان بىخەتەرلىك بۇيۇمى. ئىجتىمائىي ئېھتىياج نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ كەشىپ قىلىنغان ۋاقتى چوقۇم ئىنسانلار جەمئىيىتى خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىگە قەدەم قويغانلاردا، ئىنسانلار ئۆزلىرى ئىگە بولغان خۇسۇسىي مال-مۈلۈكلەرگە بولغان قوغداش ئېھتىياجىنىڭ تۈرتكىسىدە پەيدا بولغان، دەپ قاراش ئىلمىيلىككە ئۇيغۇن.

قەدىمكى ئىنسانلار تەبىئىي تاغ ئۆڭكۈرى، ئورمانلىق، دالىلاردا ئىپتىدائىي توپ ھالەتتە ياشىغان دەۋرلەردە ئۇلاردا خۇسۇسىيلىشىش ئېڭى ۋە بىخەتەرلىك ئېڭى كۈچلۈك بولغان ئەمەس. ئەمما، بۇنىڭدىن 7000 يىللار ئىلگىرىكى يېڭى تاش قوراللار دەۋرىدە ئىپتىدائىي

توپلاردا بۆلۈنۈش شەكىللەنگەن. قەبىلىلەر ئارىسىدا سۇ، تاغ، ئور-
مان، دالىلارنى تالىشىش، قولغا كەلتۈرگەن ئولجىلارنى ئۆز ئالدىغا
بۆلۈشۈۋېلىش ئىشى شەكىللىنىپ، بۇ خىل ھالەتنىڭ داۋاملىشىشى
ئىنسانلارنى بارا - بارا خۇسۇسىيلىشىشقا قاراپ يۈزلەندۈرگەن. كۈچ-
لۈكلەر ئاجىزلارنىڭ مال - مۈلكىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىدىغان، مال-
چارۋىلىرىنى ئىگىلىۋالىدىغان، مال - مۈلۈكلىرىنى ئوغرىلايدىغان
ئەھۋاللار پەيدا بولغان. ئىنسانلار مۇشۇ خىل ھالەتتىكى خۇسۇسىيلە-
شىشقا قاراپ مېڭىۋاتقان دەۋرلەردە ئۆزلىرى ياشاۋاتقان ئۆڭكۈر،
گەمە، كەپىلەرنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كۈچ - قۇۋۋەت ۋە باتۇرلۇقنىڭ
سىمۋولى دەپ قارىغان ياۋايى ھايۋانلاردىن تەلەتىنى بۇزۇپ، ھۈرپە-
يىپ تۇرغان شىر، يولۋاس، يىلپىز، بۆرە قاتارلىق يىرتقۇچ ھايۋان-
لارنىڭ يوغان ھەيكەللىرىنى ئويۇپ تىكلەپ قويۇشۇپ، سۈر بېرىش
ئۇسۇلى بىلەن باشقىلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ، ئۇلاردىن ئىپتىدائىي قو-
لۇپ ئورنىدا پايدىلانغان. شىر، يولۋاس قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلارنىڭ
تاش ھەيكەللىرىنى ئويۇپ، كۆۋرۈكلەرنىڭ بېشىغا، مۇھىم ئورۇنلار-
نىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا، بانكا قاتارلىق پۇل مۇئامىلە ئورۇنلىرىنىڭ
مەيناسىغا تىكلەپ قويۇش ئەھۋالى ھازىرمۇ مەۋجۇت بولۇپ، بۇ خىل
قاراش دەل قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ «يامانلار قورقىسىمۇ، ياخشىلار
ئەيمىنەر» دېگەن مەقسەتتىكى ئىپتىدائىي ئاڭ ۋە ئىمتىياز قارىشىنىڭ
ئۆزگەرگەن شەكلىدۇر.

ئىنسانلار مەھەللە - كەنت شەكلىدىكى ئولتۇراقلىشىش دەۋرىگە
قەدەم قويغان دەۋرلەردە قۇلۇپ كەشىپ قىلىنغان. شۈبھىسىزكى،
بۇ دەۋرلەردە ئىشىكلەرگە بېكىتىلىدىغان قۇلۇپ ياغاچتىن ياسالغان.
چۈنكى، ئىنسانلارنى گەرچە بۇ مەزگىللەردە برونزا (يېشىل مىس)
ۋە تۆمۈر قاتارلىق مېتاللارنى بايقىغان دەپ قارىساقمۇ، لېكىن بۇ
خىل نەرسىلەر يەنىلا ھەممە ئادەم تەڭ ئېرىشەلەيدىغان نەرسىلەر
ئەمەس، بەلكى قىممەت باھالىق بېزەك بۇيۇملىرىنى، ئۇرۇش قورال-
لىرىنى ۋە باشقا خاتىرە بۇيۇملارنى ياساش ئۈچۈنلا ئىشلىتىلىدىغان

ئەرسىلەر بولغان. ئىنسانلار پەقەت ھەممە ئادەم ئېرىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالايدىغان ياغاچنى ئاساسىي ماتېرىيال قىلىپ، مېتالدىن ياسالغان پىچاق قاتارلىق ئەسۋابلارنىڭ ياردىمىدە ياغاچ قۇلۇپ ياساپ ئىشلەتكەن، تېخنىكا تەلىپى نىسبەتەن يۇقىرى بولغان مېتال قۇلۇپلار ياسالغان دەپ قارىغاندىمۇ، ئومۇملاشقان ئەمەس.

قەدىمكى خەنزۇ تىلىدا جىيەن «楗» خېتىنى قۇلۇپ، يۈ «籥» خېتىنى ئاچقۇچ، دەپ چۈشەندۈرىدۇ ھەمدە رىۋايەتلەردە بۇ خىل نەرسىنى ئەمىنىيە دەۋرى (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 770- يىلىدىن 476- يىلىغىچە) دە لۇ بەگلىكىدە ياشىغان گوڭ شۇبەن (لۇبەن) «鲁班» ياغاچچىسى ياسىغان ئىكەن دەپ چۈشەندۈرىدۇ.

ھازىرقى قۇلۇپنىڭ ئاساسىنى ئەنگلىيىلىكلەر ياراتقان. XVIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئەنگلىيىلىك بىر تۆمۈرچى ئىچىدە پۇرژىنا يوق ئىلمەكلىك تۆمۈر قۇلۇپنى ياسىغان. XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە ئامېرىكىلىق رەسسام شاۋنىروس بۇ خىل قۇلۇپنى ئىسلاھ قىلىپ، ئىچىگە پۇرژىنا بېكىتىپ تېخىمۇ ئىلغارلاشتۇرغان، بۇ خىل قۇلۇپ ھازىرمۇ ئومۇميۈزلۈك ئىشلىتىلمەكتە. پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ بۈگۈنكى كۈندە، يەنە ھەر خىل شەكىلدىكى ئىلغار ئېلېكترون قۇلۇپلارمۇ پەيدا بولدى.

ئەڭ بۇرۇنقى ئىپتىدائىي ياغاچ قۇلۇپلارنىڭ بىر خىل شەكلى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدىمۇ كەڭ ئومۇملاشقان ۋە يېقىنقى زامانغىچە ئىشلىتىلىپ كېلىنگەن. بۇ خىل ياغاچ قۇلۇپنى ئۇيغۇرلار «لوك①» دەپ ئاتىغان بولۇپ، بۇ خىل قۇلۇپنىڭ چوڭ - كىچىك شەكىللىرى ھازىر جەنۇبىي شىنجاڭ، بولۇپمۇ قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ چەت يېزا - قىشلاقلىرىدىكى ناھايىتى ئاز ساندىكى ئائىلىلەردە ساقلىنىپ قالغان. 1999- يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك مۇزېي خەلق ئارىسىدىن

① بۇ خىل قۇلۇپ بىر قىسىم جايلاردا «كىلىتان» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

مەدەنىيەت تىپىدىكى ئۆرپ - ئادەت بۇيۇملىرىنى يىغىۋالغاندا، بۇ خىل قۇلۇپتىن بىرنەچچىنى قەشقەرنىڭ يېڭىشەھەر ناھىيىسى تەۋەلىكىدىن تېپىپ كەلگەن، بەختاخۇن ئىسىملىك دېھقاندىن سېتىۋالغان.

لوك ياساش ئۈچۈن ئادەتتە چىلان، ياڭاق، ئامۇت، ئۈجمە، توغراق قاتارلىق ئاسان چىرىمەيدىغان، سۈپىتى يۇقىرى دەرەخلەرنىڭ ياش غولى ماتېرىيال قىلىنغان. لوكلارنىڭ ئۇزۇنلۇقى 25 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 15 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 15 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، چىرايلىق چاسىلاپ ياسالغان ياغاچنىڭ قورساق قىسمىدىن تۆت چاسا ھالەتتە ئاچقۇچ تۆشۈكچىسى ئويۇلىدۇ، لوكنىڭ قورساق قىسمىدا ئاچقۇچ چىشى چۈشىدىغان، لوكنىڭ قورساق قىسمىدا تۇرىدىغان يېرىم نور شەكىللىك لوك ۋاسىسى بولۇپ، ئاچقۇچ ئارقىلىق لوك ۋاسىسىنى لوكنىڭ سول يان تەرىپىدىكى ئۇچۇق تۆشۈك سىرتىغا ۋە لوكنىڭ ئىچكى تەرىپىگە ئەركىن ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ئىشىكنى تاقاشقا، ئېچىشقا بولىدۇ. لوكنىڭ ئاچقۇچىمۇ ياغاچتىن ياسالغان بولۇپ، ئاچقۇچنىڭ چىشلىرى قانچە كۆپ، ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى قانچە مۇرەككەپ بولسا، لوكمۇ شۇنچە پۇختا ۋە بىخەتەر بولغان بولىدۇ. لوك ئەمەلىي ئىقتىدارى جەھەتتىن ھويلا - ئارامىلارنىڭ تاق قاناتلىق ۋە قوش قاناتلىق ئىشىكلىرىنى پەقەت سىرتتىن تاقاشقىلا ماس كېلىدىغان قۇلۇپ بولۇپ، تاق قاناتلىق ئىشىكلەردە ئىشىكنىڭ ئېچىلىش تەرىپىدىكى تامنىڭ ئىچىگە ئورنىتىلىپ، تامدىن ئاچقۇچ سېلىش ئۈچۈن لوكنىڭ قورساق قىسمىغا ئۇدۇل قىلىپ ئادەمنىڭ قولى پاتقۇدەك تۆشۈك قويۇلىدۇ. قوش قاناتلىق ئىشىكلەردە بولسا لوك ئۇيۇل ھالەتتە ياكى كىرىشتۈرۈلگەن ھالەتتە ياسىلىپ، ئىشىكنىڭ سول قانات ياغىچى ئىچىگە بېكىتىلىپ، لوكنىڭ ۋاسىسى (تاقاق چىشى) ئاچقۇچ ئارقىلىق ئىشىكنىڭ ئوڭ قانات گىرۋىكىگە ئېچىلغان تۆشۈككە كىرگۈزۈۋېتىلسىلا ئىشىك مەھكەم تاقىلىپ، ئاچقىلى بولمايدۇ. ناۋادا ياغاچ قۇلۇپ (لوك) نىڭ ئاچقۇچى ئېھتىياتسىزلىقتىن يوقاپ كەتسە، تامنى چېقىشقا ياكى ئىشىكنى بۇزۇشقا توغرا كېلىدۇ.

لوكنىڭ ياسىلىشى ناھايىتى ئاددىي ھەم قوپال بولىدۇ، ئەمما ئۇ قەدىمكى زامان ئۇچۇن ئېيتقاندا ئىنتايىن ئىلغار بىخەتەرلىك ئەسۋابى بولۇپ، ئۇسۇل جەھەتتىن ھازىر كىشىلەر كەڭ دائىرىدە ئىشلىتىۋاتقان بىخەتەر قۇلۇپ (ئەنسۇ) نىڭ ياسىلىشىغا ئوخشاپ كې-تىدۇ.

لوك سۆزىنىڭ مەنىسىگە كەلسەك، ئىنگلىز تىلىدا ھەرقانداق نەرسىنىڭ قۇلۇپىنى «Look» (لوك) تىن ئىبارەت ئىسىم ۋە پېئىل بولۇپ كېلىدىغان سۆز بىلەن ئىپادىلەيدۇ. ئۇيغۇرلار بولسا پەقەت ياغاچ قۇلۇپنىلا «لوك» دەپ ئاتاپ، ئۇنىڭدىن باشقىلىرىنى «قۇلۇپ» دەپ ئاتايدۇ. ئىككى خىل تىل ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تىلشۇ-ناسلارنىڭ تەتقىق قىلىپ بېقىشى زۆرۈر.

خۇلاسىلەپ ئېيتقاندا، قۇلۇپنىڭ ئىنسانلار جەمئىيىتى خۇسۇ-سىي مۈلۈكچىلىك دەۋرىگە قەدەم قويغان زامانلاردا كەشىپ قىلىنغان مەدەنىيەت بۇيۇمى ئىكەنلىكى ئېنىق. لېكىن، دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەت ۋە رايونلارنىڭ خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك دەۋرىگە قەدەم قويغان ۋاقتى ئوخشاش ئەمەس. ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىق بۇيۇملىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى ۋە ئېپتىدائىي مەدەنىيەت ئىزلىرىنى ئۇنىۋېرسال تەھلىل قىلغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىككە قەدەم قويغان دەۋ-رىنى تەخمىنەن بۇنىڭدىن 3500 يىل ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە توغرا كېلىدۇ دەپ قاراشقا بولىدۇ. مۇشۇ نۇقتىغا ئاساسلانغاندا، قەشقەر-دىن تېپىلغان ياغاچ قۇلۇپ (لوك) نى ئۇيغۇرلار يىراق قەدىمكى زامانلاردىن باشلاپلا بىخەتەرلىك بۇيۇمى سۈپىتىدە ياساپ ئىشلەتكەن مىللىي ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە ماددىي فولكلور بۇيۇمى دەپ قاراشقا بولىدۇ.

## توگمەن

توگمەن ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ مۇھىم كەشپىياتلىرىنىڭ بىرى. ئىنسانلار يېڭى تاش قورال مەدەنىيىتى دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللە-

رىدە تەدرىجىي ھالدا ئۆزلىرىنىڭ ئۆڭكۈر مەدەنىيەتلىرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، يايلاق، دالا ۋە تۈزلەڭلىكلەرگە كۆچۈپ تېرىم ھاياتىنى باشلىغان دەۋرلەردە پەيدا بولغان. چۈنكى، ئىنسانلار دانلىق زىرائەتلەرنى تېرىشنى بىلگەن، دېھقانچىلىق مەدەنىيەت باسقۇچىغا قەدەم قويغان زامانلاردىلا، ئاندىن ئۆزلىرى تېرىپ ئۆستۈرگەن ئاساسلىق ئوزۇقلۇق مەھسۇلاتى بولغان دانلىق زىرائەتلەردىن كۆممىقوناق، بۇغداي، ئارپا، تېرىق قاتارلىقلارنىڭ دانلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ئېھتىياجىنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن تۈگمەننى كەشىپ قىلغان دەپ قىياس قىلىشقا بولىدۇ. 1979- يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ خادىملىرى لوپنۇر كۆلى ئەتراپىدىكى قەدىمكى قەبرىلەردە قېزىش ئېلىپ بېرىپ، قەبرە ئىچىگە مېيىتلار بىلەن بىرگە ھەمدەپنە بۇيۇملار قاتارىدا چىغدىن توقۇلغان سېۋەت ئىچىگە سېلىپ كۆمۈلگەن بۇغداي دانچىلىرىنى تاپقان. بۇغداي دانچىلىرىنىڭ $C_{14}$ بىلەن تەكشۈرۈلۈپ ئېنىقلانغان يىل تارىخى 6412 ± 117 يىل بولۇپ چىققان①. مەھمۇد قەشقەرى يازغان مەشھۇر يازما يادىكارلىق «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ 121-، 528-، 551-، 592-، 628- بەتلىرىدىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى خېلى بۇرۇنقى زامانلاردىلا بۇغداي ئۇنى بىلەن ياسىغان تاماق تۈرىنىڭ ئون خىلدىن ئاشىدىغانلىقىنى، توقاچ، گىردە، ئەبجەش نان، قاتلىما، كۆمەچ، پوشكال، لەگمەن قاتارلىق تائاملاردىن باشقا يەنە كۆپ خىل تائام تۈرلىرىنىڭمۇ بارلىقى كۆرسىتىلگەن. بۇ پاكىتلار ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدە ياشىغان قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ بۇنىڭدىن 3000 يىل ئىلگىرىكى دەۋردىلا چارۋىچىلىقتىن باشقا، يەنە دېھقانچىلىق مەدەنىيىتىنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇپ، قوناق، بۇغداي، ئارپا، تېرىق قاتارلىق دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ دانلىرىدىن تۈرلۈك تائاملارنى ياسىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

① ئابلىز مۇھەممەت سايرامى: «ئۇيغۇر مەدەنىيەت - سەنئىتىگە دائىر ماقالىلەر» 1999- يىلى نەشرى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى. (ئۇيغۇرچە).

قەشقەر رايونىغا نىسبەتەن ئېيتقاندىمۇ، كونىشەھەر ناھىيىسى-نىڭ ئوپال يېزىسىدىكى ئاقدالا ئىزىدىن ۋە قىرغىز يولىنىڭ بېشى، خوجا قونار دەپ ئاتىلىدىغان يېڭى تاش قورال مەدەنىيىتىگە مەنسۇپ ئىزلاردىن تېپىلغان دېھقانچىلىق سايمانلىرىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان تاش ئورغاق، تاش كەتمەن، تاش پىچاق، ئىگەرسىمان تاش يارغۇنچاق قاتارلىق بۇنىڭدىن 3000 يىل ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە مەنسۇپ تاش قوراللار تېپىلىپ، قەشقەر بوستانلىقىدا ياشىغان قەدىمكى ئەجدادلى-رىمىزنىڭ خېلى بۇرۇنقى زامانلاردىن باشلاپلا دېھقانچىلىق مەدەنىيى-تىگە قەدەم قويغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى.



توگمەن

يارغۇنچاق توگمە-نىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئىپتى-دائىي شەكلى بولۇپ، ئىن-سانلار ئەڭ دەسلەپتە ئىگەر-سىمان تاش يارغۇنچاقلاردىن پايدىلىنىپ زىرائەت دانلىرى-نى ئېزىپ ئۇن قىلغان. كېيىنچە تاغ قاپتاللىرىدىن تاش كېسىپ، قول بىلەن ھەرىكەتلەندۈرىدىغان يۇمىلاق يارغۇنچاقلارنى ياسىغان ۋە ئۇنى بىر مەھەللە ياكى بىر ئائىلىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم مۈلكى قاتارىدا ساقلىغان. بۇ خىل يارغۇنچاقلار قەشقەر تەۋەسىدىكى بىر قىسىم ئاھالىلەردە ھازىرمۇ ناھايىتى ئاز ساندا ساقلىنىپ كەلمەكتە. يارغۇنچاقلارنىڭ دانلىق زىرائەتلەرنى ئېزىشتە ئۈنۈمى تۆۋەن، يانجىل-غان ئۇنلارنىڭ سۈپىتى ياخشى بولماسلىق ۋە ئادەم كۈچى ئىسراپ بولۇشىدەك سەۋەبىدىن، ئەقىللىق ئەجدادلىرىمىز يارغۇنچاقنى سۇ كۈ-چى بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان توگمەنگە تەرەققىي قىلدۇرغان.

توگمەن دۇنيا خاراكتېرىنى ئالغان ئىپتىدائىي كارخانا بولۇپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئوخشاش بولمىغان شەكىللەردە مەۋجۇت

رىدە تەدرىجىي ھالدا ئۆزلىرىنىڭ ئۆڭكۈر مەدەنىيەتلىرىنى ئاخىرلاش-
تۇرۇپ، يايلاق، دالا ۋە تۈزلەڭلىكلەرگە كۆچۈپ تېرىم ھاياتىنى
باشلىغان دەۋرلەردە پەيدا بولغان. چۈنكى، ئىنسانلار دانلىق زىرائەت-
لەرنى تېرىشنى بىلگەن، دېھقانچىلىق مەدەنىيەت باسقۇچىغا قەدەم
قويغان زامانلاردىلا، ئاندىن ئۆزلىرى تېرىپ ئۆستۈرگەن ئاساسلىق
ئوزۇقلۇق مەھسۇلاتى بولغان دانلىق زىرائەتلەردىن كۆممىقوناق،
بۇغداي، ئارپا، تېرىق قاتارلىقلارنىڭ دانلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش
ئېھتىياجىنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن تۈگمەننى كەشىپ قىلغان دەپ
قىياس قىلىشقا بولىدۇ. 1979- يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون-
لۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ خادىملىرى لوپنۇر كۆلى
ئەتراپىدىكى قەدىمكى قەبرىلەردە قېزىش ئېلىپ بېرىپ، قەبرە ئىچىگە
مېيىتلار بىلەن بىرگە ھەمدەپنە بۇيۇملار قاتارىدا چىغدىن توقۇلغان
سېۋەت ئىچىگە سېلىپ كۆمۈلگەن بۇغداي دانچىلىرىنى تاپقان. بۇغداي
دانچىلىرىنىڭ $C_{14}$ بىلەن تەكشۈرۈلۈپ ئېنىقلانغان يىل
تارىخى 6412 ± 117 يىل بولۇپ چىققان[1]. مەھمۇد قەشقەرى يازغان
مەشھۇر يازما يادىكارلىق «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ 121-، 528-،
551-، 592-، 628- بەتلىرىدىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ مىلادىيەدىن ئىلگى-
رىكى خېلى بۇرۇنقى زامانلاردىلا بۇغداي ئۇنى بىلەن ياسىغان تاماق
تۈرىنىڭ ئۇن خىلدىن ئاشىدىغانلىقىنى، توقاچ، گىردە، ئەبجەش
نان، قاتلىما، كۆمەچ، پوشكال، لەڭمەن قاتارلىق تائاملاردىن باشقا،
يەنە كۆپ خىل تائام تۈرلىرىنىڭمۇ بارلىقى كۆرسىتىلگەن. بۇ پاكىت-
لار ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدە ياشىغان قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ بۇنىڭ-
دىن 3000 يىل ئىلگىرىكى دەۋردىلا چارۋىچىلىقتىن باشقا، يەنە
دېھقانچىلىق مەدەنىيىتىنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇپ، قوناق، بۇغداي،
ئارپا، تېرىق قاتارلىق دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ دانلىرىدىن تۈر-
لۈك تائاملارنى ياسىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

---

① ئابلىز مۇھەممەت سايرامى: «ئۇيغۇر مەدەنىيەت ـ سەنئىتىگە دائىر ماقالىلەر»، 1999- يىلى نەشرى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، (ئۇيغۇرچە).

قەشقەر رايونىغا نىسبەتەن ئېيتقاندىمۇ، كونىشەھەر ناھىيىسى-نىڭ ئوپال يېزىسىدىكى ئاقدالا ئېرىزىدىن ۋە قىرغىز يولىنىڭ بېشى، خوجا قونار دەپ ئاتىلىدىغان يېڭى تاش قورال مەدەنىيىتىگە مەنسۇپ ئىزلاردىن تېپىلغان دېھقانچىلىق سايمانلىرىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان تاش ئورغاق، تاش كەتمەن، تاش پىچاق، ئىگەرسىمان تاش يارغۇنچاق قاتارلىق بۇنىڭدىن 3000 يىل ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە مەنسۇپ تاش قوراللار تېپىلىپ، قەشقەر بوستانلىقىدا ياشىغان قەدىمكى ئەجدادلى-رىمىزنىڭ خېلى بۇرۇنقى زامانلاردىن باشلاپلا دېھقانچىلىق مەدەنىيى-تىگە قەدەم قويغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى.



توگمەن

يارغۇنچاق توگمەن-نىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئىپتى-دائىي شەكلى بولۇپ، ئىن-سانلار ئەڭ دەسلەپتە ئىگەر-سىمان تاش يارغۇنچاقلاردىن پايدىلىنىپ زىرائەت دانلىرى-نى ئېزىپ ئۇن قىلغان. كېيىنچە تاغ قاپتاللىرىدىن تاش كېسىپ، قول بىلەن ھەرىكەتلەندۈرىدىغان يۇملاق يارغۇنچاقلارنى ياسىغان ۋە ئۇنى بىر مەھەللە ياكى بىر ئائىلىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم مۈلكى قاتارىدا ساقلىغان. بۇ خىل يارغۇنچاقلار قەشقەر تەۋەسىدىكى بىر قىسىم ئاھالىلەردە ھازىرمۇ ناھايىتى ئاز ساندا ساقلىنىپ كەلمەكتە. يارغۇنچاقلارنىڭ دانلىق زىرائەتلەرنى ئېزىشتە ئۈنۈمى تۆۋەن، يانچىل-غان ئۇنلارنىڭ سۈپىتى ياخشى بولماسلىق ۋە ئادەم كۈچى ئىسراپ بولۇشىدەك سەۋەبىدىن، ئەقىللىق ئەجدادلىرىمىز يارغۇنچاقنى سۇ كۈ-چى بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان توگمەنگە تەرەققىي قىلدۇرغان.

توگمەن دۇنيا خاراكتېرىنى ئالغان ئىپتىدائىي كارخانا بولۇپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئوخشاش بولمىغان شەكىللەردە مەۋجۇت

بولغان. ياۋروپادىكى دۆلەتلەردە سۇ كۈچى بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان
تۈگمەنلەردىن باشقا، شامال كۈچى ئارقىلىق ھەرىكەتلىنىدىغان شامال
تۈگمەنلىرىمۇ ياسالغان. ئېلىمىزنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىدا
بولسا سۇ كۈچى ۋە شامال كۈچى بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان تۈگمەنلەر
ناھايىتى ئاز بولۇپ، شارسىمان يوغان تاش ياكى چەمبەر شەكىللىك
يوغان تاشلاردىن ياسالغان، ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ كۈچىدىن پايدىلى-
نىپ ئۇن تارتىدىغان ئائىلىۋى خاراكتېرلىك تۈگمەنلەر ئومۇملاش-
قان. شىنجاڭ تەۋەسىدە بولسا سۇ كۈچىدىن پايدىلىنىپ ھەرىكەتلىنى-
دىغان تۈگمەنلەر ئاساسىي سالماقنى ئىگىلىگەن بولۇپ، بولۇپمۇ تارىم
ۋادىسى ۋە قەشقەر رايونىدا كەڭ دائىرىدە ئومۇملاشقان.

سۇ تۈگمىنى سۇ ئىلمى، مېخانىكا ئىلمى، بىناكارلىق، دېھقان-
چىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، ئىقتىساد ئىلمى قاتارلىق ئىلىملەرنى
ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن نىسبەتەن يۇقىرى سەۋىيىدىكى ئىلمىي
ئىختىرا، كىچىك تىپتىكى كارخانا بولۇپ، كىشىلەر ئۆز تەۋەلىكىدى-
كى سۇيى مول، تۈگمەن قۇرۇشقا ئەپلىك ئورۇنلارنى تاللاپ قۇرۇپ
چىققان. سۇ تۈگمىنى قۇرۇلما جەھەتتىن غولا (°45 يانتۇلۇقتىكى
تۈگمەن نورى)، كويلا (چاقپەلەك جايلاشقان ئورۇن)، ئوق (چاقپە-
لەككە بېكىتىلىدىغان ۋېرتىكال ھالەتتىكى تۆمۈر)، قولاق (ئوقنىڭ
ئۈچىغا بېكىتىلگەن تۈگمەننىڭ ئەركەك تېشىغا، يەنى ئۈستىدىكى
ھەرىكەتچان تاشقا كىرىشتۈرۈلىدىغان ياپىلاق تۆمۈر)، سۆكەن (ئاش-
لىق قاچىلىنىدىغان كونۇس شەكىلدىكى ئاسما ساندۇق)، خامپا
(ئۇن چۈشىدىغان ئازگال)، چېقىلدۇرۇق (بىر ئۇچى سۆكەننىڭ
تۈگمەن تېشىنىڭ يەمخانىسىغا ئۇدۇللانغان تۆشۈكىگە، يەنە بىر ئۇچى
تاش ئۈستىگە تەگكۈزۈلۈپ، سۆكەنگە ئېسىپ قويۇلىدىغان ئەگرى
ياغاچ)، ئەركەك تاش (چۆرگىلەيدىغان تاش)، چىشى تاش (ئەركەك
تاشنىڭ ئاستىغا ئورنىتىلغان مۇقىم تاش)، ئۇگۇزتخانا (تۈگمەن-
نىڭ ئىچىدىكى ئاشلىق بېسىلىدىغان سۇپا) قاتارلىق ئاساسلىق زاپ-
چاس، بۆلەكلەردىن تەركىب تاپىدۇ. تۈگمەنچى ئۇننى يۇمشاقراق

ئارتماقچى بولسا، تۈگمەننىڭ ئەركەك تېشىغا كىرىشتۈرۈلگەن قۇلاق-
نى سەل - پەل چۆكۈرۈپ قويىدۇ. بۇنىڭدا تۈگمەن تېشىنىڭ ئايلى-
نىش سۈرئىتى سەل ئاستىلاپ، ئۇن يۇمشاقراق تارتىلىدۇ. يىرىك-
رەك تارتماقچى بولسا، قۇلاقنى سەل كۆتۈرۈپ، ئەركەك تاش بىلەن
چىشى تاشنىڭ ھەملىشىش دەرىجىسىنى كىچىكلىتىدۇ. بۇنىڭدا ئەر-
كەك تاشنىڭ ئايلىنىش سۈرئىتى تېزلىشىپ، زىرائەت دانلىرى يە-
رىكرەك ئېزىلىدۇ. سۇ تۈگمەنلىرىنىڭ تاشلىرىنىڭ دىئا-
مېتىرى ئادەتتە 1.30 — 1.50 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا، قېلىنلىقى
0.25 — 0.30 سانتىمېتىرغىچە بولىدۇ. 100 كىلوگرام قوناق
ياكى بۇغداينى ئۇنغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن ئىككى سائەت ئەتراپىدا
ۋاقىت كېتىدۇ.

سۇ تۈگمەنلىرىنىڭ سانى «تاش» ئاتالغۇسى بىلەن سانىلىدۇ.
سۇ مەنبەسى كۆپ، يىل بويى سۇ ئۈزۈلمەيدىغان، قاتنىشى قولاي
جايلارغا يوغان تۈگمەن ئۆيى ياسىلىپ، ئىچىگە بىرقانچە تاش تۈگمەن
جايلاشتۇرۇلىدۇ. مەسىلەن، بىر ئۆينىڭ ئىچىگە تۈگمەندىن تۆتنى
ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولسا، بۇ تۈگمەن «تۆت تاش تۈگمەن» دېيىلى-
دۇ. ئەگەر ئۆستەڭ ياكى بۇلاقلارنىڭ سۇلىرى ئازلاپ كەتسە، تۈگ-
مەنچى تۈگمەنلەرنىڭ خالىغان بىرنەچچىسىنىڭ نورىنى توسۇۋېتىپ،
سۇ كۈچىنى توپلاپ، باشقا نورغا باشلاش ئارقىلىق مەشغۇلات ئېلىپ
بېرىۋېرىدۇ.

سۇ تۈگمىنىنىڭ ئومۇملىشىشى بىلەن ھەرقايسى يۇرتلاردا تاش-
چىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار شەكىللىنىپ، تاغ قاپتاللىرىدىن
كېسىپ كەلگەن تۈگمەن تاشلىرىنى بازارلاردا ساتقان، بۇنىڭ بىلەن
مەخسۇس تاش سودىسى قىلىدىغان بازارلار شەكىللەنگەن. ھازىر يە-
كەن، يېڭىسار، قەشقەر شەھىرىدىكى «تاش بازىرى» دەپ ئاتىلىدىغان
كوچا - بازارلار ئىلگىرى دەل تۈگمەن تېشى سېتىلىدىغان جايلار
ئىدى. ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى بىلەن مەشغۇلات ئېلىپ بېرىلىدىغان
زامانىۋى ئۇن تارتىش زاۋۇتلىرى ئومۇملىشىشتىن ئىلگىرى، ھەرقاي-

سى جايلاردىكى تاش بازارلىرىدا سېتىلىدىغان تۈگمەن تاشلىرىنىڭ
دانىسىنىڭ باھاسى ئەڭ تۆۋەن بولغاندا 200 يۈەن، يۇقىرى بولغاندا
نەچچە 1000 يۈەن بولغان. قەشقەردە تۈگمەن تاشلىرىنىڭ ئەڭ داڭلى-
قى يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدىكى «تاشچى» دەپ
ئاتىلىدىغان جايدىن قېزىلغان بولۇپ، بۇ يەردىن قېزىۋېلىنغان ئاق
رەڭدىكى سۈپەتلىك تۈگمەن تاشلىرى قەشقەرنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا
ئاپىرىپ سېتىلغان. بۇ جايدا ھازىرمۇ تاشچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىد-
ىغانلار بار.

قەشقەردە سۇ تۈگمىنى ئازادلىقتىن ئىلگىرى ناھايىتى كاتتا
خۇسۇسىي مۈلۈك ھېسابلانغان. پۇلدار بايلار، يەر ئىگىلىرى، يۇرت
كاتتىلىرى سۇ مەنبەلىرى ۋە تۈگمەن قۇرغىلى بولىدىغان جايلارنى
مونوپول قىلىۋېلىپ، خۇسۇسىي تۈگمەنلەرنى قۇرۇش ئارقىلىق بېيى-
غان. ھاجەتمەنلەرنى ئۆزىگە يېلىندۇرۇش، تۈگمەنلىرىدە نۆۋەت بەر-
مەي بىرنەچچە كۈن قوندۇرۇش، سۇ ياقىلىغىلى سېلىش بىلەن پە-
خىرلەنگەن. تۈگمەنلەرمۇ ئاشۇنداق كىشىلەرنىڭ نامى بىلەن «پالانى
باينىڭ تۈگمىنى»، «پوكۇنى تۆرەمنىڭ تۈگمىنى» دەپ ئاتالغان.
ئازادلىقتىن كېيىن، ھەرقايسى يۇرتلاردىكى بايلار قۇرغان سۇ تۈگ-
مەنلىرىنىڭ ھەممىسى مۇسادىرە قىلىنىپ، كوممۇنانىڭ ئورتاق مۈل-
كى قاتارىدا كەنت، مەھەللىلەرنىڭ ئىشلىتىشىگە بۆلۈپ بېرىلگەن.

قەشقەرنىڭ بىر قىسىم جايلىرىدا يەنە ئۆستەڭلەردىكى ئېقىن سۇ
مىقدارىنى تۈگمەننىڭ سانىنى بىلدۈرىدىغان «تاش» ئاتالغۇسىدا ئۆل-
چەيدىغان ئادەتلەرمۇ بار. ئۆستەڭگە بىر تۈگمەننى چۆرگىلىتەلىگۈ-
دەك سۇ كەلگەن بولسا «بىر تاش سۇ»، ئۈچ تۈگمەننى چۆرگىلىتەلى-
گۈدەك سۇ كەلگەن بولسا «ئۈچ تاش سۇ» كەلدى ياكى بار دەپ
ئاتايدۇ. يەنە بىر قىسىم يەر ناملىرىمۇ تۈگمەن بىلەن باغلىنىشلىق
بولۇپ، «تۈگمەن بېشى مەھەللىسى»، «لاي تۈگمەن»، «ئۈچ تاش»
دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتىلىدۇ. بۇلاردىن باشقا، ئۇيغۇر خەلق قو-
شاقلىرىدا، چۆچەك، رىۋايەتلىرىدە ۋە ماقال-تەمسىللىرىدىمۇ تۈگمەنگە

مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارمۇ خېلى كۆپ. مەسىلەن، «دۇمبىسى قىچىشقان ئېشەك تۈگمەنگە بېرىپتۇ»، «بارمايمەن دېگەن تۈگمەنگە يەتتە قېتىم بېرىپتۇ»، «تۈگمەن بىر ئايلانغۇچە ئىگىسى يۈز ئايلىنار»؛ يەنە:

ھەر بالالەر كېلىدۇ،
ئوغۇل بالانىڭ بېشىغا.
سايدا تۈگمەن چۆرگىلەيدۇ،
كۆزدىن ئاققان ياشىغا...

دېگەنلەرگە ئوخشاش.

قىسقىسى، سۇ تۈگمىنى دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىغا ئوخشاشلا ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىغىمۇ كەڭ ئومۇملاشقان ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت بولۇپ، يارغۇنچاق ئىشلىتىلگەن دەۋرلەرنى قوشمىغاندا، بۇنىڭدىن 10 نەچچە ئەسىر بۇرۇنلا قەشقەر بوستانلىقىدىمۇ سۇ تۈگمىنى پەيدا بولۇپ، ھازىرقى زامانغىچە داۋاملاشقان دېيىشكە بولىدۇ. گەرچە يارغۇنچاق ۋە سۇ تۈگمەنلىرىگە ئوخشاش ئىپتىدائىي ئۇن تارتىش كارخانىلىرىنىڭ ئورنىنى ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان ئىلغار زامانىۋى كارخانىلارنىڭ ئىگىلىشى تارىخىي مۇقەررەرلىك بولسىمۇ، لېكىن سۇ تۈگمىنى يەنىلا خەلقنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلمەيدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ فولكلور بايلىقلىرى دۇنياسىدا مەڭگۈ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.

## جۇۋاز

جۇۋازچىلىق كەسپىمۇ تۈگمەنچىلىككە ئوخشاشلا ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدا قەدىمدىن بۇيان مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان ئىگىلىك شە-

شەكىللىرىنىڭ بىرى. بىز ئۇيغۇرلاردا خېلى كەڭ دائىرىدە ئومۇملاشقان سۇ تۈگمىنىنىڭ ئۇيغۇرلار مۇقىم ئولتۇراق ھالەتتىكى تېرىم مەدەنىيەت شەكلىگە قەدەم قويغان زامانلاردا ئىختىرا قىلىنغان، تاشتىن ياسالغان كىچىك تىپتىكى يارغۇنچاقلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ ياساپ چىققان، سۇ كۈچىدىن پايدىلىنىپ دانلىق زىرائەتلەرنى ئۇنغا ئايلاندۇرىدىغان پىششىقلاپ ئىشلەش قورۇلمىسى ئىكەنلىكىنى قىياس قىلالايمىز، لېكىن جوۋازدىن ئىبارەت ياغاچ ماتېرىياللار ۋە ھايۋانلارنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ، ياغلىق دان زىرائەتلىرىنىڭ تەركىبىدىكى ئۆسۈملۈك يېغىنى ئاجرىتىپ چىقىرىدىغان ئاددىي مېخانىك قورۇلمىنىڭ قايسى زامانلاردا پەيدا بولۇپ ئىشلىتىلىشكە باشلانغانلىقىنى بىلمەيمىز. بۈگۈنگىچە ئىنسانلارنىڭ ياغلىق دانلىق ئۆسۈملۈكلەرنى قايسى ۋاقىتلاردىن باشلاپ ئۆستۈرۈشكە باشلىغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ تەركىبىدىكى ياغلارنى قانداق بايقاپ، ئۇنى ئەڭ دەسلەپ قايسى خىل ئۇسۇللاردا ئايرىۋالغانلىقى توغرۇلۇق ھېچقانداق يازما خاتىرە ياكى ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشلار تېپىلمىدى.



جوۋاز

جوۋازچىلىق كەسپى تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇب بۆرجەكىگە جايلاشقان قەشقەر بوستانلىقىنىڭ يېزا-بازار، قىشلاقلىرىدىمۇ خېلى كەڭ ئومۇملاشقان مىللىي ئىگىلىك شەكىللىرىنىڭ بىرى. پەن-تېخنىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئېلېكتر ئېنېرگىيىسىدىن پايدىلىنىپ ھەرىكەتلىنىدىغان زامانىۋى ياغ ئايرىش زاۋۇتلىرىنىڭ ئومۇملىشىشى بىلەن ئەنئەنىۋى جوۋازچىلىق كەسىپلىرى شاللىنىپ، ئاساسەن يوقىلىشقا قاراپ يۈزلەندى.

جۆۋاز قۇرۇلما جەھەتتىن گۈندا (قازان دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، ئوق، قايچا، تارتقۇ، بۆك، بويۇنتۇرۇق قاتارلىق بۆلەكلەردىن تەركىب تاپىدۇ. ھەرقايسى بۆلەكلەر ئۆز ئارا زىچ باغلانغان بولىدۇ. جۆۋازنىڭ گۈندىسى ئايلانمىسى 2 مېتىر ئەتراپىدا كېلىدىغان قورۇق ھالەتتىكى قاپاق تېرەك غولىدىن ياكى باشقا خىلدىكى ئاسان يېرىلىپ كەتمەيدىغان ياغاچلارنىڭ غوللىرىدىن تاللىنىپ، غولىنىڭ ئوچىغا 40 ~ 50 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا، ئېغىزىنىڭ دىئامېتىرى 35 ~ 40 سانتىمېتىر چوڭلۇقتا ئۆرۈك ياغىچىدىن ياسالغان ئىچى كاۋاك باچكا ئورنىتىلىدۇ. گۈندىنىڭ ئايلانمىسى رېزىنكە ياكى قەلەي تاسمىلار بىلەن تېڭىلىپ پۇختىلىنىدۇ. گۈندىنىڭ باچكا ئورنىتىلغان تەرەپ گىرۋىكىگە ياغلىق دانلارنى قورشاپ تۇرىدىغان 10 سانتىمېتىر ئېگىزلىكتە گىرۋەك چىقىرىلىدۇ. گۈندىنىڭ باچكا ئورنىتىلغان ئۈستى قىسمىنىڭ ئايلانمىسى ئاستى قىسمىدىن بىر ھەسسە چوڭ بولىدۇ. گۈندىنىڭ ئېگىزلىكى 150 سانتىمېتىر ئۆپچۆرىسىدە بولۇپ، ئۇنىڭ 60 سانتىمېتىر قىسمى يەرگە كۆمۈلۈپ، قۇم، شېغىللار بىلەن مۇقىملاشتۇرۇلىدۇ. جۆۋازنىڭ قايچا قىسمى گۈندىنىڭ ئايلانمىسىنى قىسىپ تۇرالىغۇدەك چوڭلۇقتىكى ئاچىماق (قايچا شەكىللىك) ئامۇت ياغىچى ياكى ئۈجمە قاتارلىق دەرەخلەرنىڭ ياغاچلىرىدىن تاللىنىپ، مۇۋاپىق ھالەتتە ئىش قوشۇلغاندىن كېيىن گۈندىغا مىنگەشتۈرۈلىدۇ. قايچىنىڭ كۆتەك قىسمىغا تىك ھالەتتىكى تارتقۇ بېكىتىلىدۇ. تارتقۇنىڭ ئۈستى ئۇچى 150 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئۆرۈك ياكى ئۈجمە غولىدىن ياسالغان، ئاستى يوغان توقماق شەكىللىك، ئۈستى ئىنچىكە قىلىنىپ سىلىقلانغان جۆۋاز ئوقىنىڭ ئۇچىغا بېكىتىلگەن بۆككە چېتىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن گۈندىنىڭ باچكا قىسمىغا كىرگۈزۈلگەن جۆۋاز ئوقى 80° لۇق قىيپاش ھالەتكە كېلىدۇ. تارتقۇ بۆك ئارقىلىق جۆۋازنىڭ قايچىسى بىلەن ئوقنى بىر - بىرىگە باغلاپ بىسىم پەيدا قىلىش رولىنى ئوينايدۇ. تارتقۇنىڭ مۇۋاپىق قىسمىغا ئۆكۈزنىڭ بوينىغا سېلىنىدىغان توغرا ھالەتتىكى بويۇنتۇرۇق ئورۇن-

لاشتۇرۇلىدۇ.

جۇۋازنى چۆرۈيدىغان ئۆكۈزنىڭ كۆزى تېڭىلىپ، بوينىغا بويۇن-تۇرۇق سېلىنىپ، جۇۋازچى ئۆكۈزنى ھەيدەشكە باشلىغاندا جۇۋاز رەسمىي مەشغۇلاتقا كىرىشكەن بولىدۇ. بۇ چاغدا جۇۋازنىڭ ئوقىغا تېخىمۇ كۈچلۈك بېسىم چۈشۈرۈش ئۈچۈن، جۇۋازچى تارتقۇنىڭ يان تەرىپىگە ئېغىرلىقى تەخمىنەن 90 ~ 80 كىلوگرام ئەتراپىدىكى قوم قاچىلانغان تاغار ياكى يوغان قورام تاشنى بېسىپ قويىدۇ. جۇۋازچى ئۆكۈزنى ھەيدىگەندە جۇۋازنىڭ گۈندا قىسمىدىن باشقا بۆلەكلەرنىڭ ھەممىسى تەڭ ھەرىكەتلىنىدۇ. جۇۋازچى ئىلمان سۇ بىلەن نەمدەلگەن ياغلىق دانلارنى مۇۋاپىق مىقداردا گۈندىنىڭ ئۈستى قىسمىغا تۆكۈپ، ئۇنى قولى ئارقىلىق جۇۋاز ئوقىنىڭ ئەتراپىغا ئىتتىرىپ ئايلىنىپ ماڭىدۇ، بىر تەرەپتىن ئاجرىلىپ چىققان كۇنجۇرىلەرنى جۇۋازخانا ئىچىگە ياسالغان كۇنجۇرە ئوقۇرىغا تاشلايدۇ. ياغلىق دانلاردىن ئايرى-لىپ چىققان ئۇسۇملۇك ياغلىرى ئوقنىڭ ئاستىنقى قىسمىدىكى تۆ-شۈك ئارقىلىق گۈندىنىڭ قورساق قىسمىغا جايلاشتۇرۇلغان ياغ قاپ-قىغا توختىماي ئېقىپ چۈشىدۇ. جۇۋاز ئارقىلىق ياغ ئايرىلىدىغان ياغلىق دانلار زىغىر، قىچا، زاراڭزا، كەندىر، چىگىت، ئاپتاپپە-رەس، ئۆرۈك مېغىزى، شاپتۇل مېغىزى، قوغۇن - تاۋۇزلارنىڭ ئۇرۇقلىرى، خاسىڭ مېغىزى، دادۇر قاتارلىقلار بولۇپ، بۇلارنى خام ئەشيا قىلىپ جۇۋازدا تارتىلغان ياغلار سۈزۈك، سۈپەتلىك، ساپ، زەھەرسىز بولىدۇ. ئادەتتە ھەر 10 كىلوگرام ياغلىق داندىن (ياغ تەركىبى جىقراقلىرىدىن كۆپرەك چىقىدۇ) 2.5 كىلوگرام سۈپەتلىك ياغ ئاجرىلىپ چىقىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىككى سائەت ئەتراپىدا ۋاقىت كېتىدۇ. قىش كۈنلىرى ھاۋا سوغۇق بولغانلىقتىن، ياغنىڭ كېمە-يىپ كەتمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئادەم ۋە ئۆكۈزنى نۆۋەتلەشتۈرۈپ دەم ئالدۇرۇپ مەشغۇلات ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، جۇۋازنى كېچە - كۈندۈز توختاتماي ھەيدەشكە توغرا كېلىدۇ. ياز كۈنلىرى ھاۋا ئىسسىق، كۈن ئۇزاق بولغاچقا، كۈندۈزى ھەيدەپ،

كېچىسى دەم ئالىدۇ. ئەجدادلىرىمىز جۇۋازدىن ئىبارەت ئەنئەنىۋى مېخانىك قۇرۇلمىدىن پايدىلىنىپ، تۇرمۇشىغا لازىملىق بولغان ئوزۇقلۇق ياغلىرىنى ۋە يېقىلغۇ ياغلىرىنى ئاجرىتىپ چىقىرىش ئارقىلىق ئۇنىڭدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان.

جۇۋاز ئەنە شۇنداق مۇۋاپىق كۆلەمدىكى بىر ئۆينىڭ ئىچىگىلا ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان ئاددىي كارخانا. ئازادلىقتىن ئىلگىرى جۇۋازمۇ خۇددى سۇ تۈگمەنلىرىگە ئوخشاشلا يۇرت كاتتىلىرىنىڭ، بايلارنىڭ ئىلكىدىكى خۇسۇسىي مۈلۈك بولغان. سوتسىيالىستىك ئىجتىمائىي تۈزۈم ئورنىتىلىپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىپ، شەخسلەرنىڭ ئىلكىدىكى جۇۋازلار مۇسادىرە قىلىنىپ، كوممۇنانىڭ ئورتاق مۈلكى ھېسابىدا مەھەللە، كەنتلەرنىڭ كوللېكتىپ ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن، كەنت قوتانلىرىدا مەخسۇس جۇۋازغا قېتىلىدىغان بىرنەچچە تۇياق ئۆكۈزلەر ئالاھىدە بېقىلغان، جۇۋازخانىلارغا مەخسۇس جۇۋازچىلار قويۇلغان.

جۇۋازدىن ئىبارەت بۇ ئەنئەنىۋى فولكلور بايلىقىنىڭ يوقىلىشىغا ئەگىشىپ، ئۇنىڭ قۇرۇلمىسى كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. ھازىر چەت - ياقا يۇرتلاردا ئاز ساندا ساقلىنىپ قالغان كونا جۇۋازلاردىن باشقا، جۇۋاز ياساشنى بىلىدىغان ئۇستىكارلارنى تاپقىلى بولمايدۇ. شۇڭا، بۇ خىلدىكى ئۇيغۇرلاردا ئۇزاق زامان مەۋجۇت بولغان ئەنئەنىۋى كارخانىلارنىڭ خاتىرىسىنى قالدۇرۇپ قويۇش ۋە ئۇنى قوغداپ قېلىش تولىمۇ ئەھمىيەتلىك ئىشتۇر.

## ئەلنەغمە سەنئەتلىرى

ئۇيغۇرلارنىڭ مۇزىكا، كۈيشۇناسلىق، ناخشا - قوشاق، مەشرەپ قاتارلىق ئەنئەنىۋى ئەلنەغمە سەنئەت ژانىرلىرى يىراق تارىخىي زامانلاردىن بۇيان بىر - بىرىگە چەمبەرچاس باغلىنىپ، داۋاملىشىۋاتقان

ئۈزۈلمەس مەنبە - ئېقىنلىرىنىڭ مول مەزمۇنلۇق گېنېئولوگىيىسى
ئاسىيادا چېچەكلەپ، مەركىزىي ئاسىيا ئىنسان تۇركۇملىرىدىن بول-
غان قەدىمكى مەدەنىيەتلىك مىللەت — ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋى مەدەنى-
يەت سەمەرىلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە كۈچلۈك
مىللىي ئالاھىدىلىككە، يەرلىك خۇسۇسىيەتكە، تارىخىي ئەنئەنىۋىلىك-
كە، كۆپ قاتلاملىق، كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەت قۇرۇلمىسىغا ئىگە
بولۇشتەك ئەۋزەللىكى بىلەن شەرق مەدەنىيەت - سەنئەت گۈلىستانى-
نىڭ تىپىك سەنئەت مېلودىيىسىنى ھاسىل قىلىپ، تارىختىن بۇيان
شەرقنىڭ سەنئەت جاۋاھىراتلىرى مۇنارىدا نۇرلىنىپ، مىللەتكە ھايات
بەخش ئېتىپ كېلىۋاتقان قىممەتلىك شەكىلسىز بايلىقتۇر.

ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي زامانلاردىن بۇيانقى ساماۋى مەدەنىيەت
ئوكيانلىرىغا تېرەن نەزەر سالىدىغان بولساق، مەركىزىي ئاسىيانىڭ
ئۆزگىچە سەنئەت ئەنئەنىلىرى بىلەن يىپەك يولى ئالاقىلىرىنىڭ ۋاسى-
تىسى ئارقىلىق ئۆزئارا گىرەلىشىش پۇرسىتىگە ئىگە بولغان غەرب،
شەرق مەدەنىيەتلىرىنىڭ سەنئەت يۇغۇرۇلمىسىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ كلا-
سسىك مۇزىكا، كۈيشۇناسلىق، مەشرەپ، ئەلنەغمە سەنئەتلىرىنىڭ
چوڭقۇر چۆكمىلىرىنى كۆرىمىز، شۇنداقلا ئاجايىپ كارامەتلەرنى يا-
رىتىپ، ئۆز ئەۋلادلىرى ئۈچۈن كۆمۈلمەس سەنئەت روھى، بىقىياس
مەنىۋى مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قالدۇرۇش يولىدا يۈرەك قانلىرىنى
سەرپ ئەتكەن ھېكمەتكار ئەجدادلىرىمىزدىنمۇ ھەم چەكسىز پەخىرلى-
نىمىز! مەركىزىي ئاسىيا سەنئەت تارىخىنىڭ ئەڭ يىراق قىرلىرىدى-
كى ئىپتىدائىي سەنئەت نەمۇنىلىرىنىڭ مەقسەتلىك سىزمىلىرىدىكى
«خۇ» (جۇڭگونىڭ قەدىمكى مەنبەلىرىدە ئۇيغۇرلار «خۇ-
لار» دەپمۇ ئاتالغان) تىپىدىكى ئۇسسۇللۇق كۆرۈنۈشلەر؛ دىيارى-
مىزدىكى تاشكېمىر غارلىرىغا سىزىلغان مۇزىكانت، ئۇسسۇلچى،
ناخشىچى - ھاپىزلارنىڭ رەڭدار سىزمىلىرى ئۇيغۇر ئەلنەغمە مەدەنى-
يىتىنىڭ بەدىئىي تەسۋىرلىرى بولسا، شىمالىي جۇ سۇلالىسى (مىلادى-
يە 545 — 555) دەۋرىدە ئۆتكەن كۇسەن (كۇچا) لىق مەشھۇر مۇغەن-

نى (مۇزىكانت) سۇجۇپ (苏纸婆) كۇسەن (كۇچا)، سۇلى (قەشقەر)، ئۇدۇن (خوتەن) قاتارلىق جايلاردىكى ئۇيغۇر مۇزىكا ئاھاڭلىرىنى «يەتتە ئاھاڭ» ۋە «ئون ئىككى تېمپېراتسىيىلىك كۈيشۇناسلىق قانۇنى»غا مۇجەسسەملەپ، غەربىي يۇرتتىن شەرققە تارقىتىپ شۆھرەت قازانغان مەشھۇر شەخس. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قەشقەردە تۇغۇلۇپ، ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمىنى تاڭ خاندانلىقىنىڭ مەركىزىي شەھىرى چاڭئەن (بۈگۈنكى شەنشىنىڭ شىئەن شەھىرى) ئوردىدا ئۆتكۈزگەن فى فامىلىلىك ئۇسسۇل ماھىرى فېي شېنسەي (斐神才)، كومپوزىتور فېي شېڭنو (斐神奴) ۋە فېي شېنفۇ (斐神符) قاتارلىق ئۇستازلار ھەممە ئاشۇلارنىڭ مەنىۋى بۇلاقلىرىدىن ئوزۇقلانغان قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن قامۇسى ئۇستاز ئەبۇ نەسىر مۇھەممەت ئىبىن ئۇزلۇق تارخان فارابى ئۇيغۇر ئەلنەغمە سەنئەتلىرىنى غەربكە تارقىتىش يولىدا بىر ئۆمۈر ئەجىر سىڭدۈرگەن مەشھۇر نامايەندىدۇر… بۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمدىن بۇيان ئىنسان روھىنىڭ ئەڭ قۇۋۋەتلىك مەنىۋى ئوزۇقى بولغان مۇزىكا، كۈيشۇناسلىق، ئۇسسۇل، تىياتىر سەنئەتلىرىنى قەدىرلەپ كەلگەنلىكىنىڭ روشەن پاكىتلىرى.

ئەنئەنىۋى ئەلنەغمە سەنئەتلىرى مەيلى قايسى مىللەتنىڭ بولسۇن، ئىختىرا قىلغۇچى شەخس ياكى توپنىڭ تەپەككۇر ئىقتىدارى، جەمئىيەت ئىدېئولوگىيىسى، ياشاۋاتقان جۇغراپىيىلىك مۇھىتى، تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇللىرى، دىنىي ئېتىقادلىرىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى تۈپەيلىدىن روشەن مىللىي خاسلىققا، يەرلىك ئالاھىدىلىككە، مەھەللىۋى پۇراققا ئىگە بولغان ھالدا دۇنياغا كەلگەن بولىدۇ، ئۇيغۇر خەلق ئەلنەغمە سەنئەتلىرىمۇ ھەم شۇنداق. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئەلنەغمە سەنئەتلىرىنى نۇرلاندۇرۇپ كېلىۋاتقان قەشقەر خەلقىنىڭ يەرلىك ئەلنەغمە. مەشرەپلىرىمۇ ئالاھىدە جەلپكارلىققا ئىگە تەركىبلەرنىڭ بىرىدۇر.

قەشقەر تارىختىن بۇيان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇھىم مەنىۋى بايلىقى

ھېسابلانغان مۇزىكا، ئۇسسۇل، تۈرلۈك مەشرەپ - قوشاق قاتارلىق
خەلق ئەلنەغمە سەنئەت تۈرلىرى ئەڭ كۆپ ساقلىنىپ قالغان ئەزىز
ماكان. شۇ ۋەجىدىن، بۇ يۇرت «ناخشا - ئۇسسۇل» ماكانى دەپ
ئاتالغان. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن قەشقەرلىك ئۇسسۇل ماھى-
رى فېي شېنسەينىڭ چاڭئەن ئوردىلىرىدا ئوينىغان قەشقەر پەدىسىدى-
كى «ئاتەش سۇمۇرغ ئۇسسۇلى» نىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى تەسىرى
ۋە پىپا (بەرباب)، راۋاب ماھىرلىرىدىن كومپوزىتور فېي شىڭنو،
فېي شېنفۇ قاتارلىق قەشقەرلىك فى فامىلىلىك ئۇيغۇر سازەندە -
نەغمىچىلەرنىڭ تۆھپىلىرى، قەشقەرنىڭ قەدىمكى ئەلنەغمە سەنئىتىگە
ۋەكىللىك قىلسا، يەكەن سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر
مۇقامشۇناس خانىش ئامانىنساخان ۋە مۇزىكا ئۇستازى، شائىر قىدىر-
خان يەركەندى (قىدىرخان يەركەندىنىڭ قەشقەر راۋابىنى ئىسلاھ
قىلىپ «ھەشتتار» دەپ ئاتىلىدىغان سەككىز تارلىق چالغۇنى ئىجاد
قىلغانلىقى مەلۇم) قاتارلىقلار جاھالەت پەرلەرنىڭ قاتمۇقات توسۇق-
لىرىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، پۈتكۈل ئۇيغۇر زېمىنلىرىدا تارقالغان مۇزى-
كا، كۈي، نەغمە-مەشرەپ شەكىللىرىنى توپلاپ «چوڭ نەغمە»، «داس-
تان»، «مەشرەپ» قاتارلىق سىكىللىك مۇزىكا، كۈي تۈرىدە رەت-
لەپ، ئۇيغۇرلارنىڭ سەنئەت بايلىقىنىڭ ئەڭ زور ئېقىمىنى، مەنىۋى
دۇنياسىنىڭ گۈلتاجىسى بولغان مۇزىكىلىق، شېئىرلىق، ئۇسسۇل-
لۇق، تىياتىرلىق كاتتا مۇجەسسەم «ئون ئىككى مۇقام» دىن ئىبارەت
كلاسسىك سەنئەت بايلىقىمىزنى رەتلەپ، قېلىپلاشتۇرۇپ، ئۆز ئەۋ-
لادلىرىنىڭ ئامانىتىگە ساق - سالامەت تاپشۇرۇپ بەرگەن ئۇلۇغ تۆھ-
پىكارلاردۇر. ئۇنىڭدىن باشقا، يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامانلاردا قەشقەر-
دە ئۆتكەن داڭلىق مۇقامچى مەھەممەت موللا (1840—1910)، تاش-
ۋاي، روزەك باشى، ھەسەن تەمبۇر (1900 — 1957)، روزى
تەمبۇر، ھۇسەيىن تەمبۇر (1904 — 1938) قاتارلىق سازەندە-
ئەلنەغمىچىلەر، مەشھۇر ئەلنەغمىچى نەۋەككۇل ئاخۇن ئوغلى تۇردى
ئاخۇن ئاكا (1881 — 1956) غا ئوخشاش ئاتاقلىق مۇقام ۋارىسى؛

ھەمەت قالۇن، مەتيار راۋاب، قاسىم راۋاب، روزىۋانىخان، ئابدۇكېرىم ھەيرانە، نازىل غېجەك قاتارلىق دولان ئەلنەغمىچىلىرى قەشقەر خەلقىنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەلنەغمە ژانىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، خەلق ئارىسىدا ساقلىنىپ قېلىشى، رەتلىنىپ، سەھنىلەشتۈرۈلۈشى ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپىلەرنى قوشقان پەخىرلىك خەلق سەنئەتكارلىرىدۇر.

ئۇيغۇرلارنىڭ مۇزىكا، ئەلنەغمە - مەشرەپلىرىنى ئورۇنداشتا ئىشلىتىلىدىغان مىللىي چالغۇلارنىڭ تۈرلىرىمۇ قەشقەردە ئەڭ تولۇق ساقلىنىپ قالغان. مەيلى تىرناپ چېلىنىدىغان تارلىق چالغۇ، كامالچە بىلەن چېلىنىدىغان قىللىق چالغۇ، پۈۋلەپ چېلىنىدىغان يەللىك چالغۇ ياكى ئۇرۇپ چېلىنىدىغان سوقمىلىق چالغۇلار بولسۇن، ئۇلارنىڭ ئەڭ داڭلىق، كۆركەملىرى بۈگۈنكى كۈندىمۇ قەشقەرلىك ئۇستىكارلارنىڭ قوللىرىدا ياسىلىپ، پۈتۈن شىنجاڭغا تارقىلىدۇ. قەشقەر خەلقى ئەزەلدىن ئۆز تۇرمۇشىنى مەشرەپ، ناخشا - قوشاق، نەغمەناۋالارنىڭ يۈرەكلەرگە مەلھەم بولغۇدەك كۈي - ناۋا، مۇڭلىرى بىلەن ئىنسانىي گۈزەللىككە ئىگە قىلىشنى ئىستەيدۇ. شۇڭا، قەشقەر تەۋەسىدىكى ئۇيغۇر ئاھالىلىرىنىڭ ئۆزگىچە مەھەللىۋى سەنئەت تۇرمۇشى، مەشرەپ سورۇنلىرى نىسبەتەن كۆپ. كەم دېگەندە ھەر 10 ئائىلىنىڭ بىرىدىن ھېچبولمىغاندا بىرەر دۇتار، تەمبۇر ياكى راۋابقا ئوخشاش مىللىي چالغۇلارنى تاپقىلى بولىدۇ. مىللىي چالغۇلار ئارىسىدا قەشقەر راۋابى، دولان راۋابى، قالۇن، ساپايى ۋە بوم - زىل ئاۋازلىق ناغرا - سۇناي قاتارلىقلار نىسبەتەن قويۇق يەرلىك تۈسكە ئىگە.

قەشقەرنىڭ ئاممىۋى تۈستىكى ئەل ئىچى ئۇسسۇل تۈرلىرى خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە ئىگە بولۇپ، سەنەم، جۇلا، چوڭ سەلىقە، مەشرەپ قاتارلىق قېلىپلاشقان ئۇسسۇل شەكىللىرىنىڭ ئىنچىكە ھالقىلىرىنىمۇ ئۆزىگە سىڭدۈرگەن. يەرلىك خەلقنىڭ تۇرمۇش شەكلىنى، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى، ئىشق - مۇھەببەت، قايغۇ-

ھەسرەت، غايە - ئىنتىلىش، دىنىي ئېتىقاد ۋە غەزەپ - نەپرەتلىرىنى
ئىنسان بەدىنى ئارقىلىق يەنە ئىنسان قەلبىنى ئىپادىلەيدىغان بەدىئىي
ئۇچۇر شەكلىدىكى ئەڭ بىۋاستە، ئەڭ تېز، ئەڭ ھېسسىياتچان،
ئەڭ چىن مەنىدىكى ئوبرازلىق بەدەن تىلى (ئۇسسۇل ھەرىكىتى)
بىلەن چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان ئەنئەنىۋى ئۇسسۇللاردىن ساما ئۇسسۇ-
لى، قەشقەر سەنىمى، كاچۇڭ سەنىمى، قاغىلىق سەنىمى، دولان
سەنىمى قاتارلىق قويۇق يەرلىك پۇراققا ئىگە ئۇسسۇللار قەشقەرنىڭ
ئەڭ قەدىمىي ئۇسسۇل تۈرلىرى ھېسابلىنىدۇ. قاغىلىق، يەكەنلەر-
نىڭ تاغ مەشرىپى، مەكىتنىڭ دولان مەشرىپى ۋە يەنە قەشقەرنىڭ
ھەرقايسى جايلىرىدا ئومۇملاشقان چىللاق مەشرىپى، قاتارى مەشرەپ،
قارلىق مەشرىپى، گۈلخان مەشرىپى، موغال مەشرىپى قاتارلىق مۇ-
زىكا، ئۇسسۇل، قوشاق، ئېيتىشىش، كۆلدۈرگە قاتارلىق ئويۇن
تۈرلىرى ئارىلاش بولغان، مەلۇم مەقسەت - مۇددىئا، ۋەقە - ھادىسە-
لەر سۈژىت قىلىنغان، خەلقىمىزنىڭ سەنئەت ۋە ئەدەپ - ئەخلاق
مەكتىپى ھېسابلىنىدىغان مەھەللىۋى بەزمە شەكىللىرىمۇ قەشقەر ئەل-
نەغمىلىرىنىڭ بۆلىقى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇيغۇر كلاس-
سىك «ئون ئىككى مۇقام» كۈي - ناۋا مۇجەسسەمىنىڭ يىلتىزى،
ۋارىيانتى ھېسابلىنىدىغان ئالاھىدە يەرلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە «دو-
لان توققۇز مۇقامى» ، يەنى دولان راك مۇقامى، بوم باياۋان مۇقامى،
زىل باياۋان مۇقامى، سىم باياۋان مۇقامى، ئۆزھال باياۋان مۇقامى،
دولان جۇلا مۇقامى، دولان مۇشاۋىرەك مۇقامى، دوگامەت باياۋان
مۇقامى، خودەك باياۋان مۇقامى قاتارلىق ناملاردا ئاتالغان، قەشقەر-
نىڭ مەكىت، مارالبېشى قاتارلىق تەكلىماكان قۇم بارخانلىرى بىلەن
قۇچاقلاشما ھالەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۈرۈۋاتقان بوستانلىقلارغا تارقال-
غان، يەرلىك خەلقنىڭ ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقاد، ئوۋچىلىق ھايا-
تى، تېرىم ھاياتى، شىكار پائالىيىتى ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرىنى يۇقىرى
ئاۋازدا ئېيتىلىدىغان ناخشا كۈيى، ئۆزگىچە مۇزىكىلارنىڭ ئاۋاز مې-
لودىيىسى، ئوبرازلىق ھەم تەرتىپلىك ئۇسسۇل شەكلىدە سىمانتىك

(مەنۋى) تۈستە چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان چۆل - جەزىرە مەدەنىيەتلىرىگە خاس، ئويۇن كۆرسىتىش قىممىتىگە ئىگە يەرلىك مۇقام شەكلىمۇ قەشقەر خەلق ئەلنەغمە سەنئەتلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىم قىسمى ھېسابلىنىدۇ.

قەشقەردە ئۇيغۇرلارنىڭ خاس مىللىي پۇراق بىلەن خەلق ئارىسىدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئەلنەغمە فولكلور بايلىقىدىن باشقا، قەشقەردە ياشايدىغان تاجىك، ئۆزبېك، قىرغىز قاتارلىق مىللەتلەرنىڭمۇ ئۆزىگە خاس مۇقام، مەشرەپ، كۈي - نەغمىلىرى ۋە خاس چالغۇ ئەسۋابلىرى، ئۇسسۇل شەكىللىرى بار بولۇپ، تارىختىن بۇيانقى ئارىلىشىپ ئولتۇراقلىشىش نەتىجىسىدە، ئۇلارنىڭ ئەلنەغمىلىرىمۇ ئۇيغۇر ئەلنەغمىلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەلنەغمىلىرىگە سىڭىپ كىرىپ ئۆزلەشكەن، بىر - بىرىنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتىپ تولۇقلىغان ھەمدە قەشقەرنىڭ ئۆزىگە خاس سەنئەت مۇھىتىنى، قەشقەر خەلقىنىڭ ئالاھىدە سەنئەت پىشىقلىقىنى شەكىللەندۈرگەن.

## قەشقەر مۇزېيى ۋە ئۇنىڭ مەزمۇنى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ۋە مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ تەستىقلاپ، ھۆججەت چىقىرىشى ئاساسىدا، قەشقەر ۋىلايىتى تەۋەسىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەرگە مۇناسىۋەتلىك ئىزلارنى قانۇن بويىچە قوغداشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، 1980- يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش - باشقۇرۇش ئورنى قۇرۇلغان. بۇ ئورۇن شۇ يىلى رەسمىي خىزمەتكە كىرىشىپ، دەسلەپكى قەدەمدە قەشقەرنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا خەلقنىڭ قولىدا ساقلىنىۋاتقان قىممەتلىك مەدە-

نىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە ئۆرپ - ئادەت بۆيۇملىرىنى يىغىۋالغان. شۇ قېتىم يىغىۋالغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بۇيۇمىدىن 10 دانە بۇيۇم دۆلەتنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك ساقلانما بۇيۇمى بولۇپ باھالانغان. 610 پارچە ھەر خىل يېزىقتىكى قەدىمكى قوليازما كىتابلار، ھۆججەتلەر ئامبارلاشتۇرۇلغان.

1983- يىلىدىن 1987- يىلىغىچە ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش - باشقۇرۇش ئورنىدىكى خادىملار ۋىلايەت تەۋەسىدە ئىككى قېتىم مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ئىشلەپ، جەمئىي 150 دىن ئارتۇق خارابە، ئىزلارنى يېڭىدىن بايقىغان ھەمدە ئاشۇ ئىز، خارابىلەردىن بىر قىسىم مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى يىغىۋالغان.

1987- يىلىنىڭ ئاخىرى ۋىلايەتنىڭ ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىدىن ۋە مۇناسىۋەتلىك كەسپىي خادىملاردىن تەشكىل تاپقان «قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش - باشقۇرۇش ھەيئىتى» قۇرۇلغان.

1990- يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1991- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي ۋە ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىدىن كەلگەن ۋاڭ بو، ياڭ بىيولىڭ، ماسوكۇن، ئەھمەت رىشىت قاتارلىق مۇتەخەسسىسلەرنىڭ كەسپىي جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىشى بىلەن قەشقەر تەۋەسىدە گۇرۇپپىلار بويىچە مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتى ئىشلىنىپ، 1987- يىللارغا قەدەر بايقالغان ئىلگىرىكى نۇقتىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاساستا جەمئىي 392 ئورۇندىكى تارىختىكى ھەرقايسى دەۋرلەرگە مەنسۇپ بولغان مەدەنىيەت يادىكارلىق نۇقتىلار ئىلمىي تەكشۈرۈلۈپ، تىزىملىنىپ، ئۇلارنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى، دائىرىسى ۋە يىل تارىخى بېكىتىلىپ، مەدەنىيەت يادىكارلىق ئارخىپى تۇرغۇزۇلغان. تەكشۈرۈش داۋامىدا يىغىۋېلىنغان ھەرخىل مەدەنىيەت يادىكارلىق ئەۋرىشكىلىرى ئامبارغا تاپشۇرۇلغان. بۈگۈنگە قەدەر قەشقەر

ئەۋسىدە 30 قېتىمدىن ئارتۇق تۈرلۈك تەكشۈرۈش، تەتقىق قىلىش، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى رېمونت قىلىپ، ئەسلىگە كەلتۈرۈش قاتارلىق كەسپىي خىزمەتلەر ئىشلىنىپ، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئۈنۈملۈك قوغدالدى ھەمدە تۈرلۈك ساقلانما بۇيۇملار توپلاندى.

قەشقەرنىڭ تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن پايدىلىنىپ كەڭ خەلق ئاممىسىغا ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش، قەشقەرنىڭ تارىخ، مەدەنىيىتىنى توغرا تەتقىق قىلىش، شۇ ئارقىلىق قەدىمىي بوستانلىق ماكان قەشقەرنى تېخىمۇ ياخشى تەشۋىق قىلىش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، 1990- يىلى دۆلەت ساياھەت باش ئىدارىسىنىڭ ياردەم بېرىشى بىلەن 1992- يىلى 2360 كۋادرات مېتىر قۇرۇلۇش كۆلىمىدىكى قەشقەر مۇزېيى بىناسى پۈتكۈزۈلدى.

قەشقەر مۇزېيى دەسلەپتە قەشقەرنىڭ تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بىلەن مىللىي ئۆرپ - ئادەت تېمىسىدىكى بۇيۇملارنى كۆرگەزمىگە قويۇشنى پىلان قىلغان. لېكىن، شارائىت يار بەرمەسلىك تۈپەيلىدىن ئامباردىكى تەييار تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى كۆرگەزمە مەزمۇنى قىلىنىپ، 1995- يىل 10- ئاينىڭ 1- كۈنى رەسمىي سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىلگەن. 1996- يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى قەشقەر مۇزېيىغا «ۋەتەنپەرۋەرلىك تەشۋىقاتى تەربىيە بازىسى» دەپ نام بەرگەن. دەسلەپكى قەدەمدە قەشقەر مۇزېيىنىڭ مەزمۇنى قەشقەرنىڭ كونا تاش قورال دەۋرى، يېڭى تاش قورال دەۋرى، مېتال قوراللار دەۋرلىرىگە مۇناسىۋەتلىك تارىختىن بۇرۇنقى مەدەنىيەت دەۋرىگە تەئەللۇق بۇيۇملار؛ خەن، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە ئالاقىدار بۇيۇملار؛ قاراخانىيلار ياكى سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىگە مۇناسىۋەتلىك بۇيۇملار ۋە يۈەن، مىڭ، چىڭ سۇلالىلىرىگە مۇناسىۋەتلىك دەپ قارالغان قەشقەرنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى خارابە، ئىزلاردىن يىغىۋېلىنغان 161 دانە تۈرلۈك تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىق بۇيۇم-

لىرى كۆرگەزمە قىلىنغان.

1999- يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يادى-كارلىق ئىدارىسى، ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى قاتارلىق ئورۇن-لارنىڭ ياردەم بېرىشى ئارقىسىدا قۇمۇل، تۇرپان، كۇچا، خوتەن قاتارلىق قوشنا ۋىلايەت، ناھىيىلەردىن بىر قىسىم قىممەتلىك تارى-خىي مەدەنىيەت يادىكارلىق بۇيۇملار يۆتكەپ كېلىنىپ، شىنجاڭنىڭ يىپەك يولى مەدەنىيىتىنى نىسبەتەن ئەتراپلىق چۈشەندۈرۈپ بېرىشنى ئاساس قىلغان «يىپەك يولى تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى كۆر-گەزمىسى» قەشقەر مۇزېيىدا ئېچىلىپ، ياخشى ئىجتىمائىي ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى. قەشقەر مۇزېيىنىڭ كۆرگەزمە زالىدا نۆۋەتتە بۇنىڭدىن 10 مىڭ يىللار ئىلگىرىكى كونا تاش قورال دەۋرىگە مۇناسى-ۋەتلىك تۈرلۈك تاش قوراللار، بۇنىڭدىن 6000 مىڭ يىللار ئىلگىرى-كى دەۋرگە مەنسۇپ تۈرلۈك سىپتا تاش قوراللار، بۇنىڭدىن 3000 يىل ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە مۇناسىۋەتلىك ھەر خىل برونزا، تۆمۈر قاتارلىق تۈرمۇش، ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرى ۋە «توققۇزسارای قە-دىمىي شەھىرى»، «تۇمشۇق بۇددا دىنى خارابىسى»، «خانئۇي قەدى-مىي شەھىرى خارابىسى»، «مورا بۇددا مۇنارى خارابىسى» قاتارلىق قەشقەردىكى تارىخى بىرقەدەر ئۇزاق قەدىمكى خارابىلەردىن تېپىلغان قەشقەرنىڭ بۇددا دىنى دەۋرىگە تەئەللۇق تۈرلۈك قىممەتلىك مەدەنى-يەت يادىكارلىق بۇيۇملىرى، قەشقەرنىڭ ئىسلامىيەت دەۋرىگە مەنسۇپ تۈرلۈك قىممەتلىك ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرى كۆرگەزمىگە قويۇل-غان بولۇپ، مەزمۇن جەھەتتىن جانلىق ۋەتەنپەرۋەرلىك تەشۋىقات تەربىيىسى ئەھمىيىتىگە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، ئېكسكۇرسىيىچى-لەرنى قەشقەرنىڭ تارىخ، مەدەنىيىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىغا نىسبە-تەن دەسلەپكى قەدەمدە توغرا چۈشەنچىگە ئىگە قىلىش رولىنى ئوينى-ماقتا.

قەشقەر مۇزېيى قۇرۇلغاندىن بۇيان توغرا بولغان مۇزېي باشقۇ-رۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، خىزمەتلەرنى ئىنچىكە، پۇختا ئىش-

لەپ، قوشنا ۋىلايەت، ئوبلاستلار بىلەن بولغان مەدەنىيەت ئالماشتۇ-
رۇشقا ئىزچىل ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. 1994- يىلىدىن بۇگۈنگە
قەدەر ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ كونىشەھەر ناھىيىسى بىلەن بىرلىكتە
«ئوپال مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى كۆرگەزمىسى» ، بايىنغولىن موڭ-
غول ئاپتونوم ئوبلاستى بىلەن بىرلىشىپ 1995- يىلى «كروران
مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى كۆرگەزمىسى» ، مارالبېشى ناھىيىسى بە-
لەن بىرلىشىپ 1994- يىلى «بارچۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى
كۆرگەزمىسى» ، 1998- يىلى خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكار-
لىق ئورنى بىلەن بىرلىشىپ «نىيە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى كۆر-
گەزمىسى» ، قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى بىلەن
بىرلىشىپ 1996- يىلىدىن 1997- يىلىغىچە «قۇمۇل مەدەنىيەت
يادىكارلىقلىرى جەۋھەرلىرى كۆرگەزمىسى» قاتارلىق تۈرلۈك مەدە-
نىيەت يادىكارلىقلىرى كۆرگەزمىسىنى تەشكىللەپ، ياخشى ئىجتىما-
ئىي ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈردى. شۇ ئارقىلىق ھەر
مىللەت خەلق ئاممىسىغا ۋە كەڭ سەيلە - ساياھەتچىلەرگە مەدەنىيەت
يادىكارلىقلىرىدىن ئىبارەت قايتا پەيدا بولمايدىغان تارىخىي مىراسلارنى
قوغداشنىڭ مۇھىملىقى، ئەھمىيىتى توغرىسىدا زور تەشۋىقاتلارنى
ئىشلەپ، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداشقا بولغان تو-
نۇشىنى ئۆستۈردى. ھازىر قەشقەر مۇزېيىدا 1000 دانىگە يېقىن
قەشقەرنىڭ ھەرقايسى دەۋرلىرىگە مەنسۇپ قىممەتلىك مەدەنىيەت يادى-
كارلىق بۇيۇملار ۋە ئۆرپ - ئادەت تىپىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىق
بۇيۇملار ساقلانماقتا.

## ئەجنەبىيلەرنىڭ قەشقەر بوستانلىقىدىكى ئىزلىرى

تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىي گىرۋىكىگە جايلاشقان قەدە-

مى بوستانلىق قەشقەرنىڭ قەدىمدىن بۇيان يىپەك يولىنىڭ جەنۇب
ۋە شىمالىي يۆنىلىشىدىكى مۇھىم تۈگۈن بولغانلىقى، ئەتراپتىكى
قوشنا ئەللەرگە تۇتاش بولغانلىقى ۋە سودا - تىجارەت، ھۈنەر -
سەنئەت، مەدەنىيەت جەھەتتىن نىسبەتەن ئۇچۇق رايون بولغانلىقىدەك
ئالاھىدە ئىستراتېگىيىلىك ئۈستۈنلۈكى، ئىچكى قۇرۇقلۇق يوللىرى
ئارقىلىق ئۇزاق ئەسىر داۋام قىلغان تۈرلۈك ئالاقىلەر داۋامىدا بۇ
قەدىمىي ماكاننى كۆپ خىل دىن، كۆپ خىل مەدەنىيەت، كۆپ خىل
مىللەت، شۇنداقلا كۆپ خىل تىل - يېزىقلارنىڭ زەرەتلىنىش ئۇقتى-
سىغا ئايلاندۇرۇپ، كۆپ قاتلاملىق، كۆپ قىرلىق، مول مەزمۇنلۇق
رەڭگارەڭ مەدەنىيەتلەرنىڭ خورۇچلىرى بىلەن يۇغۇرۇلغان، كۈچ-
لۈك جەلپكارلىققا ئىگە، ئۆزگىچە مەدەنىيەت ماكانىغا ئايلىنىش ئىم-
كانىيىتىگە ئىگە قىلغانىدى. ۋەھالەنكى، ئۇنىڭ باغرىدا ساقلىنىپ
قالغان ھەرقايسى دەۋرلەرنىڭ شانلىق مەدەنىيەت نەمۇنىلىرى، قىم-
مەتلىك فولكلور بايلىقلىرى سۇ ئۈستى قاتناش يوللىرىنىڭ ئېچىلى-
شى بىلەن زاۋاللىققا يۈز تۇتقان ئىچكى قۇرۇقلۇق كارۋان يوللىرى-
نىڭ خارابلىشىشىغا ئەگىشىپ، بارا - بارا كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن
كۆتۈرۈلۈپ، دۇنيانىڭ ئارقا ھويلىسىدىكى تاشلىۋېتىلگەن غېرىبانە
ماكانىنىڭ كونا جابدۇقلىرىغا ئايلىنىپ قالدى. قەشقەرنىڭ ئوتتۇرا
ئاسىيا زېمىنلىرىدا ياشايدىغان مىللەتلەر بىلەن ئاندا - ساندا داۋاملى-
شىپ تۇرغان تۈرلۈك ئالاقىلەردىن باشقا، بۇ يەردىكى بېكىنمىچىلىك
ناھايىتى ئۇزاق داۋاملاشتى. خەلقىنىڭ تاشقى دۇنياغا بولغان چۈشەن-
چىسى سۇسلىشىپ، ئىجادىي تەپەككۇر ۋە ئەركىن مەپكۇردىن ئايرىل-
غان خەلقىنىڭ روھىيەت دۇنياسى بارغانسېرى تەكلىماكان قۇملۇقى-
دەك قاغجىراپ، دۇنيانى پەقەت ئۆزلىرى ياشاۋاتقان تولىمۇ تار ھالەت-
تىكى ھاياتلىق چەمبىرىكى ئىچىدىلا كۆزىتىپ، ئۆز - ئۆزىنى ئېپادى-
لەش، ئۆز - ئۆزىنى قوزغىتىش كۈچىدىن ئايرىلدى، ھەتتا ئۆزلىرى-
نىڭ ئۆتمۈشتىكى شانلىق مەدەنىيەتلىرىنىڭ ھەقدارلىرى ئىكەنلىكىگە-
مۇ ئىشەنمەيدىغان ئەبگارلىق دەرىجىگە بېرىپ يەتتى. تەكلىماكان قۇم

بارخانلىرىنى قوچاقلاپ ياتقان پارلاق مەدەنىيەت چۆكمىلىرى، ئەجدادلىرىنىڭ شانلىق تارىخى ۋە ئەۋلادلىرىنىڭ كەلگۈسى تەقدىرى توغرىسىدا ئويلىنىشقىمۇ قۇربى يەتمىدى. قەشقەر بوستانلىقى تاكى XX ئەسىرنىڭ باشلىرىغا قەدەر ئىلغار مەدەنىيەتلەرنىڭ نۇرلىرى بىلەن يورۇتۇلمىغان مەدەنىيەتلىك دۇنيادىن ئەڭ چەتتىكى قاراڭغۇ بۇلۇڭ ھالەتتە تۇرۇپ كەلدى.

يىپەك يولى خارابلىشىپ، ئالاھازەل 500 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، مەدەنىيەتلىك دۇنيا تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلگەن بۇ قەدىمىي بوستانلىق ئەڭ ئاخىر ئەجنەبىي تەۋەككۈلچىلەر تەرىپىدىن قايتا بايقالدى. ئۇلار ئىختىرا قىلغان يەلكەنلىك كېمە ۋە پاراۋوزلارنىڭ پايدىسىنى يەتكۈچە كۆرگەن كۈرەڭ ئەجنەبىيلەر بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۆلىشىپ كېلىپ، ئوتتۇرا ئەسىر جاھالىتىدە قالغان بۇ سىرلىق ماكاننىڭ ھەم تاقالغان قوۋۇقلىرىنى چېقىپ تاشلىدى. XIX ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىن XX ئەسىرنىڭ 30- يىللىرىغا قەدەر بۇ يەرگە چارروسىيە، ئەنگلىيە، گېرمانىيە، فرانسىيە، شۋېتسىيە، ياپونىيە قاتارلىق سانائەتلەشكەن دۆلەتلەرنىڭ ئارخېئولوگ، ئېكسپېدىتسىيىچى، گېئوگراف، جۇغراپىيون ۋە جەمئىيەتشۇناسلىرى خۇددى مۇسابىقىگە چۈشكەندەك قەشقەر چېگرىسى ئىچىدە سىياسىي، ئىقتىسادىي ساھەلەردىلا ئەمەس، بەلكى جۇغراپىيە، ھاياتلىق، مىللەت، ئىرق، تىل - يېزىق، دىن، ئۆرپ - ئادەت، مەدەنىيەت يادىكارلىق، ئېكولوگىيە ساھەلىرى بويىچە بەس - بەستە خالىغانچە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشتى. قىممەتلىك مەدەنىيەت مىراسلارنى ۋە ئۆزلىرىگە نەپ يەتكۈزىدىغان نۇرغۇن مەلۇماتلارنى توپلاپ ئۆز دۆلەتلىرىگە توشۇپ كەتتى. ئۇلارنىڭ شىنجاڭ، جۈملىدىن قەشقەر چېگرىسىدا ئېلىپ بارغان تۈرلۈك پائالىيەتلىرىنىڭ باھانىسى ناھايىتى كۆپ بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەقسىتى، ئۆزلىرىنىڭ مۇستەملىكە پائالىيەتلىرى ئۈچۈن ئاخبارات توپلاپ، ئوتتۇرا ئاسىيانى ئۆزلىرىنىڭ بېقىندىسىغا ئايلاندۇرۇش ئىدى. ئەپسۇسكى،

بۇ يەردىكى خەلق ئەجنەبىيلەرنىڭ نېمىشقا بۇ زېمىنغا شۇنچىلىك تەلپۈنىدىغانلىقىنى، نېمىشقا ئۆزلىرىنىڭ نەزىرىدىكى «ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان» ئەسكى ـ تۇسكى، جۇلدۇر ـ كېپەنلەرنى يىغىپ يۈرىدىغانلىقىنى قىلچىلىكمۇ چۈشەنمىگەنىدى. ئەجنەبىيلەرنىڭ قەش. قەر بوستانلىقىدا قىلغان ـ ئەتكەنلىرىنى ئۆزلىرى بىلەن مۇناسىۋەت. سىز دەپ قارىغانىدى.

تارىخىي خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، XIX ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىن XX ئەسىرنىڭ 30. يىللىرىغا قەدەر قەشقەردە تۈرلۈك تەكشۈرۈشلەردە بولغان ئەجنەبىيلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى داڭلىق ۋەكىللەر تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1. 1824 ـ يىلى ئەنگلىيىلىك سودىگەر موركىروفت (Moorcoft) كەشمىردىن يولغا چىقىپ، قارا قۇرۇم تاغ يولى ئارقىلىق قەشقەر ۋە خوتەنگە كېلىپ تەكشۈرۈشتە بولغان. ئۇ، بۇ يەردىكى شەھەرلەرنىڭ نوپۇسى، ھاۋا كىلىماتى، ئاھالىلەرنىڭ ئىرق تەركىبى، ئىقتىسادى، شۇنداقلا جۇغراپىيىلىك جايلىشىشى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئەنگلىيە خان جەمەتى جۇغراپىيە ئىلمىي جەمئىيىتىگە تاپشۇرغان.

2. 1847 ـ يىلى ئەنگلىيىلىك ھېنرى ستراچېي (HenryStrachey) بىلەن تومسون (Tompson) ئەنگلىيىگە قارام ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن، ھىمالايا تاغلىرىدىن ئۆتۈپ يەكەنگە كېلىپ، قاراقۇرۇم تاغلىرى ۋە تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇب ياقىلىرىدا تەكشۈرۈشتە بولغان. تەكشۈرۈش دوكلاتىنى بۈيۈك برىتانىيە خان جەمەتى جۇغراپىيە ئىلمىي جەمئىيىتىگە تاپشۇرغان.

3. 1857 ـ يىلى گېرمانىيىلىك ئادولفۇس شىلاگىنتۋېيت (Adolfus Schilagene Weyt)، ھېرمان شىلا گېنتۋېيت (HermAn SchilagenteWeyt) ۋە روبېرت شىلا گېنتۋېيت (Roberet SchilageneWeyt) قاتارلىق ئۈچ ئاكا ـ ئۇكا كەشمىردىكى لاداختىن يولغا چىقىپ، قارا قۇرۇم تاغ يوللىرى ئارقىلىق قەشقەرگە

كىلىپ، قاغىلىق، يەكەن ۋە قەشقەر شەھەرلىرىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. ئادولغۇس قەشقەردە قارا تەقىپلىنىپ خوجىلارنىڭ كاتتىۋېشى ۋەلىخان تۆرە تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. ئۇنىڭ ئىككى ئۇكىسى ھىمالايا ۋە تەڭرىتاغلىرىنىڭ تەپسىلىي خەرىتىسىنى ۋە 1400 خىلدىن ئارتۇق تۇپراق، ئۆسۈملۈك ئەۋرىشكىسىنى ئېلىپ قايتقان.

4. 1863- يىلدىن 1865- يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ئەنگلىيەنىڭ ھىندىستاندا تۇرۇشلۇق ئىلمىي خادىمى مونتىي گومېر (Montgomerle) ئىككى قېتىم قەشقەرگە كېلىپ، يەكەن ۋە زەرەپشان دەريالىرى ئەتراپىدا سىزىش، ئۆلچەش ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، قىممەتلىك ماتېرىياللارنى توپلىغان.

5. 1868- يىلى ئەنگلىيىلىك رېينتال (ReinthaL) قەشقەرگە كېلىپ مېتېرولوگىيىلىك تەكشۈرۈشتە بولۇپ، قەشقەر شەھىرىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكىنى 4017 ئىنگلىز چىسى دەپ بېكىتكەن.

6. 1868- يىلى يەنە ئەنگلىيىلىك ھايۋارت (HayWard)، روبېرت شاۋ (RobertShoW) ۋە كەيلى (Caily) قاتارلىق كىشىلەر ئىلگىرى - كېيىن قەشقەر شەھىرى ۋە يەكەندە تەكشۈرۈشتە بولۇپ، نۇرغۇن مەدەنىيەت يادىكارلىق بۇيۇملىرىنى ۋە باشقا ماتېرىياللارنى يىغىۋالغان. قەشقەر شەھىرى بىلەن يەكەننىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا تەپسىلىي خاتىرە قالدۇرغان. روبېرت شاۋ «قەشقەرگە سەپەر» ناملىق كىتاب يېزىپ، بىرىتانىيە پادىشاھلىق جۇغراپىيە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئالتۇن مېدال مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

7. 1869- يىلى ئەنگلىيىلىك فورسىس(Forsyth) ئەنگلىيىگە قارام ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ئەلچىلىرىنى باشلاپ قەشقەرگە كەلگەن. ئۇ شۇ قېتىم ئالتە شەھەرنىڭ تەپرىقچى ھۆكۈمدارى ياقۇپبەگ بىلەن كۆرۈشۈشنى ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرالماي، قەشقەر تەۋەسىدىن بىر قىسىم مەدەنىيەت يادىكارلىق بۇيۇملىرىنى ۋە ئاخبارات ماتېرىياللىرىنى ئېلىپ ھىندىستانغا قايت-

قان.

8. 1872- يىلى رۇسىيىلىك كولبارس KoLbapu بىلەن ئاستە-رونومىيە ئالىمى شايخوست xAexouT قەشقەرگە كېلىپ جۇغراپىيە-لىك تەكشۈرۈشتە بولغان ھەمدە ئۇلار 1872- يىل 6- ئاينىڭ 6-كۈنى قەشقەردە كۆرۈلگەن كۈننىڭ تولۇق تۇتۇلۇش ھادىسىسىنى كۆزەتكەن ۋە ياقۇپبەگ بىلەن سودا توختامى ئىمزالىغان.

9. 1873- يىل 5 - ئايدا ۋېنگرىيىلىك بېرزىنىس (Berzenezy) پېتىر بورگدىن يولغا چىقىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقى-لىق قەشقەرگە كەلگەن. قەشقەر ۋە يەكەنلەردە تەكشۈرۈشتە بولغان.

10. 1873- يىل 7- ئايدا ئەنگلىيىلىك فورىس 131 نەپەر ئادەمدىن تەشكىللەنگەن ئۆمەكنى باشلاپ قەشقەرگە ئىككىنچى قېتىم كەلگەن. يول بويى قاغىلىق، يەكەن، يېڭىسار قاتارلىق جايلاردا مەخسۇس تەكشۈرۈشتە بولۇپ، كۆپ مىقداردىكى قەدىمكى پۇل ۋە ھەر خىل يېزىقتىكى يازما يادىكارلىقلارنى يىغىۋالغان.

11. 1873- يىلى ۋېنگرىيىلىك پول (PoLe) قەشقەرگە كېلىپ ئانتولوگىيىلىك تەكشۈرۈشتە بولغان.

12. 1876 - يىلى رۇسىيە ئوفىتسېرى كور پاتكىن (KoRPaTKuN) چار پادىشاھ ئەلچىلىرىنى باشلاپ تېرەك داۋان ئارقىلىق قەشقەرگە كەلگەن. ئۇ قەشقەرنى مەركەز قىلغان ھالدا مارالبېشى، ئاقسۇ، كۇچا، كورلا قاتارلىق جايلاردا تەكشۈرۈشتە بولغان. چارروسىيە پادىشاھىغا ۋاكالىتەن قورچاق ھۆكۈمدار ياقۇپ-بەگ بىلەن سودا توختامى ئىمزالىغان. ئۇ يەنە قەشقەردىكى تەكشۈ-رۈشلەر داۋامىدا توپلىغان ماتېرىياللىرى ئاساسىدا شۇ ۋاقىتتىكى قەشقەرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى مەزمۇن قىلغان «قەشقەرىيە» ناملىق كىتابىنى يېزىپ چىققان.

13. 1883- يىلى ئەنگلىيىلىك سودىگەر داگلىش (Dagliesh) ئۆزىنىڭ سودا ئەترىتىنى باشلاپ يەكەنگە كەلگەن. ئۇ يەكەندە 10 ئاي ئەتراپىدا تەكشۈرۈشتە بولۇپ، يەكەن ۋە قەشقەرنىڭ ئەتراپلىرىدىكى

جايلارنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىي ئىگىلىگەن. كېيىن ئۇ يەكەندە ئولتۇ-
راقلىشىپ، يەكەن بىلەن ھىندىستاننىڭ لېھ شەھىرى ئوتتۇرىسىدا
سودا بىلەن شۇغۇللانغان.
14. 1886- يىلى فرانسىيىلىك بونۋالىت (Bonvalot) بىلەن
ئۇنىڭ ھەمراھلىرىدىن كارپىس (Karhis)، پاپىن (Paphine)
قاتارلىقلار قەشقەرگە كېلىپ مىللەت، ئىرق ساھەسى بويىچە تەكشۈ-
رۈشتە بولغان.
15. 1886- يىلى ئەنگلىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچى ياڭخاز بەند
(Younghusband) ئەنگلىيىگە قارام ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ جۇڭ-
گوغا ئەۋەتكەن ئەلچىلەر ئۆمىكىنى باشلاپ قەشقەرگە كېلىپ قەشقەر-
نىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تەكشۈرۈشتە بولغان.
16. 1886- يىلى رۇسىيىلىك كروم - گىرىژ مايلو بىر ئېكس-
پېدىتسىيە ئەترىتىنى باشلاپ قەشقەرگە كېلىپ قەشقەر، يەكەن،
ئاتۇش قاتارلىق جايلاردا تەكشۈرۈشتە بولغان.
17. 1887- يىلى ئەنگلىيىلىك كاپىتان بېلىل (M. S. bell)
بېيجىڭدىن يولغا چىقىپ قەشقەرگە كەلگەن ۋە تارىم ۋادىسى ئەتراپىدا
كىلىمات ساھەسى بويىچە تەكشۈرۈشتە بولغان.
18. 1889- يىلى ئەنگلىيىلىك بوۋېر (Bower) بىر ئېكسپېدىتسىيە
ئەترىتىنى باشلاپ قاراقۇرۇم تاغ يوللىرى ئارقىلىق قەشقەرگە
كەلگەن. ئۇ قەشقەردىكى تەكشۈرۈش جەريانىدا يەكەن، كۇچا قاتارلىق
جايلاردىن كۆپ مىقداردىكى براخما يېزىقى ۋە سانسكرىت يېزىقىدىكى
يازما يادىكارلىقلارنى، نۇرغۇن قەدىمىي ھۆججەتلەرنى يىغىۋالغان.
19. 1892- يىلى شۋېتسىيىلىك لارىس ئېرك ھوگبې-
سىرىگ (Lars ErkHogberg) قەشقەرگە كېلىپ، قەشقەر، يېڭىسار،
يەكەنلەردە قۇرۇلغان خرىستىئان دىنىنى تارقىتىدىغان پونكىتلاردا
دىن تارقاتقان. «ئىنجىل»نى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان. دوخ-
تۇرخانا قۇرۇپ كېسەل داۋالىغان، باسمىخانىلارنى قۇرغان. ئۇلار-
نىڭ پائالىيىتى 1937- يىلىغىچە داۋاملاشقان.

20. 1894- يىلى فرانسىيىلىك ماسيو خانىم (Madame Massiu) تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى يۇرتلارنى تەكشۈرۈش-تە قەشقەرگە كەلگەن.

21. 1897- يىلى شۋېتسىيىلىك فوتوگراف سىمكفرىد موئىن كەشمىرنىڭ لاداختىن يولغا چىقىپ، لاداختىن قەشقەرگىچە بولغان يول بويىدىكى مۇھىم جايلارنىڭ ئېتنوگرافىك فوتو سۈرەتلىرىنى تارتقان.

22. 1904- يىل 12- ئايدا گېرمانىيىلىك فون لىكوك (Albert Von lecoq) ۋە كورنۋېدېل (A. Crun wedel) باشچىلىقىدىكى ئېكس-پېدىتسىيە ئەترىتى قەشقەرگە كېلىپ، مارالبېشى ناھىيىسىدىكى تۇمشۇق بۇددىزىم مەدەنىيەت گۈزىدا تۇقتىلىق تەكشۈرۈشتە بولغان.

23. 1907- يىلى ياپونىيىلىك ئاتوكى، تومىرا، تاجىبانا قاتار-لىق كىشىلەردىن تەشكىللەنگەن ياپونىيە ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى قەشقەرگە كېلىپ ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشتە بولغان.

24. 1909- يىلى ئودىن بورگ باشچىلىقىدىكى چاررۇسىيە تەكشۈرۈش ئەترىتى قەشقەرگە كېلىپ تەكشۈرۈشتە بولغان ۋە بىر قىسىم ئىسلام دىنىغا مۇناسىۋەتلىك يازما يادىكارلىقلارنى يىغىۋالغان.

25. 1915- يىلى چاررۇسىيىلىك مالوف (MaloB) قەشقەرگە كېلىپ بىر مەزگىل تەكشۈرۈشتە بولغان.

26. 1912- يىلى ئىتالىيىلىك دوختۇر فىللىپ (Filippl) قەشقەرگە كېلىپ بىر مەزگىل تەكشۈرۈشتە بولغان.

27. فىنلاندىيىلىك مانېرخېيىم 1906 — 1908- يىلى ئارد-لىقىدا قەشقەرگە كېلىپ تەكشۈرۈشتە بولغان. نۇرغۇن قوليازمىلارنى يىغىۋالغان، فوتو سۈرەتلەرنى تارتقان.

28. 1890- يىل 6- ئايدا فرانسىيىلىك گېرىناد (Crenard) ۋە دوتىروئىل قاتارلىقلار قەشقەرگە كېلىپ، قەشقەر تەۋەسىدىكى ھەرقايسى يۇرتلاردىن قەدىمكى قوليازما، ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرى قاتارلىقلارنى يىغىۋالغان.

28. 1905- يىل 8- ئايدا فرانسىيە ئاممۇۋى مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ «مەڭگۈ تاشلارنى تەتقىق قىلىش ئورنى» نىڭ بىر قىسىم خادىملىرى قەشقەرگە كېلىپ، مارالبېشى ناھىيىسى ۋە ئاقسۇنىڭ باي ناھىيىلىرىدە سەككىز ئاي تەكشۈرۈشتە بولغان. تەكشۈرۈش جەريانىدا مارالبېشىدىكى «توققۇزساراي قەدىمىي شەھىرى» ۋە «تۇمشۇق بۇددىزم ئىزى» قاتارلىق جايلاردىن مىس پۇل، بۇت، براخما يېزىقىدىكى يازمىلارنىڭ قالدۇقلىرى، ياغاچ قونچاق، تامغا - مۆھۈر، يىپەك، يىپ توقۇلما بۇيۇملارنىڭ قالدۇقلىرى قاتارلىق قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىق بۇيۇملارنى يىغىۋالغان.

29. 1927- يىلى گېرمانىيىلىك تىرىنكىر (Trinkler) قەشقەرگە كېلىپ جەمئىيەت ئەھۋالى توغرىسىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان.

30. 1929- يىلى شۋېتسىيىلىك گۇننار ئالبېرت ياررىڭ (Gunnar Alfered Yarrlng) قەشقەرگە كېلىپ، قەشقەرنى مەركەز قىلغان ھالدا تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىدا ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى، ئۆرپ-ئادەتلىرى بويىچە تەكشۈرۈشتە بولغان. 1930- يىلى يېڭىسار ناھىيىسى بىلەن يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ چېگرىسىدىكى قۇملۇقتا جايلاشقان «ئوردام مازىرى» نى تەكشۈرگەن ۋە قوشۇمچە خىرىستىئان دىنىنى تارقىتىش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ ئۇيغۇرلار توغرىسىدىكى تەتقىقاتىنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە 1933- يىلىدىن باشلاپ «ئۇيغۇر تىلى فونېتىكىسى تەتقىقاتى»، «قەشقەر ئەدەبىياتىغا دائىر ماتېرىياللار»، «ئۇيغۇر تىلىدىكى (مۇنازىرە ئەدەبىياتى) توغرىسىدا خاتىرىلەر»، «قەشقەر قولىيازمىلىرى»، «ئوغرى يوق شەھەر» قاتارلىق ئۇيغۇر خەلق رىۋايەتلىرىگە مۇناسىۋەتلىك تەتقىقات ۋە مەشھۇر ئەسلىمە خاراكتېرلىك ئەسىرى «قەشقەرگە قايتا سەپەر» قاتارلىق ماقالە، ئەسەرلەرنى يېزىپ نەشر قىلدۇرغان. ئۇ 1978- يىل 9- ئاينىڭ 8- كۈنى قەشقەرگە يەنە بىر قېتىم كەلگەن.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان چەت ئەللىكلەردىن باشقا، قەشقەر بوس-

تانلىقلىرىدا كەڭ دائىرىلىك تەكشۈرۈشتە بولغان تەسىرى ئەڭ چوڭ ئارخېئولوگ، ئېكسپېدىتسىيىچى ۋە جەمئىيەتشۇناسلاردىن يەنە تۆۋەندىكى كىشىلەر بار:

## 1. ئاۋرېل ستەيىن (1862 — 1943)


ئاۋرېل ستەيىن

ئاۋرېل ستەيىن ئەنگلىيە تەۋەلىكىگە ئۆتكەن ۋېنگرىيىلىك ئارخېئولوگ، يازغۇچى. ئۇ 1898-يىلى ئەنگلىيىگە قارام ھىندىستان ھۆكۈمىتىگە ئوتتۇرا ئاسيا رايونىنى تەكشۈرۈش توغرىسىدىكى دوكلاتىنى تاپشۇرغان. ئۇنىڭ تەكشۈرۈش پىلانى ئەنگلىيە پادىشاھلىق جۇغراپىيە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ تەستىقىغا ئېرىشكەندىن كېيىن، جىددىي تەييارلىق كۆرۈپ، 1900-يىل 5-ئايدا كەشمىردىن يولغا چىقىپ، قاراقۇرۇم تاغلىرى ئارقىلىق قەشقەرگە كەلگەن. يەرلىك كىشىلەرنى ياللاپ مارالبېشىدىكى «توققۇزساراي قەدىمىي شەھىرى»، «تۇمشۇق بۇتخانا خارابىسى» قاتارلىق مۇھىم ئىزلارنى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈپ، بۇ ئورۇنلاردىن VI

ئەسىرلەرگە تەئەللۇق نۇرغۇنلىغان بۇددىزم مەدەنىيىتىگە مۇناسىۋەت-
لىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قالغا چۇشۇرگەندىن كېيىن، خوتەن
تەۋەلىكىدىكى «دەندەن ئۆيلۇك خارابىسى»نى تەكشۈرۈش ئۈچۈن خو-
تەنگە كەتكەن. ئۇ شۇ قېتىم قەشقەر ۋە خوتەنلەردە قولغا چۈشۈرگەن
قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى 12 دانە ياغاچ ساندۇققا قاچى-
لاپ، ئۇلۇغچات چېگرا ئېغىزى ئارقىلىق ئەنگلىيىگە يۆتكەپ كەتكەن
ۋە شۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشنىڭ يەكۈنى سۈپىتىدە ئۆزىنىڭ «قەدىمكى
خوتەن» ناملىق كىتابىنى يېزىپ نەشر قىلدۇرغان.
1906- يىل 4- ئايدا ئۇ ئۆزىنىڭ ئارخېئولوگىيە ئەترىتىدىكى
خادىملارنى باشلاپ كەشمىردىن يولغا چىقىپ، پاكىستاننىڭ گىلگىت،
ۋاخان، جۇڭگونىڭ تاشقورغان قاتارلىق جايلىرىنى تەكشۈرۈپ 6-
ئاينىڭ 18- كۈنى قەشقەرگە ئىككىنچى قېتىم كەلگەن. بۇ قېتىم
ئۇ قەشقەر شەھىرى، كونىشەھەر ناھىيىسى، يەكەن قاتارلىق جايلاردا
ئۈچ ئاي تەكشۈرۈشتە بولغان. 1907- يىلى خوتەندىن قەشقەرگە
قايتىپ كېلىپ، قەشقەر شەھىرى، يەكەن قاتارلىق جايلاردا يەنە بىر
مەزگىل تەكشۈرۈشتە بولغان. 1908- يىل 11- ئايدا لوندونغا قايت-
قان. شۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشتە توپلىغان ماتېرىياللار ئاساسىدا ئۆزى-
نىڭ «غەربىي يۇرت» ناملىق زور ھەجىملىك كىتابىنى يېزىپ نەشر
قىلدۇرۇپ، ئەنگلىيە پادىشاھلىق جۇغراپىيە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ
ئالتۇن مېدال مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.
1913- يىل 6- ئايدا ھىندىستاندىن يولغا چىقىپ ئۈچىنچى
قېتىم قەشقەرگە كەلگەن. 1916- يىلىغا قەدەر قەشقەر، خوتەن،
كۇچا قاتارلىق جايلاردا تەكشۈرۈشتە بولغان. 1915- يىل 5- ئايدىن
11- ئايغىچە قەشقەردە توختاپ، قەشقەر شەھىرى ئەتراپىدىكى «خان-
ئۇي قەدىمىي شەھەر خارابىسى»، «كەپتەرخانا بۇتخانا ئىزى» ۋە
مارالبېشىدىكى «توققۇزساراي قەدىمىي شەھەر ئىزى»، «تۇمشۇق
بۇددىزم ئىزى» قاتارلىق خارابە، ئىزلاردا تەكشۈرۈشتە بولۇپ، قە-
دىمكى دەۋرلەرنىڭ پۇللىرى، براخما يېزىقى، سوغدى يېزىقى، قەدىم-

كى ئۇيغۇر يېزىقى، كارۋشتى يېزىقى ۋە ئەرەب يېزىقىدىكى قەدىمكى كىتابلارنىڭ قالدۇقلىرىنى، ھۆججەتلەرنى، مەبۇد ـ ھەيكەللەرنى، يۇڭ توقۇلمىلارنىڭ قالدۇقلىرىنى، ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇملىرىنى يىغىۋېلىپ 182 ساندۇققا قاچىلاپ، ئۇلۇغچات چېگرا يول ئېغىزى ئارقىلىق ھىندىستانغا يۆتكەپ كەتكەن.

ئاۋرېل ستەيىن ھاياتىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى شىنجاڭ زېمىنلىرىدىكى قەدىمكى ئىز، خارابىلەرنى تەكشۈرۈش بىلەن ئۆتكۈزۈپ، 1943. يىل 10. ئايدا 82 يېشىدا كابولدا ۋاپات بولغان.

## 2. سۋېن ھېدىن (1865 — 1952)

سۋېن ھېدىن شۋېتسىيىلىك جۇغراپىيون، ئارخېئولوگ، مەشھۇر ئېكسپېدىتسىيىچى. ئۇ كىچىكىدە شۋېتسىيىدىكى پۇسار مەكتىپىدە ئوقۇغان. 1891. يىلى گېرمانىيە بېرلىن ئۇنىۋېرسىتېتىغا قوبۇل قىلىنغان. ئۇ بېرلىن ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ مەشھۇر پروفېسسورى، داڭلىق شەرقشۇناس رىچ خوفېننىڭ تەربىيىلىشى بىلەن شەرق ئەللىرىنىڭ تارىخ، مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشقا كىرىشكەن. 1890. يىل 12. ئايدا ياۋروپالىق ئېكسپېدىتسىيىچىلەرگە ئەگىشىپ قەشقەرگە تۇنجى قېتىم كەلگەن. جۇڭگو ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تەۋەسىگە نامى تارالغان قەدىمكى بوستانلىق قەشقەر ۋە ئۇنىڭ قويىنىدىكى مول تارىخىي مىراسلار ئۇنىڭ قەلبىدە قەشقەرنىڭ تارىخىي مەدەنىيىتىنى تەكشۈرۈش ئىستىكىنى ئويغاتقان. شۇ مەقسەتتە ئۇ 1894. يىل 5. ئايدا ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىگە يېتەكچىلىك قىلىپ قەشقەرگە ئىككىنچى قېتىم كەلگەن. ئۇ شۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشتە تاشقورغان تەۋەسىدىكى «قىزقورغان» ۋە «تاش قەلئە» قاتارلىق خارابىلەرنى ئالدىن تەكشۈرۈپ، خەرىتىسىنى سىزغان. پامىر تاغلىرىدىن بىر قىسىم مەدەنىيەت يادىكارلىق ئەۋرىشكىلىرىنى ۋە باشقا بۇيۇملارنىڭ ئەۋرىشكىلىرىنى يىغىۋېلىپ قەشقەر شەھىرىگە قايتىپ كەلگەن. ئۇ قەشقەر شەھىرىدە بىر مەزگىل توختاپ

تاپ، قەشقەر شەھىرى ۋە كونىشەھەر ناھىيىسى تەۋەلىكىدىكى «ئەت-
كىھسار قەدىمىي شەھەر خارابىسى» ، «مورا بۇددا مۇنارى» ، «خان-
ئۇي قەدىمىي شەھىرى» ، «كەپتەرخانا بۇتخانا ئىزى» قاتارلىق قەدى-
مىي مەدەنىيەت يادىكارلىق ئىزلىرىنى تەكشۈرۈش خەرىتىسىنى سىز-
غان. ئۇلارنىڭ يىل تارىخى ۋە مەدەنىيەت ئەھۋالىغا مۇناسىۋەتلىك
خاتىرىلەرنى يازغان. قەشقەردىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش پائا-
لىيىتىنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن، تەكلىماكان قۇملۇقىنى توغرى-
سىغا كېسىپ ئۆتۈپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش سەپىرىدە مارالبېشىدا
توختاپ، مارالبېشىدىكى «توققۇزساراي قەدىمىي شەھەر ئىزى» ،
«تۇمشۇق بۇددىزىم ئىزى» قاتارلىق ئورۇنلاردا ئارخېئولوگىيىلىك
قېزىش ئېلىپ بارغان. بۇ ئورۇنلاردىن تۆرلۈك يېزىقتىكى قەدىمكى
يازما يادىكارلىقلارنىڭ قالدۇقلىرىنى، قەدىمكى پۇللارنى، توقۇلما
بۇيۇملارنىڭ قالدۇقلىرىنى، بۇتخانا بېزەكلىرىنى، رەڭلىك بوت پار-
چىلىرى ۋە ساپالدىن ياسالغان بوت پارچىلىرىنى يىغىۋالغان. 1895-
يىل 10- ئايدا ئۇنىڭ ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى مەكىتتىن يولغا چە-
قىپ، زەرەپشان دەرياسىنى ياقىلاپ خوتەنگە قىلغان سەپىرىدە قۇملۇق
بورىنىغا ئۇچراپ يولدىن ئېزىپ قالغان. سۇ ۋە ئوزۇقلۇقلار تۈگەپ
كەتكەنلىكتىن، ئۇنىڭ بىر قىسىم ھەمراھلىرى ۋە يۈك - تاقلار
ئارتىلغان سەككىز تۆگىسى قۇم ئاستىدا قېلىپ ئۆلگەن. سۋېن
ھېدىننىڭ دائىم يېنىدا ئېلىپ يۈرىدىغان كومپاس قاتارلىق تەكشۈ-
رۈش، ئۆلچەش ئەسۋابلىرىمۇ يوقالغان. ئۆلۈم گىردابىغا بېرىپ
قالغان سۋېن ھېدىن يەرلىك پادىچىلار تەرىپىدىن قۇتقۇزۇۋېلىنغان.
قەشقەردە تۇرۇشلۇق ئەنگلىيە كونسۇلخانىسىنىڭ ياردىمى بىلەن
شۋېتسىيىگە قايتقان.

1902- يىل 5- ئايدا سۋېن ھېدىن كەشمىردىن يولغا چىقىپ،
قاراقورۇم تاغ يوللىرى ئارقىلىق ئۈچىنچى قېتىم قەشقەرگە كەلگەن.
ئۇ بۇ قېتىم يەكەن، يېڭىسار، قاغىلىق قاتارلىق جايلاردا تەكشۈ-
رۈش، ئۆلچەش، سىزىش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، قەدىمكى

ئىز، مازارلارنى تەكشۈرۈش داۋامىدا يەكەن ۋە يېڭىسار قاتارلىق جايلاردىن قاراخانىيلار سۇلالىسىگە مۇناسىۋەتلىك بىر قىسىم قولىيازما كىتابلارنى يىغىۋالغاندىن باشقا، نۇرغۇن جانلىقلارنىڭ، ئۆسۈملۈك-لەرنىڭ ئەۋرىشكىلىرىنى يىغىۋېلىپ ستوكھولىمغا يۆتكەپ كەتكەن.

سۋېن ھېدىن ھاياتىدا ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىدە ئىلگىرى - كېيىن تۆت قېتىم ئېكسپېدىتسىيە پائالىيىتىدە بولغان. بۇ جەرياندا ئۈچ قېتىم قەشقەرگە كەلگەن. ئۇ ناھايىتى چىقىشقاق، ئوچۇق چىراي، مۇلايىم ئادەم بولغانلىقتىن، ئۇيغۇرلار ئۇنى «ھايدىن تۆرە» دەپ ئاتاشقان. ئۇ توپلىغان ئوتتۇرا ئاسىياغا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىيال-لار 1937- يىلىدىن باشلاپ نېمىس، فرانسۇز، ئىنگلىز تىللىرىدا 55 توم كىتاب قىلىپ نەشر قىلىنغان.

### 3. پائول پېللىئوت (1878 — 1945)

پائول پېللىئوت فرانسىيىلىك مەشھۇر شەرقشۇناس. ئۇ فرانسى-يە ستان سىرف مەكتىپىنى تاماملىغاندىن كېيىن، فرانسىيە شەرق ئىنستىتۇتىغا قوبۇل قىلىنىپ، شەرقشۇناسلىق بويىچە مەخسۇس تەر-بىيە ئالغان. 1900- يىلى شەرق مەدەنىيەتلىرى بويىچە تەتقىقاتقا كىرىشكەن. 1900- يىل 5- ئايدا فرانسىيە شەرق ئىنستىتۇتىنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن بېيجىڭغا كېلىپ، جۇڭگوغا مۇناسىۋەتلىك قەدىمـ-كى ماتېرىياللارنى توپلىغان. 1900- يىلى بېيجىڭدا يۈز بەرگەن قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە نۇرغۇن قەدىمـ-كى كىتاب ۋە قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قولىغا كەلتۈ-رۈپ فرانسىيىگە يۆتكەپ كەتكەن. 1906- يىل 8- ئايدا پارس تىلى تەرجىمانى بولۇش سۈپىتى بىلەن فرانسىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللە-رى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىگە ئەگىشىپ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدا تەكشۈرۈشتە بولۇش داۋامىدا پامىر تاغلىرى ئارقىلىق قەشقەرگە كەل-گەن. ئۇ قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن، قەشقەر شەھىرىنىڭ كونىشە-ھەر كوچىلىرىنى ئارىلاپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، نۇرغۇنلىغان

ئۆرپ ـ ئادەت بۇيۇملىرىنى يىغىۋالغان. قەشقەر شەھىرى تەۋەسىدىكى
«ئەسكىھىسار قەدىمىي شەھەر خارابىسى» نى تەكشۈرۈپ، خەرىتىسىنى
سىزغان. كونىشەھەر ناھىيىسى تەۋەسىدىكى «خانئۆي قەدىمىي شەھە-
رى خارابىسى» ، «مورا بۇددا مۇنارى» ، «ئۈچ بورخان تاشكېمى-
غارى» ۋە يەنە بىر قىسىم قەدىمىي شەھەر سېپىللىرىنى، قەدىمىي
قۇرۇلۇشلارنى تەكشۈرۈپ، ئۆلچەپ خەرىتىسىنى سىزغان. خەلق
قولىدا ساقلىنىپ قالغان نۇرغۇنلىغان ئەرەب تىلى، پارس تىلى،
چاغاتاي تىللىرىدا يېزىلغان يازما مىراسلارنى يىغىۋالغان.



پائول پېللىئوت

پائول پېللىئوت قەشقەر ئەتراپىدىكى
تەكشۈرۈشنى تاماملاپ، سۈڭن ھىندىن
ماڭغان يولنى بويلاپ مارالبېشىغا كەل-
گەندە، مارالبېشىدىكى «توققۇزساراي
قەدىمىي شەھىرى» ۋە «تۇمشۇق بۇددىزم
ئىزى» نى تەكشۈرۈش ئۈچۈن، مارالبې-
شىدا ئالتە ھەپتە توختاپ، يەرلىك 30
نەپەر دېھقاننى يالللىۋېلىش ئارقىلىق ئار-
خېئولوگىيىلىك قېزىش ئېلىپ بارغان.
ئۇ ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشتا يەر ئاس-
تىغا كۆمۈلۈپ قالغان گىرىك ئۇسلۇبىدى-
كى مەبۇد ـ ھەيكەللەرنى، قەدىمكى مۇ-
ھۆر ـ تامغىلارنى، ئارشىغا يېزىلغان براخمان يېزىقىدىكى ۋەسىقە-
لەرنىڭ قالدۇقلىرىنى، مىستىن ياسالغان قەدىمكى كۆسەن پۇللىرىنى
ۋە ساك تىلىغا تەۋە يازمىلارنىڭ قالدۇقىنى تاپقان. ئەڭ مۇھىمى،
ئۇ شۇ قېتىم «تۇمشۇق بۇتخانا خارابىسى» ئەتراپىدىن خوتەن ساك
تىلىغا تەۋە بىر پارچە بۇددا نومىنى قولغا چۈشۈرۈپ، بۇ نومنىڭ
تىل تەۋەلىكى ئۈستىدە مەخسۇس تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ «تۇمشۇق
تىلى» دېگەن يېڭىچە ئارخېئولوگىيىلىك نامنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.
ئۇ مارالبېشىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشتە قولغا چۈشۈرگەن

بۇيۇملارنى نەچچە ئون ساندۇقتا قاچىلاپ، يەكەن ئارقىلىق ھىندىستانغا توشۇپ كەتكەن.

پېللىئوت شەرقشۇناس بولۇش سۈپىتى بىلەن، ھاياتىدا شەرق ئەللىرىگە، جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىياغا مۇناسىۋەتلىك قەدىمكى قول يازمىلاردىن 200 مىڭ پارچىغا يېقىن توپلىغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى 30 مىڭ پارچە كىتاب ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىگە مۇناسىۋەتلىك كىتاب قىلىپ ئايرىلغان. ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭغا مۇناسىۋەتلىك ئېتنوگرافىك فوتو سۈرەتلەردىن 800 پارچىنى تارتقان. ئۇنىڭ شىنجاڭ تەۋەسىدىن توپلىغان تۈرلۈك ماتېرىياللىرى ھازىر پارىژ دۆلەتلىك مۇزېيىدا ۋە فرانسىيە ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات مەركىزى ماتېرىياللار ئامبىرىدا ساقلانماقتا

## 4. ئوتانى كوئول (1876 — 1948)

ئوتانى كوئول ياپونىيىلىك مەشھۇر ئېكسپېدىتسىيىچى، ياپونىيە پاك تۇپراق مەزھىپى ئىبادەتخانىسىنىڭ 22- ئەۋلاد راھىب كالانى. ئۇ كىچىككىدىن باشلاپلا بۇددا دىنىنىڭ پەيدا بولۇش ۋە تارقىلىشى ئۈستىدە ئىزدىنىشكە باشلىغان، بۇددا دىنى ئىلمى بويىچە ئالاھىدە زور ئۇتۇقلارنى قولغا كەلتۈرگەن. 1900- يىلدىن 1902- يىلغىچە لوندوندا شەرق مەدەنىيەت ئىلمى بويىچە تەربىيىلەنگەن. ئۇمرىدە ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ 1902- يىلدىن 1904- يىلغىچە، 1908- يىلدىن 1909- يىلغىچە، 1910- يىلدىن 1914- يىلغىچە شىنجاڭ، شىزاڭ، گەنسۇ قاتارلىق جايلاردا بۇددىزم مەدەنىيىتى بويىچە مەخسۇس تەكشۈرۈشتە بولغان. شۇ جەرياندا قەشقەرگە ئۈچ قېتىم كەلگەن. بىرىنچى قېتىم 1902- يىلى لوندوندىن يولغا چىقىپ 9- ئاينىڭ 21- كۈنى قەشقەرگە يېتىپ كېلىپ، ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ ياردىمىدە 1904- يىلغا قەدەر قەشقەرنى مەركەز قىلىپ تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئەتراپى، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتەكلىرىدىكى يۇرتلاردا بۇددا دىنى بويىچە تەكشۈرۈشتە بولغان.

گەرچە ئۇنىڭ قەشقەر رايونىدىكى تەكشۈرۈشلىرىدە قولغا چۈشۈرگەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى توغرۇلۇق ئېنىق خاتىرىلەر بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ قەشقەردىكى پائالىيەتلىرى داۋامىدا قەشقەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يۇرتلارنىڭ ئەھۋالى توغرۇلۇق ناھايىتى كۆپ خاتىرە يازغان. 1909- يىل 7- ئايدا قەشقەرگە ئىككىنچى قېتىم كەلگەن. بۇ قېتىم قەشقەردىكى مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقى، ئۆرپ - ئادىتى، قەشقەرنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى، ئىقلىمى ۋە قەشقەرنىڭ نوپۇسى توغرىسىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، 1909- يىل 11- ئايدا يەكەن ئارقىلىق ھىندىستاننىڭ لېھ شەھرىگە قايتقان. 1910- يىل 8- ئايدا ئۈچىنچى قېتىملىق مەركىزىي ئاسىيا ئېكسپېدىتسىيىسىنى باشلاپ شىنجاڭ تەۋەسىگە كىرگەندىن كېيىن، كورلا، كۇچا، ئاقسۇ قاتارلىق جايلارنى ئارىلاپ، 1911- يىل 1- ئايدا قەشقەرگە يېتىپ كەلگەن. شۇ يىلى 2- ئايدا ئوتانى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنىڭ بىر نەپەر ئەزاسى ۋابا كېسىلى سەۋەبىدىن قەشقەردە ئۆلگەن. ئۇ ئەنگلىيە كونسۇلخانىسىنىڭ ياردىمىدە قەشقەردە بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن، قاراقۇرۇم تاغلىرى ۋە خوتەن «نىيە قەدىمىي شەھەر خارابىسى»نى تەكشۈرۈش مەقسىتىدە خوتەن تەرەپكە كەتكەن.

## 5. چوقان ۋەلىخانوف (1835 — 1865)

چوقان ۋەلىخانوف XIX ئەسىردە قازاقلار ئارىسىدىن يېتىشىپ چىققان مەشھۇر تارىخچى، جۇغراپىيىون، ئېكسپېدىتسىيىچى، ئېتنوگراف. ئۇنىڭ ئەسلىي ئىسمى مۇھەممەت ھەنەپى بولۇپ، چوقان ئۇنىڭ ئەركىلەتمە ئىسمى. چوقاننىڭ دادىسى چىڭگىز، چىڭگىزنىڭ دادىسى ۋەلى، ۋەلىنىڭ دادىسى بولسا ئوتتۇرا يۈز قازاقلىرىنىڭ مەشھۇر خانى ئابلايخاندۇر. شۇڭا، چوقاننىڭ تولۇق ئىسمى چوقان چىڭگىز ۋەلىخانوف دەپ ئاتىلىدۇ.

چوقان چىڭگىز ئوغلى ۋەلىخانوف 1835- يىلى قازاقىستاننىڭ كۇسمورون دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان. 1853- يىلى ئوتتۇرا مەكتەپنى

تاماملىغاندىن كېيىن، غەربىي سىبىرىيە گېنېرالى گوبېرناتورىغا خىزمەت قىلغان. بۇ مەزگىلدە مەشھۇر رۇس گېئوگرافى سېمونوف تىيانشانىسكى بىلەن تونۇشۇپ، ئۇنىڭ تەربىيىلىشى بىلەن تالانتلىق گېئوگراف، فىلولوگ، تارىخچى بولۇپ يېتىشكەن. 1856- يىلى چار رۇسىيە جۇغراپىيە ئىلمىي جەمئىيىتى ۋە ئورۇش مىنىستىرلىقىنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن سېمونوف باشچىلىقىدىكى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى تەركىبىدە تەڭرىتاغ ۋادىلىرىنى تەكشۈرۈشكە قاتناشقان. 1856- يىل 8- ئايدىن 10- ئاينىڭ ئاخىرلىرىغىچە چۆچەك ۋە غۇلجىدا تەكشۈرۈشتە بولغان. ئۇ شۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشنىڭ ھاسىلاتى سۈپىتىدە «چىڭ ئىمپېرايىسىنىڭ غەربىي قىسمى ۋە غۇلجا شەھىرى» ناملىق ساياھەت خاتىرىسىنى يازغان. 1858- يىل 5- ئاينىڭ 28- كۈنى چار رۇسىيىنىڭ كېڭەيمىچىلىك سىياسىتى ئۈچۈن ئاخبارات توپلاش ۋەزىپىسى بىلەن قوقەند سودىگەرلىرىگە ئەگىشىپ قەشقەرگە كەلگەن. ئۇ قەشقەردە بەش ئايدىن كۆپرەك تۇرۇپ، جۇغراپىيە، توپونومىيە، مىللەت، ئىرق، تىل - يېزىق، ئۆرپ - ئادەت، تەبىئىي بايلىق، نوپۇس، ھەربىي ئىشلار، سىياسىي، تارىخ قاتارلىق ساھەلەر بويىچە ئىنچىكە تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ بارغان. رۇسىيە ھۆكۈمىتى ئۈچۈن مۇھىم ئاخباراتلارنى توپلىغان. ئۆزى «قەشقەرىيە» دەپ ئاتىغان رايونلارنىڭ ھەربىي ئىشلاردا ئىشلىتىدىغان خەرىتىسىنى سىزىپ چار رۇسىيىنىڭ سان پېتېربورگ ئاخبارات مەركىزىگە تاپشۇرۇپ بەرگەن. ئۇ قەشقەردە تۇرغان مەزگىللىرىدە يەنە خوجىلارنىڭ تەپرىقىچىلىكى، مانجۇلارنىڭ يەرلىك خەلق ئۈستىدىن ئېلىپ بارغان قىرغىنچىلىقلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، تارىخىي خاتىرىلەرنى قالدۇرغان. ئەينى زامان-



چوقان ۋەلىخانوف

دىكى ئادەت بويىچە قەشقەردىكى بىر دۆلەتمەن ئائىلىنىڭ قىزىغا ئۆيلىنىپ، ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگەنگەن.

چوقان ۋەلىخانوف قەشقەردىكى كەڭ دائىرىلىك پائالىيىتى جەريانىدا «تەزكىرەئى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان» ، «تەزكىرەئى خوجىكان» ، «تەزكىرەئى تۇغلۇق تۆمۈرخان» ، «دەۋا ـ دەستۇرلار قوللانمىسى» ، «تارىخى رەشىد» ، «ئەبۇ مۇسلىم مەئىزورى» قاتارلىق مەشھۇر تارىخي ئەسەرلەرنىڭ ئۇيغۇرچە قولىيازمىلىرىنى ۋە ئاز ئۇچرايدىغان بىرقىسىم تاغ جىنسلىرىنىڭ ئەۋرىشكىلىرىنى، ئۆسۈملۈك ئەۋرىشكىلىرىنى يىغىۋېلىپ رۇسىيىگە يۆتكەپ كەتكەن. ئۇ رۇسىيىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن، قەشقەردە ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرىنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىنى رەتلەپ، «قەشقەرگە سەپەر» ، «غۇلجا خاتىرىلىرى» ، «جۇڭغارىيىنىڭ ئەھۋالى» ناملىق كىتاب قىلىپ تۈزگەن ۋە «ئالتە شەھەر خاتىرىلىرى» ناملىق مەشھۇر ساياھەت خاتىرىسىنى يېزىپ چىققان. 1865 ـ يىلى 30 يېشىدا كېسەل سەۋەبى بىلەن ئۆز يۇرتىدا ۋاپات بولغان.

چوقان ۋەلىخانوف چاررۇسىيە تەۋەسىدە قەشقەرگە تۇنجى قېتىم كەلگەن تۈركىي تىللىق مىللەتلەردىن بولغان ئېكسپېدىتسىيىچى بولۇش سۈپىتى بىلەن قەشقەر توغرۇلۇق نۇرغۇن قىممەتلىك تارىخىي خاتىرىلەرنى قالدۇرغان، شۇنداقلا چاررۇسىيە ھۆكۈمىتى ئۈچۈنمۇ ئەڭ كۆپ ئاخبارات توپلاپ بەرگەن شەخستۇر.

本书通过叙述喀什地区的文物古迹及民族手工艺术，详细介绍了喀什各历史时期的文化，文物古迹及喀什发达的民族手工艺术，讲述了国内外学者在这方面的一些观点。

مەسئۇل مۇھەررىرى: غۇلامجان بەكرى
مەسئۇل كوررېكتورى: قەمبەرگۇل ئوسمان

# ئۇستى ئوچۇق مۇزېي — قەشقەر

ئاپتورى: يولۋاس مۇھەممەتئىمىن

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(قەشقەر شەھىرى تارىبوغوز يولى 14 - قورۇ، پوچتا نومۇرى: 844000)
جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1230×880مم، 1/32
باسما تاۋىقى: 12 قىستۇرما ۋارىقى: 8
2007 - يىل 5 - ئاي 1 - نەشرى
2007 - يىل 5 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 3080 — 1

ISBN 978—7—5373—1585—2
باھاسى: 20.00 يۈەن
سۈپەتتە مەسىلە كۆرۈلسە ئالماشتۇرۇپ بېرىلىدۇ
تېلېفون: 2653927 — 0998